# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلى

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

باش تۈزگۈچى: ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
تۈزگۈچىلەر: ئابدۇرېھىم راخمان
يارى ئەبەيدۇللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر
民族文字出版专项资金资助项目

## 8 §. ئۆزلۈك ئالمىشى

### 1. مەنىسى

ئۆزلۈك ئالمىشى بىر «ئۆز» سۆزىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، هامان ئىسمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن هالدا قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۆزلۈك ئالماشلار جەدۋىلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك تۈرى | | ئۆزۈم ② |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ئۆزىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈرى | ئۆزۈڭ |
| | | سىپايە تۈرى | ئۆزىڭىز |
| | | هۆرمەت تۈرى | ئۆزلىرى |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈرى | ئۆزۈڭلار |
| | | سىپايە تۈرى | ئۆزىڭىزلەر |
| | | هۆرمەت تۈرى | ئۆزلىرى |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك تۈرى | | ئۆزى |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ئۆزلىرى |

ئۆزلۈك ئالمىشى بۇ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن بولسىمۇ، لېكىن تەۋەلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالماش ۋە ئىسىملارغا شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى (2 ـ شەخستە) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

*مەن ئۆزۈم، بىز ئۆزىمىز، سەن ئۆزۈڭ، سىز ئۆزىڭىز، سىلى*

*ئۆزلىرى، ئۇلار ئۆزلىرى*

*قاسىمنىڭ ئۆزى، بۇ خەتنىڭ ئۆزى...*

ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ بۇ شەكىللىرى ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى بويىچە تولۇق تۈرلىنىدۇ ياكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*ئۆزۈم، ئۆزۈمنىڭ، ئۆزۈمگە، ئۆزۈمنى، ئۆزۈمدە، ئۆزۈمدىن، ئۆزۈمدىكى، ئۆزۈمگىچە، ئۆزۈمدەك، ئۆزۈمچە، ئۆزۈم بىلەن، ئۆزۈم توغرۇلۇق، ئۆزۈم ئۈچۈن...؛*

*ئۆزىمىزدە، ئۆزىمىزدىن، ئۆزىمىزدىكى، ئۆزىمىزگىچە، ئۆزىمىزدەك، ئۆزىمىزچىلىك، ئۆزىمىز بىلەن، ئۆزىمىز توغرۇلۇق، ئۆزىمىز ئۈچۈن...؛*

*ئۆزۈڭ، ئۆزۈڭنىڭ، ئۆزۈڭگە، ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭدە، ئۆزۈڭدىن، ئۆزۈڭدىكى، ئۆزۈڭگىچە، ئۆزۈڭدەك، ئۆزۈڭچىلىك، ئۆزۈڭ بىلەن، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق، ئۆزۈڭ ئۈچۈن.*

ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ جۈملىدىكى رولى ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى رولى بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ.

### 2. ئىشلىتىلىشى

ئۆزلۈك ئالمىشى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ.

1) جۈملىنىڭ ئوبيېكتى شۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدە جۈملىنىڭ باشقا بىر بۆلىكى بولۇپ تەكرارلانسا، ئۆزلۈك ئالمىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزلۈك ئالمىشى باشقا بىر سۆز سۈپىتىدە ئايرىم جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *مەن ئۆزۈمنى تەنقىد قىلدىم.*

b. *بۇ چاپاننى ئۆزۈڭگە ئالدىڭمۇ؟*

c. *ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى.*

2) سۇبيېكتنىڭ پائالىيەتچانلىقى ياكى مۇستەقىللىقى تەكىتلەنگەندە ياكى سۇبيېكتنى شۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدە





تەكرارلاشقا توغرا كەلگەندە، شۇ سۇبيېكتنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىملار بىلەن بىرلىكتە شۇلارغا مۇۋاپىق شەكىلدىكى ئۆزلۈك ئالمىشى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *مېنى ھېچكىم چاقىرمىدى، ئۆزۈم كەلدىم.*

b. *بۇ ئىستانوك ۋاقىت توشقاندا ئۆزى توختايدۇ.*

c. *سەن ئۆزۈڭنى قىينىما.*

d. *بۇ مەسىلىنى بىز ئۆزىمىز ھەل قىلىۋاتىمىز.*

e. *مەشۇراخان بىر يەرلەرگىمۇ بېرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.*

3) مەلۇم شەيئىنى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىپ، ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلىگەندىمۇ شۇ شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىملار بىلەن بىرلىكتە شۇلارغا مۇۋاپىق ئۆزلۈك ئالمىشى قوللىنىلىدۇ. بۇ چاغدا شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىملار ئۆزلۈك ئالمىشىغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *بۇ ئىشقا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى سەۋەبچى.*

b. *ئىختىيار ئۆزۈڭدە.*

c. *لۇغەتنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەر.*

d. *بۇنداق دورا ماتېرىياللىرى بۇ يەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ چىقىدۇ.*

4) «ئۆزۈمنى ئۆزۈم...»، «ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ...»، «ئۆزىدىن ئۆزى...» قاتارلىق بىرى باش كېلىشتە، يەنە بىرى باشقا كېلىشتە قاتارلىشىپ كەلگەن ئۆزلۈك ئالماشلىرى بەزىدە «ئۆز – ئۆزۈمنى...»، «ئۆز – ئۆزۈڭگە...»، «ئۆز – ئۆزىدىن...» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *نېمىشقا شۇنداق قىلدىم دەپ ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم.*

b. *ئۆز-ئۆزۈڭگە ئىشەنمىسەڭ، باشقىلار ساڭا قانداق ئىشەنسۇن.*

*c. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمغۇ؟*

5) ئۆزلۈك ئالمىشى بىلەن قاتار كەلگەن ياكى ئۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن 1 -، 2 - شەخستىكى شەخس ئالماشلىرى كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ. تىل شارائىتى ئېنىق بولغاندا، 3 - شەخستىكى شەخس ئالمىشى ياكى ئىسىملارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*a. سەن ئۆزۈڭ يالغۇز كەلدىڭمۇ؟*

*b. ئۆزۈمدىن سورىساڭ بولمامدۇ؟*

*c. بۇ ئىشنى ئەخمەت بىلەمدۇ، ئۆزىدىن سوراپ باق.*

6) 1 -، 2 - شەخستىكى ئۆزلۈك ئالمىشى ئىگىلىك كېلىشتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى ئىسىم ئادەتتە 3 - شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ. بەزىدە ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭكىگە ئوخشاش تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. رەمچىنىڭ رېمىدىن ئۆزۈڭنىڭ خىيالى (خىيالىڭ) دۇرۇس.(ماقال)*

*b. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆيۈڭدە تۇرۇۋاتامسەن؟*

*c. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قارىشىمنى (قارىشىمنى) قويۇپ باقاي.*

7) ئىگىلىك كېلىشتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئۆزلۈك ئالمىشى كۆپ ھاللاردا قىسقارتىلىپ «ئۆز» شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ، بىراق بۇ چاغدا ئىسىم جەزمەن ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ تولۇق شەكلىنىڭكىگە ئوخشاش تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشى كېرەك. مەسىلەن:

*a. ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت قولۇمنىڭ بوشلۇقى. (ماقال)*

*b. سەنمۇ ئۆز پىكرىڭنى توغرا دەيسەن، ئۇمۇ ئۆز پىكرىنى توغرا دەيدۇ.*





## §9. بەلگىلەش ئالماشلىرى

### 1. مەنىسى

بەلگىلەش ئالماشلىرى مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان - مىقدار، ۋاقىتلارنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

### 2. تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بەلگىلەش ئالماشلىرىنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن:

بىرى، «پۈت -» دېگەن پېئىلغا ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغانلار: پۈتۈن، پۈتكۈل؛

يەنە بىرى، «بار» دېگەن سۈپەتكە بەزى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغانلار: بارلىق، بارچە؛

يەنە بىرى، «ھەممە» سۆزىدىن ھاسىل بولغانلار: ھەممە، ھەممەيلەن؛

يەنە بىرى، «ھەر» دېگەن سۆزگە سوئال ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغانلار: ھەركىم، ھەرنېمە، ھەرقانداق، ھەرقايسى، ھەرقاچان، ھەرقانچە.

بەلگىلەش ئالماشلىرى ئۇلارنىڭ گىراماتىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، سان - مىقدار ئالماشلىرى، سۈپەت ئالماشلىرى، ئىسىم ئالماشلىرى، رەۋىش ئالماشلىرى دېگەن تۆت تۈرگە ئايرىش مۇمكىن

1) سان - مىقدار ئالماشلىرى

(1) «ھەممە»، «پۈتۈن»، «بارلىق»، «بارچە»، «ھەرقايسى» ئالماشلىرى سان - مىقدار ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، بىۋاسىتە ئىسىملارغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھەممە ئادەم، پۈتۈن خەلق، بارلىق مەكتەپ، بارچە ئادەم، ھەرقايسى ئەل...

(2) «ھەممە» ئالمىشى بەزىدە بىۋاستە ئىسىملىشىپ، «ھەممە ئادەم»، «ھەممە ئىش»، «ھەممە نەرسە» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. ھېچكىم ھەممىنى بىلمەن دېيەلمەيدۇ.

b. ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلدۈراس ئالقىشلارنى ياڭراتتى.

2) ئىسىم ئالماشلىرى

(1) «ھەممە»، «ھەرقايسى» ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ 1 ـ، 2 ـ شەخس كۆپلۈك ۋە 3 ـ شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ ئىسىم ئالماشلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەممىسى ۋە ھەر بىرىنى ئىپادىلەپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. بۇ يىغىنغا ھەممىمىز كەلدۇق.

b. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.

c. ئۇ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

d. بۈگۈن ئوقۇتقۇچى (بىزنىڭ) ھەممىمىزنى دوسكىغا چىقاردى.

e. بۇ (سىلەرنىڭ) ھەممىڭلارغا تېگىشلىك ئىش.

f. ئۇ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

g. بۇ (بىزنىڭ) ھەرقايسىمىزغا تېگىشلىك ئىش.

h. ھەرقايسىڭلار ئۆز ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار.

i. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش كېرەك.

(2) بۇ شەكىللەر ئىگىلىك كېلىشتە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىردەك 3 ـ شەخستە بولىدۇ. مەسىلەن:

a. ــ ھەممىڭلارنىڭ لۇغىتى يوقمۇ؟

ــ ھەئە، ھەممىمىزنىڭ لۇغىتى يوق ئىكەن.





b. ھەرقايسىڭلارنىڭ بېلەتىنى ئۆزۈڭلارنىڭ جوزىسىغا قويۇپ قويىدۇم.

c. ھەرقايسىمىزنىڭ بېلەتىنى ئۆزىمىزنىڭ جوزىسىغا قويۇپ قويۇپتۇ.

d. ھەرقايسىسىنىڭ بېلەتىنى ھەرقايسىسىنىڭ قولىغا بەر.

(3) «بارلىق» ئالمىشىمۇ ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم ئالماشلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىراق، بۇنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن شەكىللىرى «ھەممە» ئالمىشىنىڭ شۇ خىل شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆزى بىلەن بىر شەخستىكى ئادەمگە تېگىشلىك «بارلىق نەرسە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. بۇ يىغىنغا بارلىقىمىز قاتناشتۇق.

b. ئۇ بارلىقىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

c. بارلىقىمنى ۋەتەنگە بېغىشلايمەن.

d. ئۇ بارلىقىنى ئىنقىلابقا تۆھپە قىلدى.

3) سۈپەت ئالمىشى

(1) «ھەرقانداق» ئالمىشى سۈپەت ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاستە بېقىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بەزىدە پېئىللارغا بېقىنىپ، ھالەت بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. بۇ ھەرقانداق ئىشقا يارايدۇ.

b. ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىمىز.

c. ھەرقانداق ماڭساڭمۇ بۈگۈن يېتەلمەيسەن.

(2) بۇ ئالماش يەنە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ (1 ـ شەخستە پەقەت كۆپلۈك شەكلى بىلەنلا بىرىكىدۇ)، ئىسىم ئالمىشلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەرقانداق بىرىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ شاھماتتا ئۇستا، (بىزنىڭ) ھەرقانداقىمىزنى (ھەر قانداقىڭلارنى) يېڭەلەيدۇ.*

*b. ئۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھەرقانداقىنى ئېيتالايدۇ.*

4) رەۋىش ئالمىشى

(1) «ھەرقاچان»، «ھەرقانچە» ئالماشلىرى رەۋىش ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھەرقاچان كەلسەڭ مەن بار.*

*b. ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ بارغىن بالام.*

(2) سوئال ئالماشلىرى بەلگىلەش ئالمىشى رولىدا كەلگەندىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ سوئال ئالمىشى ۋاقتىدىكى گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئايرىم توختالمايمىز.

### 3. ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەلگىلەش ئالماشلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەممە

مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان ـ مىقدارى ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ـ قولۇمدىن كەلگەن ھەممە چارىلەرنى قىلىپ كۆردۈم.*

*b. چىرايلىق چىراغلار يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرغان، ھەممە ئادەم چىرايلىق كىيىنگەن، ھەممە چىرايدىن شادلىق چاقناپ تۇرغان سورۇندا كىممۇ پاجىئە، ناھەقچىلىك ۋە قاباھەت توغرىسىدا ئويلىسۇن!*

بۇ ئالماش بەزىدە «خىلمۇخىل» ياكى «ھەرقانداق» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:





*a. ھازىر بازاردا ھەممە مال بار. («خىلمۇخىل» دېگەن مەنىدە)*

*b. بۇنچىلىك ئىشنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ («ھەرقانداق» دېگەن مەنىدە).*

2) پۈتۈن ~ پۈتكۈل

بۇ ئىككى ئالماش پۈتۈنلۈككە ئىگە شەيئىنىڭ تولۇق سان ـ مىقدارى ئورنىدا كېلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى ئىككى ئالماشنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. «ھەممە» ئالمىشى كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان ـ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ، «پۈتۈن» ۋە «پۈتكۈل» دېگەن ئالماشلار «پۈت ـ» پېئىلىدىن ياسالغان، بىر پۈتۈنلۈكنى، شەيئىنىڭ ساق، پۈتۈن ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. قارا قىيچىرنىڭ بوينىدىكى زىل قوڭغۇراق پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.*

*b. تۆرەم بۇقۇلداپ يىغلىۋىدى، پۈتۈن ئەسكەرلەر، پۈتۈن شىخو خەلقى، پۈتۈن شىخو ھۆڭرەپ يىغلىدى.*

3) بارلىق

بۇ ئالماش «ھەممە» ئالمىشىغا ئوخشاش مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان ـ مىقدارى ئورنىدا كېلىدۇ. «پۈتۈن ~ پۈتكۈل» دېگەن ئىككى ئالماش بىلەن بولغان پەرقى ئالدى بىلەن بۇ ئىككى يۈرۈش ئالماشنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدە، ئاندىن قالسا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىدا كۆرۈلىدۇ. «بارلىق» دېگەن ئالماش «بار» دېگەن ئالاھىدە سۈپەتتىن ياسالغاچقا بىر تۈردىكى ھەممە شەيئىنىڭ سان ـ مىقدارى ئورنىدا كېلەلەيدۇ. «پۈتۈن ~ پۈتكۈل» دېگەن ئىككى ئالماش «پۈت ـ» پېئىلىدىن ياسالغان بولغاچقا پۈتۈنلۈككە ئىگە شەيئىنىڭ سان ـ مىقدارى ئورنىدا كېلىدۇ. «بارلىق» دېگەن ئالماشنى «ھەممە» دېگەن ئالماش بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە

بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. بارلىق مەخپىي ھۆججەتنى، ئارخىپلارنى بۈگۈندىن قالدۇرماي كۆيدۈرۈۋەت!*

*b. قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە، ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغىلاڭغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر بوشىتىلىشى كېرەك.*

*c. ئۇ بارلىق نارازىلىق، ئازاب ۋە غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشنى بىلەتتى.*

4) بارچە

ئايرىم ئورۇنلاردا «بارلىق» ئالمىشى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىمىزدە بارچە گۈللەر بەس - بەستە، تېخىمۇ رەڭدار ئېچىلغان، ساغلام ئىلغار گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.*

*b. بارچە ئالەم بىز بىلەن تەڭ كۈلسۇن، يايرىسۇن.*

*c. بارچە ئىنسان قېرىنداش.*

5) ھەر

ئۆزى يالغۇز ياكى «بىر» دېگەن سان بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەر بىرىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئىككىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سانلار بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان كۆپلۈكىدىكى بىرلىكىنىڭ ھەربىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. چار پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈز مىڭلىغان پەرزەنتلىرىنى زەمبىرەك يېمى قىلىپ بەردى.*

*b. ئەي پەلەك، بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار يار سەنەم دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن ئەل.*

*c. مانا غۇلجا كوچا ناخشىلىرى ئېيتىلىۋىدى، ئەنۋەر ئەپەندى*





*ناخشىنىڭ ھەربىر مىسراسىنى ئەگىشىپ تەكرارلىغىلى تۇردى.*

*d. بۇ دورىنى ھەر تۆت سائەتتە بىردىن ئىچىسىز.*

بۇ ئالماش ۋاقىت بىرلىكلىرىنىڭ بىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەندە، ئادەتتە شۇ ۋاقىت بىرلىكىنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر بىلەن بىۋاسىتە بىرىكىدۇ. بۇ چاغدا «بىر» سانى كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

*ھەر كۈنى، ھەر يىلى، ھەر ئايدا، ھەر ھەپتىدە*

«ھەر» سۆزى «ھەر ئىككىمىزدىن سورىدى»، «ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەر كىتابلار بار» قاتارلىق ئورۇنلاردا كەلگەندە، ئالماش ھېسابلانمايدۇ، بۇنداق جۈملىلەردە بىر خىل ئالاھىدە سۈپەت ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

*مۇھەببەت ھەر - ھەر يىگىتلەرنى سىنايدىغان ئىمتىھان مەيدانى.*

6) ھەركىم

مەلۇم كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھەركىم ئۆز غېمىدە، قېرى قىز ئەر غېمىدە دېگەندەك ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ بۈگۈنى بىلەن ئەتىسىنى ئويلاشقا باشلىدى.*

*b. ھەركىم ئۆز سەنىمىگە دەسسەيدۇ، ئۆز مۇقامىغا يورغىلايدۇ.*

*c. يۇرتىكىم: بۇ سىڭىلنىڭ ئەيىبىنىڭ ئەمەس، مۇھەببەت ئەسەبىيلىكى ھەركىمنى شۇ ھالغا قويىدۇ دېدى.*

7) ھەرنېمە

«ھەرقانداق ئىش»، «ھەرقانداق نەرسە» مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھەسەت ئادەمنى ھەرنېمە دېگۈزىدۇ، ئۇكام!*

*b. ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ، ھەممىلا ئادەم ئەمدى نېمە*

*بولىدۇ، قانداق ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ دېگەن بىرلا ئىشنى ئويلىماقتا .*

*c. ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۇمۇ ئادەم ـ دە ...!*

8) ھەرقانداق

خىلمۇخىل بەلگىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھەرقانداق ئاتمۇ، ئۆكۈزمۇ سەن قىلغاننى قىلالمايدۇ، ئون ئۆكۈزنىڭ كۈچى باركەن جۇمۇ سەندە ئۇكام!*

*b. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى سېتىۋالالايدۇ، ھەرقاندىقىغا يانالايدۇ، خالىغىنىچە ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ.*

*c. بىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەيۋەننى ھەرقانداق نام ۋە ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ۋەتەندىن ئايرىۋېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز.*

بەزىدە بۇ ئالماش «ھەر» شەكلىدىلا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.*

*b. ھەر ئىشتا بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.*

9) ھەرقايسى

مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەم ھەر بىرىنى، ھەم پۈتۈن سانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. نۇرى ئاكوپلار ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ھەرقايسى روتىلارنىڭ جەڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.*

*b. لېكىن، بۇ نەزەرىيە پەقەت ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن تېگىشلىك يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.*

10) ھەرقاچان

ۋاقىتنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇڭا ئۇلار ھەرقاچان ئېلىشىشقا تەييار، ئۆلۈشكە تەييار!*





*b. جەڭچى ھايات يۈرىدىغان مۇردا، ئۇ ھەرقاچان ئۆز ئەكسىگە قايتىدۇ، جەڭچى ئۆلگۈچى، ھايات بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقۇچى.*

*c. باشقىلار دەل ۋاقىت توشقاندا دەرسكە چىقاتتى، ئۇ بالدۇر چىقاتتى ھەم قولىدىن ھەرقاچان كىتاب چۈشمەيتتى.*

«ھەرقاچان» بەزىدە ئالماش ئەمەس، يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ بالىسىنىڭ سالامەت كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقاندۇ ھەرقاچان، ئانا بولماق دادا بولماقتىنمۇ تەس.*

*b. — زەمبىرەك ئورۇسىنىڭ بولغاندىكىن، شەھەرنىمۇ شۇلار سورار ھەرقاچان.*

11) ھەرقانچە

دەرىجىنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەپسۇسكى، يىگىتلەر ھەرقانچە جەسۇر، ھەرقانچە غەيۇر بولسىمۇ، ئاسماندا پەرۋاز قىلالايدىغان بۈركۈت ئەمەس.*

*b. پىچاق ھەرقانچە ئىتتىك بولغان بىلەن ئۆزىنىڭ سېپىنى كېسەلمەيدۇ*

*c. ھەرقانچە يامان بولسام، يادىڭغا يېتەرمەنغۇ.*

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى «كىم»، «نېمە»، «قانداق»، «قايسى»، «قاچان»، «نە»، «قەيەر» قاتارلىق سوئال ئالماشلىرىمۇ بەزى ئورۇنلاردا بەلگىلەش ئالماش ۋەزىپىسىدە كېلىپ، پەرەز قىلىنغان دائىرىدىكى ئادەم، نەرسە، بەلگە، سان ـ مىقدار، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ ھەرقاندىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كىم ياخشى بولسا، شۇنى سايلايمىز.*

*b. نېمىنى ياخشى كۆرسەڭ شۇنى ئال.*

*c. سەن قانچە ياشقا كىرگەن بولساڭ، مەنمۇ شۇنچە ياشقا كىردىم.*

d. *قاچان چاقىرساڭ، شۇ چاغدا كېلىمەن.*

## §10. بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى

### 1. مەنىسى

بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى پەقەت بولۇشسىز جۈملىلەردىلا قوللىنىلىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان ـ مىقدار، ۋاقىتلارنىڭ ھەرقاندىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى «ھېچ» سۆزىدىن ۋە سوئال ئالماشلىرى بىلەن بەزى ئايرىم سۆزلەرنىڭ «ھېچ» دېگەن سۆز بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان بىرىككەن سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

### 2. تۈرلىرى

بولۇشسىزلىق ئالماشلىرىنى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئىسىم ئالماشلىرى، سۈپەت ئالماشلىرى، سان ـ مىقدار ئالماشلىرى، رەۋىش ئالماشلىرى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) ئىسىم ئالماشلىرى

«ھېچكىم»، «ھېچنېمە»، «ھېچنەرسە»، «ھېچنە»، «ھېچقەيەر»، «ھېچقاياق» ئالماشلىرى ئىسىم ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، كېلىش كاتېگورىيەسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە بەزى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *بۈگۈن ھېچكىم كەلمىدى.*
b. *ئارىمىزدا ھېچكىمنىڭ لۇغىتى يوق.*
c. *بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتما.*
d. *مەيداندا ھېچكىمنى كۆرمىدىم.*





e. *ھېچكىمدىن سورىمىدىم.*
f. *ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم.*
g. *ھېچنېمە يېتمىدى.*
h. *ھېچنېمىنىڭ تايىنى يوق.*
i. *ھېچكىمگە ھاجىتىم يوق.*
j. *نۇرى ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ.*
k. *ھېچنەنى كۆرمىدىم.*
l. *ھېچنەدىن تاپالمىدىم.*

2) سۈپەت ئالمىشى

«ھېچقانداق»، «ھېچقايسى»، «ھېچبىر» ئالماشلىرى سۈپەت ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاسىتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقانداق ئادەم، ھېچقانداق ئىش، ھېچقانداق ۋاقىت، ھېچقايسى ئۆي، ھېچقايسى دەرس، ھېچقايسى مۇئەللىم، ھېچبىر يەر، ھېچبىر ئادەم، ھېچبىر كىتاب...

«ھېچقانداق» ئالمىشى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ (1 ـ شەخستە پەقەت كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىرىكىدۇ)، ئىسىم ئالمىشلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە مەلۇم شەيئىنىڭ ھەرقانداق بىرىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ (3 ـ شەخس شەكلى قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

a. *ئۇ شاھماتقا ئۇستا، ھېچقاندىقىڭلار تەڭ كېلەلمەيسىلەر.*
b. *ئۇ شاھماتقا ئۇستا، ھېچقاندىقىڭلاردىن قورقمايدۇ.*
c. *ئۇ شاھماتقا ئۇستا، ھېچقاندىقىمىز تەڭ كېلەلمەيمىز.*
d. *ھەر تۈرلۈك ئاياغلارنى كۆرسەتتىم، ھېچقاندىقىنى ياراتمىدى.*
e. *ھېچقانچە ۋاقىت بولمىدى، ھېچقانچە ئېگىز ئەمەس، ھېچقانچە بىلمەيدىكەن.*

«ھېچقايسى»، «ھېچبىر» ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك

قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ (1 ـ شەخستە پەقەت كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىرىكىدۇ)، ئىسىم ئالمىشلىق خۇسۇسىيەتكە ئىرىشىدۇ ۋە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ بىرىنىڭمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ھېچقايسىمىز (ھېچبىرىمىز) بارمايمىز.*

*b. ھېچقايسىمىزنىڭ (ھېچبىرىمىزنىڭ) لۇغىتى يوق.*

*c. ھېچقايسىڭلارغا (ھېچبىرىڭلارغا) ياردەم بېرەلمىدىم.*

*d. ھېچقايسىڭلارنى (ھېچبىرىڭلارنى) كۆرمىدىم.*

*e. ھېچقايسىسىنى (ھېچبىرىنى) ياراتمىدى.*

بۇ شەكىللەر ئىنكارلىق كېلىشتە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلى ئادەتتە بىردەك 3 ـ شەخس بولىدۇ، بىراق ئالماشنىڭكى بىلەن ئوخشاش شەخستە بولىسمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھېچقايسىڭلارنىڭ (ھېچبىرىڭلارنىڭ) لۇغىتى (لۇغىتىڭلار) يوقمۇ؟*

*b. ھەئە، ھېچقايسىمىزنىڭ (ھېچبىرىمىزنىڭ) لۇغىتى (لۇغىتىمىز) يوق.*

*c. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ لۇغىتى يوق ئىكەن.*

3) سان ـ مىقدار ئالمىشى

«ھېچقانچە» ئالمىشى سان ـ مىقدار ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاسىتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، سۈپەت، پېئىللارغا بىۋاسىتە ھالەت بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ھېچقانچە ۋاقىت بولمىدى.*

*b. زالدا ھېچقانچە ئادەم يوق.*

*c. ئۇ دوكتور بولغان بىلەن ھېچقانچە بىر نەرسە بىلمەيدىكەن.*





4) رەۋىش ئالمىشى

«ھېچقاچان» ئالمىشى رەۋىش ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، پېئىللارغا بىۋاسىتە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھېچقاچان يادىمدىن چىقمايدۇ.*

*b. مەن ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغان.*

### 3. ئىشلىتىلىشى

بۇ ئالماشلارنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

1) ھېچ

«بىرمۇ» ياكى «ھەرقانداق بىر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئون نەچچە كۈندىن بېرى يۈسۈپ تەيجى شۇنچە سوۋغا ـ سالام بىلەن كېلىپ، ھېچ ئىشنى پۈتكۈزەلمىگىنى ئۈچۈن، ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بۈگۈن ھېچ يەرگە بارماي، ھۇجرىسىدا دەم ئېلىپ ياتاتتى.*

*b. قەدىردانىڭ بولمىسا، قەدرىڭنى بىلمەس ھېچ كىشى، قەدىر بىلمەس ئادەمنىڭ سەن بىلەن نېمە ئىشى.*

*c. گويا بۇ زېمىندا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، گويا جاھان يارىلىشتا قانداق بولغان بولسا ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرۇۋاتقاندەك...*

2) ھېچكىم

«ھەرقانداق بىر ئادەم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىراق، بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە تەقدىرىنىڭ يەنە قانداق ئويۇن باشلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.*

*b. ئۈنىڭچە ھېچكىم ئۈنىڭدەك بەختلىك ئەمەس، گۈزەل قىزغا ھېچكىم ئۈنىڭدەك مەھلىيا بولالمايدۇ، قىزنىمۇ ھېچكىم ئۈنىڭدەك ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ.*

*c. ئۈنىڭغا ھېچكىم، ھېچنېمە دېمىدى.*

3) ھېچنېمە

«ھەرقانداق بىر نەرسە» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھېچكىم ھېچنېمە دەپ گەپ سوراپ باقمىدى.

b. ھېچنېمىگە ئېرىشمىگىنىمگە ئەمەس، ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىگىنىمگە تېتىلدايمەن.

c. ئاگال ئۇ كىشى كەلسۇن، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، پىچاق كۆتۈرۈپ چىققىنىڭ نېمىسى !

4) ھېچقانداق

«ھەرقانداق بىر خىلدىكى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. بىراق قارشى تەرەپتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى.

b. ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق گېپى خۇشياقمايدۇ.

c. قوزغىلاڭ باشلانغاندىن بۇيان، ھېچقاچان ۋە ھېچيەردە مۇنداق شىددەتلىك جەڭ بولۇپ باقمىغانىدى.

5) ھېچقايسى

«ھەرقانداق بىر دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. شۇڭا، ھېچقايسى يۇرت ئۇتتۇرمىدى ھەم ئۇتمىدى.

b. بايىقى خەتنى ئاڭلىدىڭلارغۇ، ئەمدى ھېچقايسىمىزغا كۆڭۈن يوق.

c. بىراق يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى پىچاق سۇركەشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

6) ھېچقاچان

«ھەرقانداق ۋاقىتتا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. مەيلى باشقا چوڭ مىللەت بولسۇن، ھېچقاچان بىزنىڭ پايدىمىزنى كۆزلىمەيدۇ.

b. دەرۋەقە، مەھمۇت مۇھىتى ھېچقاچان ۋە ھېچيەردە ھاجىمغا مۇنداق قاتتىق تېگىپ باقمىغانىدى.

c. ئۇ ھېچقاچان بۇنداق قاتتىق يىغلىمىغانىدى.





7) ھېچقانچە

كۆپرەك سان ـ مىقدارنىڭ ياكى كۈچلۈكرەك دەرىجىنىڭ ھەر قانداقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇرۇمچىدە دۈشمەننىڭ ھېچقانچە كۈچى يوق !

b. بايلارمۇ كۆپ ياردەم قىلدى، گومىنداڭنىڭ خەزىنىسىدە ھېچقانچە بايلىق يوق ئوخشىمامدۇ ؟

c. بىراق، ئۇنىڭ يادىڭغۇ چىرايىدا ھېچقانچە پەرىشانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

8) ھېچنە

«ھەرقانداق بىر يەر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇنىڭ ئۇستىگە قەشقەردەك يەردىن ھېچنەدە توختاپ قالمىغان خەت بۇ يەردە بىر كېچە توختاپ قالسا، قانداق بولغىنى ؟

b. خەلق شۇنچىلىك جىق سوئال سورىدىكى، نۇرى ئۆمرىدە ھېچنەدە بۇنچىلىك جىق سۆزلىمىگەنىدى: ــ ستالىن دېگەننىمۇ كۆرۈپتۇ دەيدۇ، راستىمۇ نۇرى ؟

c. كەتمە، يېنىمدىن ھېچنەگە كەتمە، ھېلىقى نوغاي قىزنى ئېلىپ بېرەيمۇ ؟

9) ھېچقەيەر

«ھېچنە» بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. ھەممە يەردە ساقچى، ھېچقەيەرگە بارالمايسەن.

b. قەلىمىمنى ھېچقەيەردىن تاپالمىدىم.

c. ھېچقەيەردە توختىماي ئۇدۇل ئاقسۇغا يەتتۇق.

10) ھېچقاياق

«ھەرقانداق بىر تەرەپ» ياكى «ھەرقانداق بىر يەر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. ئەمدى ھېچقاياققا قاچالمايدۇ.

b. ھېچقاياقتىن دۈشمەن تېگەلمەيدۇ.

c. ئۇ ھېچقاياقنى توسۇپ قالالمىدى.

11) هېچبىر

«هېچقايسى» بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. لېكىن ئۇ هېچبىر سوئالغا قانائەت قىلغۇدەك جاۋاب تاپالمىدى.*

*b. بىراق كۈن پېتىپ گۇگۇم چۈشكۈچە ئەتراپتا هېچبىر ئاۋۇلنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.*

*c. ياساۋۇللار بىلەن چېرىكلەر بۇ ئىككىيلەننىڭ هېچبىر تەپ تارتماستىن تويپىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغانلىقىغا هەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى.*

12) هېچ نەرسە

«هېچنېمە» بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ قىزىق چاي ئاغزىنى كۆيدۈرگەندەك سېزىمىدىن باشقا هېچ نەرسىنى سەزمەيتتى.*

*b. — سېنتەبىردە ئۇلار بانكىنىڭ نەچچە مىڭ سەر ئالتۇنىنى، سودا دۇكانلىرىنى، ئامبارلىرىنى، ئىدارىلەرنىڭ مال - مۈلكى، ئارخىپلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، كۆيدۈرۈپ هېچ نەرسىسىنى قويمىدى.*

*c. ئۇ قازاندىن ئالمۇتىغا، غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ۋە ئۈرۈمچىدىن ئىلقا ناھىيەسىگىچە بولغان هايات سەپىرىدە دەرد - ئەلەمدىن باشقا هېچ نەرسە كۆرمىگەن.*

## §11. ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى

### 1. مەنىسى

ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سۆزلىگۈچىگە ئېنىقسىز بولغان مەلۇم بىر شەيئى، مەلۇم بىر بەلگە، مەلۇم بىر سان - مىقدار، مەلۇم ۋاقىت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.





### 2. ئىپادىلىنىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سوئال ئالماشلىرىنىڭ كەينىگە «-دۇر/-تۇر» («-دۇر/-تۇر» < دۇرۇر \ -تۇرۇر < تۇرۇر) قوشۇمچىسىنى قوشۇش ياكى «ئالل -» دېگەن تەركىبنى قوشۇشتەك ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ. «-دۇر/-تۇر» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان شەكىللەرگە ئىسىملارنىڭ سان، شەخس، كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش توغرا كەلسە، بۇ قوشۇمچىلار «-دۇر-تۇر» نىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ.

«-دۇر» قوشۇلغانلىرى:

*كىمدۇر، نېمىدۇر، نەدۇر، قەيەردۇر، قاياقتۇر، نېمىشقىدۇر، قاچاندۇر، قايسىدۇر، قانداقتۇر، نېمىگىدۇر؛*

*كىملەردۇر، نەرىمدۇر، نېمىلىرىڭدۇر، قەيەرلەرگىدۇر، قاياقلاردىندۇر؛*

«ئالل -» قوشۇلغانلىرى:

*ئاللىكىم، ئاللىنېمە، ئاللىقايسى، ئاللىقەيەر، ئاللىقاياق، ئاللىقانداق، ئاللىقانچە، ئاللىقاچان.*

### 3. تۈرلىرى

ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى بويىچە ئىسىم ئالمىشى، سۈپەت ئالمىشى ۋە رەۋىش ئالمىشىغا بۆلۈنىدۇ.

1) ئىسىم ئالمىشى

«كىمدۇر»، «نېمىدۇر»، «نەدۇر»، «قەيەردۇر»، «قاياقتۇر»، «ئاللىكىم»، «ئاللىنېمە»، «ئاللىقاياق» ئالماشلىرى ئىسىم ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا ئوخشاش سان كاتېگورىيەسى ۋە كېلىش كاتېگورىيەسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ.

ئەگەر ئالماشلاردىن كېيىن «بىرى (بىرسى)»، «بىرنېمە»، «بىريەر»، «بىرياق» قاتارلىق ئىبارىلەر كەلسە، قوشۇمچىلار ھەر ئىككىسىگە قوشۇلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

*كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ/ كىمدۇر بىرسىنىڭ،*

*نەگىدۇر بىر يەرگە/ نەدۇر بىر يەرگە،*

*قاياقتىندۇر بىر ياقتىن/ قاياقتۇر بىر ياقتىن.*

بۇ ئالماشلارنىڭ تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. مەسىلەن:

*كىم بىلەندۇر، نېمە توغرۇلۇقتۇر، قەيەر ئارقىلىقتۇر، كىم بىلەندۇر بىرسى بىلەن/ كىمدۇر بىرسى بىلەن، نېمە توغرۇلۇقتۇر بىرنەرسە توغرۇلۇق/ نېمىدۇر بىرنەرسە توغرۇلۇق، قەيەر ئارقىلىقتۇر بىر يەر ئارقىلىق/ قەيەردۇر بىر يەر ئارقىلىق.*

2) سۈپەت ئالمىشى

«قانداقتۇر»، «قايسىدۇر»، «ئاللىقانداق» ئالماشلىرى سۈپەت ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاستە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قانداقتۇر بىر كىتاب، قايسىدۇر بىر ئۆي، ئاللىقانداق خەتلەر

«قايسىدۇر» ئالمىشى ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم ئالمىشلىق خۇسۇسىيىتىگە ئېرىشىدۇ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ئېنىقسىز بىرىنى ئىپادىلەپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*قايسىمىزدۇر، قايسىڭلاردۇر، قايسىسىدۇر*

بۇ شەكىللەردىن كېيىن ھامان «بىرىمىز»، «بىرىڭلار»، «بىرى(بىرسى)» سۆزلىرى كېلىدۇ. مەسىلەن:

*قايسىمىزدۇر بىرىمىز، قايسىڭلاردۇر بىرىڭلار، قايسىدۇر بىرى.*





بۇ شەكىللەرنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ياكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىدىكى «كىمدۇر» قاتارلىق ئالماشلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

*قايسىمىزنىڭدۇر بىرىمىزنىڭ/ قايسىمىزدۇر بىرىمىزنىڭ،*

*قايسىڭلارغىدۇر بىرىڭلارغا/ قايسىڭلاردۇر بىرىڭلارغا،*

*قايسىدىندۇر بىرىدىن/ قايسىدۇر بىرىدىن،*

*قايسىڭلار توغرلۇقتۇر بىرىڭلار توغرۇلۇقتۇر/ قايسىڭلاردۇر بىرىڭلار توغرۇلۇق.*

3) رەۋىش ئالمىشى

«قاچاندۇر»، «نېمىشقىدۇر» ئالماشلىرى رەۋىش ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، پېئىللارغا بىۋاستە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. قاچاندۇر بىر بارغان يادىمدا.*

*b. نېمىشقىدۇر كەلمىدى.*

1. ئىشلىتىلىشى

بۇ ئالماشلارنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە؛

1) كىمدۇر

كىملىكى ئېنىقسىز بىر ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ كەينىگە كۆپىنچە «بىرى» ياكى «بىرسى» سۆزى كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆگزىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ « گۇرس ـ گۇرس» قىلىپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى.*

*b. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى بىر پەتنۇستا ئىككى پىيالە چاي ئەكەلدى.*

*c. ناھايىتىمۇ مۇڭلۇق، يېقىملىق بۇ ئاۋاز كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى.*

2) نېمىدۇر

نېمىلىكى ئېنىقسىز بىر نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. كەينىدىن يەنە «بىر نېمە» ياكى «بىر نەرسە» سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a.* *توپقا سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق چېرىكلەر قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، نېمىدۇر بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىرايتتى.*

*b.* *شىپاڭ شىسەي يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، بوسۇغىدا بىر جىددىي ئاۋاز ئاڭلاندى.*

*c.* *سېلىم ئاكا ئىشىك تەرەپتىكى كاتتىن نېمىنىدۇر ئېلىپ بېلىگە تۇگدى.*

3) قانداقتۇر

ئېنىقسىز بىر بەلگىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئالماشتىن كېيىن دائىم دېگۈدەك «بىر» سۆزى كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a.* *شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مۇبادا بارغان ئورنۇڭلاردا قانداقتۇر «ئىنقىلاب - پىنقىلاب» دەيدىغان بىرەر ھەرىكەت بولۇپ قالسا، مېنىڭ قىلىچىم ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بېشىڭلاردا ئوينايدۇ...*

*b.* *قانداقتۇر بىر شۇملۇق يۈز بېرىدىغاندەك كۆڭۈللەر غەش، چىرايلار مەھزۇن، كۆزلەر غەمكىن ئىدى.*

*c.* *تەقدىر ئۇنىڭغا يان باستى، قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى قوغداپ قالدى.*

4) قايسىدۇر

«قايسىبىرى ئىكەنلىكى ئېنىقسىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، كەينىدىن «بىر» سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a.* *قايسىدۇر بىر ئۆيدىن بىر ئادەم چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى.*

*b.* *قايسىدۇر بىر كىتابتا شۇنداق بىر گەپ بار.*

5) قاچاندۇر





ئېنىقسىز بىر ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ، كەينىدىن يەنە «بىر چاغدا» سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a.* *ئۈستىگە قارا دىراپ پەلتو كىيىپ، بويىنىغا كۈل رەڭ شارپا ئورىۋالغان ئېگىز بويلۇق بۇ ئادەم ئۇنىڭغا خۇددى قاچاندۇر بىر زامانلاردا رۇس تۈپرىقىدا ئۇچراتقان تاتار مۇسۇلمانلىرىنى ئەسلەتمەكتە ئىدى .*

*b.* *ئۇ مەككىدىكى مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاچاندۇر بىر زامانلاردا قەشقەر تەرەپتىن بېرىپ قالغان ياقۇپ ھاجى دېگەن كىشىنىڭ خىزمىتىگە كىردى ۋە گاھ تۆگە بېقىپ، گاھ خورمىلىق باغدا ئىشلەپ يۈردى.*

6) نەدۇر / قەيەردۇر

قەيەرلىكى ئېنىقسىز بىر جاينى بىلدۈرىدۇ، كەينىدىن «بىر يەر» سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a.* *ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شوخ سۈيى سايدا كەڭ يېيىلىپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا، نەدىدۇر قۇشلار چۇرۇقلاشماقتا.*

*b.* *نەدىدۇر بۇغا ھۆركىرىمەكتە، ئايغىر كىشنىمەكتە.*

*c.* *چېرىكلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەيەردىندۇر بىر شوتا تېپىپ كېلىشتى.*

*d.* *ئۇلار قەيەردىندۇر بۇيرۇق كۈتمەكتە، تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.*

7) نېمىشقىدۇر

ئېنىقسىز بىر سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a.* *ئۇنىڭ بۈگۈن نېمىشقىدۇر «سەددى ئىسكەندەر»نى ئوقۇغۇسى كەلدى.*

*b.* *بۈگۈن نېمىشقىدۇر ھاجىنىڭ سەپداشلىرى ئىچىدە قاسىم ئەپەندىدىن باشقىلىرى خۇددى گەپ - سۆز قىلماسلىققا ۋەدىلىشىۋالغاندەك جىم ئولتۇرۇشاتتى.*

9) ئاللىكىم

«كىمدۇر» بىلەن مەنىداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە «نەدىكى تونۇمايدىغان بىر ئادەم» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ مانا شۇ پايانسىز چۆل ئىچىدىن ئاللىكىمنى ئىزدەۋاتقاندەك، يىراق ـ يىراقلارغا خېلىغىچە قاراپ قوياتتى.*

*b. ئۇ يەنە ئاللىكىملەرنى بىر ـ بىردىن تىللاپ چىققاندىن كېيىن، يېنىدىكى غەمكىن ئولتۇرغان ئۆلكە رەئىسىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئار ـ نومۇسنى بىز ئىككىمىز ئۇستىمىزگە ئالىمىز.*

10) ئاللىنېمە

«نېمىدۇر» بىلەن مەنىداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە «غەلىتە بىر نەرسە» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. گېرمانلارنىڭ نەلەرگىدۇر ھۇجۇم قىلغانلىقى، رۇسىيەدىكى ئىشلار، كۇلىدىكى سوقۇشلار، ياپونلارنىڭ جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەنلىكى، شېڭ دۇبەننىڭ سۆزلىرى، سەنمىنجۇيى، خائىن قىلىنغان بايلار، يەنە ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان ئاللىنېمىلەرنى سۆزلەيدۇ.*

*b. ئۇ يەنە ئاللىنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ يەنە ئۇخلاپ قالدى.*

11) ئاللىقاياق

«ئېنىقسىز يىراق بىر يەر» مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بوۋاي شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، قىلچىنى ئاللىقاياقلارغا تەڭلەپ شىلتىشقا باشلىدى.*

*b. ئۇنىڭمۇ خىيال قۇشلىرى ئاللىقاياقلاردا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى.*

12) ئاللىقاچان ~ ئاللىبۇرۇن

«ئېنىقسىز ئۇزاق ئۆتكەن بىر ۋاقىت» مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت، ئائىلە دېگەنلەر ئاللىقاچان*





*كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ بولغان.*

*b. بىز ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۇستىمىزگە ئالغان ئادەملەرمىز.*

*c. ئەمما، ئۇلار ئاللىبۇرۇن يولغا چىققانىدى.*

*d. بىز ئاللىبۇرۇنلا جېنىمىزنى تىكىپ قويغان.*

## §12. ئالماشلارنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا ئالماشلارنىڭ مەخسۇس ياسىغۇچى قوشۇمچىسى يوق، يەنى ئالماشلار سىنتېتىك ئۇسۇلدا ياسالمايدۇ. پەقەت ئانالىتىك ئۇسۇلدا بىر قىسىم ئالماشلار ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ياسىلىدىغان ئالماشلار ئاساسەن بەلگىلەش ئالماشلىرى، ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى، بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى قاتارلىقلار. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ باشقا تىللارغا ئوخشاشلا ئالماشلارنىڭ سانى چەكلىك، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى خېلىلا يۇقىرى.

ئەنۋەر سەمەتنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرغۇن سۆزلەر توغرىسىدا ئىستاتىستىكىلىق تەتقىقات» دېگەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئىلمىي ماقالىسىدىكى 450 مىڭ سۆزلۈك ھەر خىل ژانىردىكى تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىغا ئېلىپ بارغان ئىستاتىستىكىلىق تەھلىلىدىن چىقارغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئالماشلارنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز[3]...

«ئويغانغان زېمىن» رومانى 170145 سۆزلۈك چوڭ تىپتىكى رومان. روماندا ئىشلىتىلگەن 170145 سۆزگە سۆزلەرنىڭ ھەر خىل تۇرلەنگەن شەكىللىرىمۇ، تەكرار كۆرۈلگەن شەكىللىرىمۇ كىرىپ كېتىدۇ. بىز يەنە روماندىكى سۆزلەرنى تۇرلەنمىگەن شەكىلدە تۇرغۇزۇپ ئىستاتىستىكا قىلغىنىمىزدا، روماندا

| № | سۆز | قېتىم | چاستوتىسى | № | سۆز | قېتىم | چاستوتىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | بۇ | 2118 | 1.06 | 21 | ئاندىن | 95 | 0.05 |
| 2 | ئۇ | 1955 | 0.98 | 22 | مانا | 91 | 0.05 |
| 3 | مەن | 978 | 0.49 | 23 | كىم | 90 | 0.04 |
| 4 | ئۆز | 972 | 0.49 | 24 | بىرەر | 84 | 0.04 |
| 5 | شۇ | 837 | 0.42 | 25 | مۇشۇنداق | 83 | 0.04 |
| 6 | ھەر | 501 | 0.25 | 26 | ھەرقانداق | 82 | 0.04 |
| 7 | ئۇلار | 466 | 0.23 | 27 | ھېلىقى | 73 | 0.04 |
| 8 | بىز | 456 | 0.23 | 28 | قانچە | 70 | 0.03 |
| 9 | سەن | 284 | 0.14 | 29 | سىلەر | 61 | 0.03 |
| 10 | ھەممە | 251 | 0.13 | 30 | ئۆزلىرى | 52 | 0.03 |
| 11 | شۇنداق | 245 | 0.12 | 31 | ئاشۇ | 47 | 0.02 |
| 12 | قانداق | 234 | 0.12 | 32 | قايسى | 46 | 0.02 |
| 13 | نېمە | 229 | 0.11 | 33 | ئۇنداق | 45 | 0.02 |
| 14 | بەزى | 226 | 0.11 | 34 | ماۋۇ | 43 | 0.02 |
| 15 | مۇشۇ | 194 | 0.10 | 35 | ئەنە | 41 | 0.02 |
| 16 | مۇنداق | 183 | 0.09 | 36 | سىلى | 37 | 0.02 |
| 17 | سىز | 180 | 0.09 | 37 | قېنى | 37 | 0.02 |
| 18 | بۇنداق | 164 | 0.08 | 38 | نە | 37 | 0.02 |
| 19 | ھەرقايسى | 142 | 0.07 | 39 | ئانچە | 36 | 0.02 |
| 20 | نەچچە | 133 | 0.07 | 20 | ھېچقانداق | 30 | 0.01 |





ئەمەلىيەتتە جەمئىي 7927 سۆز ھەر خىل شەكىلدە تەكرار قوللىنىلغان. دېمەك، ئاپتور پەقەت 7900 ئەتراپىدىكى سۆزدىن پايدىلىنىپ بۇ بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بىز مۇشۇ سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا تۈزۈلگەن تىل ماتېرىياللىرى ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ، روماندا قوللىنىلغان ئالماشلارغا ئىستاتىستىكا يۈرگۈزدۇق. نەتىجىدە شۇنى بايقىدۇقكى، روماندا پەقەت جەمئىي 102 لا ئالماش ئىشلىتىلگەن، سان جەھەتتىن قارىغاندا بۇ ئالماشلار رومانىدىكى 7900 ئەتراپىدىكى سۆزنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. لېكىن، مانا مۇشۇنچىلىك ئاز بولغان ئالماشلار روماندا ھەر خىل شەكىللەردە تۈرلىنىپ 764 كە يەتكەن ھەم بۇ تۈرلەنگەن ئالماشلار روماندا قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىش ئارقىلىق 17157 گە يېتىپ، شۇ رومانىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئومۇمىي سانىدىكى نىسبەت ئايرىمىسى بويىچە 3 ـ ئورۇننى تەشكىل قىلالىغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، 102 ئالماش روماندا ھەر خىل شەكىللەردە 17157 قېتىم كۆرۈلگەن. بۇ روماندا ئىشلىتىلگەن ھەر بىر ئالماش ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 168 قېتىم تەكرار ئىشلىتىلدى دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ④.

ئالماشلارنىڭ يۇقىرىقى تۈرلىرىدە ئالماشلارنىڭ ياسىلىشى ھەققىدە توختالغاندۇق، شۇڭا بۇ يەردە قايتا بايان قىلمايمىز.

### ئىزاھلار:

① گۈلقىز مەمەت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار ھەققىدە تەھلىل»، ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 2006 ـ يىلى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: مۇھەببەت قاسىم.

② «ئۆز» ئالمىشىنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى بويىچە «ئۆزۈم، ئۆزۈڭ، ئۆزۈڭلار» شەكلىدە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ھازىرقى «ئىملا قائىدىسى»دە: «ئۆزەم، ئۆزەڭ، ئۆزەڭلار»

دېيىلگەن.

③ ئەنۋەر سەمەت: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرغۇن سۆزلەر توغرىسىدا ئىستاتىستىكىلىق تەتقىقات»، ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسى.

④ گۈلقىز مەمەت: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار ھەققىدە تەھلىل»، ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، 2006 - يىلى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: مۇھەببەت قاسىم.





# يەتتىنچى باب

# رەۋىش

## §1. رەۋىش ھەققىدە

شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە بەلگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە بەلگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال دېگىنىمىز شەيئى ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

*بۈگۈن، تۈنۈگۈن، بۇ يىل، بۇلتۇر، هازىر، بايا، ھېلى، مەڭگۈ، قىشچە؛ نېرى، بېرى، قەستەن، ئومۇمەن، مەردلەرچە، ئارامخۇدا، سەللىمازا، ئالدىنئالا، قولمۇقول، چەمبەرچاس، ناھايىتى، تازا، ئەڭ، خويمۇ، تولىمۇ....*

## §2. رەۋىشنىڭ تۈرلىرى

رەۋىش مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ۋاقىت رەۋىشلىرى:

بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈنلۈككە، بۇ يىل...

2. ئورۇن رەۋىشلىرى:

نېرى، بېرى، ئاندا، مۇندا، ئىلگىرى، تاشقىرى، يۇقىرى...

3. دەرىجە رەۋىشلىرى:

ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، خويمۇ، خېلى، سەل...

4. هال رەۋىشلىرى:
باتۇرلارچە، ۋەھشىيلەرچە، قەستەن، شەكلەن...

## §3. رەۋىشلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى

1. رەۋىشلەر ئاساسەن تۇرلەنمەيدۇ. ئاز بىر قىسىم ۋاقىت رەۋىشلىرى ۋە ئورۇن رەۋىشلىرى «-راق/-دەك» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، سەل ئاجىزلاشقان مەنىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*ھېلى - ھېلىراق، بايا - باياراق، نېرى - نېرىراق*

2. رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىل، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە بېقىنىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*بۈگۈن كەلمەك، ھازىر بارماق، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس، نېرى ئولتۇرماق*

3. رەۋىشلەر ئىسىمغا بېقىنمايدۇ. بۇ رەۋىش بىلەن سۈپەتنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى.

4. ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشلىرى دەرىجە رەۋىشلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*سەل كېيىن(بارماق)، ناھايىتى بالدۇر(باشلانماق)*

5. ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشلىرى بېرىش كېلىش ياكى چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم، ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ماشىنىدىن نېرىراق تۇر .*
*b. ئەخمەتتىن كېيىن مەن سۆزلىدىم .*

## §4. رەۋىشلەشكەن سۆز - ئىبارىلەر

1) ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشتىن باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى





سۆزلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىسىملارنىڭ بەزى گىراماتىكا شەكىللىرىنىڭ ياكى بەزى سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنىڭ رەۋىشلىشىش ئەھۋالى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق سۆز ۋە بىرىكمىلەرنىڭ بەزىلىرى شەكلەن باشقا سۆز ياكى باشقا سۆز بىرىكمىسىگە (مەسىلەن، ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسىگە) ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پەقەت رەۋىش رولىنىلا ئوينايدۇ. مەسىلەن، «ھەر ۋاقىت» دېگەن بىرىكمە شەكلەن «ھەر ئادەم»، «ھەر مىللەت»، «ھەر ئۆي» قاتارلىق ئىسىم بىرىكمىلىرىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پەقەت رەۋىش رولىنىلا ئوينايدۇ؛ بەزىلىرى مەلۇم كونتېكىستلاردا رەۋىش رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن، «قەشقەر كېچىسى» دېگەن بىرىكمىدىكى «كېچىسى» دېگەن سۆز ئۆزىنىڭ ئىسىملىك رولىدا 3 - شەخس تەۋەلىك مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولسا، «بۇنداق ھايۋانلار كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «كېچىسى» رەۋىش رولىدا كەلگەن. بىز مۇشۇنداق سۆز ۋە بىرىكمىلەرنى خاس رەۋىشلەردىن پەرقلەندۈرۈپ، رەۋىشلەشكەن سۆز ھەم بىرىكمىلەر دەپ ئاتايمىز.

2) ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇنلىغان ۋاقىت ئىسىملىرى ئىسىمنىڭ 3 - شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ياكى باشقا سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەندە رەۋىش رولىنى ئويناۋالايدۇ. مەسىلەن:

*كېچىسى، كۈندۈزى، قىش كۈنى، ياز كۈنى، كۈز پەسلى، بىر يىلى، ئۆتكەن كۈنى، ئۆتكەن يىلى، ھەر كۈنى، ھەر يىلى.*

3) ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئوتتۇرىسىغا «-مۇ» قوشۇمچىسىنى ئالغان ھالدا تەكرارلىنىپ، رەۋىش رولىدا كېلىدىغان ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس. مۇنداق ئىسىملار ئومۇمەن «شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ بىرىنىمۇ ئالا قويماستىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*ئۆيمۇئۆي، كوچىمۇكوچا، هويلىمۇهويلا، يىلمۇيىل، ئايمۇ ئاي، سائەتمۇسائەت، قۇرمۇقۇر.*

4) بۇ خىل رەۋىشلەشكەن سۆز - ئىبارىلەردىن بىرمۇنچىلىرى پۈتۈنلەي رەۋىشكە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە بەزىلىرىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان. مەسىلەن:

*بۈگۈن < بۇ كۈن، ئالغا < ئالدىغا ، تۇيۇقسىزدىن، بىردىن، يېڭىباشتىن، قولمۇقول.....*

## §5. رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

1. -لارچە/-لەرچە

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا ۋە ئىسىم رولىدا كەلگەن سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە خاس رەۋىشتە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ئاكىلارچە، قېرىنداشلارچە، قەھرىمانلارچە، ۋەھشىيلەرچە، ئەخمەقلەرچە...*

2. -چىلاپ/-چىلەپ

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*خورازچىلاپ ( چىللىماق) ، پاقىچىلاپ (ئۈزمەك)، ئۆچكىچىلەپ ( مەرىمەك)...*

3. -چىسىغا /-چىسىگە

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە خاس ئۇسۇلدا ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:





*دېھقانچىسىغا (يۆگىمەك)، ئەسكەرچىسىگە (باغلىماق)، مەدداھچىسىغا (سۆزلىمەك)...*

4. -لاپ/-لەپ

بۇ قوشۇمچە سان ۋە مىقدارلارنى رەۋىشلەشتۈرگەندىن تاشقىرى ( سان ۋە مىقدار بابىغا قارالسۇن) ، بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلارنىمۇ رەۋىشلەشتۈرىدۇ ھەم بەزى ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرىگە قوشۇلۇپ مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ئارقىلىق ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*كۆپلەپ (ئىشلەپچىقارماق)، ياخشىلاپ (تەكشۈرمەك)، ئىككى قوللاپ (تۇتماق)، تۆت ئاياغلاپ (قاچماق)...*

5. -ىدە

بۇ قوشۇمچە بەزى تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ تەقلىد سۆز ئىپادىلىگەن تەقلىددە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. ( بۇ قوشۇمچە تەقلىد سۆزگە قوشۇلغاندا، تەقلىد سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى تەكرارلىنىدۇ.) مەسىلەن:

*جىغغىدە ( قىلماق)، لاسسىدە (ئولتۇرۇپ قالماق)، ۋاللىدە (يانماق)، تاققىدە (قويماق)، دىككىدە (تۇرماق)...*

6. -ەن

بۇ قوشۇمچە ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئەرەبچىدىن كىرگەن بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ئۇقۇم بويىچە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*شەكلەن، مەزمۇنەن، قەستەن، ئومۇمەن، جاۋابەن، تامامەن...*

7. -انە

بۇ قوشۇمچە ئىسىم ياكى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم

ياكى سۈپەت ئىپادىلىگەن مەزمۇنغا، خاراكتېرگە ئىگە مەنىدىكى رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*باتۇرانە، جاھىلانە، ئاقىلانە، ئەزىزانا، خالىسانە...*

8. دەر-

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىكى «ئورۇن - پەيت» مەنىسىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە بولۇپ، كۆپىنچە ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن مەزمۇنغا ئىگە بولغان ھالەتنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*دەرغەزەپ، دەرھەقىقەت، دەرگۇمان، دەرھال، دەرمەھەل، ...*

9. -چە

بۇ قوشۇمچە بەزى ۋاقىت رەۋىشلىرىگە قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىش ئىپادىلىگەن ۋاقىت دائىرىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ھازىرچە، بۈگۈنچە، بۇ يىلچە، كېيىنچە...*

10. -ىچە

بۇ قوشۇمچە بەزى ۋاقىت ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ۋاقىت بويىچە دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*قىشىچە، يازىچە، كېچىچە...*

ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسىلىشى:

رەۋىشلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى ئانالىتىك ئۇسۇلدا ياسالغان بىرىككەن رەۋىشلەردۇر. بىرىككەن رەۋىشلەرنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىسىم + ئىسىم = رەۋىش. مەسىلەن، كۈنبويى، يىل بويى، ئۆمۈر بويى.

سان + ئىسىم = رەۋىش. مەسىلەن، بىرھازا، بىر مەھەل.

سان + سۈپەت = رەۋىش. مەسىلەن، بىرپەس، بىرئاز.

سان + پېئىل = رەۋىش. مەسىلەن، بىرتۇتاش، بىر تۇرۇپ.





سان + رەۋىش = رەۋىش. مەسىلەن، بىرقەدەر، بىر تالاي.

تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ ياسالغان جۈپ رەۋىشلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:

*ئالدى - كەينى، ئەتىگەن - ئاخشام، يۇقىرى - تۆۋەن...*

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن رەۋىشلىرى قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا قاتما رەۋىشلەرگە كىرىدۇ، چۈنكى بۇ رەۋىشلەر ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىغا ئىسىملارنىڭ 3 - شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھالەتتە قېتىپ قېلىشىدىن شەكىللەنگەن.

# سەككىزىنچى باب

# تەقلىد سۆزلەر ①

## §1. تەقلىد سۆزلەر ھەققىدە

كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە ھېسسىي سېزىمىگە ئاساسەن شەيئىلەردىن، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن پەيدا بولغان تۈرلۈك ئاۋازلارغا، شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك ھالەت ۋە ئوبرازلىرىغا، ھېسسىي سېزىمگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر دېيىلىدۇ.

تەقلىد سۆزلەر تەبىئىي ئاۋاز، ھالەت، ئوبراز ۋە سېزىلگەن ئەھۋالنىڭ ئەينەن ئىنكاسى ئەمەس، ئۇ تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن نىسپىي ئىنكاسنىڭ بەلگىسىدۇر.

تەقلىد سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەقلىد سۆزلەر ۋە ئۇلار ئاساسىدا ياسالغان سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 100 دىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە تەقلىد سۆزلەر بىلەن ئۈندەش سۆزلەر «ئىملىق سۆزلەر» دېگەن نامدا بايان قىلىپ كېلىنگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ بارا - بارا چوڭقۇرلىشىشى بىلەن ئايرىم - ئايرىم «تەقلىد سۆزلەر» بىلەن «ئۈندەش سۆزلەر» دېگەن ئاتالغۇلار مۇقىملاشتى. بۇلار ئوخشىمىغان ئىككى كاتېگورىيەگە — ئوخشىمىغان ئىككى سۆز تۈركۈمىگە





ئايرىلىپ، ھەرقايسىسىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

يولداش خەمىت تۆمۈرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)» ناملىق ئەسىرى بىلەن غ.سەئىدۋاقاسوف قاتارلىقلار يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق ئەسەر بۇ تېمىنى خېلى دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەردۇر.

## § 2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرى

تەقلىد سۆزلەر ئىپادىلىگەن ئوبيېكتلىرىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاۋاز تەقلىدلىرى

جانلىقلار ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن پەيدا بولغان تۈرلۈك ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ئاۋاز تەقلىدلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

*شار — ئۇلۇغ سۇنىڭ ئېقىشىدىن چىققان ئاۋاز.*

*شىر — ئاز سۇنىڭ ئېقىشىدىن چىققان ئاۋاز.*

*غىچ — ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى ياكى ھارۋىنىڭ ياغسىرىغانلىقى سەۋەبىدىن سۈركىلىپ چىققان ئاۋاز.*

*غىڭ — پاشىدىن چىققان ئاۋاز.*

*چىپ — سۇنىڭ تامچىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.*

*مۆ — كالىنىڭ ئاۋازى(مۆرىشىدىن چىققان ئاۋاز.)*

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەقلىد سۆزلىرى ئىچىدە ئاۋاز تەقلىدلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەقلىد سۆزلەرنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئاۋاز تەقلىدلىرى ئىسىم، رەۋىش ۋە پېئىللارنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

### 2. ھالەت ـ ئوبراز تەقلىدلىرى (كۆرۈنۈش تەقلىدلىرى)

كۆرۈش سېزىمىگە ئاساسەن شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەيدىغان تەقلىد سۆزلەر ھالەت ـ ئوبراز تەقلىدلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

لوڭ ـ لوڭ: ئېسىلىپ تۇرغان نەرسىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ھالەت.

لۆم: قۇرتنىڭ مىدىرلىشى ياكى يۇمشاق نەرسىگە دەسسەلگەندىكى ھالەت.

*پىل ـ پىل: ئاجىز يورۇقلۇقنىڭ كۆرۈنۈشى.*

*پال ـ پۇل: پارقىراق نەرسىنىڭ ھەر خىل جۇلالىنىشى.*

*موس ـ موس: يۇمشاق نەرسىنى يېگەندىكى ھالەت.*

ھالەت ـ ئوبراز تەقلىدلىرىمۇ ئىسىم، رەۋىش ۋە پېئىللارنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ، ھەتتا بىر قىسىم ھالەت ـ ئوبراز تەقلىدلىرى مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار بىلەن ئاجرىتىۋالىمىغۇدەك دەرىجىدە چىپىسلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن:

*چەكچەيمەك، شۈمشەيمەك، گۆلەيمەك، ماكچايماق، سالپايماق دېگەنلەرگە ئوخشاش.*

### 3. ھېسسىيات تەقلىدلىرى

ھېسسىي سېزىم ئارقىلىق سېزىلگەن ئەھۋالغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ھېسسىيات تەقلىدلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

*جىغ: بىر نەرسىدىن قورققان چاغدىكى يۈرەكنىڭ ئېغىشى.*

*لوق ـ لوق: زەخىملەنگەن ئورۇننىڭ قىسقا چاستوتىدا قاتتىق ئاغرىغاندىكى ئەھۋالى.*

چىم: بەدەننى بىر نەرسە چاققان ياكى بەدەنگە ئۇچلۇق بىر نەرسە تەگكەندىكى ئاغرىش ئەھۋالى.





زىڭ: باش، قۇلاق قاتارلىق ئەزالارنىڭ تاسادىپىي ۋە قىسقا بىر مۇددەتلىك ئاغرىغاندىكى ئەھۋالى.

ھېسسىيات تەقلىدلىرى ئىپادىلىگەن مەنىلەر ئاۋاز تەقلىدلىرى بىلەن ھالەت ـ ئوبراز تەقلىدلىرى ئىپادىلىگەن مەنىلەرگە نىسبەتەن بىرئاز ئابستراكت كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ھېسسىيات تەقلىدلىرىنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس.

## § 3. تەقلىد سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىد سۆزلەر ئاساسەن بىر بوغۇمدىن ۋە ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ.

1. بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەر بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان تەقلىد سۆزلەر ۋە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان تەقلىد سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان تەقلىد سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىد سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ۋار، شار، پال، چىم، شىر، گۇر، كوم قاتارلىقلار.*

ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش يەنى \رت\، \رس\ ، \ لت\ بىلەن ئاياغلاشقان تەقلىد سۆزلەر نىسبەتەن ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 30 ئەتراپىدا. مەسىلەن:

*شارت، شىرت، يالت، تارس، قارس، گۇرس قاتارلىقلار.*

بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرنىڭ كەڭ كۆپچىلىكى \ئا\ ۋە \ئى\ سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. \ئە\ ۋە \ئۆ\ تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەنلىرى ئىنتايىن ئاز. مەسىلەن:

*ۋال، پار، غىژ، پىژ، غىڭ، دىڭ...*

*لەڭ، لەپ، ھۆر، مۆل، لۆم ...*

2. ئىككى بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن

تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) يالغۇز ياكى ئەينەن تەكرارلىنىش ئارقىلىق قوللىنىلىدىغان، جۈپلۈك ۋارىيانتلىرى بولمىغان تەقلىد سۆزلەر. مۇنداق تەقلىد سۆزلەر ئىككى بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇنداق تەقلىد سۆزلەرنىڭ بوغۇملىرى كۆپىنچە \ ئا+ ئا \ ، \ ئى+ ئى \ ، \ ئو+ ئۇ \ ، \ ئو+ ئا \ شەكلىدە تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

*پايپاس، جىرىڭ، شىرىق، كولدۇر، پولداڭ ...*

2) فونېتىكىلىق جەھەتتىن ماسلاشقان ۋارىيانتى بىلەن جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىلىدىغان تەقلىد سۆزلەر. مۇنداق سۆزلەرنىڭ سانى ئالدىنقىلارغا نىسبەتەن ئاز. سوزۇق تاۋۇشلۇق قۇرۇلمىسى جەھەتتە \ ئا + ئا \ ، \ ئا + ئى \ ، \ ئى + ئى \ شەكىلدىكىلىرى كۆپرەك. مەسىلەن:

*داراڭ، داراڭ ـ داراڭ، داراڭ ـ دۇرۇڭ؛*

*كالدىر، كالدىر ـ كالدىر، كالدىر ـ كۇلدۇر*

*تاراق، تاراق ـ تاراق، تاراق ـ تۇرۇق*

*غىدىڭ، غىدىڭ ـ غىدىڭ، غىدىڭ ـ پىدىڭ*

*گۈلدۈر، گۈلدۈر ـ گۈلدۈر، گۈلدۈر ـ تاراس*

*مىلىق، مىلىق ـ مىلىق، مىلىق ـ سىلىق*

3) ھەر ئىككى تەركىبي قىسمى ئىككى بوغۇمدىن قۇرۇلغان، لېكىن ھەر ئىككى تەركىبى يالغۇز قوللىنىلمايدىغان سۆزلەر. مۇنداق تەقلىد سۆزلەرنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز، كۆپرەك كۆرۈلىدىغانلىرىنىڭ بوغۇم قۇرۇلمىسى « ئا + ئى\ ئۇ + ئۇ\ ئا + ئا\ ئۇ + ئۇ» شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

*ساڭگىل ـ ساڭگۇل، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، داڭگىر ـ دۇڭگۇر، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل.*

تەقلىد سۆزلەر ئىچىدە سۈپەتلىشىپ، بىرىكىپ كەتكەن ئاز





ساندىكى «غودۇغودۇڭ، لىڭگىرتاقتاق، لىكىلىكاڭ» قاتارلىق تەقلىد سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىككى بوغۇمدىن ئېشىپ كەتكەنلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئاۋازلىرىغا تەقلىد قىلىنغان «مە، مۆ، ھا ـ ھا، ھى ـ ھى» قاتارلىق سۆزلەردىن باشقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرى يوق، شۇنىڭدەك، «ئىمىر ـ چىمىر، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، ئۆپۈر ـ تۆپۈر، ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ، ئالاق ـ جالاق، ئالچاڭ ـ ئالچاڭ» قاتارلىق جۈپ ھالەتتە كۆرۈلىدىغان بىرنەچچە تەقلىد سۆزدىن باشقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغانلىرى يوق.

ئۈزۈك تاۋۇشلىرى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى تەقلىد سۆزلەرنىڭ بېشىدا كۆپىنچە \ غ \ ، \ پ \ ، \ ك \ ، \ چ \ ، \ ش \ ، \ ل \ ، \ د \ تاۋۇشلىرى، ئاخىرىدا كۆپىنچە \ ر \ ، \ ڭ \ ، \ ق \ ، \ ك \ ، \ س \ ، \ پ \ ، \ ژ \ تاۋۇشلىرى كېلىدۇ. \ ڭ \ ، \ ن \ ، \ ف \ ، \ ژ \ ، \ ر \ بىلەن باشلىنىدىغان ۋە \ ج \ ، \ د \ ، \ ب \ ، \ گ \ ، \ ن \ ، \ ف \ ، \ ھ \ بىلەن ئاياغلىشىدىغان تەقلىد سۆزلەر يوق.

## 4 §. تەقلىد سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

ئومۇمەن ئالغاندا، تەقلىد سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىرقەدەر مۇستەھكەم، مۇنداق تۇراقلىقشىشى ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئالايلى، تەقلىد سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلاردىن بولۇشى تەقلىد قىلىنغان ئاۋازنىڭ ئىنچىكە، زىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، پەس سوزۇق تاۋۇشلاردىن بولۇشى ئاۋازنىڭ توم، قاتتىق ئىكەنلىكىنى، ھالەتنىڭ جانلىق،

گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ:

*غىچ - غاچ، جىرىڭ - جاراڭ، شىر- شار، پىل - پال، غىرس - غارس، ۋىل - ۋال.*

ئەينەن تەكرارلانغان تەقلىد سۆزلەر تەقلىد قىلىنغان ئاۋاز ياكى ھالەتنىڭ بىر خىل رىتىمدا ياكى بىر خىل تەرزدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، جۈپلۈك ۋارىيانتى بىلەن كەلگەن تەقلىد سۆزلەر ئاۋاز ياكى ھالەتنىڭ بىر خىل رىتىمدا ياكى بىر خىل تەرزدە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جاراڭ - جاراڭ، جاراڭ - جۇرۇڭ؛

تاق - تاق، تاق - تۇق؛

كالدىر - كالدىر، كالدىر - كۇلدۇر؛

لەڭ - لەڭ، لەڭ - لۇڭ.

شۇڭا، مەلۇم بىر تاۋۇشقا ياكى ھالەتكە تەقلىد قىلىنىپ ئادەتلىنىپ قالغان سۆزلەرنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئىختىيارىي ھالدا ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۆزگەرتىلسە يا مەنىسىز بىر سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ، يا باشقا مەنىدىكى تەقلىد سۆزگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «ۋال - ۋۇل» دېگەن تەقلىد سۆزنى «گال - گۇل» ياكى «ۋۇل - ۋۇل» دەپ ئۆزگەرتسەك، مەنىسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. يەنە «غۇر - غۇر» دېگەن سۆز سالقىن شامالنىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان تەقلىد سۆز بولۇپ، ئۇنى «غار - غار» دەپ ئۆزگەرتسەك، ئەسلىي مەنە ئەمەس، بەلكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئاغزىنى چايقىغاندا چىققان ئاۋاز ئىپادىلىنىدۇ، يەنە شۇ تەقلىد سۆزنى «غال - غال» دەپ ئۆزگەرتسەك، سوغۇقتا تىترىگەن ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بەزى تەقلىد سۆزلەرنىڭ مەلۇم تاۋۇشى ئۆزگەرتىلسە، ئىشلىتىلىدىغان ئوبيېكت ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، «غىڭشىماق» ئىتقا، «غۇڭشىماق» ئادەمگە، «غىڭىلدىماق» پاشىغا، «غوڭۇلدىماق» چىۋىن ۋە ھەرىلەرنىڭ





ئاۋازىغا نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ.

مەنە تۆپەيلىدىن تەقلىد سۆزلەرنىڭ سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدا كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرىشلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ سوزۇلۇشى ياكى تەكرارلىنىشى

تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن \ر \، \ ڭ \، \ ژ \، \ ل \، \ م \ تاۋۇشلىرى مەزكۇر سۆزلەر يەككە قوللىنىلغاندا سوزۇلۇشى مۇمكىن. مۇنداق سوزۇلۇش ئاۋاز ياكى ھالەتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ۋاڭ - *ۋاڭ...ڭ، شىر - شىر...ر، گاژ - گاژ...ژ، ۋال - ۋال...ل، لۆم - لۆم...م، چىم - چىم...م.*

ھالەت - ئوبراز تەقلىدلىرىدىن ياسالغان رەۋىشلەردە ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ تەكرارلىنىشى ھالەتنىڭ بىرلا قېتىم پەيدا بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. لەڭڭىدە كىرىپ كەلدى.*

*b. پىررىدە ئايلاندى.*

ھالەت - ئوبراز تەقلىدلىرىدىن ياسالغان پېئىللاردا ئۈزۈك تاۋۇش تەكرارلانمايدۇ، ئەمما ھەرىكەتنىڭ مەزكۇر ھالەتنىڭ قايتا - قايتا تەكرارلىنىشى ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*پىرىلدا -، لىكىلدا -، لۆمۈلدە -، مىشىلدا -، تاقىلدا -، جالاقلا -...*

(2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سوزۇلۇشى

تەقلىد سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئادەتتىكىدەك ئېيتىلىشى ئاۋازنىڭ قىسقا بىر مۇددەتلىكىنى بىلدۈرسە، سوزۇلۇپ ئېيتىلىشى ئوخشاش بىر رىتىمدا سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىدىن چىققان ئاۋاز ئادەتتە «غىچ» دېيىلسە سوزۇلۇپ «غى...چ» قىلىپ

ئېيتىلىشى بىلەن ئاۋازنىڭمۇ مەلۇم ۋاقىتتا سوزۇلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

(3) بەزى تەقلىد سۆزلەر قارىماققا ئىككى خىل ۋارىيانتتا قوللىنىلغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن، ئەمەلىي ئىستېمالدا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنە ئالاھىدىلىكلىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

غىژ - غاژ — ئىككى كىشى ئاراسىدا بولغان ئازدۇر - كۆپتۇر سۈركىلىش.

غاژ - غۇژ— ئېغىرراق سۈركىلىش، ئاچچىقنىڭ تېز ۋە كەسكىن بولۇشى.

«ۋاڭ - چۇڭ» بىلەن «ۋاراڭ - چۇرۇڭ»، «تاق - تۇق» بىلەن «تاراق - تۇرۇق»، «پاق - پۇق» بىلەن «پاقىر - پۇقۇر»، «غىچ - غاچ» بىلەن «غاچىر - غۇچۇر» سۆزلىرىمۇ ئۆزئارا ئىنچىكە مەنە پەرقلىرىگە ئىگە.

## §5. تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى

تەقلىد سۆزلەر جانلىق تىلدا ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتتا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇ نۇتۇقنى جانلىق تەسىرلىك قىلىشتا، بەدىئىي ئەدەبىياتتا مۇھىم بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە «ئالدىراڭغۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ھولولوپ» دېگەن سۆزنى، «دەرھال» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ھاپىلا - شاپىلا» دېگەن سۆزنى قوللىنىش بىلەن پەيدا بولىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

*a. ھولولوپىراق كەلگەن بىر ئەر كۈتكۈچى، ئىككى ئايال پايپېتەك بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ...*

*b. قوللىرىدىكى خاتىرىلىرىنى ھاپىلا - شاپىلا يانچۇقىغا*





*سېلىشتى.*

بەزى تەقلىد سۆزلەر تەرەققىيات جەريانىدا ھەم شۇ ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىنغان تەقلىد سۆزنى، ھەم شۇ ئاۋازنى چىقىرىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن. مۇنداق ئۆزگىرىش جەريانى ئۇلارنىڭ ئاۋازنى، ھالەتنى ئىپادىلەشتىن مەزكۇر ھالەت ياكى ئاۋاز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئى، ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشكە ئۆتۈش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا، تەقلىد سۆزلەرنىڭ جۈملىدە قوللىنىلىشى ئۇلارنىڭ تەقلىد سۆز ھالىتىدە بولۇشى ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇشىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، كاككۇك ، لىڭگىرتاقتاق، جاڭ، داڭ قاتارلىقلار ھەم شۇ ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىنغان تەقلىد سۆزنى، ھەم شۇ ئاۋازنى چىقىرىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىزاھلار:

① بۇ مەزمۇن مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تەقلىد سۆزلەر توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە»، 1992 - يىللىق 6 - سان، 3 - 12 - بەتلەر) ناملىق ماقالىسى ئاساسىدا تەييارلاندى.

## توققۇزىنچى باب

# پېئىل

### §1. پېئىل ھەققىدە

پېئىل ھەرقايسى تىللاردا شۇ تىلنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى پېئىللار تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان «پېئىل تەتقىقاتى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى مۇنداق دەيدۇ: «پېئىللارنى تەتقىق قىلىش خەنزۇ تىلىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق مۇھىم تېما، شۇنداقلا گىراماتىكا تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ تېمىلارنىڭ بىرى»[1]. ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى:

1) ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قارىغاندا مول ۋە گىراماتىكىلىق شەكىللىرى كۆپ خىل؛

2) ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل؛

3) ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ پېئىل سىستېمىسىنى ناھايىتى ياخشى قوغداپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارايدىغان بولساق، باشقا تىللارنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ پېئىل سىستېمىسىنى بۇزۇۋېتەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر تىلىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەر خىل تىللارنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ تۇرۇشىدا پېئىللارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ.





4) ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار جۈملىنىڭ يادروسى بولغاچقا، پېئىللارنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتە ساقلانغانلىقى سەۋەبلىك ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى ۋە قۇرۇلمىسىمۇ خاسلىقىنى ساقلاپ كەلگەن.

### 1. پېئىل دېگەن نېمە؟

ئىش ـ ھەرىكەت، پىسخىك پائالىيەت، ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغانلار:

*يە ـ ، يۈر ـ ، ياز ـ ، ياردەملەش ـ ، قوللا ـ ، ماڭ ـ .*

پىسخىك پائالىيەتنى بىلدۈرىدىغانلار:

*سۆي ـ ، قورق ـ ، رەنجە ـ ، تەسىرلەن ـ ، تۇي ـ ، شادلان ـ .*

ئۆزگىرىشنى بىلدۈرىدىغانلار:

*ئازاي ـ ، ئۆزگەر ـ ، ئۆس ـ ، قىزار ـ ، ئۆل ـ .*

### 2. پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1) پېئىللار بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق، دەرىجە، تۈس، زامان، راي، شەخس ـ سان قاتارلىق كاتېگورىيەلەرگە ۋە تۈرلۈك سۆز شەكىللىرىگە ئىگە. مەسىلەن:

*a*. *مەن سېنى دەپ (دە ـ پ) قېچىپ (قېچ ـ <قاچ ـ ىپ) چىقتىم (چىق ـ ت ـ ىم)، كۆڭلۈك يېرىم، ئەنسىرەپ (ئەنسىرە ـ پ) تۇرالمىدىم (تۇر ـ ال ـ مى ـ < ـ ما ـ د ـ ىم). (رەۋىشداش، زامان، سان ـ شەخس، تۈس)*

*b*. *يۈسۈپ تەيجى ئۇنىڭ تېخىچە قۇمۇلغا كېلەلمەي (كېل ـ < كەل ـ ەل ـ مە ـ ي)، ئىلى تاغلىرىنىڭ بىرىدە يوشۇرۇنۇپ (يوشۇر ـ ۇن ـ ۇپ) يۈرگەنلىكىنى (يۈر ـ گەن ـ لىك ـ ى ـ نى) ئېيتتى (ئېيت ـ ت ـ ى). (تۈس، رەۋىشداش، دەرىجە، ئىسىمداش،*

*زامان، سان - شەخس)*

2) پېئىللار رەۋىش، سان (سان - مىقدار)، سۈپەتلەر ۋە تىركەلمە خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى تەرىپىدىن سۈپەتلىنىدۇ. مەسىلەن:

a. *تۇرسۇن بەك تېز يۈگۈرىدۇ.*

b. *ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ.*

c. *بۇ قېتىم نېمە توغرۇلۇق يازدىڭىز؟*

d. *ئۇ ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدۇ.*

3) پېئىللار خاراكتېرىگە قاراپ ھەر خىل كېلىش ياكى ئىسىم - تىركەلمە قۇرۇلمىلىرى بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

a. *كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل.*

b. *ئەزىزانە قەشقەردىن كەلدىم.*

c. *ماشىنا بىلەن بارايلى.*

d. *ئۇ ماڭا ئائىلىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.*

4) پېئىللار جۈملىدە ئاساسەن شەخس - سان شەكلىدە، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *تۇرسۇن بارىدۇ. (خەۋەر)*

b. *ئوقۇش باشلاندى. (ئىگە)*

c. *يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى. (ئېنىقلىغۇچى)*

d. *مەن يىغلاشنى بىلمەيتتىم. (تولدۇرغۇچى)*

e. *ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. (ھالەت)*

5) پېئىللارنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك. پېئىللار بىر يۈرۈش سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە («پېئىللارنىڭ ياسىلىشى» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ).

### 3. پېئىلنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنى ھەر خىل نۇقتىدىن تۈرلەرگە





بۆلۈش مۇمكىن:

1) تۈپ پېئىل ۋە قوشما پېئىل

پېئىللار قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى (پېئىللارنىڭ تەشكىل قىلغۇچى مورفېمىلارنىڭ سانى)گە ئاساسەن تۈپ پېئىل ۋە قوشما پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) تۈپ پېئىل

بىرلا باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن پېئىللار تۈپ پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ماڭ - ، تۇر - ، كەل - ، يان - ، ئۇچ - ، سەكرە - ، ياز - ، ئۇخلا - ، كۆر - ...

(2) قوشما پېئىل

قوشما پېئىللار پېئىللارنى تەشكىل قىلغۇچى مورفېمىلارنىڭ تۈرىگە ئاساسەن ياسالما پېئىل ۋە بىرىككەن پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

A. ياسالما پېئىل

پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىدە ياسالغان پېئىللار ياسالما پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

باش+ -لا - ، گۈل+ -لە - ، قان+ -ا - ، تۈز+ -ە - ، زور+ -اي - ، كۆپ+ -ەي - ، ئاق+ -ار - ، قورال+ -لان - ، بىر+ -لەش - ...

B. بىرىككەن پېئىل

ئىككى باش مورفېمىنىڭ ياكى ئىككى سۆزنىڭ تاۋۇش جەھەتتىن، ياكى مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولۇپ، بىر لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار بىرىككەن پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى پېئىللارغا «قىل - ، بول - » قاتارلىق پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىللارمۇ كىرىدۇ. بۇ ئىككى پېئىلنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى ئىنتايىن كۈچلۈك. باشقا

تىللاردىكى نۇرغۇن پېئىللار ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندە پېئىل دەپ تونۇلمىغان، ئۇنداق پېئىللارنىڭ بىر قىسمى پېئىل ياسىغۇچى ئۇنۇملۇك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولغان « ـ لا \ ـ لە»نىڭ ياردىمىدە كۆپ قىسمى «قىل ـ » پېئىلىنىڭ ياردىمىدە پېئىللاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىستېمالغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

*ئىشلەپ ـ چىقار ـ ، بوي ـ سۇن ـ ، تەپ ـ تارت ـ ، يول ـ قوي ـ قارشى ئال ـ ، چارە كۆر ـ ؛*

*ھىمايە قىل ـ ، پاش قىل ـ ، تەسىس قىل ـ ، تەتقىق قىل ـ ، ياردەم قىل ـ ، بايان قىل ـ ، ئەپۇ قىل ـ ، بىكار قىل ـ ، بومباردىمان قىل ـ ...*

بۇلاردىن باشقا يەنە پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىدىن ياسالغان بىرىككەن پېئىللارمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىدىن ياسالغان بىرىككەن پېئىللارنىڭ شەكىللىرى بىرىككەن ئىسىمداش، بىرىككەن سۈپەتداش، بىرىككەن رەۋىشداش قاتارلىق ئۈچ خىل بولىدۇ② :

● ئىسىمداش شەكلىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بىرىككەن پېئىللار. مەسىلەن:

*بۇلاش ـ تالاش، تارتىش، تونۇش ـ بىلىش، يۇرۇش ـ تۇرۇش ...*

● سۈپەتداش شەكلىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بىرىككەن پېئىللار. مەسىلەن:

*ئاشقان ـ تاشقان، تاپقان ـ تەرگەن، يېگەن ـ ئىچكەن، قالغان ـ قاتقان، ئۆتكەن ـ كەچكەن، كۆرگەن ـ بىلگەن؛*

*تۇگىمەس ـ پۈتمەس، ئېگىلمەس ـ سۇنماس، بولار ـ بولماس، كېلەر ـ كەلمەس...*

● رەۋىشداش شەكلىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بىرىككەن پېئىللار. مەسىلەن:

*ئالدىراپ ـ تېنەپ، بۇلاپ ـ تالاپ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ، تېرىپ ـ*





*تۆشەپ، ئېزىپ ـ تېزىپ، يىغىپ ـ يۆگەپ، ئۆلۈپ ـ تارتىپ؛*
*قايتا ـ قايتا، بارا ـ بارا، بارا ـ بارماي، بولار ـ بولماي...*

پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| تۈپ پېئىل | | ئال ـ، كەل ـ، كۆر ـ تۇر ـ |
|---|---|---|
| قوشما پېئىل | ياسالما پېئىل | تۇزلە ـ، قاراي ـ، مۇڭلاد ـ، جىغىلدا ـ، ۋارقىرا ـ |
| | بىرىككەن پېئىل | بويسۇن ـ، تەپ تارت ـ، ئەپۇ قىل ـ تونۇش ـ بىلىش، ئاشقان ـ تاشقان، ئېزىپ ـ تېزىپ |

2) مەنە تۈرلىرى

پېئىللار ئىپادىلىگەن مەنىسىگە قاراپ ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار، پىسخىك پائالىيەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار، ئۆزگىرىشنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ ( «پېئىللارنىڭ تۈرلىرى» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ ).

3) ئۆتۈملۈك پېئىللار ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار

پېئىللار تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلىش ـ قىلماسلىقىغا قاراپ، ئۆتۈملۈك پېئىللار ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئۆتۈملۈك پېئىللار

مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پېئىللار دائىم ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلىدە ياكى چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدە ئۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

*خەتنى ياز ـ ، گېزىتنى ئوقۇ ـ ، تاماقنى يە ـ ، تۇنۇگۈن بولغان ۋەقەنى سۆزلە ـ ، ئوقۇش پۇلنى ئال ـ ...*

(2) ئۆتۈمسىز پېئىللار

تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلمايدىغان پېئىللار ئۆتۈمسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پېئىللارنىڭ كۆپ قىسمى يۆنىلىش پېئىللىرىدۇر. مەسىلەن:

ماڭ ـ ، ئولتۇر ـ ، كەل ـ ، يۈگۈر ـ ، سەكرە ـ ، ئۇخلا ـ ، ئويغان ـ ، كۈل ـ ...

بەزى پېئىللار بەزىدە ئۆتۈملۈك مەنىدە، بەزىدە ئۆتۈمسىز مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئۆتۈملۈك | ئۆتۈمسىز |
|---|---|
| *توپنى ئوينا ـ* | *مەيداندا ئوينا ـ* |
| *كىيىمنى ئوقۇ ـ* | *مەكتەپتە ئوقۇ ـ* |
| *تاپشۇرۇقنى ئىشلە ـ* | *ئېتىزدا ئىشلە ـ* |

4) شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنى يەنە شەخس ـ سان قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقىغا قاراپ شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) شەخسلىك پېئىللار

بۇ شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان پېئىل شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. پېئىللارنىڭ شەخسلىك شەكىللىرى پېئىللارنىڭ زامان، راي، دەرىجە، تۈس كاتېگورىيەلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلەلەيدۇ. ئەمما، كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا پېئىللارنىڭ شەخس شەكىللىرى زامان ۋە رايىنىڭ مەھسۇلى. جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدىغان پېئىللار چوقۇم شەخس شەكىللىرىنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ ئۈچ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى بار. يەنى: پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى، پېئىللارنىڭ ئىككىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى، پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى. بۇ ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچە زامان ۋە





راي كاتېگورىيەلىرىگە شەرتلىك قوشۇلىدۇ (« شەخس كاتېگورىيەسى» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ ). مەسىلەن:

*بار ـ د ـ ىم، بار ـ د ـ مەن، بار ـ اي، بار ـ ايلى، بار ـ سا ـ م.*

(2) شەخسسىز پېئىللار

بۇ شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئېلىپ كېلەلمەيدىغان پېئىل شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ تۈردىكى پېئىللاردىن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخسكە تەۋەلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

5) مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل

پېئىللار ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىش ـ كېلەلمەسلىكىگە قاراپ مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) مۇستەقىل پېئىللار

لېكسىكىلىق مەنىسى بولغان، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغان پېئىللار مۇستەقىل پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *تۇرسۇن <u>بارىدۇ</u>. (خەۋەر)*
b. *<u>ئوقۇش</u> باشلاندى. (ئىگە)*
c. *<u>يىغلىغان</u> ئاۋازنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ (ئېنىقلىغۇچى)*
d. *مەن <u>يىغلاشنى</u> بىلمەيتتىم. (تولدۇرغۇچى)*
e. *<u>كۆرۈنگەنگە</u> كېيىم بار دەپ قىلىۋەرمە. (ھالەت)*

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل پېئىللارغا كىرىدۇ.

(2) ياردەمچى پېئىللار

لېكسىكىلىق مەنىسىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقاتقان، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىراماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ چاغدا قاتناش قىيىن ئىدى.*
*b. باللار بەش بولدى.*
*c. بۆكەن مۆڭگۈزلىرىنى مەن ئۇنىڭغا پۇل قىلىپ بېرىمەن.*
*d. ھاجىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.*
*e. ئۇ بىر سىرلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.*
*f. نېمىشقا قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلەردە ئىنگلىز ۋە ئافغانلار ئالدىراش چېپىشىپ يۈرىدۇ؟*

a جۈملىدە «ئىدى» پېئىللى «قىيىن» دېگەن سۈپەت بىلەن بىرلىكتە خەۋەر بولۇپ كېلىپ ۋاستىسىز ھۆكۈم، ئۆتكەن زامان، 3 ـ شەخس قاتارلىق گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرگەن؛ b، c جۈملىدە «بول ـ ، قىل ـ » پېئىللىرى ئۆزلىرى بىرىككەن سان ۋە ئىسىمنى پېئىل شەكلىگە كىرگۈزۈش رولىدا كەلگەن؛ d، e، f جۈملىلەردە «كەت ـ »، «قال ـ »، «يۈر ـ » پېئىللىرى « ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ كۈچەيگەنلىك، تۇيۇقسىزلىق، ئىزچىللىق قاتارلىق تۈس مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مانا مۇشۇ «ئىد ـ »، «بول ـ »، «قىل ـ »، «كەت ـ »، «قال ـ »، «يۈر ـ » پېئىللىرى ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار رولىغا قاراپ تۈس ياردەمچىلىرى ۋە باغلامچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

● تۈس ياردەمچىلىرى

تۈس ياردەمچىلىرى ئاساسەن پېئىلنىڭ رەۋىشداش ( « ـ پ»لىق رەۋىشداش ۋە « ـ ا»لىق رەۋىشداش) شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل تۈس ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۈس ياردەمچىلىرى ئاساسەن بىر قىسىم مۇستەقىل پېئىللارنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ياكى گىراماتىكىلىق رولىنى ئۆزگەرتىپ تۈس





ياردەمچىسى رولىدا كېلىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۇرمە ئىچى شۇنچىلىك ئىسسىپ ـ سېسىپ كەتتىكى، دەم ئېلىشقا ئىمكان قالمىدى.*
*b. تەتىلمۇ تۈگەپ قالدى.*
*c. قېنى ياخشى مەسلىھەتىڭىز بولسا ئېيتىپ باقمامسىز ؟*

a، b ، c جۈملىلەردىكى «كەت ـ »، «قال ـ »، «باق ـ » پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۈس ياردەمچىسى رولىدا كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى پېئىللار كۆپىنچە تۈس ياردەمچىسى رولىدا كېلىدۇ:

ئال ـ ، بەر ـ ، كۆر ـ ، باشلا ـ ، قال ـ ، قوي ـ ، كەت ـ ، تاشلا ـ، بول ـ ، چىق ـ ، كەل ـ ، ئۆت ـ ، يات ـ ، ئولتۇر ـ ، يۈر ـ ، تۇر ـ .

بەزى تۈس ياردەمچىلىرىنىڭ رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە مەخسۇس تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان بىرقانچە قوشۇمچە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ـ ۋات ـ ، ـ يالا ـ ، ـ ىۋەر ـ ، ـ ۋەت ـ ، ـ ۋال ـ .

● باغلامچىلار

باغلامچىلار تۈرغۇن سۆزلەرگە ۋە پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ ئۇلارنى پېئىلغا خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرگە ئىگە قىلىدىغان ياردەمچى پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ.

باغلامچىلار رولى ۋە شەكلىگە قاراپ تولۇق باغلامچىلار ۋە تولۇقسىز باغلامچىلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

تولۇق باغلامچىلار تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ:

بىرىنچىدىن، تۈرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى پېئىلنىڭ ھەممە

گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى ياكى بىرمۇنچە گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى بىلەن باغلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ (مەسىلەن، ئادەم بول ـ ، چىرايلىق بول ـ ، بەش بول ـ ، ئادەم قىل ـ ، چىرايلىق قىل ـ ، بەش قىل ـ )؛

ئىككىنچىدىن، پېئىلنىڭ سۈپەتداش ۋە ئىسىمداش شەكىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنى پېئىلنىڭ باشقا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى بىلەن باغلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ (مەسىلەن، يازغان بول ـ ، يازىدىغان بول ـ ، يېزىۋاتقان بول ـ ، يازار بول ـ ، يازماقچى بول ـ ، يازغان قىل ـ ، يازىدىغان قىل ـ ، يېزىۋاتقان قىل ـ ، يازغاندەك قىل ـ ، يازىدىغان بول ـ ، يېزىۋاتقاندەك قىل ـ ، يازغۇدەك بول ـ ).

ئۇيغۇر تىلىدا بەلگىلىك شارائىتتا تولۇق باغلامچى رولىدا كېلەلەيدىغان پېئىللار تۆۋەندىكىلەر:

بول ـ ، قىل ـ ، تۇر ـ ، كەل ـ ، چىق ـ ، كۆر ـ ، ھېسابلا ـ، ھېسابلان ـ .

تولۇقسىز باغلامچىلار بەلگىلىك گىراماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قالغان ياردەمچى پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرتۇتاش ئۆزەك شەكلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەزىلىرى پېئىلغا ئەمەس قوشۇمچىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

تولۇقسىز باغلامچىلار تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ:

بىرىنچىدىن، تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ھەر خىل زامان، راي، شەخسكە خاس خەۋەر شەكىللىرىنى، بولۇشسىز شەكىللىرىنى ۋە ھۆكۈملۈك ئىسىم شەكىللىرىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*ياش ئىدۇق، باي ئىكەنسەن، يىراق ئىمىش، ئاز ئوخشايدۇ، ئىككىنچى دېمەن، تۆت ئەمەس*

ئىككىنچىدىن، پېئىلنىڭ بىرمۇنچە ھال ـ زامان





شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ. مەسىلەن:

*يازغانىدىم، يېزىۋېتكەن، يازاتتىڭ، يازماقچىكەن*

تولۇقسىز ھۆكۈم باغلامچىلىرىنى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق رولىغا قاراپ، ۋاسىتىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى «ئىد ـ» (i–<är – d ـ)، ۋاسىتىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى «ئىكەن» (i–<är–kän)، ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسى « ـ دەك»، « ـ مىش»، «ئىكەنمىش» (däk ـ، mis –، ikänmiš ـ) سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى «ـ دى ـ + شەخس»، «بولغىيد ـ » (di<dur+per Ⅱ ،– i<är – d –، bolǧid – <bol – ǧay –)، ئوبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى «ئوخشا ـ + شەخس»، «بولسا +شەخس + كېرەك»، «چېغ + شەخس + بار» (oxša–i/y–per Ⅱ، keräk –per Ⅰ، bolsa، čeǧ<čaǧ–per Ⅰ +ba/va<bar)، بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى «ئەمەس» (ä<är–mä–s)، ئىسىمداش ھۆكۈم باغلامچىسى «ئىكەنلىك» (ikän+lik) دېگەن يەتتە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى بەش تۈرى ھامان شەخس بىلەن باغلىنىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ شەخسلىك ھۆكۈم باغلامچىلىرى دەپ، كېيىنكى ئىككى تۈرىنى شەخسسىز ھۆكۈم باغلامچىلىرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ھۆكۈم باغلامچىسى

شەخسلىك ھۆكۈم باغلامچىسى

1) ۋاسىتىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى
2) ۋاسىتىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى
3) ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسى
4) سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى
5) ئوبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى

شەخسسىز ھۆكۈم باغلامچىسى

1) بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى
2) ئىسىمداش ھۆكۈم باغلامچىسى

### 4. پېئىلنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى

پېئىلنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى دېگەندە، پېئىلنىڭ تۈرلىنىش يولى بىلەن (قوشۇمچە قوشۇش ياكى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىش ئارقىلىق) ئېرىشكەن ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار مورفولوگىيەلىك تۈرلىنىشكە ئىنتايىن باي سۆز تۈركۈمى بولۇپ، تۈرلىنىش يولى بىلەن ھەر خىل شەكىللەرگە كىرىپ خىلمۇخىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ياكى تۈرغۇن سۆزلەر ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ تۈرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

## §2. پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق كاتېگورىيەسى

پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق كاتېگورىيەسى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ تەستىق ۋە ئىنكار مەنىلىرىنىڭ يىغىندىسىنى ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### 1. ئاساسىي بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىق

بۇ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىق گىراماتىكىلىق مەنىسى پېئىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسىي گىراماتىكىلىق مەنىدۇر. ئەمەلىي تىل ئىستېمالىدا ھەربىر پېئىل چوقۇم يا بولۇشلۇق يا بولۇشسىز شەكىلدە بولۇپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ تەستىق ياكى ئىنكار مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. پېئىلنىڭ باشقا گىراماتىكىلىق مەنىلىرى مۇشۇ بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىزلىق شەكلىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق كاتېگورىيەسىنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى





دەرىجە، تۈس كاتېگورىيەلىرىدىن كېيىنلا پېئىل ئۆزىكىگە ئۇلىنىدۇ. باشقا گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدۇ.

1) بولۇشلۇق

مەنىسى: ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ياكى يۈز بەرگەنلىكىنى، يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەستىق شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: نۆل شەكىل (V–ø)

بار ـ + ø، كەل ـ + ø؛ ئوقۇ ـ + ø، يە ـ + ø.

بولۇشلۇق شەكىل نۆل شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەچكە ئۆزەكتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، شۇڭا بارلىق پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكلىنى پېئىلنىڭ بولۇشلۇق شەكلى ھېسابلاشقا بولىدۇ.

2) بولۇشسىزلىق

مەنىسى: ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ياكى يۈز بەرگەنلىكىنى، يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىنكار شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: ـ ما ـ \ ـ مە ـ .(V–mA) مەسىلەن:

| قوشۇمچە | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش |
|---|---|
| ـ ما ـ | تىل كەينى |
| ـ مە ـ | تىل ئالدى |

ياز ـ + ـ ما ـ ، ئوقۇ ـ + ـ ما ـ ، سانا ـ + ـ ما ـ ؛
كەل ـ + ـ مە ـ ، كۆل ـ + ـ مە ـ ، ئۆچۈر ـ + ـ مە ـ

3)ئاساسىي بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ياكى ئېلىپ بېرىلماسلىقىنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى بىلەن يا بولۇشلۇق، يا بولۇشسىزلىق شەكلى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇيمەن. (بولۇشلۇق)*
*b. تۇرسۇن مېنى تونۇمايدۇ. (بولۇشسىز)*
*c. بېرى كەل! (بولۇشلۇق)*
*d. ئۇنىڭغا تەگمە! (بولۇشسىز)*
*e. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟ (بولۇشلۇق)*
*f. سىز پولو يېمەمسىز؟ (بولۇشسىز)*
*g. ئۇ بارسا، مەن بارمايمەن. (بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز)*
*h. كېلىش ـ كەلمەسلىكنى ئۆزۈڭ بىل، كەلسەڭ ھەممىمىز خۇشال بولىمىز، كەلمىسەڭ خاپا بولمايمىز. (بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز ـ بولۇشلۇق ـ بولۇشلۇق ـ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز ـ بولۇشسىز)*

پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق شەكلى خاراكتېر جەھەتتىن پېئىل ئۆزىكىگە تەۋە بولغاچقا، پېئىل ئۆزىكى بىۋاستە جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمىگەچكە جۈملىدە پېئىللار بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز ھالەتتە كۆرۈلەلمەيدۇ. پەقەت مۇناسىپ قوشۇمچىلار قوشۇلغان ھالەتتىلا جۈملىگە قاتنىشالايدۇ.

پېئىلنىڭ «ـ ما ـ \ ـ مە ـ» بىلەن قۇرۇلغان بولۇشسىزلىق شەكلى بىر قىسىم تۈس ياردەمچىلىرى ۋە يۈكلىمىلەر بىلەن بىللە كېلىپ ياكى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق بولۇشلۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنى ئۆز جايىدا بايان قىلىمىز.

**2. باشقا بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىق شەكىللىرى**

ئۇيغۇر تىلىدا نۆل شەكىل ۋە «ـ ما ـ \ ـ مە ـ»





قوشۇمچىلىرىدىن باشقا بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىقنى ئىپادە قىلالايدىغان ئانالىتىك شەكىللەر بار. بۇلاردىن بولۇشسىزلىق مەنىسىنى ئىپادە قىلىشتا كۆپرەك قوللىنىلىدىغانلىرى «يوق» ۋە «ئەمەس» (بۇ سۆزنىڭ تۇرغۇن سۆزلەر بىرىكىپ كېلىپ تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدىغان شەكلى بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ). بۇ شەكىللەر گەرچە مورفولوگىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن سىنتاكسىسلىق بىرلىك بولسىمۇ، بولۇشسىزلىق مەنىسىنى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇ يەردە تىلغا ئالدۇق.

1) «يوق» سۆزىدىن قۇرۇلغان بولۇشسىزلىق

مەنىسى: سەممىمىي تەلەپپۇزدا، ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش تەرىقىسىدە مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « ـ غان\ ـ قان\ ـ گەن\ ـ كەن+ شەخس+ يوق» $(V + - GAn - perI + yoq)$

بار ـ+ ـ غان ـ+ ـ ىم يوق ــــ بارغىنىم يوق؛
يات ـ+ ـ قان ـ+ ـ ىمىز يوق ــــ ياتقىنىمىز يوق؛
كۆر ـ+ ـ گەن ـ+ ـ ىڭ يوق ــــ كۆرگىنىڭ يوق؛
يەت ـ+ ـ كەن ـ+ ـ ى يوق ــــ يەتكىنى يوق.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل مەلۇم كىشىنىڭ خاتا چۈشىنىشىگە قارىتا سەممىمىي پوزىتسىيەدە ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش تەرىقىسىدە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. بەزىدە بۇ شەكىلنىڭ كەينىدە تولۇقسىز ھۆكۈم باغلامچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. مېنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باققىنىم يوق.*

*b. بىز ئارزۇيىمىزدىن ۋاز كەچكىنىمىز يوق.*

*c. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرمۇ ياردەم قىلغىنىڭلار يوق.*

*d. داداڭمۇ بىكار ياتقىنى يوق.*

2) «ئەمەس» سۆزىدىن قۇرۇلغان بولۇشسىزلىق

«ئەمەس» سۆزى ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن بىرىكىپ خىلمۇخىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) ئېنىق مەنىسىدىكى بولۇشسىزلىق

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - غان\ - قان\ - گەن\ - كەن+ ئەمەس»
(V–GAn–+ämäs+per II)

بار -+ - غان+ئەمەس -+ - مەن — بارغان ئەمەسمەن

ياز -+ - قان + ئەمەس -+ - مىز — ياتقان ئەمەسمىز

كۆر -+ - گەن+ئەمەس -+ - سىز \ - سەن — كۆرگەن ئەمەسسىز\سەن

يەت -+ - كەن+ ئەمەس — يەتكەن ئەمەس

ئىشلىتىلىشى:

مەلۇم شەخس بىلەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلغان - بېرىلمىغانلىقى ھەققىدە تالىشىپ ئولتۇرماي، كەسكىن تەلەپپۇز، ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلەشتە بۇ شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلار ھېچقاچان بىزنىڭكىگە كېلىپ باققان ئەمەس.*

*b. سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇغان ئەمەسمەن.*

*c. سەن ئۆمرۈڭدە بۇنداق كاتتا شەھەرنى كۆرگەن ئەمەسسەن.*

(2) مەقسەت مەنىسىدىكى بولۇشسىزلىق

مەنىسى: سۇبيېكتنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرىش





مەقسىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - ماقچى\ - مەكچى+ئەمەس»
(V–mAKči ämäs(–perII))

ئىشلىتىلىشى: سۇبيېكتنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى بېجىرىش مەقسىتىنى ئىنكار قىلغاندا بۇ خىل شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن سىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس (مەن).*

*b. سەنمۇ خوتەنگە بارماقچى ئەمەسمۇ؟*

*c. ئۇلار ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمەكچى ئەمەس.*

(3) چۈشەندۈرۈش مەنىسىدىكى بولۇشسىزلىق

مەنىسى: سۇبيېكتنىڭ ئىش - ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىدىكى سەۋەبنى ئىنكار تەرىقىسىدە چۈشەندۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - ش\ - مش\ - ۇش\ - ۈش+ ئەمەس»
(V–(X)š+ämäs)

ئىشلىتىلىشى: سۇبيېكت ئىش - ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىدىكى سەۋەبنى ئىنكار تەرىقىسىدە چۈشەندۈرۈشمەكچى بولغاندا بۇ شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل جۈملىدە كۆپىنچە «مەقسىتى» شەكلىدىكى سۆزلەر بىللە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مېنىڭ مەقسىتىم سىزنى قورقۇتۇش ئەمەس.*

*b. سىزنىڭ ئۆيۈڭىزمۇ ئۇنى يىغلىتىش ئەمەس.*

*c. كىمنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش ئەمەس؟*

3) قوش بولۇشسىزلىق

(1) V–mA–y qoy–mA–y–perII شەكلى

مەنىسى: سۇبيېكتنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلىماي بولدى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - ما\ - مە -+ - ي قوي -+ - ما\ - مە+ - ي»

ئىشلىتىلىشى: «قوي - » پېئىلىنىڭ يەنە شۇ شەكىل بىلەن قۇرۇلغان «قويماي - » شەكلى بىلەن بىرىكىپ قوش بولۇشسىزلىق ھاسىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ قۇرۇلما «قەتئىيلىك، مۇقەررەرلىك» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

a . بۇ گەپنى رەناغا دېمەي قويمايمەن.
b . بۇ قېتىم سېنى ئاياپ قويمايمەن.
c . بىز بارماي قويمايمىز.
d . مەن بىلىمەن، سەن ئۇنى ئىزدىمەي قويمايسەن.

(2) qal–mA–y–perII  V–mA–y شەكلى

مەنىسى: سۇبيېكتنىڭ ئىش - ھەرىكەتنىڭ چوقۇم ئورۇنلىنىدىغانلىقىغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى (بەزىدە «يەنە» يۈكلىمىسى بىلەن كېلىدۇ) ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - ما\ - مە -+ - ي قال -+ - ما\ - مە + - ي»

ئىشلىتىلىشى:

● سۆزلىگۈچى پىششىق تونۇش قىياپەتتە ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كاپالەت بېرىش تەلەپپۇزىدا بايان قىلغاندا مۇشۇ شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a . قاراپ تۇر، يامغۇر ياغماي قالمايدۇ.
b . بۇ ئىش ھامان ئاشكارىلانماي قالمايدۇ.
c . بۇ ئىش سەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، سەن كەلمەي قالمايسەن.
d . ئۇ سېنى كەچۈرمەي قالمايدۇ.

● سۆزلىگۈچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانماي قېلىشىدىن ئەنسىرەش مەنىسىنى ئىپادىلىگەندە بۇ شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a . تۇرسۇنغا تېلېفون قىلىپ قوي، ئۇ ئۇقماي قالمىسۇن (يەنە).





b . بولدى ئۇنى ئۇخلىغىلى قوي، ئەتە قوپالماي قالمىسۇن يەنە.
c . بولدى قېرىشما، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالمىسۇن يەنە.

4) كۆچەيتمە تەستىق

مەنىسى: قارشى تەرەپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش - بېرىلماسلىقىنى سورىغاندا سۆزلىگۈچى قايتۇرما سوراق شەكلىدە، ئەيىبلەش، نارازىلىق تەلەپپۇزىدا ئىش - ھەرىكەتنىڭ مۇقەررەر ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى (ھازىرقى ئەھۋالغا نارازى ئىكەنلىكىنى) ئىپادىلەيدۇ.

قۇرۇلمىسى: V–mA–y–ču/–zä/ämisä

ئىپادىلىنىشى: « - ما\ - مە -+ - ي -+ - چۇ\ - زە\ئەمىسە»

ئىشلىتىلىشى: قارشى تەرەپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش - بېرىلماسلىقىنى سورىغاندا، سۆزلىگۈچى قايتۇرما سوراق شەكلىدە، ئەيىبلەش، نارازىلىق تەلەپپۇزىدا ئىش - ھەرىكەتنىڭ مۇقەررەر ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى (ھازىرقى ئەھۋالغا نارازى ئىكەنلىكىنى) ئىپادىلەشتە مۇشۇ شەكىل ئىپادىلىنىدۇ (جۈملە ئىنتوناتسىيەسى كۆتۈرەڭگۈ ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

a . — سىزمۇ كىنوغا بارامسىز؟
— بارمايچۇ؟\بارمايزە.\بارماي ئەمىسە.
b . — ئۇيغۇرلارمۇ ئات گۆشى يەمدۇ؟
— يېمەيچۇ.\يېمەي ئەمىسە.
c . — بۇ لۇغەتتىن سىزمۇ ئالامسىز؟
— ئالمايچۇ.\ئالمايزە.\ئالماي ئەمىسە.

5) غەزەپلىك تەستىق

مەنىسى: قارشى تەرەپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش - بېرىلماسلىقىنى سورىغاندا سۆزلىگۈچى قايتۇرما سوراق

شەكلىدە ناھايىتى ئېنىق، غەزەپلەنگەن تەلەپپۇزدا ئىش - ھەرىكەتنىڭ مۇقەررەر ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ (بۇ قۇرۇلمىدا سۇبيېكت ئۆز قارىشىنى يوشۇرماي، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ).

قۇرۇلمىسى: V–mA–y

ئىپادىلىنىشى: « - ما\ - مە -+ - ي »

ئىشلىتىلىشى: قارشى تەرەپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش - بېرىلماسلىقىنى سورىغاندا، ناھايىتى ئېنىق غەزەپلەنگەن تەلەپپۇزدا ئىش - ھەرىكەتنىڭ مۇقەررەر ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى (ئۆز قارىشىنى يوشۇرماي، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى) ئىپادىلەشتە بۇ شەكىل قوللىنىلىدۇ، جۈملە ئىنتوناتسىيەسى كۆتۈرەڭگۈ ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن:

*a. — بۇ كىتابتىن ئالامسىز؟*

*— ئالماي؟!*

*b. — سىزمۇ كېتەمسىز؟*

*— كەتمەي.*

## §3. پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى

پېئىلنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگە بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

*a. تۇرسۇن بۇ ماقالىنى ئىككى قېتىم كۆردى.*





*b. بۇ ماقالە ئىككى قېتىم كۆرۈلدى.*

*c. تۇرسۇن دوختۇرغا كۆرۈندى.*

*d. تۇرسۇن بۇ ماقالىنى ماڭا ئىككى قېتىم كۆرسەتتى.*

*e. تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشتى.*

a جۈملىدە تۇرسۇن «كۆر - » پېئىلى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىجراچىسى (سۇبيېكتى) بۇ جۈملىدە «كۆر - » پېئىلىنىڭ شەكلى ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى، شۇنداقلا لوگىكىلىق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ b جۈملىدىكى «كۆرۈل - » شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئوبيېكتى (قوبۇل قىلغۇچىسى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ c جۈملىدىكى «كۆرۈن - » شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئىگىسىنىڭ بىر تەرەپتىن شۇ ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئوبيېكتى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ d جۈملىدە تۇرسۇن ھەرىكەتنى ئۆزى ئورۇنلىمىغان، «كۆرسەت - » پېئىلى شۇ ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ئەمەلىيەتتە ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ e جۈملىدىكى «كۆرۈش - » شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق بولۇپ ئۇلار ئەسلىي ھەرىكەتنى بىر - بىرىنى ئوبيېكت قىلغان ھالدا ئورۇنلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. «كۆر - » پېئىلىنىڭ مۇشۇ شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مۇشۇ خىل مەنىلەر پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى ئەسلىي دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە، ئۆملۈك دەرىجە دېگەن بەش تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئەسلىي دەرىجە

مەنىسى: جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنىڭ ئىجراچىسى (سۇبيېكتى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

ياسىلىشى: نۆل شەكىل. يەنى پېئىل ئۆزىكىگە ھېچقانداق قوشۇمچە قوشۇلمىغان شەكلى ئەسلىي دەرىجە ھېسابلىنىدۇ. (V–ø) مەسىلەن:

بار -+ ø = بار -　　　ئوقۇ -+ ø = ئوقۇ -

كەل -+ ø = كەل -　　　ئىشلە -+ ø = ئىشلە -

كۆر -+ ø = كۆر -　　　ئازاي -+ ø = ئازاي -

ئىشلىتىلىشى:

*a. ئۇلار مۇسابىقە كۆرۈۋاتىدۇ.*
*b. بىز خوتەنگە بارىمىز.*
*c. سىز ئۇيغۇرچىنى بىلمەيدىكەنسىز.*
*d. ئوغلۇم باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتىدۇ.*

2) مەجھۇل دەرىجە[3]

مەنىسى: جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ياسىلىشى: مەجھۇل دەرىجىنىڭ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىسى بار:

بىرى: - ل - \ - ىل - \ - ۇل - \ -ۈل - (V–(X)l–)

ئوقۇ -+ - ل - = ئوقۇل -، ياز -> يېز -+ - ىل - = يېزىل -، قوي -+ - ۇل - = قويۇل -، كۆر -+ - ۈل - = كۆرۈل - .

يەنە بىرى: - ن - \ - ىن - \ - ۇن - \ - ۈن - (V–(X)n–)

سۆزلە -+ - ن - = سۆزلەن -، ئال -> ئېل -+ - ىن - = ئېلىن -، بول -+ - ۇن - = بولۇن -

بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ ئۆزەكلەرگە قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

ئاخىرقى بوغۇمدا \ل\ تاۋۇشى بولغان ئۆتۈملۈك پېئىللارغا «- ن - \ - ىن - \ - ۇن - \ - ۈن -» قوشۇلىدۇ؛ باشقا ئۆتۈملۈك پېئىللارغا «- ل - \ - ىل - \ - ۇل - \ - ۈل -» قوشۇلىدۇ؛

«يە -»، «دە -»، «يۇ -» قاتارلىق ئۈچ پېئىلغا مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا ئۆزەكتىن كېيىن بىر \ي\ تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يە -+ - ي - ىل - = يېيىل -، دە -+ - ي - ىل - = دېيىل -، يۇ -+ ي - ۇل - = يۇيۇل -

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈملۈك ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىنى كۆرسىتىش قىيىن بولغاندا ياكى ھاجەتسىز بولغاندا ۋە ياكى لوگىكىلىق ئوبيېكتنى گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈر بولغاندا پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ رەسىم ناھايىتى ياخشى سىزىلىپتۇ. (لوگىكىلىق ئىگە نامەلۇم)*

*b. مەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئاقسۇغا تەقسىم قىلىندىم. (لوگىكىلىق ئىگىنى كۆرسىتىش ھاجەتسىز)*

*c. ۋەزىپە ئورۇنلاندى. (لوگىكىلىق ئوبيېكت گەۋدىلەندۈرۈلگەن)*

(2) لوگىكىلىق ئوبيېكتنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا لوگىكىلىق ئىگىنىمۇ كۆرسىتىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا لوگىكىلىق ئىگە ئادەم ياكى ئادەملەر ئومۇمىيىتى ياكى بىرەر تەشكىلات بولسا، شۇ لوگىكىلىق ئىگىنى كۆرسەتكۈچى ئىسىم «تەرىپىدىن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن بىر ئەرزىمەس قۇل تەرىپىدىن ھاقارەتلەندىم.*
*b. قىيىنچىلىقىمىز مەكتەپ تەرىپىدىن ھەل قىلىندى.*
*c. تەمىناتىمىز پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.*
*d. بۇ رېكورت خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى تەرىپىدىن*

*ئېتىراپ قىلىندى.*

ئەگەر لوگىكىلىق ئىگە باشقا شەيئى بولسا «تەرىپىدىن» تىركەلمىسى ئىشلىتىلمەيدۇ:

*a . دېرىزە شامالدا چېقىلىپ كەتتى.*

*b . قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى تاپىنىڭدا چەيلەندى.*

(3) جانلىق تىلدا جۈملىدە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتى كۆرۈنگەن چاغدا جۈملە ئاساسەن ئەسلىي دەرىجە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ، مەجھۇل شەكىل ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ، سۇبيېكتىنىڭ ئورنى ھامان جۈملە بېشىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

*a . ئۇنى بىرى ئۇرۇپ كەتتى. \ ئۇ بىرىدىن تاياق يېدى.*

*b . ئاچقۇچۇمنى يوقىتىپ قويدۇم.\ئاچقۇچۇم يوقاپ كەتتى.*

(4) ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈملۈك پېئىللارلا مەجھۇل دەرىجە شەكلىگە كىرىدۇ. ئۆتۈمسىز پېئىللار ئاساسەن مەجھۇل دەرىجە شەكلىگە كىرەلمەيدۇ. ئۆتۈملۈك پېئىللار مەجھۇل دەرىجە شەكلىگە كىرگەندە ئۆتۈمسىز پېئىللارغا ئايلىنىدۇ ۋە بۇ چاغدا تولدۇرغۇچى بىلەن بىرىكمەيدۇ. مەسىلەن:

*a . بىز غۇلجىدىن ئۇرۇمچىگە 50 مىڭ تونىنا ئاشلىق يۆتكىدۇق.*

*غۇلجىدىن ئۇرۇمچىگە 50 مىڭ تونىنا ئاشلىق يۆتكەلدى.*

*b . بىز بۇ يىغىنغا كۆپلىگەن داڭلىق چولپانلارنى تەكلىپ قىلدۇق.*

*يىغىنغا كۆپلىگەن داڭلىق چولپانلار تەكلىپ قىلىندى.*

(5) «مۇستەقىل پېئىل+ ياردەمچى پېئىل» قۇرۇلمىسىغا مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئادەتتە مۇستەقىل پېئىلغا قوشۇلىدۇ. جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى ھەرىكەتنى چىقارغۇچى (ئاساسەن ئادەم) بولسا مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى ياردەمچى پېئىلغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:





*a . ۋەزىپە ئورۇنلىنىپ بولدى.*

*b . ئۇ بايقىلىپ قالدى.*

*c . ئويۇن قويۇلۇشقا باشلىدى.*

*d . يول توسۇلۇپ قاپتۇ.*

*e . دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى توسۇپ قېلىندى.*

*f . بۇ ئۇسۇلمۇ سىناپ كۆرۈلدى.*

*g . جىنايەتچىلەر تۇتۇپ كېلىندى.*

3) ئۆزلۈك دەرىجە

مەنىسى: جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ھەم ھەرىكەتنىڭ ئىجراچىسى، ھەم ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆزى ئىجرا قىلغان ھەرىكەتكە ئۆزى بولىدىغان، يەنى ئۆزى ئىجرا قىلغان ھەرىكەت ئۆزىگە يانىدىغان بولغاچقا «ئۆزلۈك دەرىجە» دەپ ئاتالغان.

ياسىلىشى: ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىسى بار:

بىرى: ـ ىن ـ \ ـ ىن ـ \ ـ ۇن ـ \ ـ ۈن ـ (V-(X)n-)

تارا ـ+ ـ ن ـ = تاراڭ ـ، تارت ـ+ ـ ىن ـ = تارتىن ـ،

يۇ(ي ) ـ+ ـ ۇن ـ = يۇيۇن ـ، كۈت ـ+ ـ ۈن ـ = كۈتۈن ـ .

يەنە بىرى: ـ ل ـ \ ـ ىل ـ \ ـ ۇل ـ \ ـ ۈل ـ (V-(X)l-)

ئاچ ـ> ئېچ ـ+ ىل ـ = ئېچىل ـ.

قوش ـ+ ـ ۇل ـ = قوشۇل ـ، كۆر ـ+ ـ ۈل ـ = كۆرۈل ـ.

ئىشلىتىلىشى:

(1) جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ھەم ھەرىكەتنىڭ ئىجراچىسى، ھەم ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى بولغان ئەھۋالدا ئۆزلۈك دەرىجە شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a . ئۇلار يۇيۇنۇپ، تارىنىپ تويغا كەتتى.*

*b . ئات سىلكىنىدى.*

*c . ئۇ دائىم ماختىنىدۇ.*

(2) ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن مەجھۇل دەرىجە

قوشۇمچىلىرى ئاھاڭداش قوشۇمچىلارغا كىرىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، كونكرېت جۈملىدە ئۇلارنىڭ مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. باغدىكى گۈللەر ئېچىلدى. (ئۆزلۈك دەرىجە)*

*b. مەكتىپىمىز تەرىپىدىن مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلدى. (مەجھۇل دەرىجە)*

*c. تۇرسۇن يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. (ئۆزلۈك دەرىجە)*

*d. ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئۆيلەر تەييارلاندى. (مەجھۇل دەرىجە)*

بۇ جۈملىلەرنىڭ قايسىسى ئۆزلۈك دەرىجە، قايسىسى مەجھۇل دەرىجە ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا، جۈملىگە «تەرىپىدىن» تىركەلمىسىنى قوشۇشقا مۇمكىن بولسا مەجھۇل دەرىجە، بولمىسا ئۆزلۈك دەرىجە شەكلى دەپ تونۇشقا بولىدۇ. a، c جۈملە ئۆزلۈك دەرىجە، b، d جۈملىلەر مەجھۇل دەرىجە ھېسابلىنىدۇ.

(3) بەزى پېئىللارغا ئۆزلۈك ۋە مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى تاللاپ قوشۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوخشاش بىر پېئىل ئۆزىكىگە «- ن - \ - ىن - \ - ۇن - \ - ۈن -» قوشۇمچىسى قوشۇلسا ئۆزلۈك دەرىجە، «- ل - \ - ىل - \ - ۇل - \ - ۈل -» قوشۇمچىسى قوشۇلسا مەجھۇل دەرىجە دەپ تونۇشقا بولىدۇ:

ياسا - + - ن - = ياسان - (ئۆزلۈك دەرىجە)

ياسا - + - ل - = ياسال - (مەجھۇل دەرىجە)

تارا - + - ن - = تاران - (ئۆزلۈك دەرىجە)

تارا - + - ل - = تارال - (مەجھۇل دەرىجە)

كۆر - + - ۈن - = كۆرۈن - (ئۆزلۈك دەرىجە)

كۆر - + - ۈل - = كۆرۈل - (مەجھۇل دەرىجە)

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى «ئۆيلان -»، «ئۆتۈن -»، «ئاغرىن -»،





«شادلان -»، «خۇشاللان -»، «ئىككىلەن -» قاتارلىق شەكىلدىكى پېئىللارنى ئۆزلۈك دەرىجە شەكلىدىن پەرقلەندۈرۈشنى، ئۇلارنى ئۆزلۈك دەرىجە دەپ قارىماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ[4].

ھەقىقەتەنمۇ بۇ شەكىللەر تۈرلىنىش ياكى ياسىلىشتا ئۆزلۈك دەرىجە شەكلىگە كىرىپ قالغان. ئەمما بۇ شەكىللەر كېلىپ چىقىشتا ئۆزلۈك دەرىجىدىن كېلىپ چىققاندەك تۇرىدۇ. بۇلارنى پەرقلەندۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولىدۇ:

*a. مەن دوختۇرغا كۆرۈندۈم = مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم دوختۇرغا كۆرسەتتىم.*

*b. ئۇ دائىم ماختىنىدۇ. ئۇ دائىم ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ.*

*c. مەن ئۇزاق ئويلاندىم = مەن ئۆزۈم ئۆزۈمنى ئۇزاق ئويلاتتىم. (؟)*

*d. بىز بۇ خەۋەردىن بەك خۇشاللاندۇق = بىز بۇ خەۋەردىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بەك خۇشال قىلدۇق.*

4) مەجبۇرىي دەرىجە

مەنىسى: گىراماتىكىلىق ئىگىنىڭ ھەرىكەتكە تۈرتكە بولغۇچى ياكى يول قويغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى گىراماتىكىلىق ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى بىۋاسىتە ئىجرا قىلماي، باشقىلارغا قىلدۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ياسىلىشى: مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىرئاز مۇرەككەپ، ئاساسەن تۆت يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ ياردىمىدە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) «- دۇر - \ - دۈر - \ - تۇر - \ - تۈر -»؛ «- غۇز - \ - قۇز - \ - گۈز - \ - كۈز -» (V- Dur -\V- Guz -)

«- اي»، «- ەي»، «- ار»، «- ەر» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «- دۇر - \ - دۈر - \ - تۇر - \ - تۈر -» ياكى «- غۇز - \ - قۇز - \ - گۈز - \ - كۈز -» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ

ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز -+ - دۇر - = يازدۇر -

- غۇز - = يازغۇز -

كىر -+ - دۇر - = كىردۇر -

- گۇز - = كىرگۇز -

تاپ -+ - تۇر - = تاپتۇر -

- قۇز - = تاپقۇز -

كۆت -+ - تۇر - = كۆتتۇر -

- كۇز - = كۆتكۇز -

(2) « - اي»، « - ەي»، « - ار»، « - ەر» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە « - ت - » قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. (V–t–) مەسىلەن:

ئازاي -+ - ت - = ئازايت -

قاراي -+ - ت - = قارايت -

كۆپەي -+ - ت - = كۆپەيت -

كېڭەي -+ - ت - = كېڭەيت -

ئاقار -+ - ت - = ئاقارت -

كۆكەر -+ - ت - = كۆكەرت -

ئوينا -+ - ت - = ئوينات -

سۆزلە -+ - ت - = سۆزلەت -

بىلجىرلا -+ - ت - = بىلجىرلات -

(3) \چ\ ياكى \ش\ تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان ئايرىم بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە « -ار - \ - ەر - »، « - ۇر - \ - ۈر - » قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. (V–Ar –\V– Ur –) مەسىلەن:

ئۇچ -+ - ار - = ئۇچار -

- ۇر - = ئۇچۇر -





كۆچ -+ - ەر - = كۆچەر -

- ۈر - = كۆچۈر -

(4) يەنە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى ئالاھىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

قورق -+ - ۇت - = قورقۇت -

قايت -+ - ار - = قايتار - \ قايت -+ - ۇر - = قايتۇر -

چىق -+ - ار - = چىقار -

كۆر -+ - سەت - = كۆرسەت -

ئىشلىتىلىشى:

1) ئۆتۈمسىز پېئىللارغا مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ تۇردى. — مەن ئۇنى تۇرغۇزدۇم.*

*b. بالا قورقتى. — ئۇ بالىنى قورقۇتتى.*

*c. ئۇ كۈلدى. — ئۇنى كۈلدۈردۈم.*

2) ئۆتۈملۈك پېئىللار مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆتۈملۈك خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ چاغدا ھەرىكەت ئىگىسى زۆرۈر بولمىسا كۆرسىتىلمەيدۇ، ئەگەر كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە يۆنىلىش كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ چاچ ئالدۇرغىلى كەتتى. (ئىلوگىكىلىق ئىگە كۆرسىتىلمىگەن)*

*b. مۇئەللىمگە ناخشا ئېيتقۇزدۇق. = مۇئەللىمنى ناخشا ئېيتقۇزدۇق. (مۇئەللىم ناخشا ئېيتتى).*

*c. ئۇ مېنى خەنزۇچە سۆزلەتتى. (مەن خەنزۇچە سۆزلىدىم).*

3) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىۋاستە ئىجرا قىلغۇچىسى ئادەتتە كۆرسىتىلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق ئىگىسىنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى ئۆزى بېجىرمىگەنلىكى، باشقىلارغا بېجىرگۈزگەنلىكى ياكى ئىش -

ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىگە يول قويغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مۇئەللىم ھەممىمىزنى چاقىرتتى.*

*b. بۇ پەلتونى ئالدىڭىزمۇ، تىككۈزدىڭىزمۇ؟*

*c. مەن ئىلتىماسىمغا قول قويدۇردۇم.*

4) ئىككى ياكى ئۈچ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قاتلىنىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىگە A، B غا، B بولسا C غا بۇيرۇپ بېجىرگۈزگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا A باش كېلىش شەكلىدە، B يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە كۆرۈلىدۇ، C كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئۆينى ئاقارتتىم.*

*b. مەن ئۆينى ئاقارتقۇزدۇم.*

*c. مەن سائىتىمنى ياساتتىم.*

*d. مەن سائىتىمنى ياساتقۇزدۇم.*

5) ئوخشاش بىر ئۆزەككە ئوخشىمىغان مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلسە، مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ مەنىسىدە پەرق كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاساسەن –V–Dur ۋە –V–Guz قوشۇمچىلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا «ـ دۇر ـ \ ـ دۈر ـ \ ـ تۇر ـ \ ـ تۈر ـ» قوشۇمچىلىرى جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ھەرىكەتنى باشقا بىر شەخسكە مەجبۇرىي ئورۇنلاتقۇزغانلىقىنى ياكى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ «ـ غۇز ـ \ ـ قۇز ـ \ ـ گۈز ـ \ ـ كۈز ـ» قوشۇمچىلىرى جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا يول قويغانلىقىنى ياكى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئۇنىڭغا بىر قەلەم ئالدۇردۇم.*





*b. مەن ئۇنىڭغا بىر قەلەم ئالغۇزدۇم.*

*c. ئۇ مېنى مۇشۇ ئىشقا ئون قېتىم ماڭدۇردى.*

*d. ئۇ مېنى ئاسانلا ماڭدۇرۇۋەتتى.*

*e. مۇئەللىم بۇ خەتنى بىزگە ئىككى قېتىم يازدۇردى.*

*f. مۇئەللىم بۇ خەتنى ماڭا يازغۇزدى.*

a، c ۋە e جۈملىلەردىكى «ئال ـ»، «ماڭ ـ»، «ياز ـ» پېئىللىرى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى «مەن»، «ئۇ»، «مۇئەللىم» قاتارلىقلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي يوسۇندا (سۇبيېكتنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر) بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ b، d ۋە f جۈملىلەردىكى «ئال ـ»، «ماڭ ـ»، «ياز ـ» پېئىللىرى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى «مەن»، «ئۇ»، «مۇئەللىم» قاتارلىقلار تەرىپىدىن سۇبيېكتنىڭ خالىشى، رازىلىقى ۋە تەلىپى بىلەن يول قويغان، رۇخسەت بەرگەن ئاساستا بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

5) ئۆملۈك دەرىجە

مەنىسى: جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ھەرىكەتنىڭ ئىجرا قىلغۇچىسى، بۇ ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغۇچى ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ياسىلىشى: «ـ ش ـ \ ـ ىش ـ \ ـ ۇش ـ \ ـ ۈش ـ» (V–(X)š–)

سۆزلە ـ + ـ ش ـ = سۆزلەش ـ

ياز ـ > يېز ـ + ـ ىش ـ = يېزىش ـ

ئۇر ـ + ـ ۇش ـ = ئۇرۇش ـ

كۆر ـ + ـ ۈش ـ = كۆرۈش ـ

ئىشلىتىلىشى:

1) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىككى تەرەپ تەڭ بېجىرگەنلىكىنى ئىپادىلەشتە پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلار ئۇزاق سۆزلەشتى.*

*b. ئاستا سۆزلىشىڭلار، قىزىرىشىپ قالماڭلار.*

*c. بولدى ئۇرۇشماڭلار.*

2) ئىككى تەرەپ ئورتاق بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى تەڭ بىجىرىشكە توغرا كەلگەندە پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چاغدا گىراماتىكىلىق ئىگە ئىش ـ ھەرىكەتنى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ ياكى مۇسابىقىلىشىپ ئېلىپ بارغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپ «بىلەن» تىركەلمىسى تىركىلىپ كەلگەن ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن تۇرسۇن بىلەن سۆزلەشتىم.*

*b. تۇرسۇن ئەخمەت بىلەن شاھماتتا بەسلەشتى.*

*c. مەن تۇرسۇن بىلەن يۈگۈرۈشتۈم.*

3) ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىككى تەرەپ تەڭ بىجىرگەندە بىر تەرەپ ئاساسلىق بىجىرگۈچى، يەنە بىر تەرەپ ياردەملەشكۈچى ئورنىدا بولغاندىمۇ پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئانامغا كىر يۇيۇشۇپ بەردىم.*

*b. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيىمىزنى كۆچۈشۈپ بەردى.*

*c. مەن ساڭا سىنىپنى تازىلىشىپ بېرەي.*

4)ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان گىراماتىكىلىق ئىگە تەرىپىدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرگەندە پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلار خۇشال ھالدا مەكتەپكە مېڭىشتى.*

*b. باغدا قۇشلار يېقىملىق سايرىشىپ تۇراتتى.*

*c. ئۇ توپ ـ توپ بولۇپ يىغىلىشىپ، بىرنەرسىلەرنى دېيىشىپ تۇراتتى.*

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى يەنە شەخس شەكىللىرىنى





ياساشقا قاتنىشىدۇ:

(1) ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى پېئىللارنىڭ 2 ـ شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ 2 ـ شەخس سەتلىمە تۈرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

*(سەنلەر) نەگە بېرىشتىڭ؟*

*(سەنلەر) يوقىلىش!*

*(سەنلەر) تۇرۇشمامسەن، نېمە ئولتۇرۇشىسەن؟*

(2) ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى پېئىللارنىڭ 2 ـ شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ 2 ـ شەخس ھۆرمەت كۆپلۈك تۈرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

*(ھەرقايسىلىرى) ئىچكىرى كىرىشسىلە.*

*(ھەرقايسىلىرى) نەگە بېرىشىدىلا؟*

*(ھەرقايسىلىرى) نەدىن كېلىشتىلە؟*

بەزى پېئىللار قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلىگە ئوخشايدۇ ۋە مەنىسىمۇ ئۆملۈك دەرىجە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «ياردەملەش ـ »، «سۆھبەتلەش ـ »، «پاراڭلاش ـ »، «مۇسابىقىلەش ـ »، «پىكىرلەش ـ »، «ياردەملەش ـ »، «مۇنازىرىلەش ـ » قاتارلىقلار. بۇ پېئىللار ئەسلىي دەرىجە ئاساسىغا ئۆملۈك دەرىجە شەكلى قوشۇپ ياسالغان بولماستىن، بەلكى ئىسىملارغا بىۋاسىتە « ـ لاش ـ \ ـ لەش ـ » قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان. شۇڭا بۇلارنى ئۆملۈك دەرىجە ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

6) دەرىجە قوشۇمچىلىرىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە

(1) دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ سۆز ياساش رولى

پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە پېئىلدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ[5]. پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى دەرىجە ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىنى ھاسىل قىلغاندىن تاشقىرى يەنە لېكسىكىلىق

بىرلىك سۈپىتىدە لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى جارى قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

*ياسا - : ياسان - ، ياسال - ، ياسات - ، ياساش -*

*كۆر - : كۆرۈن - ، كۆرۈل - ، كۆرسەت - ، كۆرۈش -*

*ئوقۇ - : ئوقۇل - ، ئوقۇت -*

پېئىل دەرىجىلىرىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار پېئىل يىلتىزى ياكى پېئىلنىڭ ياسالما ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، پېئىل دەرىجىلىرىگە خاس ئىككىلەمچى ياكى ئۈچلەمچى ئۆزەك ياسايدۇ. پېئىل دەرىجىلىرىگە ئىگە بولغان پېئىلنىڭ رايلىق تۈرلىنىشىگە كىرىدىغان قىسمى ھەرقاچان پېئىل دەرىجىلىرى قوشۇمچىسىدىن كېيىن يەنى، پېئىل دەرىجىسىنى ھاسىل قىلغان ئۆزەكلەردىن كېيىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىپ كېلىش ئەھۋالى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بىر گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەگە تەۋە قوشۇمچىلارنىڭ قاتلىنىشى، يەنە كېلىپ ئوخشاش بىر قوشۇمچىنىڭ ئۆزەككە تەكرار ئۇلىنىشى (مەسىلەن، مەجبۇري دەرىجە + مەجبۇري دەرىجە) سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش دائىرىسىدە ئۇچرىمايدۇ، پەقەتلا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا ئۇچرايدۇ (مەسىلەن، چىراي+ لىق+ لىق).

(2) دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قاتلىنىشى

پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىپادىلىنىش بىلەن قالماي، قاتلانغان ھالەتتە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىپ كېلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

● ئۆزلۈك - مەجبۇري دەرىجە شەكلى. مەسىلەن:

*مەن باللارنى كىيىندۈردۈم. (كىي -+ - ن -+ - دۈر -)*

● ئۆملۈك - مەجبۇري دەرىجە شەكلى. مەسىلەن:





*بىز ئۇلارنى كۆرۈشتۈردۇق. (كۆر - + - ۈش -+ - تۈر -)*

● مەجبۇري - مەجھۇل دەرىجە شەكلى. مەسىلەن:

*يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى. (كۆر -+ - سەت -+ - ىل -)*

● مەجبۇري - مەجبۇري دەرىجە شەكلى. مەسىلەن:

*مەن ئۆيىنى ئاقارتقۇزدۇم. (ئاقار - + - ت -+ - قۇز -)*

● مەجبۇري - ئۆملۈك دەرىجە شەكلى. مەسىلەن:

*ئۇلار ئۆي ئاقارتىشتى. (ئاقار -+ - ت -+ - ىش -)*

ئۆملۈك - مەجبۇري - مەجھۇل دەرىجە شەكلى. مەسىلەن:

*بىزنىڭ ئەھۋالىمىز تونۇشتۇرۇلدى. (تونۇ - + - ش -+ - تۇر -+ - ۇل -)*

پېئىللارنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قاتلىنىشى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئەمەس، بەزى نۇسخىلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ، ئەمما بەزى نۇسخىلار پەقەت بىرقانچىلا پېئىلدا كۆرۈلىدۇ.

پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشىنى كۆرسىتىش ئىسخېمىسى:



(3) دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ چاستوتىسى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدىغان بىر گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىكى 34553 دانە سۆزنىڭ تەركىبىدە پېئىللار 8801 (دەرىجە شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مانا مۇشۇ 8801 دانە پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۇچۇرلىرى تۆۋەندىكىدەك⑥ :

| | دەرىجە شەكلى | سانى | نىسبىتى (%) | قوشۇمچىلار |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئەسلىي | 3262 | 37.06 | ϕ |
| 2 | مەجبۇرىي | 2244 | 25.5 | –DUr-, GUz-, –t–,–Ar–,–Ur– |
| 3 | ئۆملۈك | 1778 | 20.2 | – (X)š – |
| 4 | مەجھۇل | 1384 | 15.73 | – (X)l–, –(X)n– |
| 5 | ئۆزلۈك | 111 | 1.26 | – (X)n–, –(X)l– |
| جەمئىي | | 8801 | 100 | |

بۇ ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىنىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى بىردەك ئەمەس، ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن ئۆتۈمسىز پېئىللار نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پېئىل دەرىجىلىرى ئۆتۈملۈك پېئىللاردا بىرقەدەر سىستېمىلىق بولغان، ئۆتۈمسىز پېئىللاردا سىستېمىلىق بولمىغان. بۇنداق بولۇشى پېئىللارنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلەنگەن مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، بەزى پېئىللارنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە دائىرىسىدە ئۇنى ئۆزلۈك دەرىجىدە ياكى مەجھۇل دەرىجىدە تۈرلىگىلى بولمايدۇ. سۆز ياساش نۇقتىسىدىن بەزى پېئىللار دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن يېڭى پېئىل ياساشقا ئىمكان بەرمەيدۇ. مەسىلەن، پىسخىك پائالىيەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئاساسەن





| | | | پېئىللىنىڭ ئومۇمىي سانى | | مەجبۇرىي دەرىجە | | ئۆملۈك دەرىجە | | مەجھۇل دەرىجە | | ئۆزلۈك دەرىجە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | سانى | % | سانى | % | سانى | % | سانى | | سانى | % |
| تۈپ پېئىل | | vt | 338 | 11.84 | 304 | 10.65 | 325 | 11.39 | 293 | 10.27 | 39 | 1.37 |
| | | vi | 347 | 12.16 | 299 | 10.48 | 202 | 7.08 | 48 | 1.68 | 9 | 0.32 |
| ياسالما پېئىل | تۈرغۈن سۆز | vt | 671 | 23.51 | 470 | 16.47 | 513 | 17.97 | 509 | 17.83 | 29 | 1.02 |
| | | vi | 1021 | 35.77 | 775 | 27.15 | 193 | 6.76 | 42 | 1.47 | 11 | 0.39 |
| | تەقلىد | vt | 14 | 0.49 | 12 | 0.42 | 13 | 0.46 | 5 | 0.18 | 0 | 0 |
| | | vi | 430 | 15.07 | 367 | 12.86 | 313 | 10.97 | 2 | 0.07 | 1 | 0.04 |
| | پېئىل | vt | 7 | 0.25 | 6 | 0.21 | 6 | 0.21 | 7 | 0.25 | 1 | 0.04 |
| | | vi | 18 | 0.63 | 13 | 0.46 | 13 | 0.46 | 1 | 0.04 | 1 | 0.04 |
| | ئۈندەش | vt | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| | | vi | 8 | 0.28 | 3 | 0.11 | 2 | 0.07 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| ئومۇمىي پېئىل | | vt | 1030 | 1.36 | 792 | 27.75 | 857 | 30.03 | 814 | 28.53 | 69 | 2.42 |
| | | vi | 1824 | 36.9 | 1457 | 51.05 | 723 | 25.34 | 93 | 3.26 | 22 | 0.77 |
| جەمئىي | | | 2854 | 100 | 2249 | 78.8 | 1580 | 55.37 | 907 | 31.79 | 91 | 3.2 |

مەجھۇل دەرىجە ۋە ئۆزلۈك دەرىجىدە كەلمەيدۇ؛ ئىككى ئادەم بىللە بېجىرىش مۇمكىنچىلىكى يوق پېئىللار (مەسىلەن، ئىنجىقلا ـ ، يىرگەن ـ قاتارلىقلار) ئۆملۈك دەرىجىدە كەلمەيدۇ ۋە باشقىلار. يۇقىرىقى ئىستاتىستىكىدىن باشقا 2813 پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە ئەھۋال مۇنداق بولغان⑦ :

2813 پېئىل ئىچىدە مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىدە كېلەلەيدىغان

پېئىل 2051، ئۆملۈك دەرىجە شەكلىدە كېلەلەيدىغان پېئىل 1462، مەجھۇل دەرىجە شەكلىدە كېلەلەيدىغان پېئىل 835، ئۆزلۈك دەرىجە شەكلىدە كېلەلەيدىغان پېئىل 87، بەش خىل دەرىجە شەكلىدە كېلەلەيدىغان پېئىل 37، بۇ 37 پېئىلنىڭ ھەممىسى ئۆتۈملۈك پېئىل.

يەنە بىر تۈرلۈك ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)»دىكى ئەسلىي دەرىجىدە كەلگەن (دىيالېكتقا خاس بولغان پېئىللار ۋە كۆپ قوللىنىلمايدىغان پېئىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) 2854 دانە پېئىلنىڭ دەرىجە بىلەن تۈرلىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان⑧:

ئىككى خىل ئىستاتىستىكىنىڭ نەتىجىسى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسىلا دەرىجە كاتېگورىيەسى قوشۇمچىلىرى بىلەن خۇددى بارلىق ئىسىملار سان ياكى كېلىش كاتېگورىيەسى بىلەن تۈرلەنگەندەك تۈرلەنمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نىسپىي جەھەتتە مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى كۆپرەك پېئىللارغا قوشۇلالىغان.

## §4. پېئىلنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى

### 1. مەنىسى

جۈملىنىڭ ئىگىسى ياكى ئىگە بولۇپ كەلگەن تەركىب (ئادەم ياكى نەرسە) نىڭ قايسى تەرەپ ئىكەنلىكىنى، بىر ياكى كۆپ سانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مەنىلەرنىڭ يىغىندىسى ۋە شەكىللەرنىڭ سىستېمىسى پېئىلنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ.

شەخس ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى شەخس — سۆزلىگۈچى، ئىككىنچى شەخس — تىڭشىغۇچى، ئۈچىنچى شەخس — سۆزلىگۈچى ۋە تىڭشىغۇچى بولمىغان تەرەپ.





مەسىلەن:

*a. مەن باردىم. (بىرىنچى شەخس بىرلىك)*

*b. بىز بارىمىز. (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك)*

ئۇيغۇر تىلىدا شەخس كاتېگورىيەسىنى ئىسخېمىلاشتۇرساق مۇنداق بولىدۇ⑨ :




### 2. ئىپادىلىنىشى

پېئىللارنىڭ شەخس مەنىسى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا شەخس قوشۇمچىسى ئۈچ يۈرۈش بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككىسى زامان كاتېگورىيەسى بىلەن، بىرى بۇيرۇق راي بىلەن مۇناسىۋەتلىك.⑩ ئۇيغۇر تىلىدا شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ زامان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىسى شەكىل جەھەتتىن ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك ۋە شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ شەكىللىرى بىلەن ئاساسەن بىردەك. بىز بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىنى پېئىللارنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى دەپ ئاتايمىز.

پېئىللارنىڭ 1 ـ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى:

پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى بىرىنچى

| شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | | ـ م \ ـ ىم \ ـۇم \ ـۈم (باردىم، بارسام) | ق \ ـك \ ـۇق (باردۇق، بارساق، كەلسەك) |
| 2 ـ شەخس | ئاددىي | ـڭ \ ـ ىڭ \ ـۇڭ \ ـۈڭ (باردىڭ، بارساڭ) | ـڭلار \ ـ ىڭلار \ ـۇڭلار \ ـۈڭلار (باردىڭلار، بارساڭلار) |
| | سىپايە | ـ ڭىز \ ـ ىڭىز (باردىڭىز، بارسىڭىز) | ـڭىزلار \ ـ ىڭىزلار (باردىڭىزلار، بارسىڭىزلار) |
| | ھۆرمەت | ـلا \ ـ ىلا \ ـ ىلە (باردىلا، بارسىلا) | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى +ـتىلا \ ـتىلە (بېرىشتىلا) ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + سىلا \ ـسىلە ـ بېرىشسىلا) |
| | سەتلىمە | ∅ | ـ ىشتىڭ \ ـ شتىڭ (بېرىشتىڭ، بېرىشساڭ) |
| 3 ـ شەخس | | ـ ى \ ∅ (باردى، بارسا) | |

شەخس كۆپلۈك شەكلىدە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردا ئىككى يۈرۈش قوشۇمچە بىلەن يەنى، ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش « ـ ىمىز» شەكلى ۋە « ـ ۇق \ ـ ۈك» شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. ھازىر ئىستېمالىمىزدا « ـ ۇق» شەكلىدە قوللىنىلىۋاتقان پېئىللارنىڭ بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسىنىڭ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى ئەسلىدە « ـ ق \ ـ ك \ ـ ۇق \ ـ ۈك» بولۇپ، تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا لەۋلەشكەن، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىپ كېلىدىغان « ـ ۈك» شەكلى ئىستېمالدىن قالغان. « ـ ۈك» شەكلى تارىخىي يادىكارلىقلاردا ۋە دىيالېكت شېۋىلەردە (بولۇپمۇ





خوتەن دىيالېكتىدا ۋە قۇمۇل، تۇرپان شېۋىسىدە) قوللىنىلىدۇ.

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى تۈرىدە زامان قوشۇمچىسىدىن بۇرۇن ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى « ـ ش \ ـ ىش \ ـ ۇش \ ـ ۈش» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە بىرلىك ھۆرمەت تۈرى قوشۇمچىسى « ـ ىلا \ ـ ىلە» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ؛ سەتلىمە تۈرىدە زامان قوشۇمچىسىدىن بۇرۇن ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى « ـ ش \ ـ ىش \ ـ ۇش \ ـ ۈش» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسىنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكلى ئوخشاش؛ شەرت رايى قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا ئۈچىنچى شەخستە نۆل شەكىلدە كېلىدۇ.

بۇ قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئەسەرلەردە ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسىدىن ئايرىتىلماي كەلگەن. لېتىپ توختى ئەپەندىمۇ پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسىنىڭ «–D–perI» شەكلىدە تۈزۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ـ يۇ، «چاغداش تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بۇ قوشۇمچىنى پارچىلاشقا بولمايدۇ» دەپ ئەسكەرتىدۇ[11]. بىزنىڭچە تارىخىي نۇقتىدىنمۇ ۋە ھازىرقى نۇقتىدىنمۇ بۇ قوشۇمچىنى پارچىلاپ ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە «قايتۇرۇپ بېرىش»نىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

(1) بۇ قوشۇمچىلارنىڭ شەخس ۋە زامان قوشۇمچىلىرىنى ئايرىتىش تىل ئوقۇتۇشىدا بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئاسانلىق يارىتىدۇ؛

(2) «ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى <ـ دى \ ـ تى>غا شەخس قوشۇمچىلىرى (ـ م، ـ ڭ...) قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ»[12] دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلەردە بىرىنچى شەخس كۆپلۈك، ئىككىنچى شەخس بىرلىك، كۆپلۈك ۋە ئۈچىنچى شەخس شەكىللىرىدىكى « ـ دۇق، ـ دۇڭ \ ـ دۈڭ، ـ دۇڭلار \ ـ

دۇڭلار، - دى \ - تى» شەكىللىرىنى چۈشەندۈرۈشتە \ ۇ \ ، \ ۈ \ ، \ ى \ تاۋۇشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ.

(3) زامان ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى ئاجرىتىلغاندىن كېيىن بىز شەرت رايىنىڭ قوشۇمچىلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز.

(4) بۇ بىر يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى ئاجرىتىلغاندىن كېيىن ھازىرقى - كەلگۈسى زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر سىستېما ھاسىل قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى زامان كاتېگورىيەسى ھەققىدىكى بايانلارنى ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىدۇ.

(5) بۇ قوشۇمچە تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا يۇغۇرۇلۇپ ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكىنى يوق. ھازىرمۇ بۇنى ئاجرىتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. شۇڭا، ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى « - د - \ - ت - »، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان شەخس قوشۇمچىسىنى پېئىللارنىڭ 1 - يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم ⑬ .

پېئىللارنىڭ 2 - يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى:

بۇ بىر يۈرۈش قوشۇمچە شەخسلىك ئالماشلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ھازىرمۇ ناھايىتى ئېنىق.

پېئىللارنىڭ 1 - ، 2 - يۈرۈش قوشۇمچىسى ھەرقاچان زامان قوشۇمچىلىرىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدۇ. ھېچقاچان پېئىل ئۆزىكىگە بىۋاسىتە ئۇلانمايدۇ.

پېئىللارنىڭ 3 - يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى:

پېئىللارنىڭ 3 - يۈرۈش قوشۇمچىسى بۇيرۇق راي قوشۇمچىلىرىدۇر. بۇيرۇق راي قوشۇمچىسىدا 2 - شەخس ئاددىي تۈرىنىڭ ئىككى خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بار. بىرى، پېئىلنىڭ ئۆزىكى ھېچقانداق قوشۇمچە قوشۇلمىغان شەكلى، يەنى نۆل شەكلى، يەنە بىرى، پېئىل ئۆزىكىگە « - غىن \ - قىن \ -





| شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| 1 - شەخس | | -مەن (ئوقۇيمەن) | -مىز (ئوقۇيمىز) |
| 2 - شەخس | ئاددىي | -سەن (ئوقۇيسەن) | - سىلەر (ئوقۇيسىلەر) |
| | سىپايە | - سىز (ئوقۇيسىز) | - سىزلەر (ئوقۇيسىزلەر) |
| | ھۆرمەت | - دىلا (ئوقۇيدىلا) | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + سەن (ئوقۇشسەن) |
| | سەتلىمە | ∅ | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى + سەن (ئوقۇشسەن) |
| 3 - شەخس | | - دۇ (ئوقۇيدۇ) | |

گىن \ - كىن» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ تەييارلانغان شەكلى. بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، نۆل شەكلى بىۋاسىتە ئېنىق بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدۇ، « - غىن»لىق شەكلى سىپايىلىك، يول قويۇش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

### 3. ئىشلىتىلىشى

پېئىللارنىڭ 1 - يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى ئۆتكەن زامان، شەرت راي قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ؛

پېئىللارنىڭ 2 - يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى غەيرىي ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ؛

پېئىللارنىڭ 3 - يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى بۇيرۇق راي مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ ھەرقانداق شەخس شەكلى جۈملىگە كىرگەندە ئىگە بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ.

| شەخس | | سۆز ئاخىرىدىكى تاۋۇش | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | | سوزۇق | ـ ي (ئوقۇي) | ـ يلى (ئوقۇيلى) |
| | | سوزۇق | ـ اي \ ـلەي | ـ ايلى \ ـ ەيلى (بارايلى، كۆلەيلى) |
| 2 ـ شەخس | ئاددىي | سوزۇق | ∅؛ ـ غىن \ ـقىن \ ـگىن \ ـكىن (بارغىن، ياتقىن، كەلگىن، كەتكىن) | ـ ڭلار (ئوقۇڭلار) |
| | | ئۈزۈك | | ـ ىڭلار \ ـۇڭلار \ ـۈڭلار (بېرىڭلار، تۇرۇڭلار، كۆلۈڭلار) |
| | سىپايە | سوزۇق | ـڭ (ئوقۇڭ) | ـ ڭىزلار (ئوقۇڭىزلار) |
| | | ئۈزۈك | ـ ىڭ \ ـۇڭ \ ـۈڭ (بېرىڭ، تۇرۇڭ، كۆلۈڭ) | ـ ىڭىزلار( بېرىڭىزلار) |
| | ھۆرمەت | سوزۇق | ـ سىلا \ ـ سىلە (ئوقۇسىلا، ئىشلىسىلە) | ـ شىسىلا \ ـ شىسىلە (ئوقۇشىسىلا، ئىشلەشسىلە) |
| | | ئۈزۈك | ـ سىلا \ ـ سىلە (بارسىلا، كەلسىلە) | ـ ىشسىلا \ ـ ىشسىلە (بېرىشسىلا، كېلىشسىلە) |
| | سەتلىمە | سوزۇق | ∅ | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى( ئوقۇش) |
| | | ئۈزۈك | ∅ | ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى (بېرىش) |
| 3 ـ شەخس | | سوزۇق | ـ سۇن (ئوقۇسۇن، بارسۇن، كەلسۇن) | |
| | | ئۈزۈك | | |





## §5. راي كاتېگورىيەسى

### 1. مەنىسى

راي كاتېگورىيەسى پېئىلنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق سۆزلىگۈچىنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەت، ھالەتكە بولغان سۇبيېكتىپ پوزىتسىيەسىنى كۆرسىتىدۇ [14]. باشقىچە ئېيتساق، پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيەسى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىدە كۆرۈلۈپ جۈملىدىكى ئىشنىڭ قانداق تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە [15].

پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيەسى مۇستەقىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق شەكىللەرگە ئىگە بولغانلىقىدا.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىنمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: تونۇش پسىخولوگىيەسىنىڭ قارىشىچە ئادەمنىڭ كاللىسىدا «ھەقىقىي دۇنيا» ۋە «مەۋھۇم دۇنيا» پەرقى بولىدۇ. كىشىلەر كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ھەممە ئىشنى ھەقىقىي دەپ تونۇيدۇ؛ ئىلگىرى ئۆزى كۆرگەن ئىشلارنىمۇ ھەقىقىي دەپ قارايدۇ؛ ئۆزى قىلماقچى بولغان ۋە ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئېشىشقا ئىشەنگەن ئىشلارنى ھەقىقىي ۋە مەۋھۇملۇقنىڭ چېگراسىدا تونۇيدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىشنى مەۋھۇم دەپ تونۇيدۇ[16] . كىشىلەرنىڭ «ھەقىقىي دۇنيا» ياكى «مەۋھۇم دۇنيا»غا بولغان تونۇشى كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ھالەتنى ئىپادە قىلىشىدىكى پوزىتسىيەسىنىڭ پىسخىك ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. تىل رېئال دۇنيانىڭ ئىنكاسى. تىل ماتېرىياللىرىنىڭ تاللىنىشى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى «ھەقىقىي دۇنيا» ياكى «مەۋھۇم دۇنيا»غا بولغان پەرقلىق تونۇش

بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رېئال دۇنيادىكى ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ شۇ جۇملىدىن. ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشتە كىشىلەر «ھەقىقىي» دەپ قارىغان ئىش - ۋەقەلەرنى مەلۇم تىل ماتېرىياللىرى بىلەن، «مەۋھۇم» دەپ قارىغان ئىش - ۋەقەلەرنى يەنە مەلۇم تىل ماتېرىياللىرى بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. مەلۇم شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، لوگىكىلىق ۋاقىتنىڭ ھەقىقىي ياكى مەۋھۇملۇقى پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيەسىنىڭ تونۇش ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ۋاقىت ئۇقۇمىنى تىلدا ئىپادىلىگەندە كىشىلەر «ھەقىقىي» دەپ قارىغان ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىۋاستە بايان رايى، ئارزۇ رايى قاتارلىق شەكىللەر بىلەن، «مەۋھۇم» دەپ قارىغان ۋاقىت ئۇقۇمىنى ۋاستىلىك بايان رايى، ئاڭلاتما بايان رايى، ئېنىقسىز بايان رايى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

تۆۋەندە بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيەسىنىڭ تۈرلىرى، ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 2. راي كاتېگورىيەسى ھەققىدىكى بايانلار

ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق راي كاتېگورىيەسى ھەققىدە تېخى بىردەكلىك يوقلۇقىنى كۆرىمىز. تۆۋەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بىرقانچە ئەسەردىكى راي كاتېگورىيەسىگە ئائىت بايانلارنى كۆرۈپ باقايلى:

1) قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قارىشى ⑰:

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ كوللېكتىپ ئەمگىكى سۈپىتىدە 1966 - يىلى ئالماتادا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (1 - قىسىم لېكسىكا، فونېتىكا؛ 2 - قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) نەشر





قىلىندى. بۇ ئەسەر 1983 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا كۆچۈرۈپ بېسىلدى. ئەسەر رۇس تىلشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل پاكىتلىرىنى خېلى سىستېمىلىق بايان قىلغان كاتتا ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرغىچە قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەسەرنىڭ 298 -، 308 - بەتلىرى راي كاتېگورىيەسى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان. ئەسەردە راي كاتېگورىيەسى ئالتە تۈرگە ئايرىلغان. ئەسەردە «مەيىل» ئاتالغۇسى قوللىنىلغان:

(1) بۇيرۇق مەيىل: ئالە - ، ئېلىڭلار، ئالغىن، ئالسۇن، قاراي، تۇراي، بېرەي؛

(2) ئېنىق مەيىل: دەسلەپكى ياكى نۆللۈك فورما؛

(3) خالاش مەيىل: « - غۇ \ - قۇ \ - گۇ \ - كۇ+ كەل \ بار \ يوق» (ئوقۇغۇڭ كېلىدۇ، كەتكۈڭ يوق، ئېيتقۇسى بار)؛ « - غاي \ - قاي \ - گەي \ - كەي + - ىد - » (ئالغىدىم، بارغىدىڭ، كەتكىدىڭلار)؛ « - سا \ - سە+ - ىد - » (ئالسىدىم، بارسىدىڭ، كۆرسىدى)؛

(4) شەرت مەيىل: « - سا \ - سە» (ئالسا، يېغىۋەتسە، بولسا)؛

(5) گۇمان مەيىل: « - ار \ - ەر»، « - ماس \ - مەس» (بارار، ئورارسەن، بۇزۇلماس، ئۆتكۈزمەس)؛ « - غان \ - قان \ - گەن \ - كەن+ - دۇ» (بارغاندۇ، قالمىغاندىمەن)؛

(6) مەقسەت مەيىل: « - غىلى \ - قىلى \ - گىلى \ - كىلى» (كۆرگىلى، كەتكىلى، كەتكىلىۋاتىدۇ)؛ « - ماقچى \ - مەكچى» (ماڭماقچىمەن، كەتمەكچى ئەمەسمەن).

ئەسەردە تۈنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدىكى راي شەكىللىرى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈلگەن. راي ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى تۇنجى قېتىم

(كېيىنچە بەزى ئەسەرلەردە قوبۇل كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ) «مەقسەت راي» شەكلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما « ـ غىلى \ ـ قىلى \ ـ گىلى \ ـ كىلى» شەكلىنىڭ مەقسەت رايغا كىرگۈزۈلگىنى توغرا بولمىغان. چۈنكى بۇ شەكىل رەۋىشداشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ جۈملىدە مەقسەت مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. « ـ ماقچى \ ـ مەكچى» شەكلىنىڭ «مەقسەت مەيىل» دەپ ئېلىنغانلىقى توغرا بولغان. ئەسەردە يەنە ئېنىق مەيىل ـ نۆللۈك فورما ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇ شەكىلنىڭ «خۇددى پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىدە ئەسلى دەرىجە شەكلى بولغانغا ئوخشاش» [18] دەپ چۈشەندۈرگەن. بىزنىڭچە بۇنداق ئايرىشنىڭ، يەنى باشقا راي شەكىللىرىگە قارشى ئېنىق ياكى ئەسلى راينى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ ئەمەس. ئەسەردە ئۇيغۇر تىلىدا راي مەنىسى بار گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەمما نام بېرىش ۋە بايان قىلىش جەھەتلەردە نۇقسانلار ساقلانغان. مەسىلەن، «گۇمان مەيىل» دېگەن نامدا بېرىلگەن ئىككى خىل شەكىلدىن « ـ ار \ ـ ەر»، « ـ ماس \ ـ مەس» شەكلى گۇماننى ئەمەس ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرۈشى گەۋدىلىكرەك؛ « ـ غان \ ـ قان \ ـ گەن \ ـ كەن+ ـ دۇ» شەكلى بولسا مۆلچەر راينى ئىپادىلەيدۇ. يەنە « ـ غۇ \ ـ قۇ \ ـ گۇ \ ـ كۇ+كەل ـ \ بار \ يوق» شەكىللىرى مورفولوگىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن سىنتاكسىسلىق بىرلىك. خەمىت تۆمۈر ۋە لېتىپ توختىلار بۇ شەكىلنىڭ مۇكەممەل بىر جۈملە ئىكەنلىكىنى، مورفولوگىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ [19]. شۇڭا ئۇنى راي كاتېگورىيەسىگە قويۇش توغرا بولمىغان. ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ « ـ ماقچى \ ـ مەكچى» شەكىللىرىنى راي كاتېگورىيەسى دائىرىسىگە ئەكىرىشى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش دەپ ھېسابلايمىز.

2) تۇردى ئەخمەت قاتارلىقلارنىڭ قارىشى[20]:

1985 ـ يىلى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىلىرىدىن تۇردى





ئەخمەت، ئەنسەرىدىن مۇسا ۋە نەسرۇللا يولبۇلدىلار يازغان، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق ئەسەرنىڭ 267 ـ، 269 ـ بەتلىرى راي كاتېگورىيەسى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان. ئەسەردە راي كاتېگورىيەسى ئۈچكە ئايرىلغان:

(1) بۇيرۇق راي:

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
| --- | --- | --- |
| 1 ـ شەخس | ـ ي \ ـ اي \ ـ ەي | ـ يلى \ ـ ايلى \ ـ ەيلى |
| 2 ـ شەخس | ئۆزەك<br>ـ غىن \ ـ قىن \ ـ گىن \ ـ كىن | ـڭلار \ ـ ىڭلار \ ـۇڭلار \ ـۈڭلار |
| | ـڭ \ ـ ىڭ \ ـۇڭ \ ـۈڭ | |
| | ـسىلا \ ـسىلە | |
| 3 ـ شەخس | ـسۇن؛ ـغاي \ ـقاي \ ـگەي \ ـكەي | |

(2) شەرت راي: « ـ سا \ سە»

(3) بايان راي: بۇ ئەسەرە بايان راي دېگەن تېمىدا ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زاماندىن ئىبارەت ئۈچ خىل زامان شەكلى بايان قىلىنغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەسەردە ئۇيغۇر تىلىدىكى راي شەكىللىرى تولۇق ئەكس ئەتكۈزۈلمىگەن. ئەڭ مۇھىم ۋە تىپىك ئۈچ خىل راي شەكلى بىلەنلا چەكلەنگەن.

3) خەمىت تۆمۈرنىڭ قارىشى[21]:

ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىدىكى راي كاتېگورىيەسى ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرىگە ئوخشاشلا ئەڭ ئىلمىي ۋە ئەڭ سىستېمىلىق بايان بەرگەن

تىلشۇناس خەمىت تۆمۈردۇر. خەمىت تۆمۈر ئۇزاق يىللىق ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى داۋامىدا توپلىغان ئەمەلىي تىل پاكىتلىرى، چوڭقۇر تىلشۇناسلىق بىلىمى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن تىل پاكىتلىرىنى ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا دەۋر بۆلگۈچ بىر ئەسەر — «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)»نى مەيدانغا كەلتۈردى. ئەسەرنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 20 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا هازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان ئۆرنەك ئەسەر بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن قاراشلار ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئاساسەن قوبۇل قىلىندى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەر، ماقالىلەرگە كىرگۈزۈلدى. خەمىت تۆمۈرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيەسى هەققىدىكى قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرىلا شەكىللەنگەن. ئۇ 1982 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ بايان مەيلى» ناملىق ماقالىسىدە ۋە شۇ ئاساستا سىستېمىلاشتۇرغان پىكىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)» ناملىق ئەسىرىدە راي كاتېگورىيەسىنى تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىنچىكە تۈرلەرگە ئايرىغان. ئۇ راي كاتېگورىيەسىنىڭ 13 خىل شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە «مەيل» ئاتالغۇسىنى قوللىنىدۇ:

(1) ۋاستىسىز بايان مەيلى: (بەردىڭ)؛

(2) ۋاستىلىك بايان مەيلى: (بېرىپتىمەن، يازىدىكەن، سېلىنغانىكەن، بارماقچىكەن)؛

(3) ئاڭلاتما بايان مەيلى: (يېزىپتۇدەك، يازارمىش، يازارىكەنمىش، دېمەيمىش، بولماسمىش، كېتىپتىمىش)؛

(4) سۇبيېكتىپ مۆلچەر بايان مەيلى: (يازدىغۇ دەيمەن، سېلىنغانغۇ دەيمەن)؛





(5) ئوبيېكتىپ مۆلچەر بايان مەيلى: (يازغان ئوخشايدۇ، سېلىنغان بولسا كېرەك، ئېچىۋاتسا كېرەك، بارماقچى ئوخشايسەن)؛

(6) بۇيرۇق ـ تەلەپ مەيلى: (قاراي، قارايلى، قارا، قاراڭ، قارىسىلا، قاراڭلار، قاراشسىلا، قاراش، قارىسۇن)؛

(7) پەرەز ـ قارشىلىق مەيلى: (يازسام)؛

(8) ئارزۇ ـ تەكلىپ مەيلى: (يازسام ئىكەن)؛

(9) ئارمان مەيلى: (كۆرۈشسەم ئىدى)؛

(10) ئەپسۇس مەيلى: (ئاڭلىسام بوپتىكەن، ئاڭلىسامچۇ، كەلسىڭىز بولغانىكەن)؛

(11) يالۋۇرۇش مەيلى: (يازايچۇ، كەلچۇ، سۆزلەڭچۇ)؛

(12) ئەنسىرەش مەيلى: (بۇزۇپ قويمىغىيدىڭ)؛

(13) زۆرۈرىيەت مەيلى: (تۇرسا بولىدۇ).

خەمىت تۆمۈرنىڭ راي كاتېگورىيەسىنى ناهايىتى ئىنچىكە بۆلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ سىنتېتىك شەكىللەردىن باشقا ئانالىتىك شەكىللەرنىمۇ راي كاتېگورىيەسىگە ئېلىپ كىرگەن. خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە بىرقانچە خىل گىراماتىكىلىق شەكىل بىر خىل راي مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. (مەسىلەن، ۋاستىلىك بايان رايى: بېرىپتىمەن، يازىدىكەن، سېلىنغانىكەن، بارماقچىكەن) بۇ قاراش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. ئەمما، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ بەزى قاراشلىرى ھەققىدە ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. يەنى بىرنىڭچە شەرت رايى قوشۇمچىدىن كېيىن كەلگەن تەركىبلەرنىڭ مەنىسى شەرت رايى ئاساسىدا تۈرلىنىپ چىققان، «بۇيرۇق راي+ يۈكلىمە» شەكلىدىكى قۇرۇلمىلارنى راي كاتېگورىيەسى دائىرىسىگە قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق قىلىش توغرا كەلسە، «ـ چۇ»دىن باشقا يۈكلىمىلەر — «ـ غۇ، ـ دە، ـ لا، ـ ا» قاتارلىقلارنىمۇ راي كاتېگورىيەسىگە ئېلىپ كىرىشكە توغرا

كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ يەردە رول ئويناۋاتقىنى، يەنى يالۋۇرۇش مەنىسى بېرىۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل «-چۇ» يۈكلىمىسى. دېمەك يالۋۇرۇش مەنىسىنى يۈكلىمىلەر بابىدا بايان قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا خەمىت تۆمۈر ئورخۇن دەۋرىدىن تارتىپ كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن «-غاي» ۋە «-ماقچى \ -مەكچى» شەكلىنى راي تەركىبىگە كىرگۈزمىگەن.

4) پۇ چۇەنلەرنىڭ قارىشى ㉒:

پۇ چۇەن ۋە ۋۇ جىجوڭلار تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىي گىراماتىكىسى»دا راي كاتېگورىيەسى بەش تۈرگە ئايرىلغان:

(1) بايان راي: ئۆز ئىچىدىن ۋاسىتىسىز بايان راي (قوشۇمچىسى يوق: يازىمەن، باردىڭ، سىلىنغان)، ۋاسىتىلىك بايان راي (ئويلىماپتىمەن)، ئاڭلاتما بايان راي (بوپتۇدەك، يازغاندەك، يازغانمىش)، تەخمىن راي (بارغانغۇ دەيمەن، بارارمىز، بارسا كېرەك، كېلىشى مۇمكىن، ئۆگەنگەندىمەن) قاتارلىق كىچىك تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

<table>
<tr><th>شەخس</th><th>بىرلىك</th><th>كۆپلۈك</th></tr>
<tr><td>1 - شەخس</td><td>- ي \ - اي \ - ەي</td><td>- يلى \ - ايلى \ - ەيلى</td></tr>
<tr><td rowspan="3">2 - شەخس</td><td>ئۆزەك<br>- غىن \ - قىن \ - گىن \ - كىن؛<br>-سا \ -سە + شەخس + چۇ</td><td rowspan="2">-ڭلار \ -لىڭلار \ -ۇڭلار \ -ۈڭلار</td></tr>
<tr><td>-ڭ \ - ىڭ \ -ۇڭ \ -ۈڭ</td></tr>
<tr><td>-سىلا \ -سىلە</td><td></td></tr>
<tr><td>3 - شەخس</td><td colspan="2">-سۇن؛ -غاي \ -قاي \ -گەي \ -كەي</td></tr>
</table>





(2) بۇيرۇق راي:

(3) شەرت راي: «-سا \ -سە»

(4)ئىمكان راي: «-الا- \ -ەلە- \ -يالا- \ -يەلە-»

(5) مەقسەت راي: «-ماقچى \ -مەكچى»

بۇ ئەسەردە «-ماقچى \ -مەكچى» شەكلىنىڭ راي كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلگىنى توغرا بولغان. ئەمما «-ا»، «-چۇ» قاتارلىق يۈكلىمىلەرمۇ راي دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگىنى توغرا بولمىغان. يەنە «-الا- \ -ەلە \ -يالا- \ -يەلە-» شەكلىدە ئىپادىلىنىۋاتقىنى راي ئەمەس تۇس.

5) چېڭ شىلياڭلارنىڭ قارىشى ㉓:

چېڭ شىلياڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابتا راي كاتېگورىيەسى خېلى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەردە راي كاتېگورىيەسى تۆت تۈرگە ئايرىلغان:

(1) بايان رايى: ۋاسىتىسىز بايان رايى (كەلدىم، بەرگەن، كىرىۋىدى، كۆرمەيتتى، يۇيۇۋاتاتتىڭىز، ئۇخلاۋاتىدۇ، گۈللەندۈرمەكتىمىز، ماڭغىلىۋاتىدۇ، بارىدۇ، بارماقچى)، ۋاسىتىلىك بايان رايى (كۆرۈپتىمەن، باشلايدىكەن، ئىشلەۋاتىدىكەن، يېزىۋېتىپسەن)، گۇمان بايان رايى (سۆزلەپتۇدەكمەن، كۆرگۈدەك، يازارئىمىشمەن، ياساۋاتقۇدەك)، مۆلچەر بايان رايى (يازغاندىكەن، بارغان بولغىيدىم، كېلىدىغاندىمىز، كېتەرمەن، ئالسام كېرەك، ئوقۇۋاتقاندىمەن)؛

(2) بۇيرۇق رايى: (باشلاي، كۆرەيلى، ئوقۇڭ، ئوقۇڭلا، ياسىغىن، ياسىغىنا، بارە، چىقە، ئوقۇسۇن)؛

(3) ئارزۇ رايى: (بارسام، كەلسەڭچۇ، ياغمىسا ئىدى، بولغايمەن)؛

(4) شەرت رايى: (ئالسام).

بۇ ئەسەردىكى بايانلار ئاساسەن خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ

بايانلىرىغا ئوخشايدۇ. ئەمما، قىسمەن پەرقلەرمۇ بار. بۇ پەرقلەر بەزى راي شەكىللىرىنىڭ ناملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ۋە خەمىت تۆمۈر راي دەپ قارىمىغان بەزى شەكىللەرنىڭ راي كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئەسەردە ھەقىقىي مەنىدىكى راي شەكىللىرى بىلەن ئۇلارغا يۈكلىمىلەر قوشۇلغان شەكىللەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاستىسىز بايان رايىغا بېرىلگەن «كۆرۈپتىمىز» بىلەن «ئىشلەۋاتىدىكەن، كېلىۋېتىپتۇ» قاتارلىق شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زامان ياكى رايدا ئەمەس ھالدا كۆرۈلىدۇ. « - پتۇدەك»، « - غۇدەك» شەكلى «گۇمان رايى» دەپ ناملانغان. ئەمەلىيەتتە بۇ شەكىلنىڭ ئاساسىي مەنىسى گۇمان ئەمەس، بەلكى خەمىت تۆمۈر ئوتتۇرىغا قويغاندەك «باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش سۆپىتىدە بايان قىلىنغان» ئىش - ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ.

6) يى كۇنشيۇلارنىڭ قارىشى [24]:

يى كۇنشيۇ، گاۋ شىجيېلارنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە راي كاتېگورىيەسى ئۇچكە ئايرىلغان:

(1) بايان راي: ۋاستىسىز بايان رايى (باردىم)، ۋاستىلىك بايان رايى (بېرىپتۇ، سۆزلەيدىكەن)، ئاڭلاتما بايان رايى (كېلەرمىش، قىلىۋاتقۇدەك، قىپتىمىشسەن)، مۆلچەر رايى (كەلمىگەندۇ)؛

(2) بۇيرۇق راي: يازاي، كۆرەيلى بار، كۆرۈڭ، بارسىلام قىلىڭلار، بېرىش، بارسۇن؛

(3) پەرەز رايى: بارسام.

بۇ ئەسەردىكى بايانلار خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ بايانلىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى راي شەكىللىرى تولۇق تىلغا ئېلىنمىغان.





7) كۇرەش مەھمۇتجانلارنىڭ قارىشى [25]:

كۇرەش مەھمۇتجان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابتا راي كاتېگورىيەسى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئۇچلا تۈرگە ئايرىلغان:

(1) بۇيرۇق راي: (يازاي، يازايلى، يازغىن، يېزىڭ، كېلە، يازسىلا، يېزىڭلار، يازسۇن، يازغاي، بېرىۋالغىيدى)؛

(2) شەرت راي: (قىلساڭ)؛

(3) بايان راي: ھازىرقى زامان بايان رايى (ئىشلەۋاتىمەن، يېزىۋاتماقتا، يازماقتا)، ئۆتكەن زامان بايان رايى (بارمىدى، كۆرەتتىم، يېزىۋاتاتتىم، كۈلۈۋىدى، ئوقۇپتىمەن، ئوقۇپتىكەنمەن، ئۇخلاۋېتىپسەن، بەرگەنىكەن)، كەلگۈسى بايان رايى (تۇرىدۇ، بارارمەن).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، راي كاتېگورىيەسىنىڭ ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللىرى بۇ ئەسەردە ئاددىيلا ئۇچ تۈرگە يىغىنچاقلانغان. ئەڭ مۇھىمى رايىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر تولۇق كىرگۈزۈلمىگەن.

### 3. راي كاتېگورىيەسىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى

يۇقىرىقى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى راي كاتېگورىيەسىنى تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرگە ئايرىشنى توغرا تاپتۇق:

تۆۋەندە بۇ شەكىللەرنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرىمىز:

1) بايان رايى

مەنىسى: بايان رايى سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش - ھەرىكەت ۋە مەلۇم ھالەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكىللىرى.

ئىپادىلىنىشى: بايان رايى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل

| | راي | قوشۇمچىلار | مىسال |
|---|---|---|---|
| بايان رايى | ۋاستىتىسىز بايان رايى | ∅ | كەلدى، كەلگەن |
| | ۋاستىتىلىك بايان رايى | ـپتۇ؛ ـكەن | كەپتۇ، بارغانىكەن، بېرىۋېكەن |
| | ئاڭلاتما بايان رايى | ـپتۇدەك؛ ـمىش | بېرىپتۇدەك بېرىپتۇمىش |
| | ئوبيېكتىپ مۆلچەر بايان رايى | ـدۇ \ ـدى ـغۇ دەيمەن | بارغاندۇ يازدىغۇ دەيمەن |
| | سۇبيېكتىپ مۆلچەر بايان رايى | ئوخشا ـ شەخس بولسا-شەخس + كېرەك | يازغان ئوخشايدۇ دېگەن بولسام كېرەك |
| | ئارزۇ رايى | ـغاي \ ـقاي \ ـگەي \ ـكەي | بارغاي، تۇتقاي |
| | زۆرۈرىيەت رايى | ـغۇلۇق \ ـقۇلۇق \ ـگۈلۈك \ ـكۈلۈك | بارغۇلۇق، تۇتقۇلۇق |
| | مەقسەت رايى | ـماقچى \ ـمەكچى | بارماقچى، كەلمەكچى |
| | بۇيرۇق رايى | شەخسلەر بويىچە ھەرخىل | باراي، بارغىن، بېرىڭ، بارسۇن |
| | شەرت رايى | ـسا \ ـسە | بارسا، كەلسە |

تۈرلەرنىڭ ياسىلىشى ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بايان رايى خەممەت تۆمۈر ئېيتقاندەك «ئۆزىگە خاس ھەر خىل زامان شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كۆپ خىللىق گىراماتىكىلىق ھادىسە»[26]. بايان رايىنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھال ـ زامان كاتېگورىيەسىدە كونكرېتلىشىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە پەقەت ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1) ۋاستىتىسىز بايان رايى

ئىپادىلىنىشى: بۇ راي شەكلىنىڭ ئۆزىگە خاس قوشۇمچىسى يوق. ئۆتكەن زامان شەكلى، ھازىرقى ـ كەلگۈسى زامان شەكلى





ۋاستىتىسىز بايان راي مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇرۇلمىسى: V - D - per Ⅰ ; V - i - du - per Ⅱ

مەنىسى: جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۆزلىگۈچى بىۋاستە بىلگەن ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۇرسۇن خوتەنگە كەتتى.*

*b. تۇرسۇن خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.*

*c. مەن ئۈرۈمچىگە 1988 ـ يىلى كەلگەن.*

*d. تۇرسۇن ئۇخلاۋاتىدۇ.*

*e. بىز كەلگەندە تۇرسۇن ئۇخلاۋاتاتتى.*

*f. دادام گەپ سورىغانىدى، تۇرسۇن جاۋاب بەرمىدى.*

*g. تۇرسۇنمۇ بۇ لۇغەتنى ئالماقچىدى، پۇلى يەتمەي ئالالمىدى.*

(2) ۋاستىتىلىك بايان رايى

ئىپادىلىنىشى: ۋاستىتىلىك بايان رايىنىڭ بىرىنچى خىل شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە ياكى تۇسلۇك شەكىللىرىگە « ـ پ»لىق رەۋىشداشقا «تۇر ـ » پېئىلىنىڭ پۈتمىگەن سۈپەتداش شەكلى قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن «تۇرۇر» شەكلىنىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولغان « ـ تۇ < تۇر < تۇرۇر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. ئىككىنچى خىل شەكلى غەيرىي ئۆتكەن زامان شەكلى، « ـ غان»لىق ئۆتكەن زامان شەكلى، « ـ ماقچى»لىق كەلگۈسى زامان شەكىللىرىنىڭ كەينىگە «ئەر ـ » پېئىلىنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش شەكلى قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن «ئەركەن» شەكلىنىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولغان « ـ كەن < ئىكەن < ئېكەن < ئېركەن < ئەركەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. بەزىدە بۇ ئىككى خىل شەكىل قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار.

قۇرۇلمىسى: V–ptu; V–i–du–kän;V–mAKci–kän;V–GAn–kän

مەنىسى: سۆزلىگۈچى جۈملىدىكى ئىشنى ۋاستىلىك بىلگەن

(مەلۇم پاكىتلارغا ياكى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن ياكى يېڭىدىن بىلگەن) ئىش سۈپىتىدە بايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۇرسۇن خوتەنگە كېتىپتۇ.*

*b. تۇرسۇن خەتنى چىرايلىق يازىدىكەن.*

*c. تۇرسۇن ئۆرۈمچىگە 1988 - يىلى كەلگەنىكەن.*

*d. تۇرسۇن ئۇخلاۋېرىپتۇ.*

*e. بىز كەلگەندە تۇرسۇن ئۇخلاۋېتىپتىكەن.*

*f. دادام گەپ سورىغانىكەن، ئۇكام جاۋاب بەرمەپتۇ.*

*g. ئۇلار ئەتە يولغا چىقماقچىكەن.*

*h. تۇرسۇنمۇ بۇ لۇغەتنى ئالماقچىكەن، پۇلى يەتمەي ئالالماپتۇ.*

(3) ئاڭلاتما بايان رايى

ئىپادىلىنىشى: بۇ راي شەكلى ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ، بىرىنچى خىل شەكلى ۋاستىسىز بايان رايى شەكلىنىڭ كەينىگە (بەزىدە « - پ»لىق رەۋىشداشنىڭ كەينىگە)، « - غۇ»لۇق ئىسىمداشلارنىڭ كەينىگە ۋە مەقسەت راي شەكلىنىڭ كەينىگە « - دەك \ - تەك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكلى پېئىللارنىڭ سۈپەتداش شەكلىنىڭ كەينىگە «ئەر - » پېئىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى « - مىش» قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن «ئەرمىش» شەكلىنىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولغان « - مىش < ئىمىش < ئېمىش < ئېرمىش < ئەرمىش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. بەزىدە بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچە « - دەكمىش» شەكلىدە قاتلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

قۇرۇلمىسى: V–ptu–däk ;V–ptäk V–GU–däk ;V–mAKci–däk ;
V–ptu–miš; V–GAn–miš; V–Ar–miš; V–mAKci–miš;





V-ptu-däk-miš; V-GU-däk-miš;

مەنىسى: بۇ راي شەكلى تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

A. جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۇرسۇن خوتەنگە كېتىپتۇدەك.*

*b. تۇرسۇن خەتنى چىرايلىق يازارمىش.*

*c. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېتىم تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى ياردەم بېرىشتىن باش تارتقانمىش.*

*d. تارانچىلار مۇختەر باينىڭ يوقلۇقىدىن بوينىنى قىسىپ قاپتىدەك.*

*e. تۇرسۇن ھەر كۈنى چۈشكىچە ئۇخلىغۇدەك.*

*f. ئابدۇكېرىم ئاباباسوفمۇ نەنجىڭدا ئاكتىپ رول ئويناۋېتىپتەك!*

B. بۇ خىل شەكىل بەزىدە سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى قوشۇلمىغان ياكى تەنە قىلغان تەرزدە بايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شىنجاڭ سىڭنى ھاجى بىلەن بىرلىكتە سورىغۇدەكمىش تېخى، خى - خى - خى.*

*b. مۇشۇنداق قاچاق، كەلگۈندى، ئاقنانچىلارزە ھۆكۈمەت بولۇپ، يۇرت سورىغۇدەكمىش تېخى!*

C. كۆرگەن چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەندە كۆپىنچە ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. چۈشىدە ئۇ دېڭىزدا پاراخوت پالۇبىسىدا كېتىۋاتقاندا، تاغدەك بىر دولقۇن تۇيۇقسىزلا دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقۇدەك...*

*b. بىردەملىك ئۇيقۇدا شۇ قوزغىلاڭ كۈنلىرىدە مەردانىلىك بىلەن قۇربان بولغان راجى بالىنى چۈشەپ قالدى: باش - كۆزى يېرىلغان راجى بالا قېرى قارىياغاچقا باغلاقلىق تۇرغۇدەك،*

*چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئۇنى سوراق قىلىپ ھارغاندىن كېيىن، شامەخسۇتنىڭ ئوردا بەگلىرىدىن پولتاي كۆز قېزىبەگ غوجىغا شىۋىرلاپ بىرنېمىلەر دېگۈدەك، ئاندىن قېزىبەگ غوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن سايىم ئۇچېيگى راجى بالىنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇپ ئېلىۋاتقۇدەك، بېغىشىدىن ئۈزۈۋېلىنغان قىپقىزىل يۈرەك بىر خىلدا لىپىلداپ تۇرغاندا، كۆكرىكى يىرتىق تۇرغان راجى بالا ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك.*

باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىشنى ۋاستىلىك بايان رايىدا ياكى ئاڭلاتما بايان رايىدا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئەمما، ئىككىسىدە پەرق بار: ئاڭلاتما بايان رايى شەكلىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىق تەكىتلىنىدۇ، ۋاستىلىك بايان رايى شەكلىدە بولسا, باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىق تەكىتلەنمەيدۇ، پەقەت ۋاستىلىك ئۇقۇلغان بىر ئىش سۆپەتىدە بايان قىلىنىدۇ.

(4) سۇبيېكتىپ بايان رايى

ئىپادىلىنىشى: بۇ راي شەكلى سىنتېتىك ۋە ئانالىتىك شەكىلدە ياسىلىدۇ. سىنتېتىك شەكلى پېئىلنىڭ سۈپەتداش شەكلىنىڭ كەينىگە «تۇر ـ » پېئىلىنىڭ پۈتمىگەن سۈپەتداش شەكلى قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن «تۇرۇر» شەكلىنىڭ قىسقىرىشىدىن ھاسىل بولغان « ـ دۇ\ ـ تۇ < تۇر < تۇرۇر» قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئانالىتىك شەكلى سوئال يۈكلىمىسى « ـ غۇ» بىلەن «دە ـ » پېئىلىنىڭ غەيرىي ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى «دەيمەن» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

قۇرۇلمىسى: V-GAn-du;

V–D–per I –gu däymän; V–idu–per II –gu däymän

مەنىسى: جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۇبيېكتىپ تونۇش بويىچە مۆلچەرلەپ بايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





*a. بۇ چاغقىچە ئۇلار قايتىپ كەلگەندۇ.*

*b. خاتالاشمىسام، سىز قۇمۇل ياقتىن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن.*

*c. ئەخمەتجان ئۇلارنىڭ زۇۋانىنىمۇ بىلىدۇغۇ دەيمەن!*

*d. سۈت بىلەن يۈز يۇيۇپ، ھەسەل بىلەن ئېغىز چايقايدىغۇ دەيمەن!*

(5) ئوبيېكتىپ بايان رايى

قۇرۇلمىسى: بۇ راي شەكلى ئاساسەن ئانالىتىك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار. بىر خىلى «ئوخشا ـ » پېئىلىغا 2 ـ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكلى پېئىلنىڭ سۈپەتداش شەكلىگە قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر خىلى، شەرت رايى قوشۇمچىسىدىن كېيىن 1 ـ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە «كېرەك» سۆزى قوشۇلغان شەكلى پېئىلنىڭ سۈپەتداش شەكلىگە قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ

قۇرۇلمىسى: V-GAn-oxša-y-per II ; V-sA-per I keräk

مەنىسى: جۈملىدىكى ئىشنىڭ مەلۇم پاكىتلارغا ئاساسەن مۆلچەرلەپ بايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەكبەر باتۇرنىڭ قازاق پالۋانلىرى يۈزگە، سېپىتىنىڭ قىرىققا يەتكەن ئوخشايدۇ.*

*b. ئۇ قىز ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى شۇ قىزنىڭ ھاياتى بىلەن چىڭ باغلانغان ئوخشايدۇ.*

*c. قاسىمجان قەمبىرى، سىزنىڭمۇ ئۇيقۇڭىز قاچقان ئوخشايدۇ ـ دە؟*

*d. سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشىسى سىز بولسىڭىز كېرەك.*

*e. كاڭدا ياتقان ئانا ھەممىنى سېزىپ ياتسا كېرەك، ھېلىدىن ـ ھېلىغا « ئۇھ » تارتاتتى.*

2) ئارزۇ رايى

| ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | ـغاي | تۇر ـ + غاي |
| جاراڭسىز | | ـقاي | يات ـ + ـ قاي |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | ـگەي | كۆر ـ + ـگەي |
| جاراڭسىز | | ـكەي | كەت ـ + ـ كەي |

ئىپادىلىنىشى: « ـ غاي\ ـ قاي \ ـ گەي \ ـ كەي» (V- GAy - perI)

مەنىسى: جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئارزۇ ـ تىلەك تەرزدە ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئارزۇ، تەكلىپ، تەلەپ مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

*a. خوجىنىياز تېخى ياش، نەگە بېرىپ بولسىمۇ جېنىنى ساقلىغاي، بىز ئۇنىڭدىن رازى.*

*b. ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى ئىلاھىم يەر يۇتقاي.*

*c. ــــ خۇدا ئۆمرىڭىزنى قۇت ئاتقۇزغاي، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۇرگەي...*

*d. ئەتىگەن قوپار بولغاي، تۈگۈلۈك ئاچار بولغاي، ئىبغىلىدا كاللىق بولغاي، قوتاندا قويلۇق بولغاي، ئۇچى ئۇزارغاي، تۆۋى يېپىلغاي، توققۇز ئوغۇل بىر قىزلىق بولغاي!*

(2) بۇ شەكىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كەلگۈسى زامان مەنىسىدە قوللىنىلاتتى. شۇڭا، بۇ شەكىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت ئەسەرلەردە «ئارزۇ كەلگۈسى زامان[27]» ياكى «زۆرۈرىيەت كەلگۈسى زامان[28]» دېگەن نام بىلەن بايان





قىلىنغان. مەھمۇد كاشغەرى بۇ شەكىلنىڭ كەلگۈسى زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[29]. بۇ شەكىل هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەردە كەلگۈسى زامان مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ شەكىلنىڭ بۇنداق قوللىنىلىشىنى ۋە مەنىسىنى «پېئىلنىڭ هال ـ زامان كاتېگورىيەسى» بابىدا بايان قىلىمىز.

(4) ياردەمچى پېئىل «ئىد ـ » بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا « V-GAy-id-per I » شەكلى قىسقىراپ « V-Gid-perl » شەكلىگە كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەكتەپ تەلىپىمگە قوشۇلۇپ قالغىيدى.*

*b. يامغۇر چۈشكۈچە ئۆيگە بېرىۋالغىيدۇق.*

*c. ئۇلار گېپىڭنى ئاڭلىغىيدى.*

*d. دادام كەلگۈچە ئۇخلىمىغىيدىڭ.*

(5) سۈپەتداش شەكىللىرىدىن كېيىن «بول ـ » پېئىلىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ۋاستىسىز هۆكۈم باغلامچىسى «ئىد ـ » قوشۇلۇپ ياسالغان شەكلى هال ـ زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ («هال ـ زامان كاتېگورىيەسى»گە قاراڭ).

(6) پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ئاخىرىغا ۋاستىسىز هۆكۈم باغلامچىسى «ئىد ـ » قوشۇلۇپ ياسالغان شەكلى جۈملىدىكى ئىش ـ هەرىكەتنىڭ ئەنسىرەش تەرزدە ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

*a. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار هاجىنىڭ كەيپى بۇزۇلغان مۇشۇنداق پەيتتە، توخنىياز زور بىرەر قاتتىق گەپ قىلىپ قويمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ كېتىشتى.*

*b. ئىشنى گەپ بىلەن بىر تەرەپ قىلىمىز دېگەن ئۈمىدىمىز يوققا چىقمىغىيدى، دەپ ئەندىشە قىلىشىۋاتىمەن.*

*c. زىياۋۇدۇن چىرايلىق ئايالنىڭ سۈتتەك ئاق قوللىرى*

*ئۆزىنىڭ ئۈتلەنگەن كالا پاچىقىدەك قوللىرىغا تىكىپ كەتمىگىىدى دەپ ئەنسىرەپ ئەندىكتى، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئەندىكىپ باقمىغانىدى.*

*d. ۋاي ئىسىت، سوغۇق ئۇرۇۋەتمىگىيدى.*

3) زۆرۈرىيەت رايى

| ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | ـغۇلۇق | تۇر ـ + غۇلۇق |
| جاراڭسىز | | ـقۇلۇق | يات ـ + ـ قۇلۇق |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | ـگۇلۇك | كۆر ـ + ـگۇلۇك |
| جاراڭسىز | | ـكۇلۇك | كەت ـ + ـ كۇلۇك |

ئىپادىلىنىشى: بىرىنچى خىلى: « ـ غۇلۇق \ ـ قۇلۇق \ ـ گۇلۇك \ ـ كۇلۇك» (V– GUlUK)

ئىككىنچى خىلى: « ـ يدىغان»لىق سۇپەتداش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. (V -i/y - diğan)

مەنىسى: جۈملىدىكى ئىشنىڭ شۇ ئىشنى بېجىرگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكى، بېجىرىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىلنىڭ 1 ـ خىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كەڭ ئۇچرايدۇ. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خوتەن شېۋىسىدە ساقلىنىپ قالغان. ئەدەبىي تىلدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەمدى مۇنداق ئىشلارغا ھەرگىز يول قويمىغۇلۇق.*

*b. خوش، هاجى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟*

*c. دەيدىغاننى دېگۈلۈك، يەيدىغاننى يېگۈلۈك، ئىككىلىنىپ ئولتۇرغاننىڭ پايدىسى يوق.*

ئىككىنچى خىل شەكلى كۆپىنچە چوڭلار كىچىكلەرنىڭ





مەلۇم نامۇۋاپىق ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلغاندا قوللىنىلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ئادەتتە ياردەمچى سۆز رولىدىكى «دېگەن» سۆزى بىلەن بىرىكتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ياخشى بالا دېگەن گەپ ئاڭلايدىغان.*

*b. مۇئەللىم دېگەن سەۋرچان بولىدىغان.*

*c. قىز بالا دېگەن ئەدەپلىك بولىدىغان.*

4) مەقسەت رايى

قۇرۇلمىسى: « ـ ماقچى \ ـ مەكچى» (V–mAKči )

مەنىسى: سۇبيېكتىنىڭ جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ شەكىل هازىرغىچە «مەقسەت پېئىلى» دېگەن نام بىلەن بايان قىلىنىۋاتقان، جايىنى تاپالمىغان بىر شەكىل . خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بۇ شەكىلنى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى قاتارىغا قويۇپ بايان قىلىدۇ. بىزنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس. بۇ شەكىل ھەققىدە گۇلنار ئەزىز بۇ شەكىلنىڭ رولى ۋە ئىقتىدارى جەھەتتىن سۇپەتداشلارغا ئوخشايدىغانلىقى، شۇڭا بۇ شەكىلنى «مەقسەت سۇپەتدىشى» دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۇپەتداشلارغا ئوخشايدىغان تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:[30]

(1)« ـ ماقچى \ ـ مەكچى» سۇپەتدىشى « ـ غان \ ـ قان \ ـ گەن \ ـ كەن» سۇپەتدىشى، « ـ دىغان» سۇپەتدىشى ۋە « ـ ر \ ـ ار \ ـ ەر» سۇپەتدىشىغا ئوخشاشلا « ـ بول» ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەسئەت بۇ ماشىنىنى سېتىۋالماقچى بولدى.*

*b. ئۇلار بۈگۈن كىنو كۆرمەكچى بولدى.*

(2) « ـ ماقچى \ ـ مەكچى» سۇپەتدىشى «ئىد ـ ، ئىكەن، ئىمىش، ئەمەس» ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ يەنە يۇقىرىقى ئۈچ خىل سۇپەتداشقا تامامەن

ئوخشايدۇ.

*a. بۈگۈن ئەركىنمۇ كەلمەكچىكەن.*

*b. سائادەت ئەتە سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىمىش.*

(3) ياسىلىشى جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ «-غۇ \ -قۇ» ئىسىمداشلىرىدىن كېيىن «-چى» قوشۇمچىسى كەلگەندەك، «-ماق \ -مەك» ئىسىمداشتىن كېيىن «-چى» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. ئالدىنقىسىنىڭ بولۇشسىزلىق فورمىسى بولمىغىنىدەك، كېيىنكىسىنىڭمۇ بولۇشسىزلىق فورمىسى يوق.

(4) سوراق قوشۇمچىسى «-مۇ» سۈپەتداشلاردىن كېيىن كەلگىنىدەك، بۇنىڭدىمۇ كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ مەكتەپكە يېتىپ بارغانمىدۇ؟*

*b. ئۇ بۈگۈن ئۆيگە كەلمەكچىمىكەن؟*

(5) تەكىت يۈكلىمىسى «-غۇ» «-غان \ -قان» سۈپەتدىشىغا قوشۇلغاندەك بۇنىڭغىمۇ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سەن ئۇ ساياھەت رايونىغا بارغانغۇ؟*

*b. سەن كورلىغا بارماقچىغۇ؟*

(6) جۈملىدە «-غان \ -قان \ -گەن \ -كەن» سۈپەتدىشى خەۋەر بولغىنىدەك، بۇمۇ خەۋەرلىك رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*مەن ئۈرۈمچىگە بارغان \ بارماقچى.*

جاڭ دىڭجاڭ ئەپەندىمۇ قازاق تىلىدىكى مۇشۇ خىل قۇرۇلمىنى «مەقسەت سۈپەتدىشى» دېگەن نامدا بايان قىلىدۇ[31].

بىزنىڭچە، بۇ شەكىلنىڭ «مەقسەت پېئىلى» دېگەن نامى ئېلىشى خاتا ئەمەس، ئەمما بۇ شەكىلنىڭ ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداشلار بىلەن تەڭداش تۇرۇشى توغرا بولمىغان. بىز گۈلنار ئەزىز ۋە جاڭ دىڭجىڭلارنىڭ بۇ شەكىلنى سۈپەتداش قاتارىغا قويۇشىغىمۇ قوشۇلمايمىز. سەۋەبى:

بىرىنچىدىن، بۇ شەكىل سۈپەتداشلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم شەرت ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك





بىرىكمىلەرنى ئېنىقلاپ كېلىش شەرتىنى ھازىرلىمىغان.

ئىككىنچىدىن، بۇ شەكىل باشقا سۈپەتداشلاردەك ئىسىملىشىپ، ئىسىم رولىدا كېلەلمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، گۈلنار ئەزىز يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ئورتاقلىقلار ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك ئەمەس، ئەگەر شۇ ئورتاقلىقلارغا ئاساسلىنىپ مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىلنىڭ سۈپەتداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا توغرا كەلسە، «-غۇچى \ -قۇچى \ -گۈچى \ -كۈچى» شەكىللىرىنى ۋە بىر قىسىم رەۋىشداشلارنىمۇ سۈپەتداش ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز بۇ شەكىلنىڭ رولى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، باشقا تەركىبلەر بىرىكىش ئىقتىدارى قاتارلىق تەرەپلەردىن تەكشۈرگىنىمىزدە بۇ شەكىلدە ئىپادىلىنىۋاتقىنى ئارزۇ رايى ۋە شەرت رايىغا ئوخشاش بىر راي مەنىسىنى يەنى، مەقسەت رايىنى ئىپادىلەۋاتقىنى مەلۇم بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى:

(1) بۇ شەكىل ئاساسەن مەقسەت قىلىنغان، يېقىن كەلگۈسىدە بېجىرىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAKči

*a. تۇرسۇن بىر كۈن تۇرۇپلا كەتمەكچى بوپتۇ.*

*b. شۇ كىتابتىن مەنمۇ ئالماقچىمەن.*

*c. سەن نېمە قىلماقچى؟*

(2) ياردەمچى پېئىل «بول-» بىلەن بىللە كېلىپ، ياكى «-چى» قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىلدە يالغۇز ياكى ياردەمچى پېئىل «بول-» بىلەن بىللە كېلىپ شۇ شەكىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بېجىرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAK bol-/mAKči bol-

*a. ئۇلار شۇ كۈنىلا كەتمەكچى بولدى.*

*b. ياڭ زىڭشىن ئۇنى كۆزىدىن يوقاتماقچى بولىدۇ.*

*c. مەڭلىك نىياز بىلەن باشقا يىگىتلەر بۇنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قوغلىماقچى بولدى.*

5) بۇيرۇق رايى

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | ـي \ ـ اي \ ـ ەي | ـيلى \ ـ ايلى \ ـلەيلى |
| 2 ـ شەخس | ئۆزەك شەكلى<br>ـغىن \ ـقىن \ ـگىن \ ـكىن | ـڭلار \ ـ ىڭلار \ ـۇڭلار \ ـۈڭلار |
| | ـڭ \ ـ ىڭ \ ـۇڭ \ ـۈڭ | ـڭىزلار \ ـ ىڭىزلار |
| | ـسىلا \ ـسىلە | ـشىسىلا \ ـشىسىلە \ ىشىسىلا \ ـ شىسىلا \ ۇشىسىلا \ ـۈشىسىلە |
| | | ـش \ ـىش \ ـۇش \ ـۈش |
| 3 ـ شەخس | ـسۇن | |

ئىپادىلىنىشى:

مەنىسى: جۈملىدىكى ئىشنىڭ تەلەپ قىلىش، بۇيرۇش، قوشۇلۇش، دەۋەت قىلىش، تىلەكداشلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى:

(1) سۆزلىگۈچىنىڭ قارشى تەرەپكە ئۆزى بىجىرىۋاتقان ھەرىكەت ھەققىدە ئۆتۈنۈش، ئۈمىد، تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، 1 ـ شەخس بىرلىك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ شەكىل جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا.*





*b. مەن نەيزىنىڭ ئۇچى بولۇپ، قايسى تەرەپكە شىلتىسىڭىز، شۇ يەرگە بېرىپ سانجىلاي.*

*c. مەن سىزنى شۇ كىشى بىلەن ئۇچراشتۇراي، ئەپەندىم.*

(2) سۆزلىگۈچى قارشى تەرەپنى مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى بىللە ئورۇنلاش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەندە ياكى ئۇنى چاقىرىق قىلغاندا، 1 ـ شەخس كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ شەكىل تەكلىپ، چاقىرىق مەنىسىدىن باشقا، شوئار، تەشۋىقات مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. — ئۇرايلى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى! — دەپ ۋارقىراشتى ئەسەبىيلەر.*

*b. قېنى خەلپىتىم، ھېكايىڭىزنى ئاڭلايلى.*

*c. يەرلىكلەرنىڭ مۇتىۋەرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتەيلى، سوۋغا ـ سالامنى ئايىمايلى.*

بۇ شەكىل بەزىدە يەنە تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

بەزىدە 1 ـ شەخس كۆپلۈك شەكلى 2 ـ شەخس بىرلىك ياكى كۆپلۈك ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ چاغدا يېقىنلىق، تەكەللۇپ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھە قېنى، قەغەزنى كىرلەشتۈرۈۋەتمەيلى، قېرىنداشنى سۈندۇرۇپ قويمايلى.*

*b. قېنى قىزىم، چىراغنى بۇرۇنراق يېقىۋېتەيلى.*

(1) سۆزلىگۈچى قارشى تەرەپنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلىشىنى بىۋاستە بۇيرۇق قىلغان، تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا 2 ـ شەخس شەكلىنى ئىشلىتىدۇ. 2 ـ شەخس شەكلى بىرقانچە خىل شەكىلگە ئىگە، بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاز ـ تولا پەرق بار. 2 ـ شەخس ئاددىي تۈرنىڭ ئۆزەك شەكلى ئادەتتىكى بۇيرۇق، تەلەپنى، يەنى ئالاھىدە ھۆرمەت تەلەپ قىلىنمايدىغان (قارشى تەرەپ سۆزلىگۈچىدىن ئورۇن، ياش، دەرىجە قاتارلىق تەرەپلەردە تۆۋەن تۇرىدىغان بولسا) ئەھۋالدا ياكى مۇناسىۋىتى بەكمۇ يېقىن

بولغان، تەكەللۇپ تەلەپ قىلمايدىغان ئەھۋالدا، يەنە ماقال ـ تەمسىللەردە ئىشلىتىلىدۇ؛ « ـ غىن \ ـ قىن \ ـ گىن \ ـ كىن» شەكلى تەكەللۇپ، يېقىنلىق مەنىلىرى قوشۇلغان هالدا يېقىن كىشىلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ؛ سىپايە ياكى هۆرمەت تۈرى سۆزلىگۈچىنىڭ سىلىق، ئېهتىياتچان پوزىتسىيەدە ئۆزىدىن ئورۇن، ياش، دەرىجە قاتارلىق تەرەپلەردە يۇقىرى تۇرىدىغان ئوبيېكتلارغا ئىشلىتىلىدۇ؛ سەتلىمە تۈرى ناهايىتى قوپال، سەت تەلەپپۇزدا ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئوبيېكتلارغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-ø; V-Gin; V-(X)ŋ; V-silA; V-(X)ŋlar; V-(X)s-silA; V-(X)š

a. *ماڭ، چاپسان بېرىپ، ئاتنى ئېگەرلەپ كەل.*

b. *ـــ قوپ شەيخ ماموتخان، سەن بىردەم ئۇخلىۋالغىن، ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋەتمە، ئۇنداق قىلمىغىن...*

c. *ـــ بېگىم، بىزنى ئەپۇ قىلسىلا، يۇرتنى تاشلىمىسىلا!...*

d. *ئىككىڭلار مەسئۇل بولۇپ ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار.*

e. *ھەممىلىرىگە ئەلۋىدا، مەندىن رازى بولۇشسىلا.*

f. *نېرى تۇرۇش، بولمىسا ئوق چىقىرىمەن.*

(4) بۇيرۇق رايىنىڭ 3 ـ شەخس شەكلىنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك پەرقى يوق، ئەمما ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرىدا خېلىلا پەرق بار:

A. سۆزلىگۈچىنىڭ قارشى تەرەپ ئارقىلىق 3 ـ بىر كىشىگە ئارزۇ، بۇيرۇق، تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇ شىڭ دۇبەنگە ئېيتسۇن، يولسىزلىقنى چەكلىسۇن.*

b. *قاراڭغۇ چۈشكۈچە يولغا چىقسۇن، بۇ يەردە كەچ قالسا يول ئەنسىز، هاۋا سوغۇق.*





c. *ـــ ھە، ماڭ جۇگۇ، شەمىكاڭغا ئېيت، ئۇ قاتتىن مۇختەر باي ئېزىپ كېلىپ قاپتىكەن، بىر پاقلان بەرسۇن دەيدۇ دە!*

d. *ئۇ قانچە دەپتەرگە ئېتىلسۇن، ئېسىلسۇن، كۆمۈلسۇن دېگەندەك ئىمزالارنى قويۇپ، قانچىلىغان رەھىمدىل ئادەملەرنى ئازابلىمىدى؟*

B. قارشى تەرەپكە ياكى 3 ـ تەرەپكە بولغان تىلەكلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ياراتقان ئىگىسى ئامانچىلىق بەرسۇن، يېرىمىزگە كۆز تەگمىسۇن!*

b. *ـــ ئامىن، ئاللا قۇت نېسىپ قىلسۇن، ـــ ھەممە قازىنىڭ باشچىلىقىدا دۇئا قىلدى.*

c. *قوللار يەنە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، «ئامىن، ئامىن!» دېگەن سۆزلەر بىلەن «ياشىسۇن غازى خوجىنىياز هاجى ئاتىمىز، ياشىسۇن!»، «ياشىسۇن قەھرىمان پىدائىيلىرىمىز، ياشىسۇن!» دېگەن ياڭراق شوئار سادالىرى كۆككە ئۆلاشتى.*

C. قايتۇرما سوراق جۈملىدە، ئىشلىتىلىپ، كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن سىلىشتۇرما هالدا سۆزلىگۈچىنىڭ ئىچ ئاغرىتقان، ئەمما ئامالى بولمىغان سۇبيېكتنى (1 ـ شەخس شەكىللىرى بۇ مەنىدە قىسمەن ئىشلىتىلىدۇ) ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *قېرىغىنىدا ئوغلىدىن مەھرۇم بولۇشتەك قورقۇنچلۇق تەقدىرنى ئۇ قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن!*

b. *ئۇ يەنىلا بەش پەرزەنتىنىڭ ئانىسى ئىدى، مۇبادا تايانچ ئۆرۈلسە، بۇ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار دەردىنى كىمگە ئېيتسۇن!؟*

c. *قاراپ تۇرۇپ ئۆيىنىڭ بۇ تايانچى ئۆرۈلسە ئۇ قانداقمۇ چىدىيالىسۇن.*

D. «مەيلى» باغلىغۇچىسى بىلەن بىللە ئالدىنقى تارماق

جۈملىدە كۆرۈلۈپ ياكى «مەيلى...مەيلى»، «مەيلى...ياكى»، «خاھى...خاھى» شەكلىدە كۆرۈلۈپ، قارشىلىق بېقىندى جۈملە قۇرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەيلى كىم كەلسۇن، قانداق ۋاقىتتا كەلسۇن، باشقىلارنى تورسۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.*

*b. تۈزۈم نېمە بولسا بولىۋەرسۇن، خەلق زۇلۇم تارتمىسىلا، راھەت ياشىسىلا بولاتتى!*

*c. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى دۈبەنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلدىم دېگىنى مەيلى راست، مەيلى يالغان بولسۇن، مېنىڭ ئۇيقۇمنى ئېچىپ قويدى.*

6) شەرت رايى

ئىپادىلىنىشى : (V-sA-perI)

مەنىسى: جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ئىش ـ ھەرىكەت ئۈچۈن شەرت ياكى پەرەز قىلىنغان ئىش

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | ـسام \ ـسەم | ـساق \ ـسەك |
| 2 ـ شەخس | ـساڭ \ ـسەڭ | ـساڭلار \ ـسەڭلار |
| | ـسىڭىز | ـسىڭىزلار |
| | ـسىلا \ ـسىلە | ـشىسىلا \ ـىشسىلا<br>ـىشسىلا \ ـىشسىلا<br>ـۋشىسىلا \ ـۋشىسىلەر<br>ـشىساڭ \ ـشىسەڭ<br>ـىشساڭ \ ـىشسەڭ<br>ـۋشىساڭ \ ـۋشىسەڭ |
| 3 ـ شەخس | ـسا \ ـسە | |





ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى:

شەرت رايىنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى خىلمۇخىل، شۇنداقلا ئۇ باشقا شەكىللەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. شەرت رايى ئومۇمەن تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

(1) جۈملىدىكى ئىشنىڭ يەنە بىر ئىش ئۈچۈن شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ــ لايغا بىرلا ئېغىنىۋالسا، ئوقمۇ ئۆتمەيدۇ جۇمۇ!*

*b. مۇشۇنداق ئادەمگىمۇ يالغان ئېيتسا، خۇدا راۋا كۆرەمدۇ ؟*

*c. ئۇ يادىغا يەتسىلا، ۋۇجۇدى قويۇنغا يولۇققان قورايدەك سىلكىنىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى يادىغا يەتسىلا، كۆزلىرىگە ياش كېلىدۇ، ئۇكىلىرىنى ئويلىسا، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدۇ.*

(2) پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ پەرەز تەرىقىسىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

*a. تورپاق سالىغۇ يېگىرمە يىلنى توشقۇزسا، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتالىشى مۇمكىن.*

*b. ئۆلگۈسى كەلگەن بولسا، تاغقا چىقسۇن.*

*c. ھايات بولغان بولسا، ئۇ كىشىمۇ شۇنداق تەۋسىيەدە بولار ئىدى.*

(3) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ بىر ئىش ياكى ھالەت بىلەن قارىمۇقارشى ھالەتتە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

*a. ئىزدەپ كەلسەم، يوق ئىكەنسەن.*

*b. مەن سورىسام، بەرمىدى.*

(4) تەڭداش جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى بولۇپ، بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇنداق چاغلاردا مەھەللىدە خورازلار جىمجىتلىقنى مەدھىيەلەشكەندەك بەس ـ بەس بىلەن چىللاشسا، تېرەكلەرنىڭ*

تۈپ شاخلىرىنى ئېگىپ قونۇۋالغان قاغىلار گويا ئومۇمىي خور ئورۇندىشىۋاتقاندەك قاقىلدىشىپ پەسىل گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشىدۇ.

b. كىم خەلقنى ساتسا، ئۇنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ؛ كىم ھەق گەپ قىلسا، ئۇنىڭ تىلى كېسىلىدۇ؛ كىم رەزىللىكنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ كۆزى ئويۇلىدۇ...

c. ھېلى ئۇنى دېسەڭ، ھېلى بۇنى دېسەڭ، قانداق قىلساق بولىدۇ؟

(5) «-مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن بىرىكىپ، تولۇقسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ ۋە جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقا بىر ئىشقا قارشى كەلسىمۇ، داۋاملىشىۋېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. خوراز چىللىمىسىمۇ تاڭ ئېتىۋېرىدۇ.

b. ھېلىغۇ سەنكەنسەن، داداڭ كەلسىمۇ كارىم يوق.

c. ھېلىغۇ ئاشۇ بايلىقىڭنى بېرىدىكەنسەن، توپىلاڭچى قاچقۇنلارنىڭ بەش تۈلۈم ئالتۇنىنى بەرسەڭمۇ نىيىتىمدىن يانمايمەن.

d. ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەيمەن يارىم ئەتمىگەن ئاشنى!

(6) ئارزۇنى بىلدۈرىدۇ.

a. ياز بولسا قىش بولمىسا، ئاش بولسا ئىش بولمىسا.

b. ئىش قىلماي ئاق نان يېسەم، قوي باقماي پاقلان يېسەم.

c. ئەتە قېشىمغا بىر كەلسىڭىز.

(7) «ئىكەن» ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىرىكىپ ئارزۇ، تەكلىپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ھېلىمۇزە، تۆمۈر خەلىپىدەك يەنە بىر ئەر چىقسىكەن دەپ خۇدايىمدىن تىلەيمەن.

b. بىز سىزنى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەرسىكەن دەپ





ئۈمىد قىلىۋاتىمىز.

c. بۇ يەردە سۆھبەت باشلانغاندا، ماڭىمۇ مەخپىي يولىيورۇق بەرسىكەن دەپ تىلەيمەن.

(8) ياردەمچى پېئىل «ئىد-» بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئارمان تەرىقىسىدە ئىپادىلەنگەنلىكىنى ياكى يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئىلاھىم ئىككىسى سوقۇشىسىدى.

b. — ئىلاھىم بۇ شىپاڭ دېگەنگە زاۋاللىق كېلىپ، خەلق كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرسىدى.

c. بۇنداق چاغدا رۇسۇلوف ياكى رەخىمجان بولغان بولسىدى، ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەت بەرگەن بولاتتى.

d. چورۇق ھېكىم تىرىلسىدى، پارىخور ئەمەلدارلارنى دەررىگە بېسىپ راسا ساۋىسا بولاتتى.

e. ئەمەل تۇتقانلىكى ئادەم دېھقاننى ئويلىسىدى، بۇ دۇنيادا ئادالەت، پاراغەت راۋاج تاپالىغان بولاتتى.

(9) ياردەمچى پېئىل «بول-» غا قوشۇلغان جۈملىلەردە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەردىكى «بول-» چۈشۈپ قالسىمۇ جۈملە مەنىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ.

a. ما جۇڭيىڭنىڭ ياللاڭباشتاق بىر قۇر كۆڭلەك - تامبال بىلەنلا قالغان چېرىكلىرى بولسا، دەل - دەرەخسىز قاراڭغۇ ئايدالادا پاناھلانغۇدەك جاي تاپالماي تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

b. پادىشاھ ۋە بايلار بولسا، ئۆزىنىڭ ئوردا - سارىيىدا گۈزەل خېنىملىرى بىلەن شامپان ئىچىپ، تانسا ئويناپ ھۇزۇر قىلىشىۋېرىدۇ.

c. ھېلىقى ئايال بولسا، تېخىچىلا ھوشىغا كېلەلمەي، بالىسىنى قۇچاقلاپ مۈردىدەك قېتىپ تۇراتتى.

d. يان تەرەپتىن بولسا، قاتتىق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

## § 6. هال كاتېگورىيەسى

### 1. مەنىسى

هال كاتېگورىيەسى پېئىللارنىڭ مۇھىم بىر گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەسى بولغان زامان كاتېگورىيەسى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ۋاقىت ئۇچۇرىنى يەتكۈزىدىغان كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ.

هال كاتېگورىيەسى دېگىنىمىز پېئىلنىڭ تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئارقىلىق پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەلۇم بولىدىغان ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىپادىلەيدىغان فۇنكسىيەلىك كاتېگورىيە. هال كاتېگورىيەسى ــ ئۇ بىر خىل ياكى بىر تۈردىكى تىل ھادىسىلىرى (گىراماتىكىلىق شەكىللەر) ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى زور مىقداردىكى ئوخشىمىغان تىل ھادىسىلىرى ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان كاتېگورىيە. هال كاتېگورىيەسى ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارغا ئىگە ئەمەس. ئۇ تىلىدىكى مەلۇم گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەر ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادە قىلىدىغان تەۋە گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان فۇنكسىيەلىك كاتېگورىيە. هال ھەققىدە ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات قەدىمكى يۇناندا باشلانغان. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ستوك (Stoic) ئېقىمىدىكىلەر گرېك تىلىنى تەتقىق قىلىپ هال كاتېگورىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشىنى ۋە پۈتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى خىل هال ـ زامانىنى ئايرىپ چىققان㉜. ئېنىقكى ئۇ زامانلاردا هال تەتقىقاتى زامان تەتقىقاتىدىن ئايرىپ چىقىلمىغان. هالەت تىپى㉝ تەتقىقاتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەتقىقاتلار پلاتو (347 ــ Plato 427) نىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلىدۇ ۋە ئارىستوتېل (322 ــ Aridtotele384) نىڭ








«مېتافىزىكا» (11 ـ باب) ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ㉞. ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە تۈس پېئىلنىڭ مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلىرىدە ئىپادىلىنىپ، گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ھاسىل قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. كومرىينىڭ «هال» ناملىق ئەسىرى هال كاتېگورىيەسىگە بېغىشلانغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 2005 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىدى㉟. بۇ ئەسەردە هالنىڭ تەبىرى، ئىپادىلىنىش شەكلى، تۈرلىرى ۋە زامان بىلەن هالنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئىنتايىن ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. كومرىينىڭ قارىشىچە: «هال هالەتنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى قوللىنىدىغان ئوخشىمىغان كۆزىتىش شەكلى. ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى بولسا سۆزلەۋاتقان ۋاقىت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئەكس ئەتكەن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سۆزلەۋاتقان ۋاقىت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋاقىت ‹زامان›غا مۇناسىۋەتلىك... هالنىڭ ئاساسلىق كۆزىتىش شەكىللىرىدىن پۈتكەن هال ۋە پۈتمىگەن هال ㊱ دېگەن ئىككى تۈرى بار. پۈتكەن هال هالەتنى سىرتتىن كۆزىتىدۇ ۋە هالەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى پەرقلەندۈرمىسىمۇ بولىدۇ.

پۈتمىگەن هال تەكرار هال [37] ۋە داۋام هال [38] دەپ بۆلۈنىدۇ؛ داۋام هال يەنە ئىزچىل هال [39] ۋە غەيرىي ئىزچىل هال [40] دەپ بۆلۈنىدۇ.» [41]

كومرى هال كاتېگورىيەسىنى تۆۋەندىكىچە ئىسخېمىلاشتۇرىدۇ [42]:

ئۇيغۇر تىلىدا هال كاتېگورىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونجى قېتىم خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ تىل پاكىتىنى بايقىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر سەكرەش ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ قارىشى بىزدە تېخى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخى دېگەندەك تەتبىقلانمىدى. گەرچە خەمىت تۆمۈرنىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ زامان ھەققىدىكى قاراشلىرى قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىستېمال قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ هال ھەققىدىكى بايانلىرى دېگەندەك دىققەتكە ئېرىشەلمىدى.

هازىرقى ئەڭ يېڭى تەتقىقاتلار پېئىللارنىڭ ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللىرىدە ئىپادىلىنىدىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى يىغىنچاقلاشتا هال بىلەن تۇس پەرقلىق ئىككى كاتېگورىيەگە مەنسۇپ دەپ قارالماقتا[41][42]. ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، هال بىلەن تۇسنى ئايرىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋاقىت سىستېمىسىنى تەسۋىرلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى گەرچە هال كاتېگورىيەسىنى تىلغا ئالغان ۋە هال كاتېگورىيەسىنىڭ ئەزالىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ تەبىرى، ئىقتىدارى، تۇس بىلەن پەرقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى تىلغا ئالمىغان.

تىلشۇناسلىق لۇغەتلىرىدە بىز ئادەتتە «تۇس» دەپ ئاتەتلەنگەن گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە خەنزۇ تىلىدا «体»، ئىنگلىز تىلىدا «aspect» دېگەن نامدا بايان قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ





يەردىكى «体» دەل هالنى كۆرسىتىدۇ [43]. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ مەزمۇنلار گەرچە «هال كاتېگورىيەسى» دېگەن نام بىلەن تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە بولغان تۇس نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى خېلى بار[44]. چەت ئەللەردە هال كاتېگورىيەسى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ مول. 2006 ـ يىلىغا قەدەر 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە بىننىك (R. I. Binnick) نىڭ تور بېتىدە هال ـ زامان ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالە 8000، ئەسەر 1000 پارچىغا يەتكەن[45].

ئۇيغۇر، رۇس تىلىدىكى تۇس نۇقتىسىدىن تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغان كىبىروف تۈركىي تىللاردا تۇس يوق دەپ خۇلاسە چىقارغان[46]. بۇنىڭغا مۇناسىپ لېتىپ توختى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ساددىچە رۇس تىلىغا ئوخشاش ياۋروپا تىللىرىدىكى پېئىللارنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان پۈتكەن ۋە پۈتمىگەن تۇس مەنىسىدىن ئالتاي تىللىرىدىكى مۇناسىپ شەكىللىرىنى ئىزدىسەك، ئالتاي تىللىرىدا تۇس يوق دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز[47].» ئەمما، ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئالتاي تىللىرىدا تۇس مەۋجۇت. بۇ تۇس شەكىللىرى فۇنكسىيە جەھەتتىن ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشكە قادىر بولسىلا ئۇ هال كاتېگورىيەسىنىڭ بىر ئەزاسى بولىدۇ.

## 2. هال كاتېگورىيەسى بىلەن تۇس كاتېگورىيەسىنىڭ پەرقى ۋە مۇناسىۋىتى

هازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت تەتقىقاتلاردا پەقەت تۇس كاتېگورىيەسى تىلغا ئېلىندى. بۇنداق بولۇشى بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت ئۇقۇمى بىلەن زامان ئۇقۇمىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىمىزدىن، گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە بىلەن فۇنكسىيەلىك كاتېگورىيەنى

پەرقلەندۈرمىگەنلىكىمىزدىن بولغان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇيغۇر تىلىدىكى هال كاتېگورىيەسى بىر خىل فۇنكسىيەلىك كاتېگورىيە. تۇس كاتېگورىيەسى بولسا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. بۇ ئىككىسى قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىدىمۇ ئەمەس، ئۆز ئىچىگە ئېلىش ـ ئېلىنىش مۇناسىۋىتىدىمۇ ئەمەس. هال كاتېگورىيەسى تۇس ۋە راي كاتېگورىيەسىدىكى شەكىللەرنىڭ رولى، ئىقتىدارى نۇقتىسىدىن يىغىنچاقلانغان بىر كاتېگورىيە.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىلىدا تۇس كاتېگورىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى هال كاتېگورىيەسى بىلەن تۇس كاتېگورىيەسىنىڭ ئەڭ تىپىك پەرقى شۇكى، تۇس كاتېگورىيەسى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز، پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ داۋاملىشىش جەريانى ياكى دەرىجىسى هەققىدىكى سۇبيېكتىپ قارىشى ياكى قوشۇمچە سۈپەتلىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ئاساسىدىكى بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە. هال كاتېگورىيەسى بولسا ئىش ـ هەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەلۇم بولىدىغان ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ئاساسىدىكى بىر خىل فۇنكسىيەلىك كاتېگورىيە. دېمەك، تۇس ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتسىز، هال بولسا ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك كاتېگورىيە. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، تۇس كاتېگورىيەسىنىڭ ئەزالىرى ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ۋاقىت ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، بۇ شەكىللەر فۇنكسىيە نۇقتىسىدىن هال كاتېگورىيەسىنى تەشكىل قىلىدۇ.





### 3. زامان كاتېگورىيەسى بىلەن «هال» كاتېگورىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتى

زامان كاتېگورىيەسى بىلەن هال ئوخشىمىغان ئىككى خىل كاتېگورىيە. ئادەتتە جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ۋاقىت ئۇچۇرى زامان، هال، راي كاتېگورىيەلىرىنىڭ كونكرېت گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە بۇلار ئوخشاشلا خەۋەر پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ۋاقىت ئۇچۇرىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ. زاماننىڭ تەسۋىرلەيدىغىنى هەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىت، هالنىڭ چۈشەندۈرىدىغىنى هەرىكەت ئىجرا بولۇش جەريانىدا قانداق باسقۇچ ياكى هالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى. شۇڭا، زامان بىلەن هالنىڭ چېگراسىنى ئاجرىتىۋالغىلى بولىدۇ. هەرىكەتنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى تەكىتلەشتە، زامان شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدا زامان بىلەن هال دائىم ئارىلىشىپ كېلىدۇ. شۇڭا، بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىلىدىكى زامان كاتېگورىيەسىنى «هال ـ زامان كاتىگورىيەسى» دېگەن نامدا تەتقىق قىلىدۇ[48].

زامان بىلەن هالنىڭ پەرقى ئەڭ ئاۋۋال ئۇ ئىككىسىنىڭ جۈملىدىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بايبى (Baybee) ۋە ئۇنگېرېر(Ungerer)، شمىد (Schmid) قاتارلىقلار زامان ۋە هال بەلگىلىرىنىڭ پېئىل ئۆزىكىدىكى ئوخشاش ئورۇنلۇق[49] مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ ئوخشاشلىق[50] نەزەرىيەسى بىلەن ئەنئەنىۋى گىراماتىكا دىققەت قىلمىغان بىر مەسىلىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ بايقىشىچە، نۇرغۇن تىللاردا هال بەلگىلىرى زامان قوشۇمچىلىرىغا قارىغاندا پېئىل ئۆزىكىگە يېقىنراق تۇرىدىكەن، زامان بەلگىلىرى بولسا، تۇس بەلگىلىرىگە قارىغاندا پېئىل ئۆزىكىگە يېقىنراق تۇرىدىكەن . مەسىلەن:

a . She was working at that time .
b . She worked a lot at that time .
c . She could swim when she was thre .
d . She swim–could when she was there .*

a جۈملىدە ھال بەلگىسى ing - زامان بەلگىسى be نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى was قا قارىغاندا پېئىل ئۆزىكى work قا يېقىن تۇرغان؛ ھال بەلگىسى بولمىغان ئەھۋالدا b جۈملىدىكى زامان بەلگىسى ed - ئۆزەككە يېقىنلىشالىغان، تۇس ياردەمچىسى زامان بەلگىسى ed - گە قارىغاندا ئۆزەكتىن يىراق تۇرىدۇ. شۇڭا، b جۈملە قائىدىگە ئۇيغۇن جۈملە ھېسابلىنىدۇ، d جۈملىدە تۇس ياردەمچىسى could ئۆزەككە بەك يېقىن تۇرۇۋالغان، شۇڭا بۇ جۈملە قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەھۋالمۇ ئاساسەن ئىنگلىز تىلىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ:

*a . مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن.*
*b . مەن ماقالە يېزىپ بولدۇم.*
*c . مەن ماقالە يازدىم.*

a جۈملىدە ھال بەلگىسى [-iwat-] ئۆتكەن زامان بەلگىسى {-d-} غا قارىغاندا ئۆزەك «ياز - » غا تېخىمۇ يېقىن تۇرغان، b جۈملىدىكى ھال بەلگىسى [-p bol-] ئۆتكەن زامان بەلگىسى {-d-} غا قارىغاندا ئۆزەك «ياز - » غا تېخىمۇ يېقىن تۇرالىغان، c جۈملىدە ھال بەلگىسى كۆرۈلمىگەن شارائىتتا ئۆتكەن زامان بەلگىسى {-d-} غا قارىغاندا ئۆزەك «ياز - »دىن كېيىنلا كېلەلىگەن.

يۇقىرىقى مىساللاردىن قارىغاندا، زامان بىلەن ھال بەلگىلىرىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ئوخشىمايدۇ. زامان بىلەن ھال ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلىگۈچى گىراماتىكىلىق ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ رولى ۋە فۇنكسىيەسىدىمۇ پەرق بار. كومرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، زامان ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز





بېرىشى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە؛ ھال سۆزلىگۈچىنىڭ بەلگىلىك نۇقتىدىن ھالەتنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنىڭ داۋاملىششىنى كۆزەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان فۇنكسىيەلىك كاتېگورىيە. شۇڭا، ئىككىلىسى ۋاقىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە خېلى زور دەرىجىدە سۇبيېكتىپلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. لېكىن، زامان ھالەت (ئىش)نىڭ تاشقى ۋاقتىنى سۇبيېكتلاشتۇرىدۇ، ھال بولسا ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن پارچىلايدۇ ۋە تونۇيدۇ. زامان بولسا ئىش ۋاقتى بىلەن سۆزلەش ۋاقتىنى بىرلەشتۈرىدۇ، شۇڭا زامان بىر خىل كۆرسىتىش[52] كاتېگورىيەسى دەپ؛ ھال بولسا غەيرىي كۆرسىتىش كاتېگورىيەسى دەپ قارىلىدۇ[53]. كېلىپىنىڭ قارىشىچە، زامان بىلەن ھال ئوخشاشلا ۋاقىتنى كۆرسىتىش ۋاستىسى، زاماننىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى سۆز ۋاقتى بىلەن سۆز تېمىسى ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھالنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى بولسا ھالەت ۋاقتى بىلەن سۆز تېمىسى ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت[54]. رېيشېنباخ (Reichenbach) ئوتتۇرىغا قويغان ئىش ۋاقتى[55] (ET)، سۆز ۋاقتى[56] (ST) ۋە بەلگە ۋاقىت[57] (RT)قا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۆز تېمىسى ۋاقتى دېگىنى ئىش ۋاقتىغا، ھالەت ۋاقتى دېگىنى بەلگە ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزنىڭ تاشقى ۋاقتى بىلەن ئىش ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زامان بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تاشقى مۇناسىۋەتكە كىرىدۇ؛ ھال ئىپادىلەيدىغىنى ئىش ۋاقتىنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى سۆزنىڭ تاشقى ۋاقىت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن ۋاقىت قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ھالنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى

ئىش ۋاقتى بىلەن بەلگە ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بىر خىل ھەرۋاقىت داۋاملىشالايدىغان ئىچكى جەريان، يەنى ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىپادىلەنگەن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن، پۈتكەن ھال، پۈتمىگەن ھال، ئىزچىل ھال دېگەندەك. شۇڭا، بەلگە ۋاقىت بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت بولمايدۇ. ئىككىسىنى ئىش ۋاقتى باغلاپ تۇرىدۇ.

كېلىپىنىنىڭ كۆرسىتىشىچە بەلگە ۋاقىت سۆزنىڭ چەكلىمىسىز بۆلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۆزنىڭ چەكلىمىسىز بۆلىكى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن چەكلىمىلىك قىسمى (مەسىلەن، زامان بەلگىلىرى) نى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان قىسمى. بەلگە ۋاقىت سۆزنىڭ چەكلىمىسىز قىسمىنى تەسۋىرلەيدىغان ئىشنىڭ مەۋجۇت ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بەلگە ۋاقىت بىلەن زاماننىڭ مۇناسىۋىتى يوق. يەنى بەلگە ۋاقتىنى زامان ئىپادىلىمەيدۇ. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

*a. تۇرسۇن مەكتەپكە بارغانىدى.*

*b. تۇرسۇن مەكتەپكە باراتتى.*

كېلىپىنىنىڭ قاراشلىرى بىلەن لېتىپ توختىنىنىڭ تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ۋە INFL (زامان ۋە شەخس) ھەققىدىكى بايانلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى INFL نى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن ۋاقىت دەل بەلگە ۋاقتى بولىدۇ، ئۇ ئىش ياكى ھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋاقتىنى، ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ (مەسىلەن، - ر \ - ار \ - ەر، - غان \ - قان \ - گەن \ - كەن) ئۆزىدە ئېنىق ھال مەنىسى بار، شۇڭا ئېنىق بەلگە ۋاقىت بولمىغان ئەھۋالدا ھال بەلگىسى بولغان تۇرغۇن سۆز





تەركىبلىرى ئىپادىلىگەن ۋاقىت بەلگە ۋاقىت بولىدۇ، ئۇ زامان ئىپادىلىگەن سۆز ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، پەقەت ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئەگەر جۈملىدە باشقا بىر بەلگە ۋاقىت بولسا (مەسىلەن، تۈنۈگۈن)، ھال بەلگىسى ئىشنىڭ مۇشۇ بەلگە ۋاقىتتىكى پۈتكەن، پۈتمىگەن، داۋام، ئىزچىل، مەقسەت قاتارلىق ئۇچۇرلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*تۈنۈگۈن بىز بازارغا بارغان (ئىدۇق).*

بۇ جۈملىدە ھال بەلگىسى [- غان] ئىشنىڭ بەلگە ۋاقىت «تۈنۈگۈن»دىن ئىبارەت بىر ۋاقىت بۆلىكىدە پۈتكەن ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىش ۋاقتى بىلەن بەلگە ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ زامان بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. زامان ئىپادىلىگەن ئىش ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇ جۈملىدىكى زامان بەلگىسى « - ئىدى - » ئىش ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز زاماندىن ئىبارەت بۇ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەنىڭ بەلگە ۋاقىت بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەمەس، بەلكى ئىش ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

*a. مەن مەكتەپكە باردىم.*




*b. مەن مەكتەپتە ئوقۇيمەن.*



بەلگە ۋاقىت بىلەن ئىش ۋاقتى ۋاقىت ئوقىدىكى ۋاقىت نۇقتىسى ياكى ۋاقىت بۆلىكىدۇر. شۇڭا، ئىككى ۋاقىت بۆلىكىدە بىرى يەنە بىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ياكى بىرى يەنە بىرىنى قىسمەن ياكى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ئىككى ۋاقىت بۆلىكى بىلەن زامانىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەش مۇمكىن:

*a . مەن بارغاندا تۇرسۇن كېتىپ قاپتۇ.*




*b . تۇرسۇن كەلگەندە قايتىمەن.*




*c . مەن مۇزىكا ئاڭلاۋاتىمەن.*




ئىسخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك، a جۈملىدە ئىش ۋاقتى ھال بەلگىسى « - غان» ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقتى «بارغاندا» نىڭ ئالدىدا كەلگەن، يەنى بەلگە ۋاقتىنىڭ ئالدىدا ئىش (ھەرىكەت) يۈز بېرىپ بولغان. b جۈملىدە ئىش ۋاقتى ھال بەلگىسى « – غان» ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقتى «بارغاندا»نىڭ كەينىدە كەلگەن، يەنى ئىش (ھەرىكەت) بەلگە ۋاقتىنىڭ كەينىدە يۈز بېرىدۇ؛ c جۈملىدە غەيرىي ئۆتكەن زامان بەلگىسى [-i-] ئىپادىلىگەن سۆز ۋاقتى بىلەن [-vat-] ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقتى ئىش ۋاقتىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ كەتكەن. بۇ جۈملىدە بەلگە ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ۋاقىت ئوقىنىڭ بىر نۇقتىسىدا





كۆرۈلگەن. بۇ ۋاقىتتا بەلگە ۋاقتى سۆز ۋاقتىغا تەڭ بولۇپ قالغان. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدا [-vat-] ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقىت (ھازىرقى ۋاقىت بۆلىكىدىكى مەلۇم بىر نۇقتا) خاتا ھالدا زامانىنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان. بۇنىڭ بىلەن بەلگە ۋاقىت، ئىش ۋاقتى ۋە سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەن.

دېمەك، زامان سۆز ۋاقتى مۇقىم ۋاقىت نۇقتىسىدىن ھەرىكەت ياكى ھالەتنى تونۇشنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ ئۆتكەن زامان ۋە غەيرىي ئۆتكەن زامان دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ سۆز ۋاقتى بىلەن ئىش ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ؛ ھال بولسا مۇقىم بولمىغان بىر ۋاقىت نۇقتىسىدىن ھەرىكەت ياكى ھالەتنى تونۇشنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ قانداق راۋاجلانغان ياكى راۋاجلانمىغان، راۋاجلىنىۋاتقان ياكى توختىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىش ۋاقتى بىلەن بەلگە ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككىسى ئوخشاشلا ۋاقىت ئۇچۇرىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، ئۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىدىن قارىغاندا، زامان مۇتلەق ۋاقىتنى، ھال نىسپىي ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

### 4. ھال كاتېگورىيەسىنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش ئىقتىدارى

ئۇيغۇر تىلىدا ھالنى ئىپادىلەيدىغان تەركىبلەر بىرقەدەر كۆپ ۋە مۇرەككەپ، ۋاقىت ئۇقۇمى «زامان» ۋە «ھال» قاتارلىق ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر كاتېگورىيە.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «ۋاقىتنى ئىپادىلەش» بىلەن زامان كاتېگورىيەسى روشەن پەرقلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن زامان ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان بىر كاتېگورىيە، يەنە بىر تەرەپتىن زامان ئىش (ھەرىكەت) نىڭ يۈز بېرىشى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى

ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە؛ «ۋاقىت ئىپادىلەش» بولسا مەلۇم گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەنىڭ قوشۇمچە فۇنكسىيەسى بولۇپ، فۇنكسىيەلىك كاتېگورىيەگە تەۋە. زامان ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ سۆز ۋاقتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن زامان ۋە غەيرىي ئۆتكەن زامان دېگەن ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ مۇتلەق ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ؛ ھال بولسا ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدىغان، نىسپىي ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان بىر كاتېگورىيە. ۋاقىتنى ئىپادىلەش ھال بەلگىلىرىنىڭ قوشۇمچە فۇنكسىيەسى. شۇڭا، ۋاقىتنى ئىپادىلەش «زاماندىن باشقا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچە فۇنكسىيەسى» دەپ تەبىر بەرسەك بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ھال بەلگىلىرى ۋە راي بەلگىلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە. تۆۋەندە ھال بەلگىلىرىنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيەسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

دال (Dahl) مۇنداق دەيدۇ: «ھال روشەن ھالدا ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.»[58] ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «تىلدا بىر خىل كۈچلۈك ئېغىش بولىدۇ. بۇ پۈتكەن ھالنى ئۆتكەن ۋاقىتنى ئىپادىلەشكە قىستايدۇ.»[59] لىتىپ توختى مۇنداق دەيدۇ: «پۈتكەن ھال بىلەن ئۆتكەن زامان زىچ باغلانغان بولىدۇ، ئۇلار تەبىئىيلا ئۆتكەن زاماننى ئىپادىلەيدۇ.»[60]

ئۇيغۇر تىلىدا ھال كاتېگورىيەسى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

1) پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى: [-(X)r]، [-GAn]، [-(X)p-]، [-GU-]؛

2) تۈس قوشۇمچىلىرى: [-(X)vat-]، [tur-]، [oltur-]، [yat-]، [yür-]، [-A/-yt-]؛





3) راي قوشۇمچىلىرى: [-GAy]، [-mAKči].

بۇ شەكىللەر بىۋاسىتە ياكى زامان شەكىللىرى بىلەن بىرىككەن ھالدا ھال - زامان كاتېگورىيەسىنى تەشكىل قىلىپ، ھال - زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ.

مانا مۇشۇ گىراماتىكىلىق شەكىللەر ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە. بۇ شەكىللەر ھال مەنىسىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل ۋاقىت ئۇچۇرلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى مۇشۇ ھال بەلگىلىرى زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە.

ناھايىتى ئېنىقكى، يۇقىرىقى ھال بەلگىلىرى زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۇلار ئۆتكەن زامان ۋە غەيرىي ئۆتكەن زامان شەكىللىرىدە قوللىنىلىدۇ. ئۆمەرجان قۇربان بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. [61] يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھال بەلگىلىرى ئىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىنىدىغان پۈتكەن ھال، پۈتمىگەن ھال، ئىزچىل ھال، تەكرار ھال قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقىت ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇڭا، بەلگە ۋاقىت ۋاقىت ئوقىنىڭ خالىغان بىر يېرىدە كۆرۈلەيدۇ، ئۇ بىر ۋاقىت نۇقتىسى بولۇشىمۇ، بىر ۋاقىت بۆلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

رېشىنباخ (Reichenbach) تىلنىڭ ئىپادىلەش سىستېمىسىدا زامان بىلەن سۆز ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىش ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بەلگە ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان:

ھازىرقى زامان $RT = ST$

ئۆتكەن زامان $RT > ST$:

كەلگۈسى زامان $RT < ST$:

ئۇ يەنە تىلنىڭ ئىپادىلەش سىستېمىسىدا ھال بەلگە ۋاقىت

بىلەن ۋە ئىش ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، سۆز ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ئوتتۇرىغا قويغان:

پۈتكەن ھال ET = RT:

ئىزچىل ھال ET > RT:

تۆۋەندە ھال كاتېگورىيەسىنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ۋە بۇ شەكىللەرنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش ئىقتىدارى ھەققىدە توختىلىمىز:

1) [-(X)r]

بۇ شەكىل پۈتمىگەن ھالنى ئىپادىلەيدۇ. كونكرېت جۈملىدە بەلگە ۋاقىت بولمىسا، كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىشنى ئىپادىلەيدۇ، ئەگەر بەلگە ۋاقىت بولسا (نىسپىي زامان بىلەن بىللە كەلسە) بەلگە ۋاقىتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ۋە كونتېكىستقا قاراپ ئۆتكەن ياكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم بىر نۇقتا، ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بەرگەن، ياكى يۈز بېرىدىغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ.

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

a. *مەن ئەتە ماڭارمەن.*

b. *خەۋەر قىلساق، تۇرسۇنمۇ كېلەر ئىدى.*

a جۈملىدە پۈتمىگەن ھال «ـ ار» كەلگۈسى مەلۇم ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش (ھەرىكەت)نى بىلدۈرۈپ، كەلگۈسى زامان مەنىسىدە كەلگەن. b جۈملىدە پۈتمىگەن ھال «ـ ار» ئۆتكەن زاماننى بىلدۈرگەن. بۇ مەنە كونتېكىستتىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى جۈملىنى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

a:








b:




2) [-GAn]

بۇ شەكىل [-(X)r] بىلەن قارىمۇقارشى بىرلىك تەشكىل قىلىدۇ. بۇ شەكىل پۈتكەن ھالنى ئىپادە قىلىدۇ، جۈملىدىمۇ ئاساسەن ئۆتكەن ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىشنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بۇ شەكىلدىن بۇرۇن پۈتمىگەن ھالنى ئىپادە قىلىدىغان [-di-] قوشۇمچىسى كەلسە، بۇ چاغدا مۇناسىپ ھالدا كەلگۈسى زامان ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم نۇقتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر بۇ شەكىلدىن بۇرۇن پۈتمىگەن ھالنى ئىپادە قىلىدىغان [-(X)vat-] قوشۇمچىسى كەلسە، جۈملە مۇناسىپ ھالدا ھازىرقى زامان ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم نۇقتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *مەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان.*

b. *مەن بۇ كىنونى كۆرگەن.*

c. *ئۇ ئەتە قايتىدۇ.*

d. *ئىشلىگەن چىشلەيدۇ.*

e. *سەن كەلگەندە مەن قايتىمەن.*

f. *ئۇ چاغدا دادام ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقانىكەن.*

a ۋە b جۈملە ھەرىكەت مەلۇم بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە پۈتكەن ھالەتنى ئىپادىلىگەن؛ c جۈملىدە بۇ شەكىلدىن بۇرۇن پۈتمىگەن ھالنى ئىپادىلەيدىغان [-dur<turur <-du-] شەكلى كۆرۈلگەن. شۇڭا، كەلگۈسى ۋاقىتنى بىلدۈرگەن. d ۋە e جۈملىدە بولسا، پۈتكەن ھالنىڭ بەلگىسى بولغان «ـ گەن» ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقىت «ئىشلىگەن»،

«كەلگەن» ئۆتكەن زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۇلار ئىپادىلىگەن كەلگۈسى ۋاقىت ئۇقۇمىدىكى مەلۇم ۋاقىت نۇقتىسى ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە ئورۇنلىنىدىغان ھەرىكەتنى ئىپادىلىگەن. بۇ چاغدا ئۇلار ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقىت ۋە ئىش ۋاقتى ئوخشاشلا كەلگۈسى ۋاقىتنى ئىپادىلىگەن، ئەمما ئىش (ھەرىكەت) بەلگە ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. f جۈملىدە ئىزچىل ھال [-(X)vat-] قوشۇمچىسى كەلگەن، شۇڭا بۇ جۈملە مۇناسىپ ھالدا ھازىرقى زامان ۋاقىت ئۇقۇمىدىكى مەلۇم نۇقتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشنى بىلدۈرگەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەش مۇمكىن:

:b ۋە a




:c




:e ۋە d




:f




[-(X)p-] (3

بۇ شەكىل پۈتكەن ھالنى بىلدۈرىدۇ، جۈملىدە ئۆزى يالغۇز كۆرۈلمەيدۇ، كۆپىنچە ۋاسىتىلىك بايان رايى شەكلىنىڭ ۋە بىر





قىسىم قوشما تەركىبلىك ھال شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن:

a. تۇرسۇن كەپتۇ.
b. تۇرسۇن كەپتۇدەك.
c. تۇرسۇن كەپتىكەن.
d. تۇرسۇن كەپتۇمىش
e. تۇرسۇن كېلىۋېتىپتۇ.
f. تۇرسۇن كېلىۋېتىپتىمىش.

a ۋە b جۈملىدە كۆرۈلگەن {-(X)ptu} ۋە {-(X)däk} قۇرۇلمىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا ئايرىم ھالدا، « - پ»لىق رەۋىشداشقا «تۇر - » پېئىلىنىڭ پۈتمىگەن ھالنى بىلدۈرىدىغان « - ر»لىق سۈپەتداش قوشۇلغان شەكلى قوشۇلۇپ ۋە « - پ»لىق رەۋىشداشقا ئاڭلاتما بايان رايى قوشۇمچىسى « - دەك» قوشۇلۇپ ياسالغان. ئالدىنقى تەركىبتىكى « - ر»لىق سۈپەتداش پۈتمىگەن تۈسنى ئىپادىلىگەنىكەن، بۇ شەكىلمۇ مۇناسىپ ھالدا كەلگۈسى زامان مەنىسىنى ئىپادىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇ شەكىل ئۆتكەن زامان مەنىسىنى ئىپادە قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟

بۇ شەكىل ئىككى خىل ھال بەلگىسىدىن تەركىب تاپقان: بىرى پۈتكەن ھال بەلگىسى [- پ -]، يەنە بىرى پۈتمىگەن ھال « - ر». بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلىدا زامان بەلگىلىرى قاتلىنىپ كېلەلمەيدۇ، ئەمما ھال بەلگىلىرى قاتلىنىپ كېلەلەيدۇ. بۇ ئىككى بەلگىدىن «تۇر - » پېئىلىغا پۈتمىگەن ھال « - ر» قوشۇلۇپ مەيدانغا كەلگەن «تۇرۇر» شەكلى تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىخچاملىنىپ « - تۇ» شەكلىگە كەلگەن ۋە ئالىلىقاچان ئۆزىنىڭ پۈتمىگەن ھاللىق خاراكتېرىنى يوقىتىپ «ۋاسىتىلىك بايان»دىن ئىبارەت يېڭى مەنىسى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن. ئەمما، پېئىل ئاساسىغا يېقىن تۇرغان پۈتكەن ھال بەلگىسى [- پ -]

پۈتكەن ھاللىق مەنىسىنى ساقلاپ قالغان. شۇڭا، بۇ بەلگىدە پۈتكەن ھال ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ، ئۆتكەن زامان مەنىسىنى ئىپادە قىلىشقا ئاساس بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا {-(X)ptu} شەكلى ئۆتكەن زامان مەنىسىنى ئىپادىلەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە بولغان. ئەمما، بۇ شەكىلدىن مەيدانغا كەلگەن مۇرەككەپ قۇرۇلمىلاردا ئۇنىڭدىن راي مەنىسىنى بىلدۈرگەن تەركىبنىڭ ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرۈش رولى بولمىغاچقا ھال بەلگىسىنىڭ ۋاقىت ئىپادە قىلىش فۇنكسىيەسى جارى قىلدۇرۇلىدۇ. راي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان تەركىب «-تۇ» ۋە «-دەك»نىڭ ھېچقانداق ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرۈش رولى يوق، شۇنداق قىلىپ، بۇ جۈملىدە پۈتكەن ھال ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. c ۋە d جۈملىدىكى ئەھۋالنىمۇ خۇددى a ۋە b جۈملىدە كۆرۈلگەن ئەھۋالغا ئوخشاش چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. e ۋە f جۈملىدە پۈتكەن ھالدىن بۇرۇن ئىزچىل ھال پېئىل ئاساسىغا يېقىن ئورۇندا كۆرۈلگەن. شۇڭا، ئىزچىل ھالنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيەسى بەلگە ۋاقىتلىق رولىنى ئويناپ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. پۈتكەن ھال يەنىلا ئۆتكەن ۋاقىت ئوقىدا يۈز بەرگەن ئىشنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئۆتكەن زامان ئوقىنىڭ مەلۇم نۇقتىسىدا داۋاملىشىۋاتقان بىر ئىش بايان قىلىنغان. بۇ جۈملىلەرنى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەش مۇمكىن:

a، b، c، d:




e، f:








4) [ -GU- ]

لېتىپ توختى بۇ شەكىلنى «مۇقەررەر تۈس» دەپ ئاتىغان.[62] بۇ شەكىلمۇ ئۆزى مۇستەقىل خەۋەرلىك شەكىل ھاسىل قىلالمايدۇ. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگىچە ئۇنىڭ مۇستەقىل خەۋەرلىك شەكىل ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى بار ئىدى، يەنى بىۋاسىتە شەخس شەكىللىرىنى ئېلىپ كېلىپ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيتتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت 3 ـ شەخس قوشۇمچىسىنىلا ئېلىپ كېلەلەيدۇ ۋە بۇنداق شەكىل ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ شەكىل سۆز ۋاقتىدىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدا ياكى مەلۇم بىر ۋاقىت بۆلىكىدە مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئىشنى مۇشۇ بويىچە ئەپلىسەك قوش مەقسەت ئەلھازا مۇستاپا ھاسىل بولغۇسى.*

*b. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىر يول بولۇپ قالغۇسى!*

بۇ ئىككى جۈملىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

a، b:




5) [-(X)vat-]

بۇ شەكىل ئىزچىل ھالنىڭ بەلگىسى بولۇپ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا پۈتكەن ھالنى ئىپادە قىلىدىغان «-پ»لىق رەۋىشداشقا قاتلام مەنىسى ئىزچىل ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدىغان «يات -» پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ شەكىل باشقا تۈركىي تىللاردىمۇ ئۇچرايدۇ، يەنى ئۆزبېك تىلىدا {-ayat-}

شەكلىدە، قازاق تىلىدا {-(i)p jatir} ۋە {-(i)p yür-} شەكلىدە، قىرغىز تىلىدا {-(i)yat} شەكلىدە، نوغاي تىلىدا {-a yatir} شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.[63] بۇ شەكىل ئەڭ دەسلەپتە 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى هال مەنىسىدە هازىرقى ۋاقىتنى ئىپادە قىلىدىغان مەنىدە كۆرۈلىدۇ. بىز هازىرغىچە كۆرگەن ماتېرىياللار ئىچىدە 1936 ـ يىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە بۇ شەكىلنىڭ تېخى سىنتېتىك شەكىلگە كىرىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئانالىتىك شەكلىنى ئۇچرىتىمىز[64]:

*a* . *مەھكىمەئى شەرئىيەدە قازى بولۇپ كېلىپ ياتادۇر.*

*b* . *شول مەقسەت بىلەن ئىشلەپ ياتقانلىقىنى كۆرسەتەدۇر.*

ئىزچىل هالىنىڭ بەلگىسى بولغان «ـ ۋات ـ \ ـ ىۋات ـ \ ـ ۇۋات ـ \ ـ ۈۋات ـ» ئۆتكەن زامان ۋە هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ شەكىل ئىپادە قىلغان ئىش (هەرىكەت) ئۆتكەن مەلۇم بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە ياكى هازىرقى مەلۇم ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە ئىزچىل هالەتتە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a* . *مەن كىتاب ئوقۇۋاتىمەن.*

*b* . *بىز بارغاندا ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى.*

a جۈملىدە هالنىڭ بەلگىسى «ـ ۋات ـ» هازىرقى بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا يۈز بېرىۋاتقان هەرىكەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئەگەر جۈملىدە ئالاھىدە بەلگە ۋاقىت بولمىسا، سۆز ۋاقتى بەلگە ۋاقتى دەپ تونۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ جۈملىنىڭ بەلگە ۋاقتى بىلەن سۆز ۋاقتى ئوخشاش بىر ۋاقىت نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ، ئىككىسى بىر ۋاقىت ئىچىگە ئېلىنىدۇ. b جۈملىدىكى «ـ ۋات ـ» ئىش (هەرىكەت)نى ئۆتكەن مەلۇم بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا يۈز بېرىۋاتقان هالىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى جۈملىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:





:a




:b




6) [-A/-yt-]

تەكرار هالىتىنىڭ بەلگىسى بولغان «ـ ات ـ \ ـ ەت ـ \ ـ يت ـ» ئومۇمەن ئۆتكەن مەلۇم بىر ۋاقىت بۆلىكىدە تەكرار يۈز بېرىدىغان ئىش (هەرىكەت) نى ئىپادىلەپ، ئۆتكەن زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرەيلى:

*a* . *ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دائىم يىغلايتتى.*

*b* . *ئۇ بىكار بولسىلا كومپيۇتېر ئوينايتتى.*

بۇ ئىككى جۈملىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

:b ،a




7) [yür-]، [yat-]، [oltur-]

بۇ ياردەمچى پېئىللار مەنە قاتلىمى نۇقتىسىدىن ئىزچىل هەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا تۈس شەكىللىرىدىن پەرقلىق هالدا زامان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە بولغان. بۇ شەكىللەر ئادەتتە

پۈتكەن هال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « - پ - »لىق رەۋىشداش بىلەن بىللە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ مەشىنىڭ يېنىدا يېشىنىپ ئولتۇرۇپ خوتۇنىنىڭ هەربىر هەرىكىتى، هەربىر قىلىقى ۋە چىرايىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى.*

*b. قانلىق خەنجەر هېلىقى ئۇخلاپ ياتقان چېرىكنىمۇ تۈيدۇرماستىن ئۇ ئالەمگە ئۇزاتتى.*

*c. يولۋاسچۇ، ئۇ نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟*

بۇ جۈملىلەرنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيەسىنى ئىزچىل هال « - ۋاتـ - » بىلەن ئوخشاش چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ خىل شەكىلدە ئىسخېمىلاشتۇرۇش مۇمكىن.

8) [-GAy]

بۇ شەكىل ئارزۇ رايى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئارزۇ قىلىنغان ئىش هامان كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بەلگە ۋاقتى بولمىغان جۈملىلەردە بۇ شەكىل كەلگۈسى ۋاقىت ئوقۇمىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. دۇنيالىقتا تىكەندەك بىر تال بالىسىنىڭ دەردىنى قانداق ئۇنتۇغاي!؟*

*b. چەت ئەل جاسۇسلىرى تۇرماق، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ هەر قانداق قىبچىپ قۇتۇلالمىغاي.*

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئەھۋالىنى پۈتمىگەن هال [-(X)r]-نىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش چۈشەندۈرگىلى ۋە شۇ جۈملىلەرگە ئوخشاش ئىسخېمىلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

9) [-mAKči]

بۇ شەكىل مەقسەت رايىنى ئىپادىلەيدۇ. مەنە قاتلىمى نۇقتىسىدىن مەقسەت قىلىنغان ئىش هامان كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتمىگەن هالدىكى





گىراماتىكىلىق شەكىللەرگە ئوخشاشلا بەلگە ۋاقتى بولمىغان جۈملىلەردە بۇ شەكىل كەلگۈسى ۋاقىت ئوقۇمىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. دادام ئۇ قىزنى ئالمۇتىدا ئوقۇتماقچى!*

*b. ئۇ ئەمدى هەربىي مەكتەپكىمۇ قول تىقماقچى.*

بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئەھۋالىنى پۈتمىگەن هال [-(X)r]-نىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش چۈشەندۈرگىلى ۋە شۇ جۈملىلەرگە ئوخشاش ئىسخېمىلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا هال بەلگىلىرى هەرىكەت ياكى هالەتنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇ ئىپادىلىگەن ۋاقىت پەقەت ئىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، زامان بىلەن مۇناسىۋەتسىز. شۇڭا، ئۇ ئىپادىلىگەن بەلگە ۋاقىت ۋاقىت ئوقىنىڭ هەرقانداق بىر نۇقتىسىدا كۆرۈلەيدۇ، ئۇ بىر نۇقتا بولۇشىمۇ، ۋاقىت بۆلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، هال بەلگىسى ئۆتكەن ۋاقىتنىمۇ، غەيرىي ئۆتكەن ۋاقىتنىمۇ كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇنىڭ ۋاقىت ئىپادىلەش فۇنكسىيەسى ئىختىيارىي بولىدۇ.

## §7. زامان كاتېگورىيەسى

### 1. «ۋاقىت» ۋە «زامان»

پەلسەپە مەنىسىدىكى ۋاقىت چەكسىزلىككە ئىگە. ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن سىرلىق بىردەكلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. پەلسەپە مەنىسىدىكى ۋاقىت قۇرۇلما جەھەتتىن «ئۆتمۈش ← هازىر ← كەلگۈسى» دېگەن تەرتىپتە بولىدۇ. هەربىر

ھالقىنىڭ رولى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ۋاقىت ئادەمنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ۋاقىتنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ۋاقىت مەلۇم تەرتىپتە شەكىلسىز مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىدە پەرق بولىدۇ، يەنى ۋاقىت «ئۆتمۈش ← ھازىر ← كەلگۈسى» دېگەن تەرتىپتە ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ۋاقىت «ھازىر»، بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان ۋاقىت «ئۆتمۈش»، بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىت «كەلگۈسى» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ۋاقىت ئىنسانىيەتكە ئورتاق، تىلدىن ھالقىغان بىر ئۇقۇم؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانىنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمى تىل - يېزىق شەكلىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، ۋاقىت تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مۇھىم مەزمۇننى تەشكىل قىلىپ، تىلنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ داڭلىق تىلشۇناسى ۋاڭ لى ئەپەندى «ۋاقىتنى ئىپادىلەش كۆپلىگەن تىللاردا مەۋجۇت، ئەمما ھەربىر مىللىي تىلنىڭ ۋاقىتقا بولغان قارىشى ئوخشاپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ.[65] ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ ۋاقىتنى ئىپادە قىلىش جەريانى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. ۋاقىتنى ھېسابلاش نۇقتىسىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا «تىل ۋاقتى» ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەممىلا تىلدا «ھازىر»، «ئۆتكەن»، «كەلگۈسى» دېگەن ئاساسلىق «ۋاقىت» مەۋجۇت. زامان بولسا تىل سىستېمىسىدا مەۋجۇت بولغان بىر گىراماتىكىلىق بالا سىستېما بولۇپ، ئۇ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەنى تەشكىل قىلىدۇ. تىلغا نىسبەتەن «ئۈچ زامان» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشتە لېكسىكىلىق ۋاستە قوللىنىشمۇ، گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى قوللىنىشمۇ مۇمكىن. ئەگەر «ئۈچ زامان» ئۇقۇمى





گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، گىراماتىكىدىكى زامان كاتېگورىيەسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

### 2. «زامان»نىڭ تەبىرى

تىلدا ئىپادىلىنىدىغان «گىراماتىكىلىق زامان» گىراماتىكىدا دېيىلىۋاتقان «زامان»[66] دىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى زامان ئاساسلىقى ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ياكى ھالىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋاقتىنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. نۇرغۇن تىللارغا نىسبەتەن زامان كاتېگورىيەسى پېئىلنىڭ ناھايىتى مۇھىم كاتېگورىيەسى ھېسابلىنىدۇ، ئوخشىمىغان گىراماتىكا سىستېمىلىرىدا زامان كاتېگورىيەسىگە بولغان تونۇش ۋە تۈرلەرگە ئايرىشتا پەرق مەۋجۇت. ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا ۋاقىت سىستېمىسى «ئۆتكەن»، «ھازىر»، «كەلگۈسى» دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بايانىنىڭ بەلگە ۋاقتى ئۇنىڭ ئىچىدىكى خالىغان بىر بۆلەك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى سۆزلىگۈچىنىڭ بەلگىلىۋالغان بەلگە ۋاقتىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. غەرب تىلشۇناسلىقىدا زامان ھەققىدە ئەڭ ۋەكىللىك قاراشنىڭ ئىگىسى كومرې (B. Comrie) ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: «زامان بولسا ئۇنىڭ ۋاقىتتىكى ئورنىنىڭ گىراماتىكىلاشقان ھالدا ئىپادە قىلىنىشى.»[67]

دېمەك، زامان بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە، ئۇنىڭ ئېنىق گىراماتىكىلىق بەلگىسى بار، ئۇ ئىش[68] نىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سۆز ۋاقتىغا نىسبەتەن ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەرقايسى مىللەتلەر تىلىدىكى ئۈچ تەبىئىي ۋاقىت «ئۆتكەن»، «ھازىر»، «كەلگۈسى» تىلغا نىسبەتەن «ئۈچ خىل ۋاقىت» ئۇقۇمى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنى ئىپادىلەشتە

ئىپكسىكىلىق ئۇسۇل قوللىنىلىشىمۇ، گىراماتىكىلىق شەكىللەر قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى زاماننى ئۇچكە بۆلۈش ئۇسۇلى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن ۋە بۇ ئۇسۇل «زامان» بىلەن «ۋاقىت» ئۇقۇملىرىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. جېسپېرسېن (Jespersen . O) «تەبىئىي ۋاقىت بىلەن گىراماتىكىدىكى زامان ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم، بۇ ئىككىسى ھەم باغلىنىشلىق، ھەم پەرقلىق» دەپ قارايدۇ [69]. «زامان» بولسا «ۋاقىت»نىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى، «ۋاقىت» بولسا «زامان»نىڭ ئىپادىلەش مەزمۇنى. «ۋاقىت» ئۇقۇمى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق، ئۇ تىلدىن ھالقىغان بولىدۇ. ئوخشىمىغان تىللارنى ئىشلەتكۈچى كىشىلەر سۆزلەش ۋاقتىنى بەلگە قىلىپ ۋاقىتنى «ئۆتكەن - ھازىر - كەلگۈسى» دەپ بۆلىدۇ ۋە بايان قىلىنىۋاتقان ئىشنىڭ ۋاقىت ئوقىنىڭ قايسى نۇقتىسىدا ياكى قايسى بۆلىكىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپىتىدىكى «زامان»نىڭ ھەرقايسى تىللاردىكى ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا «ۋاقىت» بىلەن «زامان» ئادەتتە مۇناسىپ كېلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن:

*a . مەن ماقالە يازدىم.*
*b . تۇرسۇن مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.*
*c . ئالىم تۇرپاندا ئىشلەيدۇ.*
*d . بىز تەتىلدە ئۆيگە قايتىمىز.*
*e . ھەممەيلەن يىغىنغا قاتنىشىدۇ.*

a ناھايىتى ئېنىق ھالدا سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ؛ b ۋە c ئادەت خاراكتېرلىك ياكى دائىملىق بىر ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى ھازىرقى ۋاقىت بۆلىكىدىكى بىر ھەرىكەت ياكى ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ؛ d ۋە e كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى





ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، بىز ئېنىق ۋاقىت رەۋىشلىرى بولمىغان ياكى كونتېكىست ئېنىق بولمىغان ئەھۋالدا ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرقى - كەلگۈسى زامان ھازىرقى ۋاقىتنى ھەم كەلگۈسى ۋاقىتنى ئىپادە قىلىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا ئۇچ خىل ۋاقىت ئۇقۇمى («ئۆتكەن - ھازىر - كەلگۈسى») مەۋجۇت. ئەمما، بۇ ئۇچ خىل ۋاقىت ئۇقۇمى ئىككى خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە، ئىككى خىل زامان شەكلىدە (ئۆتكەن زامان ۋە ھازىرقى - كەلگۈسى زامان) ئىپادە قىلىنىدۇ.

ئادەتتە نۇتۇقتا سۆزلەۋاتقان ۋاقىت (سۆز قىلىنىۋاتقان شۇ پەيت) بەلگە ۋاقتى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىش - ھەرىكەت سۆز قىلىنىۋاتقان پەيتتە يۈز بەرگەن بولسا، ھازىرقى زامان؛ سۆز قىلىنىشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بولسا، ئۆتكەن زامان؛ سۆز قىلىنىشتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بولسا، كەلگۈسى زامان بولىدۇ.

### 3. ئۇيغۇر تىلىدا ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىلىنىشى

ئۇيغۇر تىلىدا زامان كاتېگورىيەسى مەۋجۇت ۋە بۇ كاتېگورىيە مۇستەقىل رەۋىشتە ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت. ئەمما ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا «ئۇچ زامان» ۋە «ئىككى زامان» ئىختىلاپى مەۋجۇت، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپىتىدە ئۇچ زامان «ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كەلگۈسى زامان» مەۋجۇتمۇ ياكى ئىككى زامان («ئۆتكەن زامان، ھازىرقى - كەلگۈسى زامان ياكى ئۆتكەن زامان ۋە غەيرىي ئۆتكەن زامان») مەۋجۇتمۇ دېگەن تالاش - تارتىش مەۋجۇت. خەمىت تۆمۈر، لىتىپ توختى، يى كۈنشيۇ، قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى زامان مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇچ زامان مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا

قويىدۇ؛ خەمىت تۆمۈر ۋە يى كۇنشيۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى زامان كاتېگورىيەسىنى «ئۆتكەن زامان» ۋە «هازىرقى زامان» دېگەن ئىككىلا تۈرگە بۆلىدۇ؛ لىتىپ توختىمۇ ئىككى زاماننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما «ئۆتكەن زامان» ۋە «غەيرىي ئۆتكەن زامان»[70] دەپ نام بېرىدۇ. تېنىشىف، تۇردى ئەخمەت، نەسرۇللا، ئابدۇكېرىم باقى، كۆرەش مەھمۇتجان قاتارلىقلار «ئۆتكەن زامان»، «هازىرقى زامان»، «كەلگۈسى زامان» دېگەن ئۈچ زامان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ چېڭ شىلياڭ باشقىچە يول تۇتۇپ زامان شەكىللىرىنى «ئۆتكەن زامان»، «هازىرقى زامان»، «هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان» دېگەن شەكىلدە تۈرگە ئايرىيدۇ.

ئەمەلىيەتتە تۈركىي تىللاردا پەقەتلا ئۆتكەن زامان ۋە غەيرىي ئۆتكەن زامان مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ھەربىر بۆلۈمدە پېئىللارغا توختالغاندا، ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنىلا بېرىمەن»[71] دەيدۇ ۋە پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى «باردى» شەكلىدە، كەلگۈسى زامان شەكلىنى «بارار» شەكلىدە بېرىدۇ. « ـ ار»لىق شەكىلنى گابائىن خانىم «ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان» دەپ، كونونوف، ناسىلوف، بروكېلمان، مەجدۇتئوغلۇ، ئەخمەت ئەرجىلاسۇن، گېڭ شىمىن، جاڭ تيېشەن، جاۋ مىڭمىڭ قاتارلىقلار «هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان» دەپ ئاتايدۇ. يۇقىرىقى تۈركولوگلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تۈركچىسىدە ئىككىلا زامان شەكلى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسىتىشىچە ئۆتكەن زاماننىڭ بەلگىسى {- DX -}، هازىرقى ـ كەلگۈسى زاماننىڭ بەلگىسى {-r (yX) -}.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھەقىقىي مەنىدىكى ئىككى زامان قارىشىنى خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ گىرامماتىكىلىق شەكىل نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زامان بىلەن هازىرقى زاماننىڭ قارىمۇقارشىلىقى مەۋجۇتلۇقىنى





ئوتتۇرىغا قويغان. لىتىپ توختى ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىنىڭ پېئىل سىستېمىسىدا پەقەت «ئۆتكەن زامان» ۋە «غەيرىي ئۆتكەن زامان»نىڭ قارىمۇقارشىلىقى مەۋجۇت دەپ قارايدۇ.[72]

بىزنىڭچىمۇ زامان كاتېگورىيەسىنى «ئۆتكەن زامان» ۋە «هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان» دەپ ئىككىلا تۈرگە ئايرىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل پاكىتلىرىغا، تىل ئەمەلىيىتىگە ۋە تارىخىي تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن. ئۆتكەن زاماننىڭ بەلگىسى{- DX -} ۋە غەيرىي ئۆتكەن زاماننىڭ بەلگىسى {-i/-y(du)} .

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زاماننىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ بەلگىسى توغرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى يوق. ئەمما، ئۆتكەن زاماننىڭ قارشىلىقى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زامان شەكلىنىڭ نامى ۋە ئۇنى تەسۋىرلەش جەھەتتە پەرقلىق قاراشلار بار. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى {-i/-y(du)} شەكلىنى «ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن هازىرقى زامان» دەپ؛ چېن شىمىن، رازاق مەتنىيازلار «كەلگۈسى زامان ۋاستىسىز بايان رايى» دەپ؛ چېڭ شىلياڭلار «هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان» دەپ؛ تۇردى ئەخمەتلەر «ئېنىق كەلگۈسى زامان بايان رايى» دەپ ئاتايدۇ. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى يازغان كىتابتا تۇنجى قېتىم «زامان كاتېگورىيەسى» دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلغان ۋە يۇقىرىقى گىرامماتىكىلىق شەكلىنى «هازىرقى زامان» ۋە «ئېنىق كەلگۈسى زامان» دەپ ئاتىغان.[73]

{-i/-y(du)} قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ھەم هازىرقى زاماننى، ھەم كەلگۈسى زاماننى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرەيلى:

*a. بۇ نەرسە ئاسان پارتلايدۇ.*

*b. ئۇ ئۆلىدۇ.*

*c. تۇرسۇن مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.*

*d. تۇرسۇن پۇتبول ئوينايدۇ.*

*e. ئۇ هازىر مېنىڭ كارىۋىتىمدا ياتىدۇ.*

*f. ماشىنامغا ئولتۇر، ئوينىتىپ كېلىمەن.*

*g. بىز شەھەرگە كىرىپ كېتىپ بارىمىز.*

a، b جۈملىلەردىكى «پارتلا - »، «ئۆل - »نىڭ قاتىلىمى[74] دىن قارىغاندا بۇ پېئىللار تۇيۇقسىز ھەرىكەتنى (كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ھەرىكەتنى) ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، بۇ جۈملە پەقەت كەلگۈسى زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ c بىلەن d جۈملىدىكى «ئوقۇ - »، «ئوينا - » دېگەن پېئىللار داۋاملىشىدىغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا بۇ جۈملە ھازىرقى زامانىنىمۇ، ئۆتكەن زامانىنىمۇ، كەلگۈسى زامانىنىمۇ ئىپادىلىشى مۇمكىن[75]، شۇڭا بۇ جۈملىنىڭ زامان مەنىسى ئېنىقسىز بولىدۇ؛ e جۈملىدە «ھازىر» دېگەن ۋاقىت رەۋىشى «ياتىدۇ» دېگەن پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ھازىرقى زاماندا يۈز بېرىۋاتقان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ f جۈملىدە قوشما پېئىل «ئويناپ كەل - » كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەپ كەلگەن، شۇڭا بۇ جۈملە كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەيدۇ؛ g جۈملىدىكى «كېتىپ بار - » ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، دېمەك بۇ جۈملە تەبىئىيلا ھازىرقى زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك {-i/-y(du)} شەكلى ئىپادىلەۋاتقان زامان مەنىلىرى ئۈنچىۋالا ئاددىي ئەمەس. ئۇ ھازىرقى زامانىنى، كەلگۈسى زامانىنى، ھازىرقى - كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەپ كېلەلەيدۇ، شۇڭا بۇ شەكىلنى «ھازىرقى زامان» ياكى «كەلگۈسى زامان» ۋە ياكى «ھازىرقى - كەلگۈسى زامان» دەپ ئاتاش بۇ شەكىل ئىپادىلىگەن گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ شەكىلنى لىتىپ توختى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغاندەك «غەيرىي ئۆتكەن زامان» دەپ ئاتاش بۇ شەكىلنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.





### 4. مۇتلەق زامان ۋە نىسپىي زامان[76]

مۇتلەق زامان ۋە نىسپىي زامان ئۇقۇمىنى كومرىي ئوتتۇرىغا قويغان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك سۆز قىلغاندا ھامان مەلۇم بىر ۋاقىت بۆلىكى بەلگە ۋاقىت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىش سۆز ۋاقتى بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولسا، بۇ ھازىرقى زامان؛ ئەگەر سۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بولسا، ئۆتكەن زامان؛ سۆز ۋاقتىدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بولسا، كەلگۈسى زامان بولىدۇ. كومرىي سۆز ۋاقتى بەلگە ۋاقىت قىلىنغان زامانىنى مۇتلەق زامان دەپ ئاتىغان. تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرەيلى:

a. I want to get up early tomorrow

*(مەن ئەتە سەھەر تۇرۇشۇم كېرەك)*

b. What are you doing now?

*(سىز ھازىر نېمە ئىش قىلىسىز)*

c. 我要写日记。 *(مەن خاتىرە يازىمەن)*

d. 明天早上我陪爷爷去公园打太极拳。

*(ئەتە ئەتىگەندە مەن بوۋامغا ھەمراھ بولۇپ باغچىدا تەيجى گۇمپىسى ئوينايمەن.)*

*e. تۇرسۇن ئەتە كېلىدۇ.*

*f. مەن تۈنۈگۈن كەلدىم.*

بۇ جۈملىلەردىكى «tomorrow»، «now»، «要»، «明天大早上»، «ئەتە»، تۈنۈگۈن» دېگەن سۆزلەر بىۋاسىتە بەلگە ۋاقتى بولۇپ ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى كونكرېتلاشتۇرغان، بۇ جۈملە-لەردە ئىپادىلەنگەن زامان مۇتلەق زامان بولىدۇ.

بەزىدە بايان قىلىنىدىغان ئىش بىرلا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىش (ئىش A) سۆز ۋاقتى بىلەن ئەمەس يەنە بىر ئىش (ئىش B) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىش A

نىڭ زامانى پەقەت بەلگە ۋاقىت ئىش Bنىڭ زامانى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. كومرى مانا مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنى بەلگە ۋاقتى قىلغان زامانى نىسپىي زامان دەپ ئاتىغان. تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرەيلى:

a.做完功课(事件A)，我写了日记(事件B)。

*(دەرسىمنى تەكرارلاپ بولۇپ، خاتىرە يازىمەن)*

when something occurred which attracted my attention.

b. I felt somewhat disappointed and was about to leave,

*(مەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، مېنىڭ دىققىتىمنى تارتىدىغان ئىشلار يۈز بەردى.)*

*c. ئۇ ئۇخلاپ قېلىشىدى مەن قايتىپ كەلدىم.*

c جۈملىدە ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقىت رەۋىشلىرى يوق. «قايتىپ كەل ـ» پەقەتلا «ئۇخلاپ قال ـ»نىڭ يۈز بېرىشىگە باغلىق. شۇڭا، بۇ نىسپىي زامان، ئالدىنقى ئىككى جۈملىمۇ شۇنداق.

زامان ۋە ھال كاتېگورىيەسىنىڭ زامان مەنىسىنى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1) ئۇيغۇر تىلىدا زامان كاتېگورىيەسىنىڭ شەكىللىرى گىراماتىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، زامان تەركىبى يوق بۇيرۇق جۈملە، شەرت جۈملە، يىغىق جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملىلەردىن باشقا ھەرقانداق بىر جۈملىنىڭ خەۋەر پېئىلى زامان تەركىبلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ، يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى زامان ھەرقانداق بىر جۈملىنى چەكلەش ئىقتىدارى بار، جۈملىدە ئۆتكەن زامان ياكى غەيرىي ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلگەن ھامان {ـ DX ـ} ياكى {-i/y-(du)} جۈملىنىڭ مەجبۇرىي





بەلگىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن تۇرسۇنغا پۇل بەردىم.*

*b. بىز بازارغا باردۇق.*

*c. ئۇ كىتاب ئوقۇۋېدۇ.*

*d. بىز قەشقەرگە بارمايمىز.*

ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلامچى پېئىللار بىلەن ئادەتتىكى پېئىللار تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە تۇرىدۇ. ئادەتتىكى پېئىللار خەۋەر بولغاندا، ئۆتكەن زامان بەلگىسى {ـ DX ـ} ياكى غەيرىي ئۆتكەن زامان بەلگىسى {-i/y-(du)} مەجبۇرىي ھالدا جۈملىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ ۋە باغلامچى پېئىللارنى چەكلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن مەكتەپتە ئىشلەيمەن.*

*b. مەن مەكتەپتە ئىشلە ـ ي ـ مەن ـ دۇر.※*

*c. ئۇ تاماق قىلدى.*

*d. ئۇ تاماق قىل ـ دى ئىد ـ دى.※*

تۇرغۇن سۆزلۈك تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن بۆلەكتە زامان تەركىبى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ كەينىدىن باغلامچى پېئىللار كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*e. بىز مەكتەپتە ئوقۇ ـ غاn ـ ىدۇر ـ مىز.*

*f. بىز مەكتەپتە ئوقۇ ـ غان ـ ـ ـ ىدۇق.*

ئەمەلىيەتتە b، d جۈملىلەردە باغلامچى پېئىللارنىڭ كۆرۈلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب لىتىپ توختى ئېيتقاندەك «ھال بەلگىلىرىنى قاتلاپ ئىشلىتىش مۇمكىن، ئەمما زامان بەلگىلىرى قاتلانمايدۇ»(77) غانلىقىدىندۇر. باغلامچى پېئىل «ـ دۇر» ئەسلىدە «تۇر ـ » پېئىلىنىڭ غەيرىي ئۆتكەن زامان شەكلى «تۇرۇر»نىڭ قىسقارغان شەكلى. ئۇنىڭدا ئاللىقاچان بىر زامان مەنىسى كۆرۈلۈپ بولغان؛ «ئىدۇق» تەركىبىدىمۇ ئۆتكەن

زامان بەلگىسى بولغان {-DX-} كۆرۈلۈپ بولغان. e، f جۈملىلەردە «-غان»لىق سۈپەتداش پۈتكەن ھالنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، بۇ جۈملىلەردە ئېنىق زامان بەلگىسى كۆرۈلمىگەن، شۇڭا زامان بەلگىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «-دۇر» ۋە «-دى-»لار كۆرۈلەلەيدۇ.

ھال ئىشنىڭ ئىچكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنى سۈبيېكتىپ جەھەتتىن پارچىلايدىغان ۋە بېكىتىدىغان بولغاچقا، ئۇ خېلى زور دەرىجىدە سۈبيېكتىپچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ھال تەركىبلىرى جۈملىدە ئەركىن تۇرىدۇ، زامان بەلگىلىرىدەك جۈملىگە نىسبەتەن چەكلەش رولى ئوينىمايدۇ. جۈملىدە ھال بەلگىلىرى كۆرۈلسىمۇ، كۆرۈلمىسىمۇ جۈملە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ.

2) ئۇيغۇر تىلىدىكى زامان مۇستەقىللىققا ئىگە، شۇڭا جۈملىگە مۇستەقىل قاتنىشالايدۇ. ئەمما، ھال مۇستەقىللىققا ئىگە ئەمەس، ئۆزى مۇستەقىل جۈملىنى كۆچكە ئىگە قىلالمايدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتكۈز-ى-مەن.*

*b. ئۇ بىر رومان ياز-دى.*

*c. مەن مۇزىكا ئاڭلا-ۋات.※*

a، b جۈملىلەر توغرا جۈملە، a جۈملە ھازىرقى - كەلگۈسى زامان بەلگىسى [-i-]نى، b جۈملە ئۆتكەن زامان بەلگىسى {-di-} نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. c جۈملە ئىزچىل ھالنىڭ بەلگىسى {-vat-} بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ جۈملە تولۇق ئاياغلاشقان نورمال جۈملە ئەمەس. چۈنكى، بۇ جۈملىدە نورمال جۈملىلەردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك زامان بەلگىلىرى كۆرۈلمىگەن. جۈملىنى گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يەنە پىششىقلاش كېرەك، يەنى





زامان بەلگىلىرىنى قوشۇش كېرەك.

مەن مۇزىكا ئاڭلا-ۋات-ى-مەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، زاماننىڭ ئېتىبار بېرىدىغىنى ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى، ئۇنىڭ ئىچكى جەريانى ئەمەس. ئۇ ھەرىكەت، ھالەت ۋە ئۆزگىرىشنىڭ تاشقى دۇنيادىكى ۋاقىت ئېقىمى جەريانىدىكى بىر ئىش ياكى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن جۈملىنىڭ ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ھال ئىشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ جەريانىغا ئېتىبار قىلىدۇ. ئىشنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىغا چېتىلمايدۇ. ئۇ ھەرىكەت، ھالەت ۋە ئۆزگىرىشنىڭ خالىغان چاغدا داۋاملىشالايدىغان ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ جۈملىگە نىسبەتەن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، ئەمما مۇستەقىل پۈتۈن جۈملىنىڭ ۋاقىت ئۇچۇرىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ.

جۈملىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ھال بەلگىلىرى چۈشۈپ قالسا بولىدۇ، ئەمما زامان بەلگىسى چۈشۈپ قالسا بولمايدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن كىتابنى ئوقۇ-[-پ بول-]-دۇم.*

*b. مەن مۇزىكا ئاڭلا-[-ۋات-]-ىمەن.*

*c. مەن كىتابنى ئوقۇپ بولدۇم.*

*d. مەن مۇزىكا ئاڭلاۋاتىمەن.*

ھال بەلگىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ھال بەلگىلىرى بەزىدە مۇتلەق ۋاقىتنى تەشكىل قىلىشقا قاتنىشىشى مۇمكىن، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسىم چاغلاردا نىسپىي زاماننى تەشكىل قىلىشتا ئاكتىپراق تۇرىدۇ. مۇتلەق زاماننىڭ قۇرۇلۇشىغا زامان كاتېگورىيەسى ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە ھەر ۋاقىت مۇتلەق زاماننى تەشكىل قىلىدۇ.

## 8 §. هال ـ زامان كاتېگورىيەسى

«هازىرقى زامان تىلشۇناسلىق لۇغىتى»دە زامانغا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن:

«زامان پېئىل ئىپادە قىلغان بىر گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە (هال ۋە راي بىلەن بىللە)، ئۇ ئاساسلىقى پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش ـ هەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىتنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى.»[78]

بۇ تەبىردىن مەلۇمكى، كەڭ مەنىدىكى زامان كاتېگورىيەسى هال ۋە راي شەكىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، قاتتىق ئۆلچەم بويىچە بولغاندا، زامان كاتېگورىيەسى مۇستەقىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە نۇقتىسىدىن ئىككىلا زامانني، يەنى ئۆتكەن زامان ۋە هازىرقى ـ كەلگۈسى زامانني ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئۇيغۇر تىلىدا پەلسەپەدىكى هازىرقى زامان ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا رېئاللىقتىكى ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشتە مەلۇم بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەگە ئېغىش بولىدۇ. قايسى كاتېگورىيەگە ئاغقان بولسا، شۇ كاتېگورىيە گەۋدىلىنىدۇ. بەزى تىللار پەلسەپەدىكى ئۈچ خىل ۋاقىتنى ئىپادىلەشتە هال كاتېگورىيەسىگە بەكرەك تايىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن هال كاتېگورىيەسى گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى مەزگىللەردىكى تەتقىقاتلاردا خەنزۇ تىلىنى مانا مۇشۇنداق ۋاقىت ئۇقۇمىنى هال شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىدىغان تىل دېگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا زامان كاتېگورىيەسى مەۋجۇت هەم ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشتە زامان





كاتېگورىيەسىگە بەكرەك تايىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما رېئاللىقتىكى ۋاقىت ئۇقۇمىنى تامامەن زامان كاتېگورىيەسى ئىچىدە تولۇق هەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللاردا ئەھۋال شۇنداق. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلىدىمۇ ئۆتكەن زامان ۋە هازىرقى زاماندىن ئىبارەت ئىككىلا زامان شەكلى مەۋجۇت، كەلگۈسى زامان ۋە باشقا كونكرېت زامان شەكىللىرى باشقا تىل تەركىبلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ پەلسەپەدىكى هازىرقى زامان ئۇقۇمى ۋە هەر خىل كونكرېت ۋاقىت ئۇقۇملىرى ( سۆز ۋاقتىدىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە ئىزچىل يۈز بېرىدىغان، تەكرار يۈز بېرىدىغان ئىشلار)نى ئىپادىلەشتە، زامان كاتېگورىيەسى ئامال قىلالمايدۇ. بۇ چاغدا زامان كاتېگورىيەسىدىن باشقا كاتېگورىيەلەر قوشۇمچە ۋاقىت ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەن ۋاقىت ئۇقۇملىرىنىڭ تىلدا توغرا ئىپادىلىنىپ، ئالاقە راۋانلىقى ئۈچۈن كاپالەت هازىرلايدۇ. مانا مۇشۇنداق پەلسەپەدىكى ئۈچ زامان ئۇقۇمىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىق، توغرا ئىپادىلەشتە تۆۋەندىكى شەكىللەر قوللىنىلىدۇ:

1. {-i/-y-di-kän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرى، كونكرېتراق ئېيتقاندا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش هارپىسىدا شەكىللەنگەن . ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-i<A/-y-d<dur<turur-i<är-kän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v_i/_y_di_kän_perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v_mA_y_di_kän_perII}

سوئال شەكلى:[79] {v_m(A)_di_kän_perII}

{v_mA_m_di_kän_perII}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىكەنمەن، بارىدىكەنمەن، كېلىدىكەنمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىكەنمىز ، بارىدىكەنمىز ، كېلىدىكەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىكەنسەن، بارىدىكەنسەن، كېلىدىكەنسەن<br>ئوقۇيكەنسىز ، بارىدىكەنسىز ، كېلىدىكەنسىز<br>ئوقۇيدىكەنلا، بارىدىكەنلا، كېلىدىكەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىكەنسىلەر ، بارىدىكەنسىلەر ، كېلىدىكەنسىلەر<br>ئوقۇيدىكەنسىزلەر ، بارىدىكەنسىزلەر ، كېلىدىسىزلەر<br>ئوقۇشىدىكەنلا، بېرىشىدىكەنلا، كېلىشىدىكەنلا<br>ئوقۇشىدىكەنسەن، بېرىشىدىكەنسەن، كېلىشىدىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيدىكەن، بارىدىكەن، كېلىدىكەن |

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ھېس قىلغان، بايقىغان ھەقىقەت، چۈشەنچىلەرنى بايان قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. نىمىلا دېگەنبىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ مېھرى باشقىچە بولىدىكەن.*

*b. بۇ بالا ھېسابتا ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزمەيدىكەن، شېئىر يازالايدىكەن، رەسىم سىزالايدىكەن، دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتالايدىكەن.*

*c. ماۋۇ ئادەم بەگلەردىن ئوخشايدۇ، ئۆتۈكىگە قارا، ئەينەكتەك پارقىرايدىكەن.*

2) بېجىرىلىشى پىلانلانغان ياكى كېيىن بېجىرىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆزلىرىنى بۇ يەردىن كېتىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، كورلا ، بۈگۈر تەرەپلەردىن نۇرغۇن يىگىتلەر كېلىپ بىزگە قوشۇلدى.*





*b. يېقىن كېلەچەكتە ھەممە ھوقۇق بىزنىڭ بولىدىكەن.*

3) ئەمەلگە ئاشمىغان، بۇ ھەرىكەتتىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان، شەرت رايىدا تۈرلەنگەن ھەرىكەت ئەمەلگە ئاشقاندا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىنلىكى پەرەز قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆلكە پۇلى بولسا، ئۇ مال بار بولىدىكەن، بىز چىقارغان قەغەز پۇل بولۇپ قالسا، ئۇ مال يوق بولۇپ قالىدىكەن .*

*b. سىز دېمىسىڭىز بىز ئۇنتۇپ قالىدىكەنمىز.*

4) باش جۈملىدە شەرت مەنىسىدە كېلىپ شەرت بېقىندى جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. پەقەت تېنىم سالامەتلا بولىدىكەن، بىر كۈن ئارتۇق ياشىسام پارتىيە ئۈچۈن بىر كۈن خىزمەت قىلىپ، خەلق ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىم كېرەك .*

*b. ئۇلارنىڭ قولىدا ھەربىي كۈچ ساقلىنىپ تۇرىدىكەن، خوجىنىيازدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ، ــ دېدى.*

*c. نەدىن تاپقاندۇ، شۇ ئاتلا بولىدىكەن، ئۇتتۇرغىنىمىز ئۇتتۇرغان.*

5) ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ئۆزىگە ۋە ھەدىسى شەرۋانەمنىڭ يالغۇز ئوغلىغا ئىستىقبال ئىزدەپ ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەركەنت شەھىرىگە كېتىدىكەن.*

*b. ئۇ كېيىن نەمەنگانغا بېرىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولىدىكەن، ياخشى ئىشلەپ ئىناۋەت تېپىپ ساگودا، كېيىن موسكۋادا ئوقۇيدىكەن...*

2. {-i/-y-di-kän-miš-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىلمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلىنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن . ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق :

{-A/y-t<dur<turur-i<är-kän-miš}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-i/-y-di-kän-miš-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-di-kän-mis&-perII}

سۇئال شەكلى: {v-mA-y-di-kän-miš-perII-mu}

{v-mA-y-di-kan-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىكەنمىشمەن، باربدىكەنمىشمەن، كېلىدىكەنمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىكەنمىشمىز ، باربدىكەنمىشمىز ، كېلىدىكەنمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىكەنمىشسەن، باربدىكەنمىشسەن، كېلىدىكەنمىشسەن<br>ئوقۇيدىكەنمىشسىز ، باربدىكەنمىشسىز ، كېلىدىكەنمىشسىز<br>ئوقۇيدىكەنمىشلا ، باربدىكەنمىشلا ، كېلىدىكەنمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىكەنسىلەر ، باربدىكەنسىلەر ، كېلىدىكەنسىلەر<br>ئوقۇيدىكەنسىزلەر ، باربدىكەنسىزلەر ، كېلىدىكەنسىزلەر<br>ئوقۇشىدىكەنلا ، بېرىشىدىكەنلا ، كېلىشىدىكەنلا<br>ئوقۇشىدىكەنسەن ، بېرىشىدىكەنسەن ، كېلىشىدىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيدىكەنمىش، باربدىكەنمىش، كېلىدىكەنمىش |

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان

ئىشلىتىلىشى:

باشقىلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىرمۇنچە تالىپلار مەدرىسىدە ئوقۇيدىكەنمىش*[80].

*b. بۇلبۇل ھەر كۈنى سەھەردە ئۇخلاپ قالىدىكەنمىش.*





3. {-A/y-t-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل خاقانىيە تۈركچىسى دەۋرىدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-A/y-ti<dur<turur-∅<är-ti<Di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-A/y-ti-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-ti-perI}

سوئال شەكلى: {v-A/y-ti-perI-mu}

{v-mA-y-ti-perI-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيتتىم، باراتتىم، كېلەتتىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيتتۇق، باراتتۇق، كېلەتتۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيتتىڭ، باراتتىڭ، كېلەتتىڭ<br>ئوقۇيتتىڭىز ، باراتتىڭىز ، كېلەتتىڭىز<br>ئوقۇيتتىلا ، باراتتىلا ، كېلەتتىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيتتىڭلار ، باراتتىڭلار ، كېلەتتىڭلار<br>ئوقۇيتتىڭىزلار ، باراتتىڭىزلار ، كېلەتتىڭىزلار<br>ئوقۇشاتتىلا ، بېرىشاتتىلا ، كېلىشەتتىلە<br>ئوقۇشاتتىڭ ، بېرىشاتتىڭ ، كېلىشەتتىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيتتى، باراتتى، كېلەتتى |

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل بەزىدە {-(A)r idi-} بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇشۇ شەكىلدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكى مۆلچەرلىنىدۇ. باسكاكوف ۋە ناسىلوفلار {-A/ytt-} دېگەن شەكىلنىڭ {-(A)r idi-}دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى

ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ⑧روبېرت شاۋ (Robert Shaw)، راكۇۋېت (Raquette)، ئەمىر نەجىپ (Emir Nejip)، كامىل مېلىيېف (Kamil Meliyev) قاتارلىقلارمۇ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ ⑧²

ھەقىقەتەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئىككى شەكىلنىڭ بىلدۈرىدىغان قىسمەن مەنىسى، يەنى شەرت بېقىندى جۈملىدىن كېيىن كېلىپ، شەرت بېقىندى جۈملىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرت ئورۇنلانغاندا، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن دەپ قارالغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئوخشاشلىقتا ئىگە. بۇ مەنىدە بۇ ئىككى شەكىلنىڭ ئوخشاپ قېلىشى ئىككى خىل شەكىلنىڭ تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىخچاملانغان شەكىلنىڭ ئوخشاپ قالغانلىقى ۋە {-(A)r di -} شەكىلنىڭ جانلىق تىلدا {-A/ ytt-} شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن بولغان. ئەمما، بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە بىلدۈرىدىغان مەنىسى پەرقلىق. بۇ پەرقنى لىتىپ توختى بايقىغان ۋە ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ {-A/ytt-} شەكىلنىڭ قەدىمكى بىر شەكىل {-A/-y-turur är-Di-} دىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ⑧³.

دېمىسىمۇ يۇقىرىقى ئىككى شەكىلنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. {-A/ytt-} نىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە ئېنىقراقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان «قۇرئان تەپسىرى»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (لوندون نۇسخىسى) قاتارلىق ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچىدىن تارتىپ كەڭرى قوللىنىلىشقا باشلىغان.

Sağ qolinda kökkä tägincä yildirayu turur ärdi ⑧⁴

*ئوڭ قولى كۆككە يېتىپ يالتىراپ تۇراتتى.*

Yilqilar kütäyä turur ärdi atlarğa minä turur ärdi ⑧⁵

*يىلقىلارنى كۈتەتتى،ئاتلارغا مىنەتتى.*

Bu sözlärni qarun išitip turur ärdi ⑧⁶





*بۇ سۆزلەرنى قارۇن ئاڭلاپ تۇراتتى.*

Anča täxsändaz körülmäydur ärdi ⑧⁷

*ئانچە ئۇستا زەمبىرەكچى كۆرۈنمەيتتى.*

kün suni ŋ yaqasi ŋ da yigitlär birlän oynay turur irdi ⑧⁸

Bir

*بىر كۈنى سۇ بويىدا يىگىتلەر بىلەن ئويناپ تۇراتتى.*

دېمەك بىزنىڭچە بۇ شەكىل {-A/-y-t<turur- Ø<är-t<-Di} شەكىلدىن تەرەققىي قىلىپ قىسقىراپ بۇ شەكىلگە كەلگەن. بۇنداق دېيىشتىكى ئاساسىمىز تۆۋەندىكىچە:

ئەگەر {-A/yt-ti-} شەكلىنى {-(yX)r är-Di-}دىن كەلدى دەپ پەرەز قىلساق، بۇ شەكىلدىكى بىرىنچى - t - نى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز؛

بۇ شەكىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى مۇنداق:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| körättim<kör- | ä- | t-<turur | Ø<är- | ti-<Di- | m |
| oquytti ŋ< oqu- | y- | t-<turur | Ø<är- | ti-<Di- | ŋ |
| yazatti< yaz- | a- | t-turur | -Ø<är- | ti-<Di- | i |
| ئۆزەك | رەۋىشداش | ياردەمچى پېئىل | كېسىم پېئىل | ئۆتكەن زامان | شەخس |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

1) سۆز قىلىنىۋاتقاندىن بۇرۇنقى ئۆتكەن زامان ئوقىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىت بۆلىكىدە تەكرار يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. يەنە بىر ھەپتە ياتقان بولساق ئۆلۈپ كېتەتتۇق!*

*b. كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن پۇتلىرىمنى يۆتكىيەلمەي، كاڭغىمۇ چىقالماي قالاتتىم، ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرسام پۇتلىرىم ئىششىپ كەتكەنلىكتىن، ئايىغىمنىمۇ كىيەلمەيتتىم.*

2) شەرت بېقىندى جۈملىدىن كېيىن كېلىپ، شەرت بېقىندى

جۈملىدە ئۆتتۈرىغا قويۇلغان شەرت ئورۇنلانغاندا، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن دەپ قارالغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ دانىشمەنلىكى بولمىغان بولسا، مەن ئۆز ماكانىمغا كېچىكىپ كەلگەن بولاتتىم.*

*b. بىر جېنىم بىلەن ئەمەس، مىڭ جېنىم بولسا پىدا قىلاتتىم.*

3) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىراق، ھاجىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.*

*b. پاكار ھەدەپ ئېگىزنىڭ پوتىسىغا قول سۇناتتى، ئېگىز ئۇنى مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ يېقىن كەلتۈرمەيتتى.*

*c. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچكىمنىڭ گېپى كىرمەيتتى، كۆزىگە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.*

4) بەلگە ۋاقىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، بەلگە ۋاقىت بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇ چاغدا مەن ئۆيىنىڭ غېمىدە يۈرەتتىم.*

*b. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، بىز مۇشۇ بىنادا تۇراتتۇق.*

*c. سىز تېلېفون قىلغاندا، بىز ماڭايلى دەپ تۇراتتۇق.*

5) «بولاتتى» شەكلىدە شەرت رايىدىكى پېئىل بىلەن قوشۇلۇپ ئارزۇ، تەلەپ، ئىلتىماس قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «-غان»لىق سۈپەتداش بىلەن ياكى «-غىلى»لىق رەۋىشداش بىرىكىپ، ئالدىنقى شەرت جۈملىدە تىلغا ئېلىنغان شەرت ئورۇنلانغاندا، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن دەپ قارالغان ئىش ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. سىلەرمۇ ئىتتىپاقسىزلىق نەتىجىسىدە، شۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالمىساڭلار بولاتتى.*





*b. بىزگە بېرىدىغىنىنى بېرىپ، دەيدىغىنىنى دەپ قويۇۋەتسە بولاتتى.*

*c. ئۇلار سېنى ئىزدەپ سەھراغا چىقىپ داداڭغا يەنە بىر پالاكەتچىلىك يەتكۈزمىسە بولاتتى.*

*d. باللىرىم سالامەت قايتىپ كەلسە بولاتتى.*

*e. زىياۋۇدۇن تۇتۇلمىغان بولسا، بۇ ھويلىدا پاجىئە بولمىغان بولاتتى.*

*f. ئوسمان دېگەننى ئۆز يېنىدا قورۇغىلى، جانىمقان، ئەلەن، خادىۋاڭلارنىڭ قولى بىلەن جايلىغىلى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم دېگەنلەرنىمۇ شۇنداق قىلغىلى بولاتتى.*

*g. دالىيەندىن پويىزغا ئولتۇرسا مۇدەنجياڭغا بارغىلى بولاتتى.*

*h. پەقەت يەرنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىلا، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاتقىلى بولاتتى.*

4. {-A/yt-ti-perI-kän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل يۇقىرىقى شەكىلگە ۋاسىتىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان شەكىل بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-A/-y-t<-tur<turur-ti<ärdi-perI-i<är-kän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى {v-A/yt-ti-perI-kän}

بولۇشسىز شەكلى {v-mA-yt-ti-perI-kän}

سوئال شەكلى: {v-mA-yt-ti-perI-kän-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ۋاسىتىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن تەكرار يۈز بېرىدىغان

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيتتىمكەن، باراتتىمكەن، كېلەتتىمكەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيتتۇقكەن، باراتتۇقكەن، كېلەتتۇقكەن |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيتتىڭكەن، باراتتىڭكەن، كېلەتتىڭكەن<br>ئوقۇيتتىڭىزكەن، باراتتىڭىزكەن، كېلەتتىڭىزكەن<br>ئوقۇيتتىلاكەن، باراتتىلاكەن، كېلەتتىلاكەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيتتىڭلاركەن، باراتتىڭلاركەن، كېلەتتىڭلاركەن<br>ئوقۇيتتىڭىزلاركەن، باراتتىڭىزلاركەن، كېلەتتىڭىزلاركەن<br>ئوقۇشاتتىلاكەن، بېرىشاتتىلاكەن، كېلىشەتتىلەكەن<br>ئوقۇشاتتىڭكەن، بېرىشاتتىڭكەن، كېلىشەتتىڭكەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيتتىكەن، باراتتىكەن، كېلەتتىكەن |

ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ شۇ چۆچەكلەرنىڭ سىرلىق ۋەقەلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتىكەن.*

*b. دادىسى نادىر مەھمۇت ياخشى سازچىكەن، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، كېسەكچىلىك قىلالايتتىكەن.*

2) باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىشلارنى ياكى كونا ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا دادىسىنىڭ بويىنىغا ئوڭ قولىنى سېلىپ ئوڭ پۇتىنى دادىسىنىڭ قورسىقىغا ئارتىۋېلىپ: «ھېكايە ئېيتىپ بېرە ئەمدى» دەيتتىكەن.*

*b. ئۇ چاغدا بىچارە ئەلى دېھقانلىرى سېپىلغا، ئۆستەڭگە، ۋاڭ خولۇ ئالغۇنىغا بىر يىلدا ئىككى يۈز كۈندەك ئىشلەپ، ئۆزىگە ئارانلا بىر يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەيتتىكەن.*

3) مەلۇم پاكىتلارغا ئاساسەن كېيىن بىلگەن، بۇرۇن تەكرار يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





*a. ئۇ ھازىر بىلدى: ئۇ غېنى باتۇرنى سۆيەتتىكەن .*

*b. ھەتتەنەڭ، قارىگىر مەشەدە ئۆلسىچۇ، بۇلارغا سوقۇم بولاتتىكەن ـ دە!*

.5 {-(A)r}

كېلىپ چىقىشى:

بۇ شەكىل ئورخۇن دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىل ئەسلىي كۆپ ۋارىيانتلىق شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ « - يۇر\ - يۈر\ - ۋر\ - ۋر\ - ار\ - ەر» قاتارلىق شەكىللىرى بار ئىدى ۋە ھەربىر ۋارىيانتنىڭ قوشۇلۇش شەرتلىرى خېلىلا قاتتىق ئىدى، يەنى ۋارىيانتلار پېئىل ئۆزىكىنىڭ قانداق تاۋۇش (ئۈزۈك تاۋۇشلار جەھەتتىنمۇ شەرتلىرى بار) ئاخىرلاشقانلىقىغا قاراپ تاللاپ قوشۇلاتتى [89]. تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۇنىڭ باشقا شەكىللىرى ئىخچاملىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(A)r-<-(yX)r}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {-(A)r-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAs-perII}

سوئال شەكلى: {-(A)r-perII-mu}

{v-mAs-perII-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ۋاسىتىسىز بايان راي

ئىشلىتىلىشى:

گابائىن خانىم بۇ شەكىلنى ئورخۇن ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا ھازىرقى زامان ياكى كەلگۈسى زامان مەنىسىدە كېلىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. [90] بۇ شەكىل تا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغىچە ئۆتكەن زامان شەكلى

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرمەن، بارارمەن، كېلەرمەن، بولارمەن، چۈشەرمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرمىز، بارارمىز، كېلەرمىز، بولارمىز، چۈشەرمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرسەن، بارارسەن، كېلەرسەن، بولارسەن، چۈشەرسەن<br>ئوقۇرسىز، بارارسىز، كېلەرسىز، بولارسىز، چۈشەرسىز<br>ئوقۇرلا، بارارلا، كېلەرلا، بولارلا، چۈشەرلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرسىلەر، بارارسىلەر، كېلەرسىلەر، بولارسىلەر، چۈشەرسىلەر<br>ئوقۇرسىزلەر، بارارسىزلەر، كېلەرسىزلەر، بولارسىزلەر، چۈشەرسىزلەر<br>ئوقۇشارلا، بېرىشارلا، كېلىشەرلا، بولۇشارلا، چۈشۈشەرلا |
| | | ئوقۇشارسەن، بېرىشارسەن، كېلىشەرسەن، بولۇشارسەن، چۈشۈشەرسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇر، بارار، كېلەر، بولار، چۈشەر |

{ـ DX ـ}گە قارشى هازىرقى ـ كەلگۈسى زامان مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۆتكەن زامانغا تەۋە بولمىغان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت مۇشۇ شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. كونتېكىستقا ۋە پېئىلنىڭ مەنە قاتلىمىغا ئاساسەن ئۇنىڭ قايسى ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

1) مۆلچەر مەنىسىدە، ئېنىقسىز تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كەلگۈسىدە يەنە سۆزلىشىش نېسىپ بولار!*





*b. ئاكا، سىلەر قاچانمۇ كېلەرسىلەر.*

2) ئېنىق تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل شەكىل كۆپرەك ئەدەبىي ئەسەرلەردە، يېزىق تىلىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇنىڭدىن كېيىن، پەلەك چاقىنىڭ بۇ زېمىن ئۈستىدە يەنە قانداق ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، كىملەرنى يىغلىتىپ، كىملەرنى كۈلدۈرگەنلىكىنى كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن ئوقۇرسىز .*

*b. چۆكۈپ كەتسە بىر كېمە، قالغىنى كېتىۋېرەر، قۇرۇپ قالسا بىر دەرەخ، ئورمانلار كۆكلەۋېرەر.*

*c. ئايدىڭ كېچىلەردە بولسا، مۇڭلىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرىڭ خۇددى قاناتلانغان قۇشلاردەك ئۇچۇپ بېرىپ ئالەمنى قاپلار، ئۇزاقلاردا تۇرۇپ، بۇ مۇڭلۇق قوشاقلىرىڭنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرى خۇددى سىمابتەك تىترەر، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتار؛ يېقىن كەلگەنسېرى ھېچ تاقىتى قالماس، چىداپ تۇرالماس، مۇڭلىرىڭغا قوشۇلۇپ تاھىر ئاققان جىلغىلىرىڭدا كۆز ياشلىرى بىلەن ئاققۇسى كېلەر ...*

3) مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەھشەر كۈنى ئۆلارنىڭ قىزىل تىرنىقى كىمنىڭ بويىنىدا بولار؟*

*b. خوپ ھاجى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپ، بىزمۇ ھەممە گەپنى داموللامغا يەتكۈزەرمىز.*

4) ماقال ـ تەمسىللەردە ئومۇمىي ھەقىقەت، قائىدىلەرنى چۈشەندۈرگەندە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بالا كەلسە قوشلاپ كېلەر، ئامەت كەلسە قوشلاپ كېلەر.*

*b. سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس.*

*c. دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.*

5) شەرت رايىدا تۈرلەنگەن پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ، شۇ پېئىل ئوتتۇرىغا قويغان شەرت ھازىرلانغاندا ئاندىن ئەمەلگە ئېشىشى پەرەز قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*تاغدىن خەۋەر كەلسە، ئاندىن بىرنېمە دېيىشەرمىز.*

6) تىلەك، قارغىش قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ خوتۇن ئاغزى ئېچىلسىلا باشقا گەپ قىلماي «ئۆلەرسەن»، «كېسەل بولۇپ قالارسەن» دېگەن گەپنى قىلىپ يۈردى.*

*b. ـــ يە، تازا يە، قارنىڭ يېرىلىپ كېتەر خۇدايىم!*

6. {-(A)r-ikän-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-(A)r<(yU)r-i<är-kän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(A)r-ikän-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAs-ikän-perII}

سوئال شەكلى: {-(A)r-ikän-perII-mu}

{v-mAs-ikän-perII-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) شەرت بېقىندى جۈملىدىن كېيىن كېلىپ، پەرەز بىلەن ئېيتىلغان شەرت ئورۇنلانغاندا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرىكەنمەن، بارارىكەنمەن، كېلەرىكەنمەن، بولارىكەنمەن، چۈشەرىكەنمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرىكەنمىز، بارارىكەنمىز، كېلەرىكەنمىز، بولارىكەنمىز، چۈشەرىكەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرىكەنسەن، بارارىكەنسەن، كېلەرىكەنسەن، بولارىكەنسەن، چۈشەرىكەنسەن<br>ئوقۇرىكەنسىز، بارارىكەنسىز، كېلەرىكەنسىز، بولارىكەنسىز، چۈشەرىكەنسىز<br>ئوقۇرىكەنلا، بارارىكەنلا، كېلەرىكەنلا، بولارىكەنلا، چۈشەرىكەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرىكەنسىلەر، بارارىكەنسىلەر، كېلەرىكەنسىلەر، بولارىكەنسىلەر، چۈشەرىكەنسىلەر<br>ئوقۇرىكەنسىزلەر، بارارىكەنسىزلەر، كېلەرىكەنسىزلەر، بولارىكەنسىزلەر، چۈشەرىكەنسىزلەر<br>ئوقۇشارىكەنلا، بېرىشارىكەنلا، كېلىشەرىكەنلا، بولۇشارىكەنلا، چۈشۈشەرىكەنلا<br>ئوقۇشارىكەنسەن، بېرىشارىكەنسەن، كېلىشەرىكەنسەن، بولۇشارىكەنسەن، چۈشۈشەرىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇرىكەن، بارارىكەن، كېلەرىكەن، بولارىكەن، چۈشەرىكەن |

*a. مۇبادا، بىزنىڭ مەخپىي تېلېگراف شىفىرلىرىنى يېشىش تېخنىكىمىز تۆۋەن بولغان بولسا، بۇ مۇھىم سىردىن مەھرۇم قالارىكەنمىز .*

*b. سىز بولمىسىڭىز بىز ھېچنېمە قىلالماس ئىكەنمىز.*

2) سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىش مۇمكىنلىكى پەرەز قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەمما، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى قانداق يىغىشتۇرارىكەنسىز دەپ خاۋاتىرلىنىۋاتىمەن.*

7. {-(A)rmiš-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ئورخۇن دەۋرىدىن تارتىپ

ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان شەكىل بولۇپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-(A)r<(yU)r-miš<ärmiš}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(A)r-mis&-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAs-miš-perII}

سوئال شەكلى: {-(A)r-mis&-perII-mu}

{v-mAs-miš--perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرمىشمەن، بارارمىشمەن، كېلەرمىشمەن، بولارمىشمەن، چۈشەرمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرمىشمىز، بارارمىشمىز، كېلەرمىشمىز، بولارمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرمىشسەن، بارارمىشسەن، كېلەرمىشسەن، بولارمىشسەن، چۈشەرمىشسەن<br>ئوقۇرمىشسىز، بارارمىشسىز، كېلەرمىشسىز، بولارمىشسىز، چۈشەرمىشسىز<br>ئوقۇرمىشلا، بارارمىشلا، كېلەرمىشلا، بولارمىشلا، چۈشەرمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرمىشسىلەر، بارامىشسىلەر، كېلەرمىشسىلەر، بولارمىشسىلەر، چۈشەرمىشسىلەر<br>ئوقۇرمىشسىزلەر، بارارمىشسىزلەر، كېلەرمىشسىزلەر، بولارمىشسىزلەر، چۈشەرمىشسىزلەر<br>ئوقۇشارمىشلا، بېرىشارمىشلا، كېلىشەرمىشلا، بولۇشارمىشلا، چۈشۈشەرمىشلا |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇرمىش، بارارمىش، كېلەرمىش، بولارمىش، چۈشەرمىش |

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) باشقىلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى





كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەكىلنىڭ {-i/-y-di-kän-miš}دىن پەرقى، بۇ شەكىل سۆزلىگۈچىنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېنىقسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىش ـ ھەرىكەتكە قارىتا ئانچە ئىشەنچ بولمىغان قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قىشتا كىشىمىش پىشماسمىش، پىشسىمۇ يېگىلى بولماسمىش.*

*b. يېقىندا تېخى چوڭلىرىنى ئەكىرەرمىش.*

*c. مۇختەر باينىڭ دېيىشىچە: بۇ يىل قىش تارانچى بايلىرىنىڭ مەشرىپىنى مۇختەر باينىڭ ئۆيىدىن باشلارمىش.*

*d. قېرىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دەريا باغراش كۆلىنى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقارمىش.*

2) باشقىلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى مەنسىتمەسلىك، ياراتماسلىق ياكى ئىشەنمەسلىك تەلەپپۇزىدا بايان قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇ ھالىغا رومان يازارمىش.*

*b. مەن ھېچنېمە بىلمەسمىشمەن، ھەممىنى شۇلار بىلەرمىش.*

8. {-(A)r idi-]

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ئورخۇن دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان شەكىل بولۇپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-(A)r<(yU)r i-<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(A)r idi-perI}
بولۇشسىز شەكلى: {v-mAs idi-perI}
سوئال شەكلى: {-(A)r idi-perI-mu}
{v - mAs idi - perII - mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرىدىم، باراراتتىم، كېلەرىدىم، بولارىدىم، چۈشەرىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرىدۇق، بارارىدۇق، كېلەرىدۇق، بولارىدۇق، چۈشەرىدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇرىدىڭ، بارارىدىڭ، كېلەرىدىڭ، بولارىدىڭ، چۈشەرىدىڭ<br>ئوقۇرىدىڭىز، بارارىدىڭىز، كېلەرىدىڭىز، بولارىدىڭىز، چۈشەرىدىڭىز<br>ئوقۇرلا، بارارلا، كېلەرلا، بولارلا، چۈشەرلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇرىدىڭلار، بارارىدىڭلار، كېلەرىدىڭلار، بولارىدىڭلار، چۈشەرىدىڭلار<br>ئوقۇرئىدىڭىزلار، بارارئىدىڭىزلار، كېلەرئىدىڭىزلار، بولارئىدىڭىزلار، چۈشەرئىدىڭىزلار<br>ئوقۇشارئىدىلە، بېرىشارئىدىلە، كېلىشەرئىدىلە، بولۇشارئىدىلە، چۈشۈشەرئىدىلە<br>ئوقۇشارىدىڭ، بېرىشارىدىڭ، كېلىشەرىدىڭ، بولۇشارىدىڭ، چۈشۈشەرىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇرىدى، بارارىدى، كېلەرىدى، بولارىدى، چۈشەرىدى |

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.
ئىشلىتىلىشى:
بەزىدە {v-A/yti-} دېگەن شەكىل بۇ خىل شەكىل بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. شەرت بېقىندى جۈملىدىن كېيىن كېلىپ، شەرت بېقىندى جۈملىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرت ئورۇنلانغاندا، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن دەپ قارالغان ئىش





ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
*a. ئىنسانلار بۇ قوراللىرىنى چۆرۈۋەتسە دۇنيا گۈزەللىككە تولارىدى.*
*b. سەبىخە بولغان بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەرىدى؟*

9. [-(A)r-ikän-miš-}

كېلىپ چىقىشى: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە شەكىللەنگەن قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:
{-(A)r-i-<är-kän-miš-}

قۇرۇلمىسى:
بولۇشلۇق شەكلى: {v-(A)r-ikän-miš-perII}
بولۇشسىز شەكلى: {v-mAs-ikän-miš-perII}
سوئال شەكلى: {-(A)r-ikän-miš-perII-mu}
{v-mAs-ikän-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقارىكەنمىشمەن، باراركەنمىشمەن، كېلەركەنمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقاركەنمىشمىز، باراركەنمىشمىز، كېلەركەنمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقاركەنمىشسەن، باراركەنمىشسەن، كېلەركەنمىشسەن<br>ئوقاركەنمىشسىز، باراركەنمىشسىز، كېلەركەنمىشسىز<br>ئوقاركەنمىشلا، باراركەنمىشلا، كېلەركەنمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقاركەنمىشسىلەر، باراركەنمىشسىلەر، كېلەركەنمىشسىلەر<br>ئوقاركەنمىشسىزلەر، باراركەنمىشسىزلەر، كېلەركەنمىشسىزلەر<br>ئوقۇشاركەنمىشلا، بېرىشاركەنمىشلا، كېلىشەركەنمىشلا<br>ئوقۇشاركەنمىشسەن، بېرىشاركەنمىشسەن، كېلىشەركەنمىشسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقاركەنمىش، باراركەنمىش، كېلەركەنمىش |

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان.
ئىشلىتىلىشى:

ئاساسەن باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ شەكىل ئاساسەن 3 ـ شەخستە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*a . «تۆمۈرچى قوپۇپ ياغاچچىغا ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل دىسە، كۈلكىگە قالامدۇ؟ » دەپ كۈلۈپ قوياركەنمىش.* [91]

10. {-i/-ydiğan bolğidi-]

كىلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە شەكىللەنگەن مۇرەككەپ شەكىل.

{-i<-A/-y-di<-du<-dur<turur-ğan bolği<bolğay-∅<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-i/-y-di-gan bolgi-di-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-di-gan bolgi-di-perI}

سوئال شەكلى: {v-i/-y-di=gan bolgi-mi-di-perI}

{v-mA-y-di-gan bolgi-mi-di-perI}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر رايى

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ كەلگۈسى بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى مەلۇم ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە سوئال مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ئىككىسى بۇرۇن تونۇشمايدىغان بولغىيدى؟*

*b. سىز چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟*

11. {-i/-ydiğan oxšay(du)-}

كىلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كىلىپ چىقىشى





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىغان بولغىيدىم، بارىدىغان بولغىيدىم، كېلىدىغان بولغىيدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىغان بولغىيدۇق، بارىدىغان بولغىيدۇق، كېلىدىغان بولغىيدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىغان بولغىيدىڭ، بارىدىغان بولغىيدىڭ، كېلىدىغان بولغىيدىڭ<br>ئوقۇيدىغان بولغىيدىڭىز، بارىدىغان بولغىيدىڭىز، كېلىدىغان بولغىيدىڭىز<br>ئوقۇيدىغان بولغىيدىلا، بارىدىغان بولغىيدىلا، كېلىدىغان بولغىيدىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىغان بولغىيدىڭلار، بارىدىغان بولغىيدىڭلار، كېلىدىغان بولغىيدىڭلار<br>ئوقۇيدىغان بولغىيدىڭىزلار، بارىدىغان بولغىيدىڭىزلار، كېلىدىغان بولغىيدىڭىزلار<br>ئوقۇشىدىغان بولغىيدىلا، بېرىشىدىغان بولغىيدىلا، كېلىشىدىغان بولغىيدىلا<br>ئوقۇشىدىغان بولغىيدىڭ، بېرىشىدىغان بولغىيدىڭ، كېلىشىدىغان بولغىيدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيدىغان بولغىيدى، بارىدىغان بولغىيدى، كېلىدىغان بولغىيدى |

تۆۋەندىكىچە:

{-i<-A/-y-di<-du<-dur<turur-ğanoxša-y-du-dur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-i/-ydiğan oxša-y(du)-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-ydiğan oxša-y(du)-perII}

سوئال شەكلى: {v-i/-ydiğan oxša-ma-m-dildu-perII}

{v-mA-ydiğan oxša-ma-m-dildu-perII}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىغان ئوخشايمەن، باردىغان ئوخشايمەن، كېلىدىغان ئوخشايمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىغان ئوخشايمىز، باردىغان ئوخشايمىز، كېلىدىغان ئوخشايمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىغان ئوخشايسەن، باردىغان ئوخشايسەن، كېلىدىغان ئوخشايسەن<br>ئوقۇيدىغان ئوخشايسىز، باردىغان ئوخشايسىز، كېلىدىغان ئوخشايسىز<br>ئوقۇيدىغان ئوخشايلا، باردىغان ئوخشايلا، كېلىدىغان ئوخشايلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىغان ئوخشايسىلەر، باردىغان ئوخشايسىلەر، كېلىدىغان ئوخشايسىلەر<br>ئوقۇيدىغان ئوخشايسىزلەر، باردىغان ئوخشايسىزلەر، كېلىدىغان ئوخشايسىزلەر<br>ئوقۇشىدىغان ئوخشايلا، بېرىشىدىغان ئوخشايلا، كېلىشىدىغان ئوخشايلا<br>ئوقۇشىدىغان ئوخشايسەن، بېرىشىدىغان ئوخشايسەن، كېلىشىدىغان ئوخشايسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيدىغان ئوخشايدۇ، بارىدىغان ئوخشايدۇ، كېلىدىغان ئوخشايدۇ |

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ كەلگۈسى بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى مەلۇم ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. تەقدىر ـ ئىرادىنى قارىمامدىغان، ئەمدى باللارنىڭ ئىشى ماڭا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ.

b. بۇ چېرىكلەرنىڭ پەيلىگە قارىغاندا، بۈگۈن تۈزلۈقىمىزنى چاققان بولسا، ئەتە بېشىمىزنى يانجىيدىغان ئوخشايدۇ.

c. ـــ بويتاق ئادەم، ئاغىنىلىرىنىڭكىگە كەتكەن ئوخشايدۇ.

d. ئۇلارمۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ئوخشايدۇ.





12.11. {-i/-ydiğandu/-di-perII}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىلمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

-y-di<-du<-dur<turur-ğn-du/-di-<-dur<turur perII}
{-i<-A/

قۇرۇلمىسى:

{-i<-a/-y-di<-du<-dur<turur-gan oxša-y-du-dur<turur}

بولۇشلۇق شەكلى: {v-i/-y-diğandu/-di-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAy-ydiğandu/-di-perII}

سوئال شەكلى: {v-i(A)m-diğandu/-di-perII}
{v-mA-m-diğandu/-di-}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىغاندىمەن، باردىغاندىمەن، كېلىدىغاندىمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىغاندىمىز، باردىغاندىمىز، كېلىدىغاندىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيدىغانسەن، باردىغانسەن، كېلىدىغانسەن<br>ئوقۇيدىغانسىز، باردىغانسىز، كېلىدىغانسىز<br>ئوقۇيدىغانلا، باردىغانلا، كېلىدىغانلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىغانسىلەر، باردىغانسىلەر، كېلىدىغانسىلەر<br>ئوقۇيدىغانسىزلەر، باردىغانسىزلەر، كېلىدىغانسىزلەر<br>ئوقۇيشىدىغانلا، بېرىشىدىغانلا، كېلىشىدىغانلا<br>ئوقۇيشىدىغانسەن، بېرىشىدىغانسەن، كېلىشىدىغانسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيدىغاندۇ، باردىغاندۇ، كېلىدىغاندۇ |

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ كەلگۈسى بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا

ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ قامچىنى ھەر كۆرگەندە، بىچارە بۆرتە ناچىنىمۇ يادلىرىغا كېلىدىغاندۇ؟*

*b. ئۇخلىسىمۇ شۇنداق قاتتىق ئۇخلامدىغاندۇ؟*

*c. ئۆزى چوڭ ئۆلىما بولغاندىن كېيىن بىرنېمىنى بىلىپ دەيدىغاندۇ، بىز قاراتۇرۇك ئادەملەر نېمىنى بىلەتتۇق.*

13. {-i/-y-perII-ğu däymän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىلمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

{-i-<-A/-perII-ğu däymän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-i/y(di)-perII-ğu däymän}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y(du)-perII-ğu däymän}

سوئال شەكلى: يوق

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيمەنغۇ دەيمەن، بارىمەنغۇ دەيمەن، كېلىمەنغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيمىزغۇ دەيمەن، بارىمىزغۇ دەيمەن، كېلىمىزغۇ دەيمەن |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيسەنغۇ دەيمەن، بارىسەنغۇ دەيمەن، كېلىسەنغۇ دەيمەن<br>ئوقۇيسىزغۇ دەيمەن، بارىسىزغۇ دەيمەن، كېلىسىزغۇ دەيمەن<br>ئوقۇيدىلاغۇ دەيمەن، بارىدىلاغۇ دەيمەن، كېلىدىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيسىلەرغۇ دەيمەن، بارىسىلەرغۇ دەيمەن، كېلىسىلەرغۇ دەيمەن<br>ئوقۇيسىزلەرغۇ دەيمەن، بارىسىزلەرغۇ دەيمەن، كېلىسىزلەرغۇ دەيمەن<br>ئوقۇشىدىلاغۇ دەيمەن، بېرىشىدىلاغۇ دەيمەن، كېلىشىدىلاغۇ دەيمەن<br>ئوقۇشىسەنغۇ دەيمەن، بېرىشىسەنغۇ دەيمەن، كېلىشىسەنغۇ دەيمەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيدۇغۇ دەيمەن، بارىدۇغۇ دەيمەن، كېلىدۇغۇ دەيمەن |





راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل {-i-<-ydiğandu/-di-perII} شەكلى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى بۇ شەكىلمۇ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ كەلگۈسى بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن:

*a. سۈت بىلەن يۈز يۇيۇپ، ھەسەل بىلەن ئېغىز چايقايدۇغۇ دەيمەن!*

*b. بىر مو باغ ئون مو ئېتىزغا يارايدۇغۇ دەيمەن.*

*c. ئەخمەتجان ئەپەندىم مۇشۇ كىشىگە ئوخشايدۇغۇ دەيمەن.*

14. {-i/-y-(du)}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ئەڭ دەسلەپ خاقانىيە تۈركچىسىدە )پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىلا (ئۇچرايدۇ. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-i-<-A/-y-du<-dur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-i/-y-(du)-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-(du)-perII}

سوئال شەكلى: {v-(A)m-(di)-perII}

{v-mA-m-(di)-perII}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى بىلدۈرىدۇ.

*a. كۈن شەرقتىن چىقىدۇ.*

*b. جان كۈندە چىچەكلىمەيدۇ.*

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيمەن، بارىمەن، كېلىمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيمىز، بارىمىز، كېلىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇيسەن، بارىسەن، كېلىسەن<br>ئوقۇيسىز، بارىسىز، كېلىسىز<br>ئوقۇيدىلا، بارىدىلا، كېلىدىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيسىلەر، بارىسىلەر، كېلىسىلەر<br>ئوقۇيسىزلەر، بارىسىزلەر، كېلىسىزلەر<br>ئوقۇشىدىلا، بېرىشىدىلا، كېلىشىدىلا<br>ئوقۇشىسەن، بېرىشىسەن، كېلىشىسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇيدۇ، بارىدۇ، كېلىدۇ |

*c. بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدۇ.*

*d. سۇ يۈز گىرادۇستا قاينايدۇ.*

2) بەلگىلىمە ۋە ئادەت بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كەچقۇرۇنلۇقى ئورما ناخشىسى باشلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئورما ئاۋۇمايدۇ، ناخشا ئەۋجىگە چىقىدۇ.*

*b. خالىسا سويىدۇ، خالىسا تالايدۇ، خالىسا سولايدۇ.*

*c. پويىز سائەت ئىككىدە كېلىدۇ.*

3) خاراكتېر، مىجەز، ئادەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت، خۇسۇسىيەت قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. باغ قىلىمەن، مېۋە ساتمايمەن.*

*b. قورقساڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن، ھامىنى بىر ئۆلۈم، ئۆلۈمدىن قورقمىساڭلا ھېچكىمدىن قورقمايسەن.*

*c. — ئۇلار بىزچە سۆزلىيەلەيدۇ.*

*d. بالىنى ئەللەي ئەتكەنسېرى قاتتىق ئۇخلايدۇ، قاتتىقراق*





*ۋارقىرىۋەتسىڭىز، ئۇ جەزمەن ئويغىنىپ كېتىدۇ.*

4) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئۆتكەن ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم نۇقتىسىدا باشلانغان ھەمدە سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ داۋاملىشىۋاتقان، كېيىنمۇ داۋاملىشىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئىشلىتىلىدىغان پېئىللار بىلدۈرگەن ھەرىكەت مەنە قاتلىمى نۇقتىسىدىن ئىچكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق، نەزەرىيە جەھەتتىن چەكسىز داۋاملىشالايدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرۈشى كېرەك. مەسىلەن:

*a. ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن.*

*b. يەر بولمىسا باشقىلارغا مالاي بولىسەن، يېرىڭ بولسا ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتىسەن، دەن تۆكىسەن، چۆپ ئۈچى تۆلەيسەن، تۆلىسەڭمۇ تۆلىمىدىڭ دەپ سولايدۇ.*

*c. نۇرى بىكار بولسىلا كىتاب ئوقۇيدۇ، خىيال سۈرىدۇ، سۆزلىسە چوڭ ـ چوڭ، باشقىلار بىلمەيدىغان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ.*

5) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا تېخى باشلانمىغان، ۋاقىت ئوقىنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ناھايىتى يېقىن بىر نۇقتىسىدا باشلىنىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوغلاقنى شۇ يەرگە تاشلايمەن، قالغان گەپنى كېيىن ئاڭلايسەن.*

*b. بۇ يەردىن قاچان كېتىمىز؟*

*c. كەنجى ئوغۇلنىڭ خەتنە تويىنى قىلىپ بولۇپلا شەھەرگە كۆچىمىز!*

6) قارار قىلىنغان، لوگىكىلىق جەھەتتىن مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — راستىنى ئېيتسام، ئۆز يۇرتۇمغا بارالمايمەن.*

*b. ئىنقىلاب ياڭقۇنىنى سەن قان بىلەن ئۆچۈرەلمەيسەن.*

c. — ھەممىنى قىلىمىز، زاۋۇت ـ فابرىكا قۇرىمىز، خەلق باي بولالايدۇ، ئوقۇيدۇ، دۇنيادىكى ئەڭ قالتىس مىللەتلەردىن بولالايدۇ، راستمۇ نۇرى؟

d. ئاڭلاپ قويۇش خالايىق، كىمدىكىم گەدەنكەشلىك قىلىپ بىزگە ياندىكەن، ئۇنى باغلايمىز، ئاسىمىز، سولايمىز، ئۇرىمىز!

7) ئارزۇ قىلىنغان، نىيەت قىلىنغان، سۆزلىگۈچى مۇقەررەر يۈز بېرىدۇ دەپ قارىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. مەن خۇنغا خۇن ئالماي قويمايمەن.

b. مەن شەھەرگە كىرىپ مۇسابايوفلار زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن.

c. مەن قىساس ئالماي توختىمايمەن!

d. سەن كاتتا ئادەم بولالايسەن.

8) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان، كەسىپ، خىزمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ياكى دائىملىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. مەن ئوقۇيالايمەن، لېكىن يازالمايمەن، — دېدى ئىمام مەيۇسلىنىپ، — قەغەزمۇ، قېرىنداشمۇ يوق.

b. مەن سىزنى تونۇيمەن.

c. ئۇ بىزگە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىدۇ.

9) سوئال جۈملىدە كۆرۈلۈپ، سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلىنىپ، سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ھېلىقى كۈنى نېمىشقا كېتىپ قالدىڭىز؟

b. — بولدى، بىلىدىكەنسەن، مېنى نېمىشقا چىللايسەن؟

c. نېمىشقا ئورۇسلار ھېلىقى جىمسار پۇتۇمىنى تۇزۇشكە ئالدىرايدۇ؟

d. ھاجى ئاتام بەرگەن مەنسەپنى نېمىشقا ئالمايسىز؟

10) سەھنە ئەسەرلىرىدە بايان تىلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.





مەسىلەن:

a. غۇنچەم ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. باغدا كاككۇك سايرايدۇ. نۇرۇم ناخشا ئېيتىدۇ.

b. يايى نۇرۇمنى قامچىلايدۇ، ئۆيدىن غۇنچەم يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.

11) مەلۇم كىشىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ياكى مەلۇم بىر ۋەقە ھەققىدە ھېكايە سۆزلىگەندە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا خوجانىياز ھاجى، مامۇت سىجاڭلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ گۇچۇڭ داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كېتىدۇ.

b. — توۋا دېيىشىم كېرەك، — دەپ يازىدۇ قاسىم ئەپەندى، — مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق ئادەمنى ئۇچراتماپتىكەنمەن.

c. تۆمۈر قوزىدىن پولات قوزا ئىسىملىك ئوغۇل تۇغۇلىدۇ.

12) ئەدەبىي ئەسەرلەردە، مەۋجۇت ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى بايان قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

يېرىم كېچىدە بۇ يېزا شۈنچىلىك جىمجىت، جانلىقلار ئۇيقۇدا، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭلا تۈگىمەس ناخشىسى بىلەن تەبىئەتنى مەدھىيەلەپ شارقىرايدۇ. پاكار ئۆيلەر باغلارنىڭ سوقما تاملىق قورۇقلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

15. {-(X)vidi-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ قوللىنىلغان بىر شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<-(X)p-i<är-di<-Di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vidi-perI}
بولۇشسىز شەكلى: {v-mi<-mA-vidi-perI}
سوئال شەكلى: {v-(X)vidi-perI-mu}{v-(X)p-mi-di-perI}
{v-mi-vidi-perI-mu}{v-mA-p-mi-di-perI}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋىدىم، بېرىۋىدىم، كېلىۋىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋىدۇق، بېرىۋىدۇق، كېلىۋىدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋىدىڭ، بېرىۋىدىڭ، كېلىۋىدىڭ<br>ئوقۇۋىدىڭىز ، بېرىۋىدىڭىز ، كېلىۋىدىڭىز<br>ئوقۇۋىدىلە، بېرىۋىدىلە، كېلىۋىدىلە |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋىدىڭلار ، بېرىۋىدىڭلار ، كېلىۋىدىڭلار<br>ئوقۇۋىدىڭىزلار، بېرىۋىدىڭىزلار، كېلىۋىدىڭىزلار<br>ئوقۇشۇۋىدىلا، بېرىشىۋىدىلا، كېلىۋىشىۋىدىلا<br>ئوقۇشۇۋىدىڭ، بېرىشىۋىدىڭ، كېلىۋىشىۋىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋىدى، بېرىۋىدى، كېلىۋىدى |

راي مەنىسى: ۋاسىتىسىز بايان.
ئىشلىتىلىشى:

1) بۇ شەكىل ئاساسەن بەلگە ۋاقىت بولۇپ نىسپىي زامان ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئۆزى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ پۈتۈن جۈملىنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلەلمەيدۇ، پەقەت باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى بەلگە ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان ۋە سۆز قىلىنىۋاتقان پەيتتە ئاخىرلاشقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ، يەنى بۇ شەكىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت مەيدانغا كېلىشتە ئىككىنچى بىر ھەرىكەت يۈز بېرىدۇ. بۇ شەكىل دەل مانا مۇشۇنداق ئۆزى بىلەن تەڭ مەيدانغا كېلىدىغان





ھەرىكەت ئۈچۈن بەلگە ۋاقىت بولىدۇ. مەسىلەن:

a. مانا يادىغا يېتىۋىدى، زىياۋۇدۇن قەھرىتاندا تۇرۇپمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى...

b. ئۇنىڭ ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىۋىدى، تاشقىرىقى ئۆيدە تېلېفون جىرىڭلىدى .

c. — نەگە بارىسەن دېۋىدى، بال قېرىمغا، — دېدىم.

d. مانا مىلتىق ئېتىلىۋىدى، غول ـ غوللاردىن ئەكس سادا يېنىپ تاغنى ۋەھىمە قاپلىدى.

e. ئۇ يانپىشىنى تۇتۇۋىدى، قولىغا ئىسسىق قان ئۇرۇلدى.

f. ئۇ كۈلدى، كۈلۈۋىدى، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ گۈزەللەشتى.

2) «ـ پ»لىق رەۋىشداش، «ـ غىلى»لىق رەۋىشداش ياكى دەپ سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ، سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئۇقىمىنىڭ مەلۇم نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى مەلۇم مەقسەتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ شەكىل مەنە جەھەتتىن {v-GAn-idi-perI} قۇرۇلمىسى بىلەن مەنداش بولىدۇ ۋە ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى.

b. ئۇرۇمچىدىكى تۇرمىلەرگە ئوت قويىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىدى.

c. — رەيھاندەك خوتۇنلار باتۇر تۇغىدۇ، ھەي زىيەك، خوتۇنۇڭ نېمىگە سېنىڭ بولۇۋىدى؟

d. — دادىسى نادىر تەمبۇر بىلەن تونۇلۇۋىدى، مانا بالىسى ئىلىم ـ بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تونۇلدى...!

16. {-(X)p tu-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدىن تارتىپ قوللىنىلىۋاتقان شەكىللەرنىڭ

بىرى. بۇ شەكىل «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا {v-(X)p perII} شەكلىدە ⑨②، «نەھجۇل فەرادىس»تا {v-(X)p turur perII} شەكلىدە ⑨③ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)p- tu<tur-<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)p(tu)-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-p(tu)-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)p(tu)-perII-mu}

{v-mA-p(tu)-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇپتىمەن، بېرىپتىمەن، كېلىپتىمەن (كەپتىمەن) |
| | كۆپلۈك | ئوقۇپتىمىز، بېرىپتىمىز، كېلىپتىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇپسەن، بېرىپسەن، كېلىپسەن<br>ئوقۇپسىز، بېرىپسىز، كېلىپسىز<br>ئوقۇپتىلا، بېرىپتىلا، كېلىپتىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇپسىلەر، بېرىپسىلەر، كېلىپسىلەر<br>ئوقۇپسىزلەر، بېرىپسىزلەر، كېلىپسىزلەر<br>ئوقۇشۇپتىلا، بېرىشىپتىلا، كېلىشىپتىلا<br>ئوقۇشۇپسەن، بېرىشىپسەن، كېلىشىپسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇپتۇ، بېرىپتۇ، كېلىپتۇ |

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلىنىپ ئاخىرلاشقان، سۆزلىگۈچى ۋاستىلىك خەۋەردار بولغان ياكى مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئۇتتۇرىغا قويغان ئىش ـ ھەرىكەتنى





بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *سەككىز يۈزدىن جىق يىگىت قۇربان بوپتۇ.*

b. *غېنى باتۇر ئاتمىش خوتۇن ئاپتۇ ـ ھە؟*

c. *مەن سىلەرنى بۇنچىۋالا قان تەللىمىزدە خەق دەپ ئويلىماپتىمەن، مەن سىلەرنى بىلمەپتىمەن، پۇقرالىرىم يا* ھەزرەت، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن !

d. *— ھە، قارىدىمۇ، قاراپتىمەن ـ دە!*

e. *ئەستاغپۇرۇللا، بۇ كىمنىڭ قىزى بولدى ئەمدى، ئېتىنىمۇ سورىۋالماپتىمەن.*

f. *ساناپ باقسام يىگىرمە ئىككى كىچىك ئېرىق، ئالتە غول ئېرىق، ئۈچ ئۆستەڭ، بىر دەريادىن سۆرەپ ئۆتتۈپسەن.*

g. *ئاڭلىسام سەن ھەر كۈنى ئەسكەرلىرىڭنى مەشىق قىلدۇرۇۋېتىپسەن.*

h. *سىزگە رەھمەت، قالتىس ئوغۇل تەربىيەلەپسىز!*

i. *— لەۋەي، مەن ئويلىغاننى ئويلاپسىز.*

2) سۆزلىگۈچى مەلۇم پاكىتقا ئاساسەن چوقۇم يۈز بېرىدۇ دەپ قارىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ چاغدا تەنە مەنىسىمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئەمدى تۈگىشىپتىمەن.*

b. *بۇ يەردىمۇ ئىشلەپ بوپسەن ئەمىسە.*

c. *بۇ تويىنىمۇ قىلىپ بوپتۇق.*

3) ھېكايە ـ چۆچەكلەردە ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *بىر زامانلاردا، بىر ماكاندا ياشايدىغان ئىككى يىلان بوپتىكەن. بىرىنىڭ بېشى بىر، قۇيرۇقى مىڭ ئىكەن؛ يەنە بىرىنىڭ بېشى مىڭ، قۇيرۇقى بىر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى يىلان تار بىر يولغا كىرىپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئالدى*

*تەرەپتىن شامالدەك غۇيۇلداپ بىر كوڭكا كېلىپ قاپتۇ. ھېلىقى بېشى بىر، قۇيرۇقى مىڭ يىلان دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. ھېلىقى بېشى مىڭ، قۇيرۇقى بىر يىلاننىڭ بىر بېشى ئارقىغا يېنىشنى، بىر بېشى ئالغا مېڭىشنى، يەنە بىر بېشى يانغا چەتلەشنى... ئىشقىلىپ ھەربىر بېشى ئۆز گېپىنى قىلىپ، تالاش ـ تارتىش بىلەن بىر پىكىرگە كېلەلمەي تۇرغاندا، كوڭكا كېلىپ ئۇنى بىراقلا مىجىپ تاشلاپتۇ.*

*b. توي كۈنى يىگىت كەپتۇ، قىزنى ئاپتۇ، چىرايلىق مەپىگە ساپتۇ، خالايىق قاراپ قاپتۇ.*

17. {-(X)vat-i-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئەڭ دەسلەپكى ئانالىتىك شەكلى 1936 ـ يىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئۇچرايدۇ[94]. باسكاكوف بىلەن ناسىلوف بىرلىكتە تۈزگەن، 1939 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»نىڭ كەينىگە قوشۇمچە قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»نىڭ زامانلارغا ئائىت قىسمىدا «كۈلۈپ ياتادۇر» دېگەن شەكىل تىلغا ئېلىنغان[95]. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v-(X)p-at<yat-i<-a-du<-dur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vat-i-(du)/perII}
بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-i(du)/perII}
سوئال شەكلى: {v-(X)vat-am-di-perII}/
{v-(X)vat-i-perII-mu}
{v-mA-y-vat-am-di-perII}/
{v-mA-y-vat-i-perII-mu}





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتىمەن، بېرىۋاتىمەن، كېلىۋاتىمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتىمىز، بېرىۋاتىمىز، كېلىۋاتىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتىسەن، بېرىۋاتىسەن، كېلىۋاتىسەن<br>ئوقۇۋاتىسىز، بېرىۋاتىسىز، كېلىۋاتىسىز<br>ئوقۇۋاتىدىلا، بېرىۋاتىدىلا، كېلىۋاتىدىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتىسىلەر، بېرىۋاتىسىلەر، كېلىۋاتىسىلەر<br>ئوقۇۋاتىسىزلەر، بېرىۋاتىسىزلەر، كېلىۋاتىسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋاتىدىلا، بېرىشىۋاتىدىلا، كېلىشىۋاتىدىلا<br>ئوقۇشۇۋاتىسەن، بېرىشىۋاتىسەن، كېلىشىۋاتىسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتىدۇ، بېرىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ |

راي مەنىسى: ۋاسىتىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

*a. ھاجى، سىلى ئەقىللىق ئادەم، ئۆز جانلىرى بىلەن، يۇرت بىلەن، خەلقنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتىدىلا...*

*b. ھەي قانخورلار، سەنلەرنىڭ مېنى نېمىشقا قىيناۋاتقىنىڭلارنى ئوبدان چۈشىنىۋاتىمەن.*

*c. توۋا، مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن، ئانا، نېمىلەرنى دەۋاتىدىلا؟*

*d. ئۇلار ھەدەپ يەرلىك خەلقلەرنى قوتۇرىتىۋاتىدۇ، قورال‌لاندۇرۇۋاتىدۇ.*

2) ۋاقىت ئوقىنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى

ياكى سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ـــ زىيەك بالىسىنى شەھەردە ئوقۇتۇۋاتىدۇ.*

*b. ـــ ئۈچ، تۆت يىلىنىڭ نېمىسى ھوي، مەن ھەر يىلى دەن تۆكۈۋاتىمەن!*

*c. دېمىسىمۇ ئازراقلا يولى بارلار تاشكەنتكە، ئىستانبۇلغا، مىسىرغا، ھىندىستانغا ئوقۇشقا بېرىۋاتىدۇ.*

18. {-(X)ptikän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)p-t<-tu<-dur<-turur-i<är-kän-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)p-t-ikän-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-(X)p-ti-kän-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)p-t-ikan-perII-mu}

{v-mA-(X)p-ti-kän-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇپتىكەنمەن، بېرىپتىكەنمەن، كېلىپتىد- كەنمەن(كەپتىكەنمەن) |
| | كۆپلۈك | ئوقۇپتىكەنمىز، بېرىپتىكەنمىز، كېلىپتىكەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇپتىكەنسەن، بېرىپتىكەنسەن، كېلىپتىكەنسەن<br>ئوقۇپتىكەنسىز، بېرىپتىكەنسىز، كېلىپتىكەنسىز<br>ئوقۇپتىكەنلا، بېرىپتىكەنلا، كېلىپتىكەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇپتىكەنسىلەر، بېرىپتىكەنسىلەر، كېلىپتىكەنسىلەر<br>ئوقۇپتىكەنسىزلەر، بېرىپتىكەنسىزلەر، كېلىپتىكەنسىزلەر<br>ئوقۇشۇپتىكەنلا، بېرىشىپتىكەنلا، كېلىشىپتىكەنلا<br>ئوقۇشۇپتىكەنسەن، بېرىشىپتىكەنسەن، كېلىشىپتىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇپتىكەن، بېرىپتىكەن، كېلىپتىكەن |





راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلىنىپ ئاخىرلاشقان، سۆزلىگۈچى ۋاستىلىك خەۋەردار بولغان ياكى مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى ئۇيغۇر پادىشاھىغا خانىشلىققا بېرىپتىكەن.*

*b. خۇدايىمىزە، بىز خوتۇن خەقنى تولىمۇ ئاجىز يارىتىپتىكەن!*

*c. ل. تولستوي « تىرىلىش » ناملىق كىتابىدا «پۈتۈن رۇسىيە بىر چوڭ تۈرمە» دەپ يېزىپتىكەن.*

*d. قېرىلىرىمىز ئېيتىدىغان رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىز موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتۈپتىكەنمىز.*

19. {-(X)ptikänmiš}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)p-t<-tu<-dur<turur-i<är-kän-miš}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)p-t-ikän-miš-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-(X)p-ti-kän-miš-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)p-t-ikän-miš-perII-mu}

{v-mA-(X)p-ti-kän-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىكەنمىشمەن، بېرىۋېتىكەنمىشمەن،<br>كېلىۋېتىكەنمىشمەن (كەپتىكەنمىشمەن) |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىكەنمىشمىز، بېرىۋېتىكەنمىشمىز،<br>كېلىۋېتىكەنمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىكەنمىشسەن، بېرىۋېتىكەنمىشسەن،<br>كېلىۋېتىكەنمىشسەن<br>ئوقۇۋېتىكەنمىشسىز، بېرىۋېتىكەنمىشسىز،<br>كېلىۋېتىكەنمىشسىز<br>ئوقۇۋېتىكەنمىشلا، بېرىۋېتىكەنمىشلا، كېلىۋېتىكەنمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىكەنمىشسىلەر، بېرىۋېتىكەنمىشسىلەر،<br>كېلىۋېتىكەنمىشسىلەر<br>ئوقۇۋېتىكەنمىشسىزلەر، بېرىۋېتىكەنمىشسىزلەر،<br>كېلىۋېتىكەنمىشسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋېتىكەنمىشلا، بېرىشىۋېتىكەنمىشلا،<br>كېلىشىۋېتىكەنمىشلا<br>ئوقۇشۇۋېتىكەنمىشسەن، بېرىشىۋېتىكەنمىشسەن،<br>كېلىشىۋېتىكەنمىشسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋېتىكەنمىش، بېرىۋېتىكەنمىش، كېلىۋېتىكەنمىش |

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلىنىپ ئاخىرلاشقان، سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ماھمۇت دېگەن بىر سوۋېت ئادىمى خوجانىيازغا قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ۋەدە بېرىۋېتىكەنمىش.*

*b. تۇرسۇنمۇ كىنو كۆرگىلى بېرىۋېتىكەنمىش.*

20. {-(X)ptimiš}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى





تۆۋەندىكىچە:

{-(X)p-t<-tu<-dur<turur-i<är-miš}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)p-t-miš-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-p-ti-miš-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)p-ti-miš-perII-mu}

{v-mA-p-ti-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىمىشمەن، بېرىۋېتىمىشمەن، كېلىۋېتىمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىمىشمىز، بېرىۋېتىمىشمىز، كېلىۋېتىمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىمىشسەن، بېرىۋېتىمىشسەن، كېلىۋېتىمىشسەن<br>ئوقۇۋېتىمىشسىز، بېرىۋېتىمىشسىز، كېلىۋېتىمىشسىز<br>ئوقۇۋېتىمىشلا، بېرىۋېتىمىشلا، كېلىۋېتىمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىمىشسىلەر، بېرىۋېتىمىشسىلەر،<br>كېلىۋېتىمىشسىلەر<br>ئوقۇۋېتىمىشسىزلەر، بېرىۋېتىمىشسىزلەر،<br>كېلىۋېتىمىشسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋېتىمىشلا، بېرىشىۋېتىمىشلا، كېلىشىۋېتىمىشلا<br>ئوقۇشۇۋېتىمىشسەن، بېرىشىۋېتىمىشسەن،<br>كېلىشىۋېتىمىشسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋېتۇمىش، بېرىۋېتۇمىش، كېلىۋېتۇمىش |

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلىنىپ ئاخىرلاشقان، سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ شەكىل يەنە ئىشەنمەسلىك، تەنە قىلىش، ياراتماسلىق، مەسخىرە قىلىش مەنىلىرىنىمۇ

ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. باش كونسۇلنىڭ كېيىنچە بولغاندا، ما جۇڭيىڭ شۇرالار هۆكۈمىتىدىن باشپاناھلىق تىلەپتىمىش.

b. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يولۋاس تاۋى يوق بولۇپ كېلەلمەپتىمىش.

c. تېخى مېنى خىيانەتچى، پارىخور، ئەپيۇن، قورال سودىسى قىلىدۇ، دېھقانلارغا ئېغىر سېلىق سالىدۇ، ئېزىدۇ دەپ خەت يېزىپتىمىش !

d. ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى كېچىسى كېلىپ، پۈتۈن قورال - ياراغلارنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپتىمىش !

21. {-(X)ptudäk}

كېلىپ چىقىشى: بۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)p-tu<-dur<turur-däk}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)p-tu-däk-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-p-tu-däk-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)p-tu-däk-perII-mu}

{v-mA-p-tu-däk-perII-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلىنىپ ئاخىرلاشقان، سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش - هەرىكەتنى بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. بىزنىڭ مەڭلىكنىڭ ئېيتىشىچە، يۈسۈپ تەيجىمۇ قانتى قىرقىۋېتىلگەن قارچىغىغا ئوخشىشىپ قاپتۇدەك .





| | | |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | بىرلىك | ئوقۇپتۇدەكمەن، بېرىپتۇدەكمەن، كېلىپتۇدەكمەن (كەپتۇدەكمەن) |
| | كۆپلۈك | ئوقۇپتۇدەكمىز ، بېرىپتۇدەكمىز ، كېلىپتۇدەكمىز |
| 2 - شەخس | بىرلىك | ئوقۇپتۇدەكسەن، بېرىتۇدەكسەن، كېلىپتۇدەكسەن<br>ئوقۇپتۇدەكسىز ، بېرىپتۇدەكسىز ، كېلىپتۇدەكسىز<br>ئوقۇپتۇدەكلا، بېرىپتۇدەكلا، كېلىپتۇدەكلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇپتۇدەكسىلەر ، بېرىپتۇدەكسىلەر ، كېلىپتۇدەكسىلەر<br>ئوقۇپتۇدەكسىزلەر، بېرىپتۇدەكسىزلەر، كېلىپتۇدەكسىزلەر<br>ئوقۇشۇپتۇدەكلا، بېرىشىپتۇدەكلا، كېلىشىپتۇدەكلا<br>ئوقۇشۇپتۇدەكسەن، بېرىشىپتۇدەكسەن، كېلىشىپتۇدەكسەن |
| 3 - شەخس | | ئوقۇپتۇدەك، بېرىپتۇدەك، كېلىپتۇدەك |

b. چېرىكلەرنىڭ چوڭى لىيۇسجاڭ دېگەن بىرنېمە ئوردا پالگانلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ياراغ - جابدۇقلارنى ئاچىقىپ كېتىپتۇدەك، پالگان بېشى خوجىنىياز ھاجىنىڭمۇ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويۇپتۇدەك .

بۇ شەكىل بەزىدە {-(X)ptäk} شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

a. ھېلىقى سەھرالىق ئابدۇمەر مىڭبېگى ھاكىم بوپتەك !

b. — ھازىر ئۇلارنىڭ ئادەملىرى كۆپىيىپ يۈزگە يېتىپتەك!

c. غېنى باتۇرنىڭ قويى ئون قورۇغا، يىلقىسى بەش ئۈيۈرگە، كالىسى ئەللىك - ئاتمىش تۇياققا يېتىپتەك، پۈتۈن قاش خەلقى باتۇرىمىز بار دەپ يەر بېجى تۆلىمەپتەك.

d. — قوماندان بوپتەك ئۇ!

e. باتۇر ئۇنىڭغا توقال خوتۇن ئېلىپ بېرىپتەك، لېكىن زىيەك مەست بولۇپ قېلىپ ئۇ خوتۇننى كۆرمەپتەك.

22. {-(X)vati-di/-perII-ğu däymän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{- (X)v<- (X)p-at<yat-i<- a-di<dur<turur/ - perII - ğudäymän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vat-i-di/-perII-ğu däymän}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-i-di/-perII-ğu däymän}

سوئال شەكلى: يوق

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتىمەنغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىمەنغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىمەنغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتىمىزغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىمىزغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىمىزغۇ دەيمەن |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن<br>ئوقۇۋاتىسىزغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن<br>ئوقۇۋاتىدىلاغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىدىلاغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىدىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن<br>ئوقۇۋاتىسىزلەرغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىسىزلەرغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىسىزلەرغۇ دەيمەن<br>ئوقۇشۇۋاتىدىلاغۇ دەيمەن، بېرىشىۋاتىدىلاغۇ دەيمەن، كېلىشىۋاتىدىلاغۇ دەيمەن<br>ئوقۇشۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن، بېرىشىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، كېلىشىۋاتىسەنغۇ دەيمەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتىدۇغۇ دەيمەن، بېرىۋاتىدۇغۇ دەيمەن، كېلىۋاتىدۇغۇ دەيمەن |





راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ هەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا مەلۇم ئىش ـ هەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان هالەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۇرسۇن ئۇخلاۋاتىدۇغۇ دەيمەن.*

*b. مېنى تونۇمايۋاتىسىزغۇ دەيمەن.*

*c. سىلەرمۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى يېزىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن.*

23. {-(X)vatqan bolğidi-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<-(X)p-at<yat<qan bolği-<bolğay-∅-<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {-(X)vat-qan bolğidi-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {-mA-y-vat-qan bolğidi-perI}

سوئال شەكلى: {-(X)vat-qan bolği-mi-di-perI}

{-mA-y-vat-qan bolği-mi-di-perI}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ هەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا مەلۇم ئىش ـ هەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان هالەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بەلكىم ئۇخلاۋاتقان بولغىيدىم.*

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقان بولغىيدىم، بىرىۋاتقان بولغىيدىم، كېلىۋاتقان بولغىيدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقان بولغىيدۇق، بىرىۋاتقان بولغىيدۇق، كېلىۋاتقان بولغىيدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقان بولغىيدىڭ، بىرىۋاتقان بولغىيدىڭ، كېلىۋاتقان بولغىيدىڭ<br>ئوقۇۋاتقان بولغىيدىڭىز، بىرىۋاتقان بولغىيدىڭىز، كېلىۋاتقان بولغىيدىڭىز<br>ئوقۇۋاتقان بولغىيدىلا، بىرىۋاتقان بولغىيدىلا، كېلىۋاتقان بولغىيدىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقان بولغىيدىڭلار، بىرىۋاتقان بولغىيدىڭلار، كېلىۋاتقان بولغىيدىڭلار<br>ئوقۇۋاتقان بولغىيدىڭىزلار، بىرىۋاتقان بولغىيدىڭىزلار، كېلىۋاتقان بولغىيدىڭىزلار<br>ئوقۇشۇۋاتقان بولغىيدىلا، بىرىشىۋاتقان بولغىيدىلا، كېلىشىۋاتقان بولغىيدىلا<br>ئوقۇشۇۋاتقان بولغىيدىڭ، بىرىشىۋاتقان بولغىيدىڭ، كېلىشىۋاتقان بولغىيدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتقان بولغىيدى، بىرىۋاتقان بولغىيدى، كېلىۋاتقان بولغىيدى |

*b. ئۇلار شۇ چاغدا خۇشال ئويناۋاتقان بولغىيدى.*

*c. سىلەر بىزنى ساقلاۋاتقان بولغىيدىڭلار.*

24. {-(X)vatqan bolsa-perI keräk}

كېلىپ چىقىشى: بۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-qan bolsa-perI keräk}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(i)vat-qan bolsa-perI keräk}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-qan bolsa-perI keräk}

سوئال شەكلى: يوق





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقان بولسام كېرەك، بىرىۋاتقان بولسام كېرەك، كېلىۋاتقان بولسام كېرەك |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقان بولساق كېرەك، بىرىۋاتقان بولساق كېرەك، كېلىۋاتقان بولساق كېرەك |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقان بولساڭ كېرەك، بىرىۋاتقان بولساڭ كېرەك، كېلىۋاتقان بولساڭ كېرەك<br>ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز كېرەك، بىزىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك، كېلىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك<br>ئوقۇۋاتقان بولسىلا كېرەك، بىرىۋاتقان بولسىلا كېرەك، كېلىۋاتقان بولسىلا كېرەك |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقان بولساڭلار كېرەك، بىرىۋاتقان بولساڭلار كېرەك، كېلىۋاتقان بولساڭلار كېرەك<br>ئوقۇۋاتقان بولسىڭىزلار كېرەك، بىرىۋاتقان بولسىڭىزلار كېرەك، كېلىۋاتقان بولسىڭىزلار كېرەك<br>ئوقۇشۇۋاتقان بولسىلا كېرەك، بىرىشىۋاتقان بولسىلا كېرەك، كېلىشىۋاتقان بولسىلا كېرەك<br>ئوقۇشۇۋاتقان بولساڭ كېرەك، بىرىشىۋاتقان بولساڭ كېرەك، كېلىشىۋاتقان بولساڭ كېرەك |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتقان بولسا كېرەك، بىرىۋاتقان بولسا كېرەك، كېلىۋاتقان بولسا كېرەك |

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ هەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا مەلۇم ئىش ـ هەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان هالەتنى ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن:

*a. ئۇ تېخى ئىشلەۋاتقان بولسا كېرەك.*

*b. سىز بۇ ئىشلارنى تېخى چۈشەنمەيۋاتقان بولسىڭىز كېرەك.*

*c. ئۇلار يەنە ئورۇشۇۋاتقان بولسا كېرەك.*

25. {-(X)vatqan oxšay(du)-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-qan oxsǎy(du)}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(i)vat-qan oxšay(du)}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-qan oxšay(du)}

سوئال شەكلى: {v-(i)vat-qan oxša-ma-m-(du)}

{v-mA-y-vat-qan oxši-<oxša-ma-m-(du)}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقان ئوخشايمەن، بىرىۋاتقان ئوخشايمەن، كېلىۋاتقان ئوخشايمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقان ئوخشايمىز، بىرىۋاتقان ئوخشايمىز، كېلىۋاتقان ئوخشايمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقان ئوخشايسەن، بىرىۋاتقان ئوخشايسەن، كېلىۋاتقان ئوخشايسەن<br>ئوقۇۋاتقان ئوخشايسىز، بىرىۋاتقان ئوخشايسىز، كېلىۋاتقان ئوخشايسىز<br>ئوقۇۋاتقان ئوخشايلا، بىرىۋاتقان ئوخشايلا، كېلىۋاتقان ئوخشايلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقان ئوخشايسىلەر، بىرىۋاتقان ئوخشايسىلەر، كېلىۋاتقان ئوخشايسىلەر<br>ئوقۇۋاتقان ئوخشايسىزلەر، بىرىۋاتقان ئوخشايسىزلەر، كېلىۋاتقان ئوخشايسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋاتقان ئوخشايلا، بىرىشىۋاتقان ئوخشايلا، كېلىشىۋاتقان ئوخشايلا<br>ئوقۇشۇۋاتقان ئوخشايسەن، بىرىشىۋاتقان ئوخشايسەن، كېلىشىۋاتقان ئوخشايسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ، بىرىۋاتقان ئوخشايدۇ، كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ |





راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالىتىنى ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن:

*a. سودىگىنىز تازا ئېقىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟*

*b. سىز چۈشەنمەيۋاتقان ئوخشايسىز.*

*c. بالىڭىز ياخشى ئوقۇمايۋاتقان ئوخشايدۇ ـ ھە؟*

26. {-(X)vatati-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-a-t<-tur<turur-ti<-i-<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vatati-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-yvattati-perI}

سوئال شەكلى: {v-(X)vatati-perI-mu}/{ vat-am-t-perI {vi(x)

{v-mA-yvat-am-ti-perI }/{v-mA-yvattati-perI}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) مەلۇم بىر نىسپىي زاماننى بەلگە ۋاقىت قىلغان ھالدا، شۇ بەلگە ۋاقىتتىكى ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى بىر ۋاقىت بۆلىكىدە داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتاتتىم، بېرىۋاتاتتىم، كېلىۋاتاتتىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتاتتۇق، بېرىۋاتاتتۇق، كېلىۋاتاتتۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتاتتىڭ، بېرىۋاتاتتىڭ، كېلىۋاتاتتىڭ<br>ئوقۇۋاتاتتىڭىز، بېرىۋاتاتتىڭىز، كېلىۋاتاتتىڭىز<br>ئوقۇۋاتاتتىلا، بېرىۋاتاتتىلا، كېلىۋاتاتتىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتاتتىڭلار، بېرىۋاتاتتىڭلار، كېلىۋاتاتتىڭلار<br>ئوقۇۋاتاتتىڭىزلار، بېرىۋاتاتتىڭىزلار، كېلىۋاتاتتىڭىزلار<br>ئوقۇشۇۋاتاتتىلا، بېرىشىۋاتاتتىلا، كېلىشىۋاتاتتىلا<br>ئوقۇشۇۋاتاتتىڭ، بېرىشىۋاتاتتىڭ، كېلىشىۋاتاتتىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتاتتى، بېرىۋاتاتتى، كېلىۋاتاتتى |

*a. مەڭلىك نىياز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانخانىغا كىرگەندە، ئوبدان شورپىلىنىپ، مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتكەن مېھمانلار ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سىلىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇۋاتاتتى.*
*b. ئۇ كىرگەندە، ئابباسوف چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتاتتى.*
*c. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە خەمىت بىلەن پەرىخە تېخىچە يىغلىشىۋاتاتتى.*

2) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان، سۆز قىلىنىۋاتقاندا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان ياكى تەكرارلىنىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىراق ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.*
*b. ئۆيدە راستىلا سەبىخە ئۇخلاۋاتاتتى.*
*c. تازا تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتاتتىم، ئاپلا.*
*d. ئىككى ئادەم ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، قاتتىق*





*تىللىشىۋاتاتتى.*

27. {-(X)vatqanidi-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-qan-i-<är–di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vat-qan-idi-perI}
بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-qan-idi-perI}
سوئال شەكلى: {v-(X)vat-qan-idi-perI-mu}
{v-mA-y-vat-qan-idi-perI-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقانىدىم، بېرىۋاتقانىدىم، كېلىۋاتقانىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقانىدۇق، بېرىۋاتقانىدۇق، كېلىۋاتقانىدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقانىدىڭ، بېرىۋاتقانىدىڭ، كېلىۋاتقانىدىڭ<br>ئوقۇۋاتقانىدىڭىز، بېرىۋاتقانىدىڭىز، كېلىۋاتقانىدىڭىز<br>ئوقۇۋاتقانىدىلە، بېرىۋاتقانىدىلە، كېلىۋاتقانىدىلە |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقانىدىڭلار، بېرىۋاتقانىدىڭلار، كېلىۋاتقانىدىڭلار<br>ئوقۇۋاتقانىدىڭىزلار، بېرىۋاتقانىدىڭىزلار، كېلىۋاتقانىدىڭىزلار<br>ئوقۇشۇۋاتقانىدىلە، بېرىشىۋاتقانىدىلە، كېلىشىۋاتقانىدىلە<br>ئوقۇشۇۋاتقانىدىڭ، بېرىشىۋاتقانىدىڭ، كېلىشىۋاتقانىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتقانىدى، بېرىۋاتقانىدى، كېلىۋاتقانىدى |

راي مەنىسى: ۋاسىتىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان، سۆز قىلىنىۋاتقاندا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان ياكى تەكرارلىنىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى

بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. چۈنكى، ئۇ يوغان ھويلىنى شىۋاق سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈۋاتقانىدى.*

*b. جىسا جانابلىرىغا مەلۇم، بىز پەقەت سودا بىلەن بېيىۋاتقاندۇق، بۇنىڭ سىزگىمۇ پايدىسى تېگىۋاتاتتى.*

28. {-(X)vatqandu/-di-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-qan-du-<-dur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vatqandu/-di-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-qandu/-di-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)vatqandu/-di-perII-mu}

{v-mA-y-vat-qandu/-di-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقاندىمەن، بېرىۋاتقاندىمەن، كېلىۋاتقاندىمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقاندىمىز ، بېرىۋاتقاندىمىز ، كېلىۋاتقاندىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقانسەن، بېرىۋاتقانسەن، كېلىۋاتقانسەن<br>ئوقۇۋاتقانسىز ، بېرىۋاتقانسىز ، كېلىۋاتقانسىز<br>ئوقۇۋاتقانلا، بېرىۋاتقانلا ، كېلىۋاتقانلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقانسىلەر ، بېرىۋاتقانسىلەر ، كېلىۋاتقانسىلەر<br>ئوقۇۋاتقانسىزلەر ، بېرىۋاتقانسىزلەر ، كېلىۋاتقانسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋاتقانلا ، بېرىشىۋاتقانلا ، كېلىشىۋاتقانلا<br>ئوقۇشۇۋاتقانسەن، بېرىشىۋاتقانسەن ، كېلىشىۋاتقانسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتقاندۇ، بېرىۋاتقاندۇ، كېلىۋاتقاندۇ |





راي مەنىسى: مۆلچەر بايان[96].

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالەتنى ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا ياكى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ـــ ئۇلار قەيەردىن كېلىۋاتقاندۇ؟ ـــ سورىدى ھاجى سەل جىددىيلىشىپ .*

*b. ئۇ بالىسىنىڭ سالامەت كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقاندۇ ھەرقاچان، ئانا بولماق دادا بولماقتىنمۇ تەس.*

*c. بەلكى شۇ تۇرقىدا ۋۇ جۇڭشىن مۇنۇ ئۇزۇن ئەمەلدارلىق چاپىنىنى ئەتەي كىيىۋېلىپ، جۇ شاۋلياڭنىڭ ھەربىي قوماندانلىق قابىلىيىتىدىن ئىچىدە كۈلۈۋاتقاندۇ، بەلكى ئۇ: «چاغلىقكەنسەن» دەۋاتقاندۇ .*

*d. ئۇ بەلكى چۈشىدە يىراقتىكى ئامراق قىزى گۆھەربانۇم بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندۇ.*

29. {-(X)vatqanikän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-qan-i-<är-kän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v--(X)vat-qan-ikän-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAy-vat-qan-i kän-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)vat-qan-ikän-perII-mu}

{v-mAy-vat-qan ikän-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقانىكەنمەن، بېرىۋاتقانىكەنمەن، كېلىۋاتقانىكەنمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقانىكەنمىز ، بېرىۋاتقانىكەنمىز ، كېلىۋاتقانىكەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | بىرلىك ئوقۇۋاتقانىكەنسەن، بېرىۋاتقانىكەنسەن، كېلىۋاتقانىكەنسەن<br>ئوقۇۋاتقانىكەنسىز ، بېرىۋاتقانىكەنسىز ، كېلىۋاتقانىكەنسىز<br>ئوقۇۋاتقانىكەنلا، بېرىۋاتقانىكەنلا، كېلىۋاتقانىكەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقانىكەنسىلەر، بېرىۋاتقانىكەنسىلەر، كېلىۋاتقانىكەنسىلەر<br>ئوقۇۋاتقانىكەنسىزلەر، بېرىۋاتقانىكەنسىزلەر، كېلىۋاتقانىكەنسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋاتقانىكەنلا، بېرىشىۋاتقانىكەنلا، كېلىشىۋاتقانىكەنلا<br>ئوقۇشۇۋاتقانىكەنسەن، بېرىشىۋاتقانىكەنسەن، كېلىشىۋاتقانىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتقانىكەن، بېرىۋاتقانىكەن، كېلىۋاتقانىكەن |

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى: بۇ شەكىل مەنىسى ۋە رولى جەھەتتىن {-(x)vetiptikän}، {-(x)vetivikän}، {-(x)vetqanikän} قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئوخشاش.

سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان، سۆز قىلىنىۋاتقاندا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان ياكى تەكرارلىنىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى سۆزلىگۈچى ۋاستىلىك خەۋەردار بولغان ياكى مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. باش بوغالتىرى ــــ تاتار كىشى بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ خىيال سۈرۈۋاتقانىكەن.*

*b. ئەخمەتنى بۇرۇنقى سىلىقبۇدىن تاپتىم، داش قازاندا قورداق ئېتىۋاتقانىكەن.*





*c. زىياۋۇدۇننىڭ چىرايلىق، ئىشچان خوتۇنى قار كۈرەۋاتقانىكەن .*

*d. نۇرى كىرگەندە، بوۋاي كىرىپسلودا ئولتۇرماي گىلەم ئۈستىگە جايناماز سېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانىكەن.*

*e. مىڭبېگى ئىز قوغلاپ كۆزلەككە كىرسە، غېنى ئوغرى ئەمدىلا تەرىنى سۈرتۈۋاتقانىكەن.*

30. {-(X)vatqudäk}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(x)v<(X)p-at<yat-qu-däk}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vat-qu-däk-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-qu-däk-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)vat-qu-däk-perII-mu}

{v-mA-y-vat-qu-däk-perII-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى:ئاڭلاتما بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان، سۆز قىلىنىۋاتقاندا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان ياكى تەكرارلىنىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش ـ ھەرىكەت سۈپىتىدە بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. شىنىڭ دۈبەن يەنە « خائىن ـ سۈيىقەستچىلەر گۇرۇھى » دەپ يالغان دېلو ياساپ چىقىپ ھەممىلا يەردە ئادەم تۇتۇۋاتقۇدەك.*

*b. بايلار مىڭلاپ ـ مىڭلاپ ئات، قوي، ئالتۇن تەقدىم قىلىۋاتقۇدەك، تېخى ئورۇسلارنىڭ ياردىمىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە*

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقۇدەكمەن، بېرىۋاتقۇدەكمەن، كېلىۋاتقۇدەكمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقۇدەكمىز، بېرىۋاتقۇدەكمىز، كېلىۋاتقۇدەكمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋاتقۇدەكسەن، بېرىۋاتقۇدەكسەن، كېلىۋاتقۇدەكسەن<br>ئوقۇۋاتقۇدەكسىز، بېرىۋاتقۇدەكسىز، كېلىۋاتقۇدەكسىز<br>ئوقۇۋاتقۇدەكلا، بېرىۋاتقۇدەكلا، كېلىۋاتقۇدەكلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋاتقۇدەكسىلەر، بېرىۋاتقۇدەكسىلەر، كېلىۋاتقۇدەكسىلەر<br>ئوقۇۋاتقۇدەكسىزلەر، بېرىۋاتقۇدەكسىزلەر، كېلىۋاتقۇدەكسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋاتقۇدەكلا، بېرىشىۋاتقۇدەكلا، كېلىشىۋاتقۇدەكلا<br>ئوقۇشۇۋاتقۇدەكسەن، بېرىشىۋاتقۇدەكسەن، كېلىشىۋاتقۇدەكسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋاتقۇدەك، بېرىۋاتقۇدەك، كېلىۋاتقۇدەك |

*ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقۇدەك.*

*c. بەزى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئوسمانىنى ھەدەپ قوترىتىۋاتقۇدەك!*

*d. ئاڭلىسام، ئىشچىلىرىڭىز خالى كولاۋاتقۇدەك راستمۇ؟*

*e. قارىغۇدەك بولسا، تاشپاقا پەيلىنى بۇزۇۋاتقۇدەك.*

2) كۆرگەن چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشتە بۇ شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. پاھ، كۆرگەن چۈشۈمنى قارا، سەپەر ئاخۇننىڭ قىپيالىڭاچ جەسىتىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈۋاتقۇدەكمەن.*

*b. چۈشىدە ئۇ دېڭىزدا پاراخوت پالۇبىسىدا كېتىۋاتقاندا، تاغدەك بىر دولقۇن تۇيۇقسىزلا دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقۇدەك...*

*c. تۆمۈر ئاكام شۇ ئۆيدىن بىر دۇتارنى ئاچىقىپ، ماڭا كۆرسىتىۋاتقۇدەك، قارىسام دۇتارنىڭ قورسىقىدىن قىپقىزىل قان ئېقىۋاتقۇدەك، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.*





31. {-(X)vetiptikän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{(X)v<(X)p-et<-at < yat -ip-t<-tu<-dur<turur-i<är-kän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vet-ip-t(u)-kän-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAy-y-vet-ip-t(u)-ikän-perII}

سوئال شەكلى: {v-mAy-vet-ip-t(u)-ikän-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىپتىكەنمەن، بېرىۋېتىپتىكەنمەن، كېلىۋېتىپتىكەنمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىپتىكەنمىز، بېرىۋېتىپتىكەنمىز، كېلىۋېتىپتىكەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىپتىكەنسەن، بېرىۋېتىپتىكەنسەن، كېلىۋېتىپتىكەنسەن<br>ئوقۇۋېتىپتىكەنسىز، بېرىۋېتىپتىكەنسىز، كېلىۋېتىپتىكەنسىز<br>ئوقۇۋېتىپتىكەنلا، بېرىۋېتىپتىكەنلا، كېلىۋېتىپتىكەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىپتىكەنسىلەر، بېرىۋېتىپتىكەنسىلەر، كېلىۋېتىپتىكەنسىلەر<br>ئوقۇۋېتىپتىكەنسىزلەر، بېرىۋېتىپتىكەنسىزلەر، كېلىۋېتىپتىكەنسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋېتىپتىكەنلا، بېرىشىۋېتىپتىكەنلا، كېلىشىۋېتىپتىكەنلا<br>ئوقۇشۇۋېتىپتىكەنسەن، بېرىشىۋېتىپتىكەنسەن، كېلىشىۋېتىپتىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋېتىپتىكەن، بېرىۋېتىپتىكەن، كېلىۋېتىپتىكەن |

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان، سۆز قىلىنىۋاتقاندا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان ياكى تەكرارلىنىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتنى سۆزلىگۈچى ۋاستىلىك خەۋەردار بولغان ياكى مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *بۇنىڭدىن بۆلەك نىمە ئىلاجىم بار، خۇدايىم بىز خوتۇن خەقنى خويمۇ ئاجىز يارىتىۋېتىپتىكەن.*

b. *بىر ئامالىلاپ ئاقسۇغا كەلگىنىمدە، ئۇرۇش بولۇۋېتىپتىكەن، غايىب ئوق تېگىپ پاقالچىقىمنى چېقىۋەتتى، غوجام!*

c. *غۇلجىلىق ھېيتەم ئۆزىگە ئوخشاش كېلىشكەن شوخ جەدە ئات ئۇستىدە ئىككى ياندىكى خەلق توپىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ، خۇشال كېلىۋېتىپتىكەن، مېنى كۆرۈپ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.*

32. {-(X)vetriptu/-ti-perII}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-a-ip-tu<-tur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vet-ip-tu/-ti-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAy-vet-ip-tu/-ti-perII}

سوئال شەكلى: {v-(X)ver-ip-tu/ti-perII}

{v-mAy-vet-ip-tu/-ti-perII - mu}





| | | |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىپتىمەن، بېرىۋېتىپتىمەن، كېلىۋېتىپتىمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىپتىمىز، بېرىۋېتىپتىمىز، كېلىۋېتىپتىمىز |
| 2 - شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىپسەن، بېرىۋېتىپسەن، كېلىۋېتىپسەن<br>ئوقۇۋېتىپسىز، بېرىۋېتىپسىز، كېلىۋېتىپسىز<br>ئوقۇۋېتىپلا، بېرىۋېتىپلا، كېلىۋېتىپلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىپسىلەر، بېرىۋېتىپسىلەر، كېلىۋېتىپسىلەر<br>ئوقۇۋېتىپسىزلەر،بېرىۋېتىپسىزلەر، كېلىۋېتىپسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋېتىپلا، بېرىشىۋېتىپلا، كېلىشىۋېتىپلا<br>ئوقۇشۇۋېتىپسەن، بېرىشىۋېتىپسەن، كېلىشىۋېتىپسەن |
| 3 - شەخس | | ئوقۇۋېتىپتۇ، بېرىۋېتىپتۇ، كېلىۋېتىپتۇ |

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان، سۆز قىلىنىۋاتقاندا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان ياكى تەكرارلىنىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتنى سۆزلىگۈچى ۋاستىلىك خەۋەردار بولغان ياكى مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *پەرىزىمىز توغرىكەن، باندىتلار جىڭ ناھىيەسىگە يالغان ھۇجۇم قىلىۋېتىپتۇ.*

b. *ۋاي قىزىم، شۇ بالىنىڭ ئۇكىلىرىنى چېرىكلەر ئېتىۋېتىپتۇمۇ؟*

c. *بىچارە قىز سىزنىڭ ئوغلىڭىزنىڭ ئوتىدا پۇچىلىپ، ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنتنى سېغىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.*

d. *سەبىخە خەت يېزىۋېتىپتۇ، كىچىكى ئۇخلاۋېتىپتۇ.*

e. *— ئىسھاقبېك دېگەن قىرغىز يامان نېمىكەن، ئاڭلىساق،*

*پەنجىم سايغا كىلىپ دۈشمەننى هەيدەپ ئاچالىنىڭ نىرىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ!*

33. {-(X)vetiptumiš}

كىلىپ چىقىشى: بۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كىلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-a-ip-tu<-tur<turur-miš}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vet-ip-tu-miš-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vet-ip-tu-miš-perII-mu}

سوئال شەكلى: {v-(X)vet-ip-tu-mis&-perII-mu}

{v-mA-y-vet-ip-tu-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىپتىمىشمەن، بىرىۋېتىپتىمىشمەن، كېلىۋېتىپتىمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىپتىمىشمىز، بىرىۋېتىپتىمىشمىز، كېلىۋېتىپتىمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىپتىمىشسەن، بىرىۋېتىپتىمىشسەن، كېلىۋېتىپتىمىشسەن<br>ئوقۇۋېتىپتىمىشسىز، بىرىۋېتىپتىمىشسىز، كېلىۋېتىپتىمىشسىز<br>ئوقۇۋېتىپتىمىشلا، بىرىۋېتىپتىمىشلا، كېلىۋېتىپتىمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىپتىمىشسىلەر، بىرىۋېتىپتىمىشسىلەر، كېلىۋېتىپتىمىشسىلەر<br>ئوقۇۋېتىپتىمىشسىزلەر، بىرىۋېتىپتىمىشسىزلەر، كېلىۋېتىپتىمىشسىزلەر<br>ئوقۇشۇۋېتىپتىمىشلا، بىرىشىۋېتىپتىمىشلا، كېلىشىۋېتىپتىمىشلا<br>ئوقۇشۇۋېتىپتىمىشسەن، بىرىشىۋېتىپتىمىشسەن، كېلىشىۋېتىپتىمىشسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋېتىپتىمىش، بىرىۋېتىپتىمىش، كېلىۋېتىپتىمىش |





راي مەنىسى: ئاڭلاتمان بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان، سۆز قىلىنىۋاتقاندا يەنىلا داۋاملىشىۋاتقان ياكى تەكرارلىنىۋاتقان ئىش ـ هەرىكەتنى سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش ـ هەرىكەت سۈپىتىدە بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *باغداش تەرەپكە قىيچىپ چىققانلارنىڭ خىيلى كۆپى ئۆز ماكانلىرىغا قايتتى. باشقا تاغلاردىمۇ شۇنداق بولۇۋېتىپتىمىش.*

b. *هازىردىن باشلاپلا ماجۇگىيىگىنىڭ بىر قىسىم چىرىكى قۇمۇل تاغلىرىدا هەرىكەت قىلىۋېتىپتىمىش.*

c. *ئۇنىڭ دىيىشىچە، هازىر گومىنداڭ پارتىزانلار ئاۋۋال ئاقسۇغا هوجۇم قىلارمۇ، كۇچاغا هوجۇم قىلارمۇ دەپ تىڭتىڭلاۋېتىپتىمىش!*

34. {-(X)vetivid-}

كىلىپ چىقىشى: بۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كىلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-(X)v<(X)p-at<yat-vi<-ip-i<är-d-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-(X)vat-ip-i-d-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-y-vat-ip-d-perI}

سوئال شەكلى: {v-(X)vat-ip-m-i-d-perI}

{v-mA-y-vat-ip-m-i-d-perI}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل ئاساسەن بەلگە ۋاقىت بولۇپ نىسپىي زامان ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئۆزى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ،

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىۋىدىم، بېرىۋېتىۋىدىم، كېلىۋېتىۋىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىۋىدۇق، بېرىۋېتىۋىدۇق، كېلىۋېتىۋىدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇۋېتىۋىدىڭ، بېرىۋېتىۋىدىڭ، كېلىۋېتىۋىدىڭ<br>ئوقۇۋېتىۋىدىڭىز، بېرىۋېتىۋىدىڭىز، كېلىۋېتىۋىدىڭىز<br>ئوقۇۋېتىۋىدىلە، بېرىۋېتىۋىدىلە، كېلىۋېتىۋىدىلە |
| | كۆپلۈك | ئوقۇۋېتىۋىدىڭلار، بېرىۋېتىۋىدىڭلار، كېلىۋېتىۋىدىڭلار<br>ئوقۇۋېتىۋىدىڭىزلار، بېرىۋېتىۋىدىڭىزلار، كېلىۋېتىۋىدىڭىزلار<br>ئوقۇشىۋېتىۋىدىلە، بېرىشىۋېتىۋىدىلە، كېلىشىۋېتىۋىدىلە<br>ئوقۇشىۋېتىۋىدىڭ، بېرىشىۋېتىۋىدىڭ، كېلىشىۋېتىۋىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇۋېتىۋىدى، بېرىۋېتىۋىدى، كېلىۋېتىۋىدى |

پۈتۈن جۈملىنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلەلمەيدۇ، پەقەت باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى بەلگە ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن باشلانغان ۋە سۆز قىلىنىۋاتقان پەيتتىمۇ داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بۇ شەكىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت مەيدانغا كېلىشىگە ئىككىنچى بىر ھەرىكەت يۈز بېرىدۇ. بۇ شەكىل دەل مانا مۇشۇنداق ئۆزى بىلەن تەڭ مەيدانغا كېلىدىغان ھەرىكەت ئۈچۈن بەلگە ۋاقىت بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەزەمزات ھېكىم، ئابدۇرۇسۇلبەگ، ئەلاخانلار مانجۇلارنى قوغلىۋېتىۋىدى، ئورۇسلار بېسىپ كىردى .*

*b. ئۇ بەك يالۋۇرۇپ كېتىۋىدى، ماقۇل دەپتىمەن.*

*c. ئۇنىڭ خورىكى بەك ئۆسۈپ كېتىۋىدى، ئەمدى ئوبدان بوپتۇ.*





35. {-DX-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تىپىك زامان بەلگىسىدۇر. بۇ شەكىل ئورخۇن دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە ئەينەن شەكىلدە ئىشلىتىلمەكتە.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-DX-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-DX-perI}

سوئال شەكلى: {v-DX-perI-mu}

{v-mA-DX-perI-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇدۇم، باردىم، كەلدىم، كۆلدۈم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇدۇق، باردۇق، كەلدۇق، كۆلدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇدۇڭ، باردىڭ، كەلدىڭ، كۆلدۈڭ<br>ئوقۇدىڭىز، باردىڭىز، كەلدىڭىز، كۆلدىڭىز<br>ئوقۇدىلا، باردىلا، كەلدىلە، كۆلدىلە |
| | كۆپلۈك | ئوقۇدۇڭلار، باردىڭلار، كەلدىڭلار، كۆلدۈڭلار<br>ئوقۇدىڭىزلار، باردىڭىزلار، كەلدىڭىزلار، كۆلدىڭىزلەر<br>ئوقۇشتىلا، بېرىشتىلا، كېلىشتىلە، كۆلۈشتىلە<br>ئوقۇشتۇڭ، بېرىشتىڭ، كېلىشتىڭ، كۆلۈشتۈڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇدى، باردى، كەلدى، كۆلدى |

راي مەنىسى: ۋاسىتىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) ۋاقىت ئوقىنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى

مەلۇم نۇقتىسىدا باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن چىدىدىم، جىنىم ئامان قالسا مال ـ دۇنيانىڭ كارى چاغلىق دېدىم، ئەمما لېكىن خوتۇن چىدىمىدى.*

*b. ـــ ئۇنىمۇ قىلدۇق، بۇنىمۇ قىلدۇق، ئۇنداقمۇ دېدۇق، بۇنداقمۇ دېدۇق، پايدا تاپمىدۇق.*

*c. كىمدۇر بىرى «قاچتى ـ قاچتى، قاتىل قاچتى» دەپ ۋارقىرىدى.*

*d. شىۋىرغان ھۇۋلىدى، ئۇلار تۈز دالاغا چىقتى.*

2) جانلىق تىلدا بېجىرىلىشى قارار قىلىنغان، ئەمما تېخى بېجىرىلمىگەن، پات ئارىدا بېجىرىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەمىسە، بىز كەتتۇق.*

*b. ماڭدۇق ئەمىسە.*

*c. بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، بارسام باردىم.*

3) جانلىق تىلدا ياكى ماقال ـ تەمسىللەردە پەرەز، ئوخشىتىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇنىڭغا چېقىلما، چېقىلدىڭ قۇتۇلالمايسەن.

*b. بۇ يولغا كىردىڭ، ئىككىنچى قايتىپ چىقالمايسەن.*

*c. قار ياغدى، نان ياغدى، يامغۇر ياغدى، ماي ياغدى.*

*d. ئالدىڭ، پۇتتۇڭ؛ ساتتىڭ، يىتتىڭ.*

36. {-DX-perI-gu däymän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-DX-perI-gu däymän}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mi<mA-DX-perI-gu däymän}

سوئال شەكلى: يوق





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇدۇمغۇ دەيمەن، باردىمغۇ دەيمەن، كەلدىمغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇدۇقغۇ دەيمەن، باردۇقغۇ دەيمەن، كەلدۇقغۇ دەيمەن |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇدۇڭغۇ دەيمەن، باردىڭغۇ دەيمەن، كەلدىڭغۇ دەيمەن<br>ئوقۇدىڭىزغۇ دەيمەن، باردىڭىزغۇ دەيمەن، كەلدىڭىزغۇ دەيمەن<br>ئوقۇدىلاغۇ دەيمەن، باردىلاغۇ دەيمەن، كەلدىلەغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇدۇڭلارغۇ دەيمەن، باردىڭلارغۇ دەيمەن، كەلدىڭلارغۇ دەيمەن<br>ئوقۇدىڭىزلارغۇ دەيمەن، باردىڭىزلارغۇ دەيمەن، كەلدىڭىزلەرغۇ دەيمەن<br>ئوقۇشتىلاغۇ دەيمەن، بېرىشتىلاغۇ دەيمەن، كېلىشتىلەغۇ دەيمەن<br>ئوقۇشتۇڭغۇ دەيمەن، بېرىشتىڭغۇ دەيمەن، كېلىشتىڭغۇ دەيمەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇدىغۇ دەيمەن، باردىغۇ دەيمەن، كەلدىغۇ دەيمەن |

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل {-GAndu-} شەكلى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. يەنى بۇ شەكىلمۇ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ ئۆتكەن بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىرەر يىل بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن .*

*b. ـــ ئۇنداقتا بۇ خەق غۇلجا شەھىرىدە ئاز قالدىغۇ دەيمەن .*

*c. تۇرسۇنمۇ بېيجىڭدا ئوقۇدىغۇ دەيمەن.*

*d. شەھەرگىمۇ كېلىپ قالدۇقغۇ دەيمەن.*

37. {-GAn}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ئەڭ دەسلەپتە سۇپەتداش شەكلىدە «ئىرق بىتىك»تە كۆرۈلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ بۇ شەكىلنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ [97]. ئەمما، ۋاقىت ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەن مەنىسى ئەڭ دەسلەپتە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى ئەسەرلەردىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «نەھجۇل فەرادىس» ۋە «قۇرئان تەپسىرى»دە ئاساسەن 3 ـ شەخس شەكلىدە كۆرۈلىدۇ [98]. بۇ شەكىل هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينى شەكىل ۋە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GAn-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-GAn-perII}

سوئال شەكلى: {v-GAn-perII-mu}

{v-mA-GAn-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانمەن، بەرگەنمەن، كەلگەنمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانمىز، بەرگەنمىز، كەلگەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانسەن، بەرگەنسەن، كەلگەنسەن<br>ئوقۇغانسىز، بەرگەنسىز، كەلگەنسىز<br>ئوقۇغانلا، بەرگەنلا، كەلگەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانسىلەر، بەرگەنسىلەر، كەلگەنسىلەر<br>ئوقۇغانسىزلەر، بەرگەنسىزلەر، كەلگەنسىزلەر<br>ئوقۇشقانلا، بېرىشقانلا، كېلىشكەنلا<br>ئوقۇشقانسەن، بېرىشقانسەن، كېلىشكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | ئوقۇغان، بەرگەن، كەلگەن | |

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

ۋاقىت ئوقىنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئۆتكەن





مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە باشلانغان، نەتىجىسى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتقىچە ساقلانغان ئىش ـ هەرىكەت ياكى هالەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شامەخسۇت دەسلەپتە ئۇنى ئوردا بېگى قىلىپ قويغان، كېيىنچە ئۇنىڭ خەنزۇچە بىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە خۇيزۇ پۇقرالار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بازار رايونىغا باشلىق قىلىپ بەلگىلىگەن؛ شۇنىڭدىن باشلاپ، بازار رايونىدىكى پۈتۈن ئاهالىنىڭ دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرى بىلەن سودا ـ سېتىق باجلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش هوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان.*

*b. بەزى قەبرىلەرنىڭ بېشىغا قوتاز قۇيرۇقىدىن تۇغلار قادالغان، بەزىلىرىنىڭ ئۇستىگە قوچقار ياكى ئارقارلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى قويۇلغان.*

*c. سادىر دەپ ئىبتىم يامان، ئون بەش ياشتا ئاتالغان.*

*d. — ئاز ئوقۇغان، ئەمما كۆپ يۇرت كۆرگەن.*

*e. هۆكۈمەت ساڭلىرى ئاساسىي جەهەتتىن قۇرۇپ قالغان .*

38. {-GAnidi - }

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىن باشلاپ قوللىنىلىشقا باشلىغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەينى مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-GAn-i<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GAnidi-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-GAn idi-perI}

سوئال شەكلى: {v-GAnidi-perI-mu}

{v-mA-GAn idi-perI-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانىدىم، بەرگەنىدىم، كەلگەنىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانىدۇق، بەرگەنىدۇق، كەلگەنىدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانىدىڭ، بەرگەنىدىڭ، كەلگەنىدىڭ<br>ئوقۇغانىدىڭىز، بەرگەنىدىڭىز، كەلگەنىدىڭىز<br>ئوقۇغانىدىلە، بەرگەنىدىلە، كەلگەنىدىلە |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانىدىڭلار، بەرگەنىدىڭلار، كەلگەنىدىڭلار<br>ئوقۇغانىدىڭىزلار، بەرگەنىدىڭىزلەر، كەلگەنىدىڭىزلەر،<br>ئوقۇشقانىدىلە، بىرىشقانىدىلە، كېلىشكەنىدىلە<br>ئوقۇشقانىدىڭ، بىرىشقانىدىڭ، كېلىشكەنىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | ئوقۇغانىدى، بەرگەنىدى، كەلگەنىدى | |

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) بۇ ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ھەرىكەتتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كىچىك قىزى شەرىپە خېنىم ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھۆڭرەپ يىغلىغىلى تۇرغانىدى، ئاق رومال ئارتقان تېۋىپ قۇشناچىم كېلىشىگە، شەرىپە خېنىمنى ئىككى ئاكىسى تارتقۇشلاپ ئانىسىدىن نېرى تارتتى.*

*b. ئۇ ئادەم ئاتتىن چۈشۈپ شەيخنى قۇچاقلاپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى شەيخنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئارقىسىغا قاراپ بىر ئىسقىرتقانىدى، قاراڭغۇ جىگدىلىك ئارىسىدىن بىر ئاتلىق يىگىت چىقىپ كەلدى.*

*c. تۆتىنىڭ ئىككىسى جىلغ سوقۇشىغا كەتكەنىدى، ئۇ يەردە بىرى قازا بولدى.*

*d. ۋاھالەنكى، تۇنۇگۇن زىياۋۇدۇن تۇتۇپ كېتىلگەنىدى، يەنە*





*يېڭى باتۇرلار پەيدا بولدى.*

2) ۋاقىت ئوقىنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئۆتكەن مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە باشلانغان، نەتىجىسى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتقىچە ساقلانغان ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، قاپىقى ئىششىغان، كۆزلىرى قىزارغانىدى، ئۇ كىچىك قىزىنى پەشمىتىگە يۆگەپ كۆتۈرۈۋالغانىدى.*

*b. غوجام شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ... تەبىئەت ئۇخلىمىغان، ھايات ئۇخلىمىغان، ئىنسان ئۇخلىمىغانىدى...*

*c. بەگنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.*

*d. پەرىخە تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.*

*e. ئۇ سۆسەر ياقىلىق جۇۋا، قاما قۇلاقچا كىيگەنىدى.*

39. {-GAn bolğidi-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

{-GAn bolği -<bolğay-∅-<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {-GAn bolğidi-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {-GAn bolğidi-perI}

سوئال شەكلى: {-mi<mA-GAn bolğidi-perI}

{-mi<mA-GAn bolği-mi-di-perI}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالىتىنى سۇبيېكتىپ

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغان بولغىيدىم، بارغان بولغىيدىم، كەلگەن بولغىيدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغان بولغىيدۇق، بارغان بولغىيدۇق، كەلگەن بولغىيدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغان بولغىيدىڭ، بارغان بولغىيدىڭ، كەلگەن بولغىيدىڭ<br>ئوقۇغان بولغىيدىڭىز، بارغان بولغىيدىڭىز، كەلگەن بولغىيدىڭىز<br>ئوقۇغان بولغىيدىلا، بارغان بولغىيدىلا، كەلگەن بولغىيدىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغان بولغىيدىڭلار، بارغان بولغىيدىڭلار، كەلگەن بولغىيدىڭلار<br>ئوقۇغان بولغىيدىڭىزلار، بېرىۋاتقان بولغىيدىڭىزلار، كەلگەن بولغىيدىڭىزلار<br>ئوقۇشقان بولغىيدىلا، بېرىشقان بولغىيدىلا، كېلىشكەن بولغىيدىلا<br>ئوقۇشقان بولغىيدىڭ، بېرىشقان بولغىيدىڭ، كېلىشكەن بولغىيدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇغان بولغىيدى، بارغان بولغىيدى، كەلگەن بولغىيدى |

تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. ئەنسىرەش، ئارزۇ قاتارلىق قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ۋەتەن دېگەن ئۇقۇمنى كىم ئىجاد قىلغان بولغىيدى ـ ھە؟*

*b. ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ قويغان بولغىيدىم؟*

*c. تۇرسۇن مېنى كۆرمىگەن بولغىيمىدى؟*

40. {-GAn bolsa-perI keräk}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {-GAn bolsa-perI keräk}





بولۇشسىز شەكلى: {-mi<mA-GAn bolsa-perI keräk}

سوئال شەكلى: يوق

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغان بولسام كېرەك، بارغان بولسام كېرەك، كەلگەن بولسام كېرەك |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغان بولساق كېرەك، بارغان بولساق كېرەك، كەلگەن بولساق كېرەك |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغان بولساڭ كېرەك، بارغان بولساڭ كېرەك، كەلگەن بولساڭ كېرەك<br>ئوقۇغان بولسىڭىز كېرەك، بارغان بولسىڭىز كېرەك، كەلگەن بولسىڭىز كېرەك<br>ئوقۇغان بولسىلا كېرەك، بارغان بولسىلا كېرەك، كەلگەن بولسىلا كېرەك |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغان بولساڭلار كېرەك، بارغان بولساڭلار كېرەك، كەلگەن بولساڭلار كېرەك<br>ئوقۇغان بولسىڭىزلار كېرەك، بارغان بولسىڭىزلار كېرەك، كېلىۋاتقان بولسىڭىزلار كېرەك<br>ئوقۇشقان بولسىلا كېرەك، بېرىشقان بولسىلا كېرەك، كېلىشكەن بولسىلا كېرەك<br>ئوقۇشقان بولساڭ كېرەك، بېرىشقان بولساڭ كېرەك، كېلىشكەن بولساڭ كېرەك |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇغان بولسا كېرەك، بارغان بولسا كېرەك، كەلگەن بولسا كېرەك |

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالىتىنى ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بايا دۇكاندا يىگىت ۋېلىسىپىنى بېرىم پادىشاھ دەپ ئاتالغان دېيىشىدە ئەنە شۇلارنى نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك .*

*b. ياڭ زىڭشىننى ئۇ ئالەمگە ئۇزاتساملا، ھەممە ئىش پۈتىدۇ،*

*دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك .*

*c. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سۇلايمان قارىي قاتىل بىلەن خېلى ئېلىشقان ۋە قاتىلنىڭ بىلىدىن بۇ چەندازىنى ئۈزۈۋالغان بولسا كېرەك.*

*d. كۆرۈنۈشىدىن قائىدە بويىچە يان قورال ۋە تاشقى كىيىملىرىنى سىرتتا قالدۇرغان بولسا كېرەك.*

41. {-GAndur}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ئەڭ دەسلەپ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا قوللىنىلىشقا باشلىغان. ئەمما، بەك ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلمىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ شەكىل 1 ـ شەخستە {-GAndi-} شەكلىدە، 2 ـ شەخستە {-GAn-} شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. 3 ـ شەخستە بەزىدە {-GAndur} بەزىدە {-GAndur} شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-GAn-dur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GAndi/dur-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mi<mA-gandi/dur-perII}

سوئال شەكلى: {v-GAndi/dur-perII-mu}

{v-mi<mA-gaṇdi/dur-perII-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا بۇ شەكىل {-GAn} بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۆلچەر مەنىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ كەلگۈسى





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغاندىمەن، بارغاندىمەن، كەلگەندىمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغاندىمىز، بارغاندىمىز، كەلگەندىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانسەن، بارغانسەن، كەلگەنسەن<br>ئوقۇغانسىز، بارغانسىز، كەلگەنسىز<br>ئوقۇغانلا، بارغانلا، كەلگەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانسىلەر، بارغانسىلەر، كەلگەنسىلەر<br>ئوقۇغانسىزلەر، بارغانسىزلەر، كەلگەنسىزلەر<br>ئوقۇشقانلا، بېرىشقانلا، كېلىشكەنلا<br>ئوقۇشقانسەن، بېرىشقانسەن، كېلىشكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | ئوقۇغاندۇ، بارغاندۇ، كەلگەندۇ | |

بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھەممىسىنىڭ كۆزى بەگكە سارالڭ بولۇپ قالمىغاندۇ، دېگەندەك تىكىلىپ قالغانىدى.*

*b. ئەخمەتجان: «گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىمۇ كۈلەمدىغاندۇ ؟، «بۇ خەقنىڭمۇ چىرايى ئېچىلامدىغاندۇ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىغانىدى.*

*c. ئۇرۇش ئەسەبىيلىكى ئادەملەرنى شۇنداق تەلۋە، شۇنداق ياۋۇز، قارا كۆڭۈل قىلىپ تاشلامدىغاندۇ؟*

*d. مەخسۇت مۇھىتى چاقچاق قىلىپ، «بۇ قامچىنى ھەر كۆرگەندە، بىچارە بۆرتە ناچىنىمۇ يادىلىرىغا كېلىدىغاندۇ» دېدى.*

42. {-GAnmiš}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GAn-miš-perII}
بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-GAn-miš-perII}
سوئال شەكلى: {v-GAn-miš-perII-mu}
{v-mA-Gan-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانىمىشمەن، بارغانىمىشمەن، كەلگەنىمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانىمىشمىز، بارغانىمىشمىز، كەلگەنىمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانىمىشسەن، بارغانىمىشسەن، كەلگەنىمىشسەن<br>ئوقۇغانىمىشسىز، بارغانىمىشسىز، كەلگەنىمىشسىز<br>ئوقۇغانىمىشلا، بارغانىمىشلا، كەلگەنىمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانىمىشسىلەر، بارغانىمىشسىلەر، كەلگەنىمىشسىلەر<br>ئوقۇغانىمىشسىزلەر، بارغانىمىشسىزلەر، كەلگەنىمىشسىزلەر<br>ئوقۇشقانىمىشلا، بېرىشقانىمىشلا، كېلىشكەنىمىشلا<br>ئوقۇشقانىمىشسەن، بېرىشقانىمىشسەن، كېلىشكەنىمىشسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇغانىمىش، بارغانىمىش، كەلگەنىمىش |

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان

ئىشلىتىلىشى:

باشقىلاردىن ئاڭلىغان سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئۆتكەن ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. پولات يۈزبېگى خۇشاللىقىدا ئۆستەڭدە ئېقىپ كۈرەڭگىچە بارغانىمىش.*

*b. بۇ يىگىتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزىنىڭ ئېتى قامزا بولۇپ، ئالتاي تەرەپتىن باركۆلگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەنىمىش، ئەمدى ئىشنى تۈگىتىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقانىمىش.*





*c. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېتىم تاشقى موڭغۇل ھۆكۈمىتى ياردەم بېرىشتىن باش تارتقانىمىش.*

*d. گېپى ئاز، خىيالچان، تەمبەل يىگىت ھازىر نىلقا، كۈنەس، توققۇزتارالاردا قېچىپ، مۆكۈنۈپ يۈرگەنىمىش.*

43. {-GAnikän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-GAn-i<är-kän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GAn-ikän-perII}
بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-GAn-ikän-perII}
سوئال شەكلى: {v-GAn-ikan-perII-mu]
{v-mA-GAn-ikän-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانىكەنمەن، بارغانىكەنمەن، كەلگەنىكەنمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانىكەنمىز، بارغانىكەنمىز، كەلگەنىكەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغانىكەنسەن، بارغانىكەنسەن، كەلگەنىكەنسەن<br>ئوقۇغانىكەنسىز، بارغانىكەنسىز، كەلگەنىكەنسىز<br>ئوقۇغانىكەنلا، بارغانىكەنلا، كەلگەنىكەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغانىكەنسىلەر، بارغانىكەنسىلەر، كەلگەنىكەنسىلەر<br>ئوقۇغانىكەنسىزلەر، بارغانىكەنسىزلەر، كەلگەنىكەنسىزلەر<br>ئوقۇشقانىكەنلا، بېرىشقانىكەنلا، كېلىشكەنىكەنلا<br>ئوقۇشقانىكەنسەن، بېرىشقانىكەنسەن، كېلىشكەنىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇغانىكەن، بارغانىكەن، كەلگەنىكەن |

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى مەلۇم ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى، مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ھېس قىلىغان، بايقىغان ھەقىقەت، چۈشەنچىلەرنى بايان قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىدا بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بولغانىكەن.

b. ــــ مۇنداق دە، بىزنىڭ نۇرىدەك ھەممىنى بىلىدىغان ئوقۇشنى ئوقۇغانىكەنسەن ـ دە!

c. مەن ئىككى مەدەنىيەتلىك مىللەتتىن تۇغۇلغانىكەنمەن.

d. ئەقلىم، كۆڭلۈم تارتقان ئىشقا باشلىغانىكەن، جاننىڭ راھىتى شۇ بولمىسا، بۇ سىپىق جاننىڭ نېمە كېرىكى.

e. شىڭ شىسەي سوپاخۇننى تەربىيەلەپ قويغانىكەن، مانا ئۇيغۇردىن ھەربىي بىلىمى بار ئادەم شۇ!

2) باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ھاجى ئاكامنى رەئىس جۇمھۇر دەپ جاكارلىغانىكەن، رەئىس جۇمھۇرنىڭ باش ۋەكىلىنى مەنسەپتىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

b. باشقىلار قىلالىغانىكەن، مەنمۇ چوقۇم قىلالايمەن!

c. بۇنداق پەن ـ تېخنىكا ئېڭى بولغانىكەن، بىزنىڭ پارنىك كۆكتاتچىلىق قۇرۇلۇشىمىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ!

d. قۇمۇل تاشقى موڭغۇلغا چېگراداش، ئۇنداق بولغانىكەن، بىز ياردەمنى تاشقى موڭغۇلدىن ئالساق بولىدۇ.

e. بۈگۈن بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەنىكەن، بۇ بايلارنىڭ شەرتىگە كۆنمەي ئىلاجىمىز يوق.

1) مەلۇم بىر نىسپىي زاماننى بەلگە ۋاقىت قىلغان ھالدا،





شۇ بەلگە ۋاقىتتىكى ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى بىر ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ياكى يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ــــ ئاڭلىغانسەن، ئايرودۇرۇمدىكى گومىنداڭچىلار قېچىپ يىلىچى جىلغىسىغا بارغانىكەن، بىزنىڭكىلەر ئالدىدىن توراپ، كەينىدىن قوغلاپ ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ!

b. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى بىر يولغا قەدەم قويغانىكەن، ئۇ ھالدا بۇ يېڭى تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرىدىغان بىر سوۋغىتى بولۇپ قالسۇن!

c. ئاخشام غېنىكام تۇرمىگە كىرگەنىكەن، يالغۇز كىرگىنىگە قاراپ ئۇنىڭ بىر ھىيلىسى بار دەپ ساقچىلارمۇ قورقۇپتۇ...

44. {-GAn oxšasy(du)}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-GAn oxša-y-du-dur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {-GAn oxša-y(du)-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {-mi<mA-GAn oxšay(du)-perII}

سوئال شەكلى: {-GAn oxša->oxši-ma-m-(du)-perII}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئوقىنىڭ ئۆتكەن بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى مەلۇم ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. مېنىڭ بەختىمنى شەرقتىن ئىبىتمىغان بىلەن، غەربتىن

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغان ئوخشايمەن، باربدىغان ئوخشايمەن، كېلىدىغان ئوخشايمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇيدىغان ئوخشايمىز ، باربدىغان ئوخشايمىز ، كېلىدىغان ئوخشايمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغان ئوخشايسەن، بارغان ئوخشايسەن، كەلگەن ئوخشايسەن<br>ئوقۇغان ئوخشايسىز ، بارغان ئوخشايسىز ، كەلگەن ئوخشايسىز<br>ئوقۇغان ئوخشايلا، بارغان ئوخشايلا، كەلگەن ئوخشايلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغان ئوخشايسىلەر ، بارغان ئوخشايسىلەر ، كەلگەن ئوخشايسىلەر<br>ئوقۇغان ئوخشايسىزلەر ، بارغان ئوخشايسىزلەر ، كەلگەن ئوخشايسىزلەر<br>ئوقۇشقان ئوخشايلا، بېرىشقان ئوخشايلا، كېلىشكەن ئوخشايلا<br>ئوقۇشقان ئوخشايسەن، بېرىشقان ئوخشايسەن، كېلىشكەن ئوخشايسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇغان ئوخشايدۇ، بارغان ئوخشايدۇ، كەلگەن ئوخشايدۇ |

*ئېيتقان ئوخشايدۇ.*

*b. ئۇ قىز ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ هاياتى شۇ قىزنىڭ هاياتى بىلەن چىڭ باغلانغان ئوخشايدۇ، ئۇرۇش بولسا بەلكى نۇرى نەلەردىدۇر قۇربان بولار، پەرىخە بىلەن بىر ئۆيدە ياشىيالماس.*

*c. يېڭى جاڭجۇڭنىڭ تۇتقان يولى بەگلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ قويغان ئوخشايدۇ.*

*d. ــــ ئۇلار ئاللىقاچانلا تونۇشۇۋالغان ئوخشايدۇ، بىز ئۇخلاپ يۈرۈپتىمىز جۇمۇ، دورغام.*

*e. ئۇنىڭ پەيمانى ئەمدى توشقان ئوخشايدۇ.*





*f. ــــ ئۇستىخانلىرىمنى ئېزىۋەتكەن ئوخشايدۇ، ئەمدى بۇ جاندىن ئۈمىد يوق.*

{-GAnğu däymän} .45

كېلىپ چىقىشى: بۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GAnğu däymän}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mi<mA-GAnğu däymän}

سوئال شەكلى: يوق

بۇ شەكىل پەقەت 3 ـ شەخس شەكلىدىلا ئۇچرايدۇ. رولى [GAndu -] بىلەن ئوخشاش.

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ كەلگۈسى بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بەرگەن ئىش ـ هەرىكەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەمگەكمۇ قىلمىغانغۇ دەيمەن؟*

*b. بۇ گەپلەرنى هاجى ئاكامۇ ئاڭلىغانغۇ!*

*c. سۇن جۇڭشەنمۇ، جياڭ جيېشىمۇ شۇنداق قىلغانغۇ.*

*d. ئېيتە قېنى، قۇربان بۇرهانىدىنوف، سەن ئۇرۇمچىدە هەربىي مەكتەپتە ئوقۇغانغۇ، نېمىشقا ئاتمايمىز، مىلتىقلارنى دات باسسۇنمۇ يا؟*

{-GAy - } .46

كېلىپ چىقىشى: ئورخۇن دەۋرىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىۋاتقان شەكىل. ئۇ ئورخۇن دەۋرىدىن تا هازىرغىچە ئەينەن شەكىلدە ئىشلىتىلمەكتە. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا بۇ شەكىل

كۆرۈنمەيدۇ، تۇرپاندىن تېپىلغان ئورخۇن يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدۇ[99].

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GAy-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA-GAy-perII}

سوئال شەكلى: {v-GAy-perII-mu}
{v-mA-GAy-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغايمەن، بارغايمەن، كەلگەيمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغايمىز ، بارغايمىز ، كەلگەيمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغايسەن، بارغايسەن، كەلگەيسەن<br>ئوقۇغايسىز ، بارغايسىز ، كەلگەيسىز<br>ئوقۇغايلا، بارغايلا، كەلگەيلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغايسىلەر ، بارغايسىلەر ، كەلگەيسىلەر<br>ئوقۇغايسىزلەر ، بارغايسىزلەر ، كەلگەيسىزلەر<br>ئوقۇشقايلا، بېرىشقايلا، كېلىشكەيلا<br>ئوقۇشقايسەن، بېرىشقايسەن، كېلىشكەيسەن |
| 3 ـ شەخس | ئوقۇغاي، بارغاي، كەلگەي | |

راي مەنىسى: ئارزۇ راي

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل خاس تا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگىچە كەلگۈسى زامان مەنىسىدە قوللىنىلغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك ئارزۇ مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، ئەمما ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئارزۇ مەنىسىدىن باشقا جۈملىدە سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:





*a. شېئىر بىر گۈلدۈرمامىدۇركى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي؛ كىشىنى سەگەك قىلىپ جەڭگە ئۈندىگەي؛ ئەبەدىي هاياتقا چاقىرغاي !*

*b. مېنى تاشلاپ كەتكىنىنى ئۇنتۇمىغايمەن،*

*c. ئەمدى كەلسە قېشىمغا يولاتمىغايمەن.*

47. {-Gidi-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ قوللىنىلغان شەكىل بولۇپ، هەر خىل مەنىلەردە قوللىنىلىپ كەلگەن. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-Gi<-GAy-Ø‹är-di-I perI}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-Gi-di-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mi<mA-Gi-di-perI}

سوئال شەكلى: يوق

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغىدىم، بارغىدىم، كەلگىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغىدۇق، بارغىدۇق، كەلگىدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغىدىڭ، بارغىدىڭ، كەلگىدىڭ<br>ئوقۇغىدىڭىز ، بارغىدىڭىز ، كەلگىدىڭىز<br>ئوقۇغىدىلە، بارغىدىلە، كەلگىدىلە |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغىدىڭلار ، بارغىدىڭلار ، كەلگىدىڭلار<br>ئوقۇغىدىڭىزلار ، بارغىدىڭىزلار ، كەلگىدىڭىزلەر<br>ئوقۇغىدى، بارغىدى، كەلگىدى<br>ئوقۇشقىدىڭ، بېرىشقىدىڭ، كېلىشكىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | ئوقۇغىدى، بارغىدى، كەلگىدى | |

راي مەنىسى: ئەنسىرەش مەيلى

ئىشلىتىلىشى:

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. «بول - » پېئىلى بۇ شەكىلدە تۈرلىنىپ ھەر خىل ھال - زامان شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ شۇ شەكىللەرنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەنىسىدىكى شەكىللىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا مۇستەقىل پېئىللارغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، سۆزلىگۈچى سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى مەلۇم بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلغان، ئەندىشە قىلغان، ئەنسىرىگەن ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆلۈكۈم چۆلدە قالمىغىدى، يەيدىغانمۇ، ئىچىدىغانمۇ تۇگىدى.*

*b. ۋاي ئىسىت، سوغۇق ئۇرۇۋەتمىگىدى.*

*c. زىياۋۇدۇن چىرايلىق ئايالنىڭ سۇتتەك ئاق قوللىرى ئۆزىنىڭ ئۇتلەنگەن كالا پاچىقىدەك قوللىرىغا تېگىپ كەتمىگىدى دەپ ئەنسىرەپ ئەندىكتى..*

48. {-Gilivat-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{v-Gili-<-p-at<yat -}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-Gili-vat-i-perII}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل پەقەت بولۇشلۇق شەكىلدىلا قوللىنىلىدۇ. بۇ شەكىل سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئۇقىمىنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان نۇقتىسىغا يېقىن بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





*a. ئۇ بىرلىنىنى قورشاپ ھۇجۇم باشلىغىلىۋاتىدۇ .*

*b. ئەسكەرلەر ماشىنىدىن چۈشكىلىۋاتسا مەن ئوۋ مىلتىقى بىلەن بىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئاتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتۇم .*

*c. — ئورۇسلار بىزنى ئاتقىلىۋاتىدۇ!*

49. {-GU-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ئەڭ دەسلەپ خاقانىيە تۈركچىسىدە بولۇشلۇق شەكىلدە ئۇچرايدۇ.[101] ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت 3 - شەخستە بولۇشلۇق شەكىلدە قوللىنىلىدۇ.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GU-si}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل پەقەت بولۇشلۇق شەكىلدىلا قوللىنىلىدۇ. بۇ شەكىل سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئۇقىمىنىڭ بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە سۆزلىگۈچى مۇقەررەر يۈز بېرىدۇ دەپ قارىغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئىشىنىمىزكى بۇ ئارزۇ ھامان رېئاللىققا ئايلانغۇسى.*

*b. ئىشىنىمىزكى بىيولوگىيە قۇرۇلۇشى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىغۇسى.*

*c. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئۈنۈم بەردى ھەمدە داۋاملىق ياخشى ئۈنۈم بەرگۈسى.*

d. دەپتۇكىم قىلساڭ ئەگەر خىزمەت ماڭا،

كۆلگۈسى دۆلەت گۈلى جەزمەن ساڭا.

50. {-GUdäk}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل مۇقەررەر ھالنىڭ بەلگىسى

بولغان GU - دېگەن شەكىلگە ئاڭلاتما بايان رايىنىڭ بەلگىسى بولغان däk قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن، بۇ شەكىل يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىلاسسىك باسقۇچىدا 3 ـ شەخس شەكلىدە كۆرۈلىدۇ [101] . بۇ شەكىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نىسبەتەن كەڭرى قوللىنىلىدىغان ھال ـ زامان شەكىللىرىنىڭ بىرى.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GU-däk-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mA>mi-Gu-däk-perII}

سوئال شەكلى: {v-GU-däk-perII-mu}

{v-mA>mi-GU-däk-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغۇدەكمەن، بارغۇدەكمەن، كەلگۇدەكمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغۇدەكمىز ، بارغۇدەكمىز ، كەلگۇدەكمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇغۇدەكسەن، بارغۇدەكسەن، كەلگۇدەكسەن<br>ئوقۇغۇدەكسىز ، بارغۇدەكسىز ، كەلگۇدەكسىز<br>ئوقۇغۇدەكلا، بارغۇدەكلا، كەلگۇدەكلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغۇدەكسىلەر ، بارغۇدەكسىلەر ، كەلگۇدەك-سىلەر<br>ئوقۇغۇدەكسىزلەر ، بارغۇدەكسىزلەر ، كەلگۇ-دەكسىزلەر<br>ئوقۇشقۇدەكلا، بېرىشقۇدەكلا، كېلىشكۇدەكلا<br>ئوقۇشقۇدەكسەن، بېرىشقۇدەكسەن، كېلىشكۇ-دەكسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇغۇدەك، بارغۇدەك، كەلگۇدەك |

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) بۇ شەكىل سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش





سۈپىتىدە بايان قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — ئېلىخان تۆرەم قىرىق پارە قۇرئاننى يادقا بىلگۇدەك، بىزچىگە ئۆرۈپ دەپ بېرەلىگۇدەك دەيدۇ، راستمۇ؟*

*b. ئۇرۇمچىگە ئېلىپ ماڭغۇدەك دېيىشىدۇ!*

*c. شىڭ ئەرز يازغۇچىلارنى ساق قويمىغۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇرۇمچىدىن قېچىپ كەلگەن...*

2) سۆزلىگۈچى مەلۇم ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ قارىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — يالغان چېچىڭنى سىلىۋالساڭ، ئاينىسا قىزدىنمۇ قىلىشمايدىغان قىز بولغۇدەكسەن، — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن بىرى.*

*b. — نىيەتلىرى شۇ بولسا، سىبىسق پاقىنى يۇتىۋېرىپ، يېرىلىپ ئۆلگەن يىلانغا ئوخشىشىپ قالغۇدەكلا !*

*c. ئىش ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەكلا بولسا نۇسرەت چوقۇم بىزنىڭ بولغۇدەك.*

*d. تاۋلاستايدا قوماندان بولالايمەنۇ، غۇلجىدا نېمىشقا بولالمىغۇدەكمەن !*

*e. شۇلارنى يوقاتساق، ھەممە خاپىلىق تۈگىگۇدەك.*

3) سۆزلىگۈچى ئەمدىگە ئاشمايدۇ دەپ قارىغان، سۆزلىگۈچى ئەمەلگە ئېشىشىغا گۇمان قىلغان ياكى ئىشەنمىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — تېخى بىزنى تۇتۇپ تۇرمىگە سالغۇدەك.*

*b. — تېخى مىنىستىر بولغۇدەك، بولغىنىنى كۆرەيچۇ!*

4) سۆزلىگۈچى توغرا تاپقان، بېجىرىلىشى قائىدىگە ئۇيغۇن دەپ قارىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — نېمىدەپ ئارىلاشمىغۇدەكمەن، ئەر مېنىڭ، ئۆي*

*مېنىڭ، چېقىن - چاقماقمۇ تېرەكنىڭ بېشىنى ئۈزىدۇ .*

*b. — بىزنى تاشلاپ نەگە بارغۇدەك ؟*

*c. — نېمىشقا خاتا بولغۇدەك ! ئايرىلغىنىمىز ئايرىلغان.*

*d. كىرمىسەم بولمىغۇدەك .*

*e. — ئۇنداق بولسا، ئاۋۋال سېنىڭ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىڭنى ساقايتساق بولغۇدەك، — دېدى سوراقچى ئورنىدىن دەس قوپۇپ.*

5) ھېكايە - چۆچەكلەردە كۆپىنچە مۇشۇ شەكىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن چاشقان دەرھال ئۆزىنىڭ تۆشۈكى تەرەپكە قاچماقچى بولۇپ قارىسا، ئۇ يەردە يوغان بىر ئاغمىخان ئۇنى ماراپ ياتقۇدەك، چەتكە قاچاي دېسە، تېرەك بېشىدا يوغان بىر قاغا قانىتىنى رۇسلاپ قاراپ تۇرغۇدەك.*

*b. توغۇت ئانىسى ئۇنىڭ بارماقلىرىنى قايرىپ قارىسا، ھەر ئىككى ئالىقىنىدا ئۇيۇپ قالغان قان پارچىسى تۇرغۇدەك.*

*c. بىرىپ قارىسا، سۇ چىقىدىغان غارنىڭ ئاغزىنى يوغان بىر ئەجدىھا توسۇپ ياتقۇدەك.*

6) سۆزلىگۈچى چۈشىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشتىمۇ مۇشۇ شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۆمۈر ئاكام ماڭا كۈلۈمسىرەپ، يۇر ئۇكام، بىللە ماڭايلى دەپ كۆك بوز ئاتنى بىرلا دېيىشىم بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك، مېنىڭ جەدە قاشقام تۇرغان ئىزىدا قىمىرلىماي تۇرۇۋالغۇدەك .*

*b. — چۈشۈمدە قوراي تاغلىرىدا ئوۋ قىلىپ يۈرگۈدەكمەن، — دېدى ئەنسارى.*

*c. لېكىننزە، ئۇنىڭ قېشىغا زادى يېتەلمىگۈدەكمەن .*

51. {-GUdäkmiš-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ





چىقىشى تۆۋەندىكىچە:
{v-GU-däk-miš-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-GU-däk-miš-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mi 〈 -mA-GU-däk-miš-perII}

سوئال شەكلى: {v-GU-däk-miš-perII-mu}

{v-mA>mi-GU-däk-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | بىرلىك | ئوقۇغۇدەكمىشمەن، بارغۇدەكمىشمەن، كەلگۈدەكمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغۇدەكمىشمىز ، بارغۇدەكمىشمىز ، كەلگۈدەكمىشمىز |
| 2 - شەخس | بىرلىك | ئوقۇغۇدەكمىشسەن، بارغۇدەكمىشسەن، كەلگۈدەكمىشسەن<br>ئوقۇغۇدەكمىشسىز ، بارغۇدەكمىشسىز ، كەلگۈدەكمىشسىز<br>ئوقۇغۇدەكمىشلا ، بارغۇدەكمىشلا ، كەلگۈدەكمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇغۇدەكمىشسىلەر ، بارغۇدەكمىشسىلەر ، كەلگۈدەكمىشسىلەر<br>ئوقۇغۇدەكمىشسىزلەر ، بارغۇدەكمىششىزلەر ، كەلگۈدەكمىششىزلەر<br>ئوقۇشقۇدەكمىشلا ، بېرىشقۇدەكمىشلا ، كېلىشكۈدەكمىشلا<br>ئوقۇشقۇدەكمىشسەن ، بېرىشقۇدەكمىشسەن ، كېلىشكۈدەكمىشسەن |
| 3 - شەخس | | ئوقۇغۇدەكمىش، بارغۇدەكمىش، كەلگۈدەكمىش |

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان.

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ بىر ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ـــ ئەپسۇسكى، مېنىڭ تەلىيىمگە يامبۇ بېرىدىغان شامەخسۇتنىڭ بېشىدا ئەزرائىلنىڭ سايىسى ئەگىپ يۈرگۈدەكمىش، ئۇنى قوللايدىغان ياڭ جاڭجۇڭمۇ جەھەننەمگە كېتىپ قالدى، ـــ دېدى ھەيدەر ئەپەندى .

b. ئەلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سالى دورغا ماقۇل بولسا، جاڭ جىسا بۇ جەرىماننى يۇرت ئۇستىدىن كۆتۈرۈۋېتىشكە كاپالەت بەرگۈدەكمىش.

52. {-mAKči}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش ھارپىسىدا شەكىللەنگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. « - ماق»لىق ئىسىمداشقا « - چى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، مەقسەت ھالنى تەشكىل قىلغان ھالدا ئىشلىتىلىدۇ .

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAKči-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAKči ämäc-perII}

سوئال شەكلى: {v-mAKči-perIImu-}

{v-mAKči-ämäs-perII-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىشى مەقسەت قىلىنغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

a. ئەمدى بىزمۇ شۇ لەقەم بويىچە ئۇنى « قارا چېچەك » دەپ ئاتىماقچىمىز .

b. گومىنداڭ خەلقىنىڭ كۈچىنى مۇشۇ يەردە سىناپ





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىمەن، بارماقچىمەن، كەلمەكچىمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىمىز ، بارماقچىمىز ، كەلمەكچىمىز . |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىسەن، بارماقچىسەن، كەلمەكچىسەن<br>ئوقۇماقچىسىز ، بارماقچىسىز ، كەلمەكچىسىز<br>ئوقۇماقچىدىلە، بارماقچىدىلە، كەلمەكچىدىلە |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىسىلەر، بارماقچىسىلەر، كەلمەكچىسىلەر<br>ئوقۇشماقچىدىلە، بېرىشماقچىدىلە، كېلىشمەكچىدىلە<br>ئوقۇشماقچىسەن، بېرىشماقچىسەن، كېلىشمەكچىسەن |
| 3 ـ شەخس | ئوقۇماقچى، بارماقچى، كەلمەكچى | |

باقماقچى.

c. مەن سىلىنى سىناپ باقماقچىدىم.

d. ئۇ بىزنى ئاخىرقى بىر چىشلەم نېنىمىزدىنمۇ مەھرۇم قىلماقچى، بىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوقاتماقچى...

e. ئۇنى ئۆلتۈرمەي بىرەر مەنسەپكە قويايلى دېمەكچىمۇسىز ؟

f. گومىنداڭ پىرقىسى شىڭ دۇبەننىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈرمىلەرنى تەكشۈرمەكچى، گۇناھسىز قامالغانلارنى قويۇۋەتمەكچى.

53. {-mAKčid -}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-mAKči-ø<i<är-d-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAkči-di-perI}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAkči ämäs-ti-perI}

سوئال شەكلى: {v-mAkči-mi-di-perI}

{v-mAkči-ämäs-mi-di-perI}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىدىم، بارماقچىدىم، كەلمەكچىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىدۇق، بارماقچىدۇق، كەلمەكچىدۇق. |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىدىڭ، بارماقچىدىڭ، كەلمەكچىدىڭ<br>ئوقۇماقچىدىڭىز، بارماقچىدىڭىز، كەلمەكچىدىڭىز<br>ئوقۇماقچىدىله، بارماقچىدىله، كەلمەكچىدىله |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىدىڭلار، بارماقچىدىڭلار، كەلمەكچىدىڭلار<br>ئوقۇماقچىدىڭىزلار، بارماقچىدىڭىزلار، كەلمەكچىدىڭىزلار<br>ئوقۇشماقچىدىله، بېرىشماقچىدىله، كېلىشمەكچىدىله<br>ئوقۇشماقچىدىڭ، بېرىشماقچىدىڭ، كېلىشمەكچىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇماقچىدى، بارماقچىدى، كەلمەكچىدى |

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان

ئىشلىتىلىشى:

سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئۆتكەن ۋاقىت ئوقىدىكى مەلۇم ۋاقىت نۇقتىسىدا ياكى ۋاقىت بۆلىكىدە يۈز بېرىشى مەقسەت قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — غوجام، مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم .*

*b. ئابباسوفلاردىن خەۋەرچى كەلمەكچىدى، تېخى كەلمىدى!*

*c. — دادا، سىز ئۇرمەھەممەتكە نېمە سوۋغا بەرمەكچىدىڭىز؟*





*d. ئۇلار شۇ يەردە قاراشەھەردىن كېلىدىغان قوشۇننى كۈتۈپ تۇرماقچى ۋە ئۇلار كەلگەندە، ئاندىن بىرلىشىپ تۇرۇپ پىچانغا ھۇجۇم قىلماقچىدى.*

*e. رەيھان جىمىپ قالدى ۋە گەپ يۆتكەپ: — ھە راست، بىر باغلام شىۋاق سۈپۈرگە تېرىۋالماقچىدىم، توختىسىڭىزا قىزىمنى ئېلىۋالاي، — دېدى.*

54. {-mAKčidu(r)-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-mAKči-du(r)<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAKči-du(r)-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAKči ämäs-tu(r)-perII}

سوئال شەكلى: {v-mAKči-du(r)-perII-mu}

{v-mAKči ämäs-tu(r)-perII-mu}

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىت ئوقىنىڭ كەلگۈسى بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىشى مەقسەت قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. بەلكى ئۇ ئۇرىنى قورال قىلىپ بىرەر مەقسەتكە يەتمەكچىدۇر.

b. ئۇ نېمە قىلماقچىدۇر، بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتمەكچىمىدۇر؟

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىدۇرمەن، بارماقچىدۇرمەن، كەلمەكچىدۇرمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىدۇرمىز ، بارماقچىدۇرمىز ، كەلمەكچىدۇرمىز . |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىدۇرسەن، بارماقچىدۇرسەن، كەلمەكچىدۇرسەن<br>ئوقۇماقچىدۇرسىز ، بارماقچىدۇرسىز ، كەلمەكچىدۇرسىز<br>ئوقۇماقچىدۇرلا ، بارماقچىدۇرلا ، كەلمەكچىدۇرلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىدۇرسىلەر، بارماقچىدۇرسىلەر، كەلمەكچىدۇرسىلەر<br>ئوقۇماقچىدۇرسىزلەر، بارماقچىدۇرسىزلەر، كەلمەكچىدۇرسىزلەر<br>ئوقۇشماقچىدۇرلا ، بىرىشماقچىدۇرلا ، كېلىشمەكچىدۇرلا<br>ئوقۇشماقچىدۇرسەن، بىرىشماقچىدۇرسەن، كېلىشمەكچىدۇرسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇماقچىدۇر، بارماقچىدۇر ، كەلمەكچىدۇر |

{-mAKčikän} .55

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل يۇقىرىقى شەكىلگە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان شەكىل بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

{-mAKči-ø<är-kän}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAKči-kän-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAKči ämäs-kän-perII}

سوئال شەكلى: {v-mAKči -ka_n-perII-mu}





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىكەنمەن، بارماقچىكەنمەن، كەلمەكچىكەنمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىكەنمىز ، بارماقچىكەنمىز ، كەلمەكچىكەنمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىكەنسەن، بارماقچىكەنسەن، كەلمەكچىكەنسەن<br>ئوقۇماقچىكەنسىز ، بارماقچىكەنسىز ، كەلمەكچىكەنسىز<br>ئوقۇماقچىكەنلا، بارماقچىكەنلا، كەلمەكچىكەنلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىكەنسىلەر، بارماقچىكەنسىلەر، كەلمەكچىكەنسىلەر<br>ئوقۇماقچىكەنسىزلەر، بارماقچىكەنسىزلەر، كەلمەكچىكەنسىزلەر<br>ئوقۇشماقچىكەنلا، بىرىشماقچىكەنلا، كېلىشمەكچىكەنلا<br>ئوقۇشماقچىكەنسەن، بىرىشماقچىكەنسەن، كېلىشمەكچىكەنسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇماقچىكەن، بارماقچىكەن، كەلمەكچىكەن |

{v-mAKči ämäs-kän-perII-mu}

راي مەنىسى: ۋاستىلىك بايان

ئىشلىتىلىشى:

ئالدىنئالا مەقسەت قىلىنغان، سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىشىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

*a. سىجاڭ جانابلىرى، ئۆزلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىرىنى بىلمەكچىكەن.*

*b. رەپىقىڭىزنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن.*

*c. ما بۇفاڭ دېگەن تۇڭگاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ كىرمەكچىكەن.*

*d. — ئاتامدىن قورقمىسا، ئۇ سىزنى دۇمبالىماقچىكەن.*

e. *ئۇ كىشى سىنى ياردەمچى ھۆكۈمەت كاتىپى قىلماقچىكەن.*

56. {-mAKčimiš}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل يۇقىرىقى شەكىلگە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى -miš قوشۇلۇپ ياسالغان شەكىل بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAKči-miš-perII}

بولۇشسىز شەكلى: {v-mAKči ämäs-miš-perII}

سوئال شەكلى: {v-mAKči-miš-perII-mu}

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىمىشمەن، بارماقچىمىشمەن، كەلمەكچىمىشمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىمىشمىز، بارماقچىمىشمىز، كەلمەكچىمىشمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچىمىشسەن، بارماقچىمىشسەن، كەلمەكچىمىشسەن<br>ئوقۇماقچىمىشسىز، بارماقچىمىشسىز، كەلمەكچىمىشسىز<br>ئوقۇماقچىمىشلا، بارماقچىمىشلا، كەلمەكچىمىشلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچىمىشسىلەر، بارماقچىمىشسىلەر، كەلمەكچىمىشسىلەر<br>ئوقۇماقچىمىشسىزلەر، بارماقچىمىشسىزلەر، كەلمەكچىمىشسىزلەر<br>ئوقۇشماقچىمىشلا، بېرىشماقچىمىشلا، كېلىشمەكچىمىشلا<br>ئوقۇشماقچىمىشسەن، بېرىشماقچىمىشسەن، كېلىشمەكچىمىشسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇماقچىمىش، بارماقچىمىش، كەلمەكچىمىش |





{v-mAKči ämäs-mis&-perII-mu}

راي مەنىسى: ئاڭلاتما بايان

ئىشلىتىلىشى:

باشقىلاردىن ئاڭلىغان، بېجىرىلىشى مەقسەت قىلىنغان سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسى ۋاقىت ئوقىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىسىدا ياكى بۆلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىي ئىستېمالدا ئاساسەن {-mAKcikän} شەكلى بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇلار سىز بىلەن توي توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىمىش.*

b. *ئۇ بالىسىنى دوختۇر قىلماقچىمىش.*

c. *مەن ئۇنىڭ ئۆلىنى كولاۋېتىپتىمىشمەن.*

57. {-mAKči bolğidi-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە شەكىللەنگەن مۇرەككەپ شەكىللەرنىڭ بىرى.

{mAKči bolği<bolgay-∅<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {-mAKči bolği-di - perI}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر رايى

ئىشلىتىلىشى:

يۈز بېرىشى مەقسەت قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى مەلۇم ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە سوئال مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *تۇرسۇنمۇ قاتناشماقچى بولغىدى؟*

b. *تەنلىدە قايتماقچى بولغىدىڭلار؟*

c. *سەنمۇ ئالماقچى بولغىدىڭ؟*

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچى بولغىدىم، بارماقچى بولغىدىم، كەلمەكچى بولغىدىم |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچى بولغىدۇق، بارماقچى بولغىدۇق، كەلمەكچى بولغىدۇق |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچى بولغىدىڭ، بارماقچى بولغىدىڭ، كەلمەكچى بولغىدىڭ<br>ئوقۇماقچى بولغىدىڭىز، بارماقچى بولغىدىڭىز، كەلمەكچى بولغىدىڭىز<br>ئوقۇماقچى بولغىدىلا، بارماقچى بولغىدىلا، كەلمەكچى بولغىدىلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچى بولغىدىڭلار، بارماقچى بولغىدىڭلار، كەلمەكچى بولغىدىڭلار<br>ئوقۇماقچى بولغىدىڭىزلار، بارماقچى بولغىدىڭىزلار، كەلمەكچى بولغىدىڭىزلار<br>ئوقۇشماقچى بولغىدىلا، بېرىشماقچى بولغىدىلا، كېلىشمەكچى بولغىدىلا<br>ئوقۇشماقچى بولغىدىڭ، بېرىشماقچى بولغىدىڭ، كېلىشمەكچى بولغىدىڭ |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇماقچى بولغىدى، بارماقچى بولغىدى، كەلمەكچى بولغىدى |

{-mAKči bolsa-perI keräk} .58

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {-mAKči bolsa-perI keräk}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

(كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر بايان.

ئىشلىتىلىشى:





| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچى بولسام كېرەك، بارماقچى بولسام كېرەك، كەلمەكچى بولسام كېرەك |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچى بولساق كېرەك، بارماقچى بولساق كېرەك، كەلمەكچى بولساق كېرەك |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچى بولساڭ كېرەك، بارماقچى بولساڭ كېرەك، كەلمەكچى بولساڭ كېرەك<br>ئوقۇماقچى بولسىڭىز كېرەك، بارماقچى بولسىڭىز كېرەك، كەلمەكچى بولسىڭىز كېرەك<br>ئوقۇماقچى بولسىلا كېرەك، بارماقچى بولسىلا كېرەك، كەلمەكچى بولسىلا كېرەك |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچى بولساڭلار كېرەك، بارماقچى بولساڭلار كېرەك، كەلمەكچى بولساڭلار كېرەك<br>ئوقۇماقچى بولسىڭىزلار كېرەك، بارماقچى بولسىڭىزلار كېرەك، كەلمەكچى بولسىڭىزلار كېرەك<br>ئوقۇشماقچى بولسىلا كېرەك، بېرىشماقچى بولسىلا كېرەك، كېلىشمەكچى بولسىلا كېرەك<br>ئوقۇشماقچى بولساڭ كېرەك، بېرىش بېرىشماقچى بولساڭ كېرەك، كېلىشمەكچى بولساڭ كېرەك |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇماقچى بولسا كېرەك، بارماقچى بولسا كېرەك، كەلمەكچى بولسا كېرەك |

بېجىرىلىشى مەقسەت قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەتنى، ھالەتنى ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ سىزگە بىر نەرسە بەرمەكچى بولسا كېرەك.*

*b. ئۇمۇ مۇشۇ كىتابنى ئالماقچى بولسا كېرەك.*

*c. سىلەرمۇ سودا قىلماقچى بولساڭلار كېرەك.*

{-mAKči oxšay(du)-} 59

كېلىپ چىقىشى: بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە

مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-mAKči oxša-y-du<-dur<turur}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v -mAKči oxša - y - (perII)}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

| | | |
|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچى ئوخشايمەن، بارماقچى ئوخشايمەن، كەلمەكچى ئوخشايمەن |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچى ئوخشايمىز، بارماقچى ئوخشايمىز، كەلمەكچى ئوخشايمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئوقۇماقچى ئوخشايسەن، بارماقچى ئوخشايسەن، كەلمەكچى ئوخشايسەن<br>ئوقۇماقچى ئوخشايسىز، بارماقچى ئوخشايسىز، كەلمەكچى ئوخشايسىز<br>ئوقۇماقچى ئوخشايلا، بارماقچى ئوخشايلا، كەلمەكچى ئوخشايلا |
| | كۆپلۈك | ئوقۇماقچى ئوخشايسىلەر، بارماقچى ئوخشايسىلەر، كەلمەكچى ئوخشايسىلەر<br>ئوقۇماقچى ئوخشايسىزلەر، بارماقچى ئوخشايسىزلەر، كەلمەكچى ئوخشايسىزلەر<br>ئوقۇشماقچى ئوخشايلا، بېرىشماقچى ئوخشايلا، كېلىشمەكچى ئوخشايلا<br>ئوقۇشماقچى ئوخشايسەن، بېرىشماقچى ئوخشايسەن، كېلىشمەكچى ئوخشايسەن |
| 3 ـ شەخس | | ئوقۇماقچى ئوخشايدۇ، بارماقچى ئوخشايدۇ، كەلمەكچى ئوخشايدۇ |

راي مەنىسى: ئوبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

بېجىرىلىشى مەقسەت قىلىنغان دەپ قارالغان ۋە مەلۇم ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئاساسىدا مۆلچەرلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى





بايان قىلىغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ سىنى ئۆلتۈرمەكچى ئوخشايدۇ.*

*b. مېنى ئالدىماقچى ئوخشايسەن ـ ھە؟*

*c. ئۇلار كۆچمەكچى ئوخشايدۇ.*

60. {-mAkčiğu däymän}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىلمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAKči ğudäymän}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

راي مەنىسى: سۇبيېكتىپ مۆلچەر

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل ئاساسەن جانلىق تىلدا 3 ـ شەخس شەكلىدە بېجىرىلىشى مەقسەت قىلىنغان دەپ قارالغان ئىش ـ ھەرىكەتنى سۇبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا مۆلچەرلەپ بايان قىلىغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سىلەر مېنى ئالداپ كەتكۈزۈۋەتمەكچىغۇ دەيمەن.*

*b. تۇرسۇن سىلەردىن پۇل ئۇندۇرۇۋالماقچىغۇ دەيمەن.*

*c. ئۇلار مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ قالماقچىغۇ دەيمەن.*

61. {-mAKtA}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل « ـ ماق»لىق ئىسىمداشقا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىل ئاساسەن 3 ـ شەختە بولۇشلۇق شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAKtA-perII}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

راي مەنىسى: بىۋاستە بايان.

ئىشلىتىلىشى:

1) ۋاقىت ئوقىنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان بۆلىكىدە داۋاملىشىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قېلىن كۆرپە، لۆم ـ لۆم سىم كارىۋات ئۇنىڭ بەدىنىگە پاتماقتا، ئىپسىل ماموق ياستۇقلار ئۇنىڭغا تاشتەك قاتتىق بىلىنمەكتە.*

*b. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى خىيال دۇنياسىدا، ئاز ۋاقتى رېئال دۇنياسىدا ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانماقتا، غەزەپلەنمەكتە.*

*c. سولدا دەريا شارقىراپ ئاقماقتا.*

*d. گويا بۇ بۈك قارىغايلىق چوققىلار بىر ـ بىرى بىلەن بوي تالاشماقتا، گۈزەللىك تالاشماقتا.*

2) ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. نەدىدۇر بۇغا ھۆركىرىمەكتە، ئايغىر كىشنىمەكتە، چارۋا ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ راھەتلىك كۈنلىرىنى ھايات خاتىرىسىگە ناخشىلىرى بىلەن قالدۇرماقچى بولۇشقاندەك مالچىلار تېخىمۇ قىزىپ ئۆلەڭ ئېيتىشماقتا، كۆيۈۋاتقان قارىغايلار چاراسلىماقتا، مەززىلىك قوي گۆشى پۇراق چاچماقتا، ئىشتىھاسى ئېچىلغان ئادەملەر توختىماي يېمەكتە، ئىچمەكتە، كۈيلىمەكتە، كۈلمەكتە ئىدى.*

*b. ئۇنىڭ كۆز يېشى، يۈرەك پىغانى بىلەن نۇرىنىڭ ھېچ ئىشى بولمىسىمۇ، ئۇ بارغانسېرى ئۇنى سېغىنماقتا، بارغانسېرى ئۇنى بىر كۆرۈش ئىستىكى قىينىماقتا، يۈرەكلىرىنى ئەزمەكتە، ئەمدى ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.*

*c. بوران گۈركىرىمەكتە، قارلار ئۇچماقتا، دەرەخلەر قار*





*چاڭگىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاتتىق سىلكىنمەكتە، زاۋۇتلار ھۇۋلاشماقتا، قوراللانغان ساقچىلار، ئەسكەرلەر ھەم يېپىق دەرۋازىلارنى ئەسەبىيلىشىپ قاقماقتا.*

62. {-mAKtA idi-}

كېلىپ چىقىشى: بۇ شەكىل « ـ ماق»لىق ئىسىمداشقا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن شەكىللەرنىڭ بىرى. بۇ شەكىل ئاساسەن 3 ـ شەخستە بولۇشلۇق شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ شەكىلنىڭ كېلىپ چىقىشى تۆۋەندىكىچە:

{-mAK-tA-i<är-di-}

قۇرۇلمىسى:

بولۇشلۇق شەكلى: {v-mAKtA idi-perI}

بولۇشسىز شەكلى: يوق

سوئال شەكلى: يوق

راي مەنىسى: ۋاستىسىز بايان.

ئىشلىتىلىشى:

ۋاقىت ئوقىنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان بۆلىكىدە داۋاملىشىۋاتقان نەتىجىسى ساقلانغان ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلاستاي پارتىزانلىرى چىشىنى چىڭ چىشلەپ قانغا قان، جانغا جان ئېلىپ دۈشمەندىن غالىب كېلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشماقتا ئىدى.*

*b. شەھەرگە كىرەلمەي كەينىگە يانغان ئاچ، ھارغىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئات، گۆش، نان ـ مايلارنى بۇلىماقتا، قارشىلىق قىلغانلارنى ئاتماقتا ئىدى.*

*c. ئىككى باشلىق مەززىلىك چاي ئىچكەچ، جىمجىت ئولتۇرۇشۇۋېلىپ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ھەرەمباغدا قورشاۋدا قالغان ساۋ رۇلىڭ ئۇلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىماقتا ئىدى.*

*d. لېكىن زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە شادلىق ئورنىغا يىغا ـ زار بولماقتا ئىدى .*

## §9. پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تۇرلىنىش ئارقىلىق تۇرغۇن سۆزلەر (ئاساسەن ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش) ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. پېئىلنىڭ مانا مۇشۇنداق شەكىللىرىنى تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى دەپ ئاتايمىز ⑩②. پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى پېئىلنىڭ ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان ئىسىمداش شەكىللىرى (يازماق، يېزىش، يازغۇ ـ ، يازغانلىق)، سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان سۈپەتداش شەكىللىرى (يازغان، يازىدىغان، يېزىۋاتقان، يازار)، رەۋىشكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان رەۋىشداش شەكىللىرى (يېزىپ، يازا، يازغۇچە، يازغىلى، يازغاچقا)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىدىغانلىقىغا قاراپلا ئۇلارنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن تۇرغۇن سۆزلەردىن ياسالغان پېئىللار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. بۇ پەرقلەرنى خەمىت تۆمۈر ئەپەندى مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ:

1. پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى گەرچە تۇرغۇن سۆزلەر خۇسۇسىيىتىگە ئېرىشىپ، تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويمايدۇ. ئۇلار پېئىلنىڭ دەرىجە، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق، تۈس قاتارلىق جەھەتلەردىن پەرقلىنەلەيدۇ (مەسىلەن: يازغان ـ يېزىلغان / يازدۇرغان / يېزىشقان / يازمىغان / يازغۇچە / يازمىغۇچە ـ يېزىلغۇچە ـ يازدۇرغۇچە ـ يېزىش ـ يازدۇرۇش ـ يېزىشىش ـ يازماسلىق ـ يېزىۋېرىپ ـ يېزىۋەتكەچكە ـ يازماقچى ـ يېزىپ بولغۇچە... )، پېئىلغا بېقىنىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى بېقىندۇرۇپ كېلەلەيدۇ. (مەسىلەن: بۇ خەتنى يازغان، ئۇرۇمچىگە خەت يازىدىغان، خەتنى چىرايلىق يازىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن نەچچە يىل خەت يېزىشىپ....) پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر بولسا، پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، تامامەن تۇرغۇن سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن، «كىر ـ »، «چىق ـ »، «ئاچ ـ »، «قوي ـ »، «ئوت ـ »، «ئەسلە ـ »، «قاچ ـ »، «سىنا ـ »، «هار ـ » قاتارلىق پېئىللاردىن ياسالغان «كىرىم»، «چىقىم»، «ئاچقۇ»، «قويماق»، «ئوتىغۇچ»، «ئەسلىمە»، «قاچقۇن»، «سىناق»، «هاردۇق» قاتارلىق سۆزلەر پۈتۈنلەي ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن. «قۇرۇ ـ »، «كۆچ ـ »، «يېپىش ـ »، «ماختا ـ »، «چېچىل ـ » قاتارلىق پېئىللاردىن ياسالغان «قۇرۇق»، «كۆچمە»، «يېپىشقاق»، «ماختانچاق»، «چېچىلاڭغۇ» قاتارلىق سۆزلەر پۈتۈنلەي سۈپەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ ئۇلاردا ھېچقانداق پېئىللىق خۇسۇسىيەت قالمىغان.

2. پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يۇكسەك دەرىجىدە ئابستراكتلاشقان بولۇپ، پېئىللارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قوشۇلالايدۇ. مەسىلەن: « ـ غان ـ قان ـ گەن ـ كەن» قوشۇمچىسىنى ھەرقانداق پېئىلغا قوشۇلۇپ « ـ غان»لىق سۈپەتداش ياساش مۇمكىن، لېكىن پېئىلدىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى ئۇنداق يۇقىرى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى پەقەت بىر قىسىم پېئىللارغىلا قوشقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ م \ ـ ىم \ ـ ۇم \ ـ ۈم» قوشۇمچىسىنى «كىر ـ »،

«چىق - »، «ئۇن - »، «ئاق - »، «سايلا - »، «بىل - »، «بۆل - »، «ئۆل - » قاتارلىق ئازلا بىر قىسىم پېئىللارغا قوشۇلىدۇ، «ماڭ - »، «ئۇخلا - »، «ئوقۇ -» قاتارلىق كۆپ قىسىم پېئىللارغا قوشۇلمايدۇ. پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى « - ق \ - ك \ - ىق \ - ىك \ - ۇق \ - ۈك» قوشۇمچىسىنىمۇ پەقەت «ئاغرى - »، «ياپ - »، «سۇن - »، «ئەت - »، چىرى - »، « قۇرۇ - »، «ئۆل - »، «تىز - » قاتارلىق ئازلا بىر قىسىم پېئىللارغا قوشۇلىدۇ.

3. پېئىلنىڭ تۈرگۈن سۆز شەكىللىرىدە پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ، مەسىلەن، «ياز - » پېئىلىنىڭ «يازغان»، «يازىدىغان»، «يېزىۋاتقان»، «يېزىپ»، « يازغۇچە»، «يازغىلى»، «يازغۇ»، «يېزىش» قاتارلىق تۈرگۈن سۆز شەكىللىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىرلا بولۇپ، ھەممىسى بىر سۆز ھېسابلىنىدۇ، لېكىن پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەردە ئەسلىي پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، «ياز - » دېگەن پېئىل يېزىش ھەرىكىتىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدىن ياسالغان «يېزىق» سۆزى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش بەلگىنى بىلدۈرىدۇ[103].

دېمەك، پېئىللارنىڭ بەلگىلىك گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىدە تۈرگۈن سۆزلەرگە ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارغا خاس بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

### 1. ئىسىمداشلار

مەنىسى: پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىمغا خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى. مەسىلەن:

بار -+ - ىش = بېرىش، ياز -+ - ماق = يازماق،

ياز -+ - غۇ = يازغۇ، ياز - + - غانلىق = يازغانلىق.





ئىسىمداش ئۆزىنىڭ پېئىللىق مەنىسىنى ۋە پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلىغاندىن سىرت ئىسىمنىڭ بارلىق گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق جۈملىدە ئىسىم رولىدا قوللىنىلىپ، جۈملىنىڭ ھەرخىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. سېنى ياخشى كۆرۈشۈم سېنىڭ ئوبدانلىقىڭدىن.*

*b. سىلەرگە سۆزلەپ بەرگۈدەك نېمە ھېكايە بولسۇن.*

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمداشلار تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1) « - ش»لىق ئىسىمداش

مەنىسى: پېئىلغا ئالاھىدە تۈس مەنىسى بەرمەيدىغان ئىسىمداش شەكلى. بۇ خىل ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. كۆپ ئۇخلاش سالامەتلىككە زىيانلىق. (ئىگە)*

*b. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سېنى ئوبدان كۈتۈش. (خەۋەر)*

*c. مەن مۇقام ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن. (تولدۇرغۇچى)*

*d. كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى نېمە؟ (ئېنىقلىغۇچى)*

*e. مەن سېنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىڭدىن قورقىمەن. (ئورۇن كېلىشتىكى ھالەت)*

*f. ئۇ مېيىپ بولغىنى بىلەن كىيىم كىيىشتىن تاماق يېيىشكىچە ھەممىنى ئۆزى قىلىدۇ.(ئورۇن كېلىش، چەك كېلىشتىكى ھالەت)*

ئىپادىلىنىشى:

بولۇشلۇق شەكلى: «- ش \ - ىش \ - ۇش \ - ۈش» (V-(X)š)

بولۇشسىز شەكلى: « - ماسلىق \ - مەسلىك» (V-mAsliK)

ئىشلىتىلىشى:

(1) خەۋەرى «كېرەك»، «لازىم»، «زۆرۈر»، «شەرت»، «مۇمكىن» قاتارلىق ئالاھىدە سۈپەتلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ كېلىدۇ. «كېرەك»، «لازىم»،

«زۆرۈر»، «شەرت» قاتارلىق سۆپەتلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا قويۇلغان تەلەپنى بىلدۈرىدۇ. «مۇمكىن» سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەر ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشى توغرىسىدىكى مۆلچەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىدىكى ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كەلسە، سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆز بىلەن ئىسىمداشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىگىلىك

| ئالاھىدىلىكى | قوشۇمچە | | مىسال |
|---|---|---|---|
| يىپىق بوغۇملۇق سۆزلەردە | | - ش | ئوقۇ -+ - ش |
| ئوچۇق بوغۇملۇق سۆزلەردە | ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ىش | بىل -+ - ىش |
| | ئاخىرقى بوغۇم لەۋلەشكەن تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ۇش | تۇر -+ - ۇش |
| | ئاخىرقى بوغۇم لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ۈش | كۆر -+ - ۈش |

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|
| تىل كەينى | - ماسلىق | تۇر -+ - ماسلىق<br>قىل -+ - ماسلىق |
| تىل ئالدى | - مەسلىك | كۆر -+ - مەسلىك<br>كەل -+ - مەسلىك |





مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىپ، ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن مۇۋاپىقلاشقان تەۋەلىك شەكلىدە كېلىدۇ، لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە كۆپىنچە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى:

V−(X)š−perI lazim/keräk/zörür/šärt/mumkin

V−mAsliK−perI lazim/keräk/zörür/šärt/mumkin

*a. چاقىرغان يەرگە بېرىش كېرەك.*

*b. بىز ئۇلارنى تارتىۋېلىشىمىز كېرەك!*

*c. سالامەتلىكىكە زىيانلىق ئىشلارنى قىلماسلىق لازىم.*

*d. بۈگۈنكى يىغىنغا ھەممىسى قاتنىشىشى شەرت.*

*e. ئۇنىڭ كېلىشى تولىمۇ زۆرۈر.*

*f. بىز بۈگۈن قايتالماسلىقىمىز مۇمكىن.*

*g. بۇ گەپ ئەتىلا ئۇرۇمچىگە تارىلىپ كېتىشى مۇمكىن.*

(2) يۈنىلىش كېلىش شەكلىدە «توغرا كەل - » قۇرۇلمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش زۆرۈرىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىگىسىز جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەردە ئىسىمداش تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى ئېلىپ كېلىشىمۇ، كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: -V-(X)š-perI-GA toğra käl

*a. ئۆيگە قايتىشىمىزغا توغرا كەلدى.*

*b. يەنە بىر كۈن قاتتىق ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.*

*c. قانداقلا بولمىسۇن، دوختۇرغا بىر بېرىشىڭغا توغرا كېلىدۇ.*

(3) يۈنىلىش كېلىش شەكلىدە ياكى «بىلەن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئىسىمداش

ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ (ئىككى خىل قۇرۇلمىنىڭ ئاساسەن پەرقى يوق. ئەگەر پەرقى بار دېيىلسە بۇ مەنە كۆپرەك «بىلەن» تىركەلمىسى بىلەن قۇرۇلغان جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ئورنىنى يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىمداش ئالالمايدۇ). مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)š-perl-GA/bilän

*a. ئۆيگە كىرىشىمىزگە (كىرىشىمىز بىلەن) تالادا يامغۇر قۇيۇۋەتتى.*

*b . مۇشۇ خەت تېگىشىگە (تېگىشى بىلەن) يولغا چىق.*

*c. ئايگۈلنىڭ ئوقۇشى پۈتۈشىگە (پۈتۈشى بىلەن) توي قىلىمىز.*

*d. باشلىق كېلىشىگە (كېلىشى بىلەن) يىغىننى باشلىدۇق.*

*e. سېنى كۆرۈش بىلەن كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.*

(4) يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە تەۋەلىك شەكلىگە كىرمەي بىر قىسىم پېئىللارغا (ئاساسەن يۆنىلىش پېئىللىرىغا) قوشۇلۇپ مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ياكى ئالاھىدە سۈپەتلەردىن «ئامراق» بىلەن بىرىكىپ، ئۇنىڭ ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ياكى «بول -» پېئىلىنىڭ ھالىتى بولۇپ، ئىجازات قىلىنىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)š-GA V/amraq
V-(X)š- GA bol-

*a. ئوقۇغۇچىلار دوكلات ئاڭلاشقا كەتتى.*

*b. ماڭا ماۋۇ قوينى تۇتۇشقا ياردەملەش.*

*c. مەن مۇقام ئاڭلاشقا ئامراق.*

*d. بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە بولامدۇ؟*

*d. دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاشقا بولمايدۇ.*

(3) چىقىش كېلىش شەكلىدە «مەقسەت» سۆزىگە





ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەزمۇن بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)š-Din mäqsät

*a. بۇ گەپنى ساڭا دېيىشتىن مەقسەت، سېنى ئاگاھلاندۇرۇش.*

*b. بۇ ماقالىنى يېزىشتىن مەقسەت، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاش.*

(4) «ئۈچۈن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل مەقسەت ھالىتى ھەرقانداق پېئىلغا بېقىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)š üčün

*a. كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يانچە تۇرۇۋالدى.*

*b. ئانامنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈنلا ئىسكىرىپكا ئۆگەندىم.*

*c. شۇلاردىن ھال سوراپ كېلىش ئۈچۈن تاغقا ئەۋەتتى.*

(5) ئورۇن كېلىش بىلەن بىرىكىپ جۈملىدە ئىپادە قىلىنغان ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)š-DA

*a. ئەمدى گەپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقىدا.*

*b. تەقدىرنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش - ئۆتەلمەسلىكتە ئەمەس.*

(6) «بىلەن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، يەنە بىر پېئىلغا ھالەت بولۇپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇش مەنىسىنى ياكى مەلۇم ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ۋاستىسى قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بەزىدە بولۇشسىز خەۋەرلەرگە باغلىنىپ، رول ئوينىيالمايدىغان ۋاستىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)š bilän

*a. كۈنلىرىمنى سېنى ياد ئېتىش، خاتىرە يېزىش، كىتاب*

*ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.*

b. *سەن تېرىغان ئىشلارنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارىمەن.*

c. *ئەلا نەتىجە يارىتىش بىلەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋالايلى.*

d. *يىغلاش بىلەن ئەركىنلىكنى قولغا ئالغىلى بولمايدۇ.*

e. *ئىككى تۆت تال قوشاق يېزىپ قويۇش بىلەن شائىر ئاتالغىلى بولمايدۇ.*

f. *ۋارقىراش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.*

بۇ شەكىل يەنە «قالماي» دېگەن بولۇشسىز رەۋىشداش بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن چەكلەنمەي، يەنە بىر ھەرىكەتنى ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇ ئىبغىزىدا دېيىش بىلەنلا قالماي، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.*

b. *ئۇ دەرسنى ياخشى ئۆتۈش بىلەنلا قالماي، تەتقىقاتنىمۇ چىڭ تۇتتى.*

(7) چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھالدا شۇ پېئىلنىڭ ھەرخىل ھال - زامان شەكىللىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئايلاندۇرىدۇ، بەزىدە چۇشۇم كېلىشتىن كېيىن «-غۇ» يۈكلىمىسى كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)š-ni(-ğu)V

a. *بېرىشنى بارىمەن، ئەمما ھازىر بارمايمەن.*

b. *كېلىشنى كەلدى، ئەمما كىتابنى ئۇنتۇپتۇ.*

c. *ساقىيىشنىغۇ ساقايدىم، ئەمما ماغدۇرۇم يوق.*

d. *يېزىشنىغۇ يازىمەن، ئەمما تازا ئىشەنچىم يوق.*

(8) «بىل - »، «ئۇق - »، «ئېيت - »، «بايقا - »، «قارا - »، «ھېس قىل - » قاتارلىق پېئىللارغا قوشۇلۇپ، مۇناسىپ تەۋەلىك شەكىللىرىنى ئېلىپ ۋە ئاخىرىغا « - چە» قوشۇمچىسى





قوشۇلۇپ، «... كە ئاساسلانغاندا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)šlAr-

a. *بىلىشىمچە، سىز بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانغۇ دەيمەن؟*

b. *ئۇقۇشۇمچە، بۇ يىل تەتىل ئۇزاق بولغۇدەك.*

c. *بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چاغلاردا بۇ يەرلەر جاڭگاللىقكەن.*

d. *سىزنىڭ قارىشىڭىچە، بۇ ماقالە قانداقراقكەن؟*

e. *ھېس قىلىشىمچە، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمەيدىكەن.*

(9) بەزىدە كۆپلۈك شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ خىل ئىسىمداشنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئاساسەن شۇ ھەرىكەتنىڭ كۆپ جايدا بولغانلىقى، كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقى ياكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)šlAr-

a. *يارىمنىڭ مېڭىشلىرى، ماڭسا قول سىلىشلىرى.*

*ھېچ كىشىگە ئوخشىماس، قايرىلىپ قاراشلىرى.*

b. *مۇھەببەتلىك بېقىشلار، ھاياجانلىق پىچىرلاشلار ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى.*

c. *دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا گۈمبۈرلەپ ئۇرۇلغان ناغرا، قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك چېلىنىۋاتقان سۇناي، ھۇيقۇتۇشلار، مەدەتلەپ ۋارقىراشلار، دوست تارتىشلار، ساما قايناپ كەتتى.*

2) « - ماق»لىق ئىسىمداش

مەنىسى: پېئىلغا ئالاھىدە تۈس مەنىسى بەرمەيدىغان ئىسىمداش شەكلى. بۇ خىل ئىسىمداشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى جۈملىنىڭ سىرتىدا (لۇغەتلەردە) پېئىلغا ۋەكىللىك قىلىشتۇر. مەنە جەھەتتىن « - ش»لىق شەكىلگە

ئوخشايدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل ئىسىمداش ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

ئىپادىلىنىشى: «ـ ماق ـ مەك» (V-maK)

| ئالاھىدىلىكى | قوشۇمچە | مىسال |
| --- | --- | --- |
| ئاخىرقى بوغۇم تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | ـ ماق | ياز ـ+ ـ ماق<br>قىل ـ+ ـ ماق |
| ئاخىرقى بوغۇم تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | ـ مەك | كەل ـ+ ـ مەك<br>كۆر + ـ مەك |

ئىشلىتىلىشى:

(1) ماقال ـ تەمسىل، تۇراقلىق ئۇرۇلمىلاردا، شېئىرلاردا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە «ـ ش»لىق شەكىلگە ئوخشاش مەنە ۋە رولدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAK

*a. ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى (بار).*

*b. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك.*

*c. بىر مۇساپىر مۇسۇلمانىنى كۇپارلىشىپ كەتمەكتىن قۇتۇلدۇرماقنىڭ ساۋابى ھەج تاۋابىدىنمۇ ئۇلۇغراقتۇر.*

*d. كەلگۈسى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلماق تەس.*

*e. ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن قەدەم باسماق نېمانچە قىيىن.*

*f. ئۇ زاتنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماق — ئىتتىپاقلىقنى بۇزماق دېمەكتۇر؛ ئىتتىپاقلىقنى بۇزماق — دۈشمەننىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيماقلىق دېمەكتۇر.*

(2) «تۇر ـ» پېئىلىگە قوشۇلۇپ «تۇرماق» پېئىلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ شەكىل جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشنىڭ تەسلىكىنى سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:





فورمۇلاسى: N turmaq NV

*a. بەختكە قارشى، قىزنىڭ ئۆزى تۇرماق، سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.*

*b. ھازىر سادىق ھاجى تۇرماق، ئۆزىمىزگە بەرگۈدەكمۇ مەنسەپ يوق.*

*c. شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم تۇرماق، ئىتلارمۇ قالمىدى.*

*d. ئۇنىڭ مېڭىش تۇرماق، گەپ قىلغۇدەك ماجالى يوق ئىدى.*

(3) ئورۇن كېلىش شەكلىدە ئىزچىل ھال مەنىسىنى ئىپادىلەپ، پېئىلنىڭ بەزى ھال ـ زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ. (بۇ شەكىلنىڭ ھال ـ زامان مەنىسى توغرىسىدا پېئىللارنىڭ ھال ـ زامان كاتېگورىيەسى قىسمىدا توختالدۇق.) مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAK-tA

*a. ئىككى ئوغلى بىر خورازنى تالىشىپ ۋارقىراشماقتا، كىچىك ئوغلى بويۇنچاق بىلەن باغلانغان موزايىنى نېمىشقىدۇر چىۋىق بىلەن ئۇرماقتا ئىدى.*

*b. ئارانلا يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ئەسكىرى بار شىڭ شىسەي ئۈچ مىليون بەش يۈز مىڭ ئادەمنى قوينى باشقۇرغاندەك باشقۇرماقتا.*

*c. ئۇلارمۇ نۇرىغا ئوخشاشلا ئازاب ئىچىدە ياشىماقتا.*

*d. ئاشخانىدىن قويۇق ھور چىقماقتا، ھور بىلەن لەززەتلىك تاماقنىڭمۇ پۇرىقى تارقالماقتا ئىدى.*

(4) ياردەمچى پېئىل «بول ـ» بىلەن بىرىكىپ، مەقسەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAK bol-

a. بىر گېنېرال ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماق بولۇپ، بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ.

b. پاتىخ بىلەن ناۋان ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى ۋە ئۇنى

ئىتتىرىپ ـ تارتىپ ماشىنىغا چىقارماق بولۇۋىدى، غېنى: — قويۇۋەت ! — دېدى.

(5) « ـ چى» قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ مەقسەت رايى ھاسىل قىلىدۇ. (بۇ شەكىلنىڭ قوللىنىلىشىنى راي قاتارىدا بايان قىلدۇق.)

3) « ـ غۇ» لۇق ئىسىمداش

مەنىسى: بۇ شەكىل مۇقەررەر تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمداش.[104] « ـ غۇ»لۇق شەكىل يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا V-GU-perI شەكلىدە ئىشلىتىلەتتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل ئىشلىتىلىش شەكلى ئىستېمالدىن قالغان.

ئىپادىلىنىشى: « ـ غۇ \ ـ قۇ \ ـ گۇ \ ـ كۇ» (V-GU-)

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئۆز سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ، سۇبيېكتىنىڭ ئارزۇسىنى، خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ھەر زامان «بار»، «يوق»، «كەل ـ » سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GU-perI bar/yoq/käl-

*a. مېنىڭ تەختتىن — خان تاجىدىن ۋاز كەچكۈم بارما؟*

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | ـ غۇ | تۇر ـ+ ـ غۇ |
| جاراڭسىز | | ـ قۇ | ياتـ ـ+ ـ قۇ |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | ـ گۇ | كۆر ـ+ ـ گۇ |
| جاراڭسىز | | ـ كۇ | كەتـ ـ+ ـ كۇ |





*b. گېنېرال، سىز بىلەن تالاشقۇم يوق.*

*c. كەچۈرمىشلىرىمنى يېزىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ.*

(2) ئوخشاتما كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەمىن ئېتەلەيدىغان سۈپىتى، مىقدارى ياكى دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GU-Däk

*a. ياماق، يىرتىق بولسىمۇ شامالغا دالدا بولغۇدەك كىچىكىنە ئۆيۈم بار.*

*b. ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئاشۇ كۆچىگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئىرادە تەييارلىيالمىغان.*

*c. مۇساپىرلارنىڭ تويغۇدەك تاماق، ئىسسىنغۇدەك كىيىم، ياپقۇدەك ئۆي ۋە جان باققۇدەك ئىشقا ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.*

*d. ئۇيقۇم قېچىپ ئەنسىرەپ تۇرسام، ئورۇسنىڭ ئايروپىلانلىرى ئۆگزىنى تېشىۋەتكۈدەك ۋارقىراپ ئۇچۇپ يىراقلىدى.*

(3) ئاڭلاتما بايان رايىنىڭ قوشۇمچىسى « ـ دەك» بىلەن بىرىكىپ، كەلگۈسى زامان شەكلىنى ياسايدۇ. (بۇ شەكىلنىڭ ھال ـ زامان مەنىسى توغرىسىدا «پېئىللارنىڭ ھال ـ زامان كاتېگورىيەسى قىسمىدا توختالدۇق.) مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GU-Däk

*a. ئۇ ئەمدى ستالىنغا، ماۋ زېدۇڭغا قارشى چىققۇدەك، جياڭ كەيشىگە يۆلەنگۈدەك!*

*b. بايلار مىڭلاپ ـ مىڭلاپ ئات، قوي، ئالتۇن تەقدىم قىلىشىۋاتقۇدەك، تېخى ئورۇسلارنىڭ ياردىمىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقۇدەك.*

*c. كەچتە «پەرھاد ـ شېرىن» دىرامىسىنى قويغۇدەك،*

*ئابدۇۋەلى جارۇللا پەرھادنىڭ رولىغا چىققۇدەك.*

4) «- غۇچى»لىق ئىسىمداش

مەنىسى: ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: «- غۇچى \ - قۇچى \ - گۈچى \ - كۈچى» (V-GUči)

ئىشلىتىلىشى:

(1) «- چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. يەنە بەزىدە بۇ ئىسىمداش شەكلى ئەدەبىي تەسۋىرلەردە پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشقا ئوخشاش ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ بۇ چاغدا پەقەت ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىنىلا ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GU-či

*a. ئۇ چىن مۇھەببەتنى قەدىرلىگۈچىمۇ، خارلىغۇچىمۇ؟*

*b. مەن بولمىغاندا ئالدىڭىزغا نېمە ئەكېلىشىمىسۇن ۋەياكى نېمىگە كۆڭلىڭىز تارتمىسۇن يېمەك، ئىچمەك، چىرايلىق گەپلەر بىلەن زورلاپ تۇرۇۋالىسىمۇ يېگۈچى، ئىچكۈچى بولماڭ.*

*c. يىغىنغا كىرگۈچىلەر قاتتىق تەكشۈرۈلسۇن.*

*d. مۇسابايېۋلار غۇلجىغا يېڭىلىق ئەكەلگۈچى، ئۇيغۇر ھاياتىغا دۇنيا يېڭىلىقلىرىنى ئېلىپ كىرگۈچىلەر.*

*e. تەبىئەتنىڭ كىشىنى سېھىرلىگۈچى ئاجايىپ جامالىغا زوقلىنىپ قارايتتى.*

*f. مەن يايلاقنىڭ يۈرەكنى ياشارتقۇچى ھاۋاسىدىن تويۇپ نەپەس ئالدىم.*

(2) ياردەمچى پېئىل «بول -»نىڭ بۇيرۇق ياكى تىلەك رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىنىڭ 2 ـ شەخس شەكلىدە قوللىنىلىپ، ئىسىمداش





ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىماسلىق توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش ياكى نەسىھەت خاراكتېرلىك بۇيرۇقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GU-či bol-

*a. ئەمما، ھېلىقى خوجىنىياز دېگەنگە كۆسەينىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزغۇچى بولماڭ!*

*b. ئەمما، خوجىنىيازنىڭ ئۆزى مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىغاي!*

*c. بۇگۈندىن باشلاپ بىر تال بۇغدايىنىمۇ ساتقۇچى بولما.*

(3) «- لىق \ - لىك \ - لۇق \ - لۈك» قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، سۇبيېكتنىڭ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ، لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا كۆپرەك «بار»، «يوق» قاتارلىق سۈپەتلەر ۋە ياردەمچى پېئىل «قال - » بىلەن بىللە كېلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GU-či-lik-perI bar/yoq/qal-

*a. قىزنىڭ ئاشىق بولغۇچىلىكى بار ئىدى.*

*b. ئەمما، مېنىڭ يۈرت سورىغۇچىلىكىم يوق.*

*c. جېنىم تېنىمدە بولسا خەقنىڭ مال ـ چارۋىسىنى يۈرتۈمدىكى بىساتىم بىلەن ياندۇرغۇچىلىكىم بار.*

*d. خەلقنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.*

5) «- غان»لىق ئىسىمداش

مەنىسى: پۈتكەن ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمداش. بۇ شەكىل سۈپەتداشنىڭ شۇ خىل شەكلىنىڭ ئىسىمداشقا كۆچۈشىنىڭ مەھسۇلى. (خۇددى سۈپەتلەر ئىسىملاشقاندەك)

ئىپادىلىنىشى: «- غان \ - قان \ - گەن \ - كەن» (V-GAn)

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | - غان | تۇر -+ - غان |
| جاراڭسىز | | - قان | يات -+ - ىقان |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | - گەن | كۆر -+ - گەن |
| جاراڭسىز | | - كەن | كەتە -+ - ىكەن |

ئىشلىتىلىشى:

(1)بارلىققا كەلگەن ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئەگەر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى سۆز بىلەن كەلسە ئومۇمەن ئۇنىڭ بىلەن ئىگىلىك مۇناسىۋىتىدە بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-perI+NK

*a. ئۇلارنىڭ يېمىرىلگىنى بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز.*

*b. قالغىنىنى قىزىڭدىن سورا!*

*c. ئۇنىڭغا نېمىلەر يوشۇرۇنغىنىنى بىلمەك قىيىن.*

*d. ئۇ نېمە ئۈچۈن جازالانغىنىنى بىلمەيدۇ.*

*e. مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بويسۇنمىغىنىڭنى تۆرەمگە ئېيتىمەن.*

*f. سەن نېمە ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىۋالغىنىمىنى چۈشىنەلمەيسەن.*

(2) «ئۈچۈن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ، لېكىن سۇبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:





فورمۇلاسى: V-GAn-perI üčün

*a. مېنىڭ ئاستىمدىكى سەندەلمۇ تۆمۈر، بېشىمغا تېگىدىغان بازغانمۇ تۆمۈر، ئۆزۈممۇ تۆمۈر بولغىنىم ئۈچۈن، ئاغرىق زەخمىتى جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.*

*b. ۋەزىيەمنى ئادا قىلالمىغىنىم ئۈچۈن ماڭا تېگىشلىك جازا بېرىلىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.*

*c. ئەمما، بىز ئىككىمىز قىيامەتلىك دوستلاردىن بولغىنىمىز ئۈچۈن ھەرقانداق گەپنى قىلسام، خاپا بولمايدىغانلىرىغا ئىمانىم كامىل.*

(3) «بىلەن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، لېكىن سۇبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-(perI) bilän

*a. دېھقان بولغىنىم بىلەن ئىش قىلمايتتىم، دېدىڭغۇ.*

*b. سەن تۆھمەت دېگىنىڭ بىلەن شېرىكلىرىڭ ئىقرار قىلدى.*

*c. مۇئاۋىن رەئىسى بولغىنىم بىلەن، ساناقتا يوق ئادەم بولۇپ قالدىم.*

*d. ئېتىمىزنىڭ ئىشى ئېغىر بولغىنى بىلەن ئۆزى گۈزەل.*

بەزىدە «بىلەن»نىڭ ئاخىرىغا « - مۇ» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ توسقۇنسىز قارشىلىق مەنىسى تېخىمۇ كۈچىيىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. تاتلىغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى.*

*b. شوئارنى ھەرقانچە توۋلىغان بىلەنمۇ سادىق ئەمەلدار بولغىلى بولمايدۇ.*

*c. دورغا بىلەن ئىككىڭىزلەر مىڭ تېپىرلىغان بىلەنمۇ بىر*

*ئىش چىقىدىغاندەك ئەمەس.*

(4) «-چە» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، ۋاستە ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ۋە سۇبيېكتنىڭ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ھالەتتە يەنە بىر ھەرىكەتنى ئورۇنلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخسكە مۇۋاپىق تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-(perI)-čä

*a. يۈز - كۆزى قاسماق بىر ئادەم مۈكچەيگىنىچە ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى.*

*b. دۆڭنىڭ كەينىدىن ھېلىمخان ئاتنى يېتىلەپ ھېجايغىنىچە چىقىپ كەلدى.*

*c. نۇرى مىلتىقىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى.*

*d. ئەيسا بەگنىڭ كۆزى چوغدەك ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە يۆتكەلمىدى.*

(5) «-چە» قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دەرىجىدە ئورۇنلىشىنى بىلدۈرىدۇ ياكى باشقا بىر پېئىلغا ھالەت بولۇپ، ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت قانچىلىك دەرىجىدە ئورۇنلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، يەنە بىر ھەرىكەتنىڭمۇ شۇ دەرىجىدە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش سۇبيېكتنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-(perI)-čä V

*a. غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىمىزنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قولىدىن كەلگىنىچە ياردەملىشىشكە تەيىن قىلماقچىمىز.*





*b. كىم بولمىسۇن، كۈچلۈك، غالىب بولىدىكەن، ئۇنىڭ باشقىلارنى خالىغىنىچە ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ.*

*c. بىلگىنىمچە سۆزلەپ بېرەي.*

(6) چىقىش كېلىش شەكلىدە «كېيىن» رەۋىشى بىلەن بىرىكىپ، ئاساس ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ۋە جۈملىدە ئېيتىلغان پىكىرنىڭ بارلىققا كەلگەن ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش بەزىدە سۇبيېكتسىز كېلىدۇ، بەزىدە ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كېلىدۇ. ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كەلگەندە، ئۇنىڭ سۇبيېكت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىگە خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بولىدۇ. جانلىق تىلدا «-غاندىكىن \ -قاندىكىن \ -گەندىكىن \ -كەندىكىن» شەكلىدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-din keyin

*a. ئۇ ئارىلاشمىسىمۇ، يۇرت بولغاندىن كېيىن، بىرنېمە قىلۇرمىز.*

*b. ئۇ سورىغاندىن كېيىن (سورىغاندىكىن) نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟*

*c. سەن ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن (بولغاندىكىن) كۆڭلۈڭنى كەڭرەك تۇت.*

*d. يازىمەن دېگەندىن كېيىن (دېگەندىكىن) ياز.*

*e. تۈنىنىڭ قىسقىلىقىدا بەك كەچ ياتقاندىن كېيىن سەھەر قوپالمايدىكەن كىشى.*

(7) چىقىش كېلىش شەكلىدە «كېيىن»، «بېرى»، «بۇيان»، «تارتىپ» سۆزلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە ئۇلىنىپلا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش بەزىدە سۇبيېكتسىز كېلىدۇ، بەزىدە ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كېلىدۇ. ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كەلگەندە، ئۇنىڭ سۇبيېكت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىگە

خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بولىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-din keyin/beri/buyan/tartip

*a. بۇنى ساتقاندىن كېيىن، ئاندىن بىرنىمە ئالسام ئالارمەن.*

*b. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، تەرەققىيات ئارقىلىق پارتىيەمىز سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى.*

*c. رەيھانگۈل ئون بەش يېشىدا زىياۋۇدۇنغا ياتلىق بولغاندىن بېرى غەم ـ قايغۇ، كۆز يېشىدىن باشقا نىمە كۆردى.*

*d. ئۇلار يارالغىنىدىن تارتىپ ئاشۇ قاۋۇل بىلەكلىرىدىن باشقا ھېچكىمگە تايانمىغان.*

(8) چىقىش كېلىش شەكلىدە كېلىپ، ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن يەنە بىر ھەرىكەتنى سېلىشتۇرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-din

*a. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.*

*b. سەن كەلگەندىن مېنىڭ بارغىنىم ئوڭراق.*

*c. ئۇيغۇردىن بىر ھەربىي گېنېرال چىققاندىن بىر كاتتا ئالىم چىققىنى ياخشى ئىدى.*

(9) يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە ھالەت بولۇپ، ئىنكار قىلىنغان ياكى ئەرزىمەس دەپ قارالغان سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ. بۇ رولدىكى ئىسىمداش بەزىدە سۇبيېكتسىز كېلىدۇ، بەزىدە سۇبيېكت بىلەن كېلىدۇ، سۇبيېكت بىلەن كەلگەندە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىگىلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ، ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-GA

*a. ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن.*





*b. خاپا بولغانغا مەسىلە ھەل بولمايدۇ.*

*c. چاقچاق قىلىپ قويغانغا نېمە خاپا بولىسەن.*

*d. مەن يۇرت ئاتىسى، باشقا يۇرتتىن بىر خوتۇن ئالغانغا مېنى ناپاك، ھارام دەمسىلەر؟*

(10) يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە «قەدەر» سۆزلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت يۈز بېرىشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش بەزىدە سۇبيېكتسىز كېلىدۇ، بەزىدە ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كېلىدۇ. ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كەلگەندە، ئۇنىڭ سۇبيېكت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بولىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-GA qädär

*a. شىنجاڭدا ئۇرۇش تۈگىگەنگە قەدەر، مەركىزى قوشۇننىڭ كەم قورال ـ يارىغى بىلەن ئوق ـ دورىلىرىنى ئۇرۇمچى تەرەپ تەمىنلەيدۇ.*

*b. ئۇ زېرىككەي بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، پۈتۈنلەي چۈشەنگەنگە قەدەر سۆزلىدى.*

*c. سىردىشىش تاكى قىزى ئىشىنىڭ يولىنى بىلىپ دادىسىنى چۈشەنگەنگە قەدەر داۋاملاشتى.*

(11) ئوخشاتما كېلىش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىپ، تەمسىل قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. ئەگەر ئىككى پېئىلنىڭ ئىگىسى بىر بولسا، ئىگە بىرلا قېتىم كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-Däk

*a. ئۇلار دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ خۇددى توشقان تۇتۇۋالغاندەك، ئوغلاق ئەيقاچقاندەك كۆڭۈللۈك ۋە خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەكتە.*

*b. خۇددى توخۇلار بالىلىرىنى قانىتى بىلەن ياپقاندەك، قانجۇق كۈچۈكلىرىگە ئىنىپ يېتىپ سۈت بەرگەندەك، كالا موزىيىنى مېھرى بىلەن يالاپ قۇرۇتقاندەك...*

*c. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئالامان خۇددى يولۋاستىن قاچقاندەك، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى.*

*d. پەرىخە سىرتقا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.*

(12) خەۋىرى «بار»، «يوق» قاتارلىق ئالاھىدە سۆپەتلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن جۈملىلەردە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۆبىيېكتى بىلەن ئىگىلىك مۇناسىۋەتتە بىرىكىدۇ، بىراق سۆبىيېكتىنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە بەزىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ «بار» سۆزى بىلەن كەلگىنى ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىرلا قېتىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتە ياكى بىرمۇ قېتىم بولمىغانلىقىنى سوئال تەرىقىسىدە ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ؛ «يوق» سۆزى بىلەن كەلگىنى ھەرىكەتنىڭ بولمىغانلىقىنى تەكىتلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-perI bar/yoq

*a. مەن قولۇمغا خېنە يېقىۋالغىنىم يوق.*

*b. قازاق دەپ ئاڭلىغىنىم بىلەن كۆرگىنىم يوق ئىدى.*

*c. تولا گەپ قىلما، رۇسلاردىن قورقۇۋاتقىنىم يوق.*

*d. ئۇنى ئۇرۇمچىدە بىر قېتىم كۆرگىنىم بار.*

*e. سىېنىڭ بىرەر موچەن بېرىپ قويغىنىڭ بارمۇ؟*

(13) تەۋەلىك شەكلىدە شۇ پېئىلنىڭ «- غان»لىق سۆپەتداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەت نەتىجىسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ ياكى تەۋەلىك شەكلىدە شۇ پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن بىرىكىپ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ قەتئىي





ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-perI - KV-GAn
V-GAn-perI--k V-DX-perI

*a. كىم پۇقراغا زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭ جېنىغا زىخ بولغىنىم بولغان.*

*b. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكىڭىزنىڭ دېگىنى دېگەن بويىچە - دە!*

*c. بېرىپ كۆرۈپ كەل، كۆرۈۋالغىنىڭ كۆرۈۋالغان.*

*d. ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى پاتقاق، ئېتىڭنىڭ پاتقىنى پاتقان.*

*مىنىڭدىن ئايرىلىپ قالساڭ، بېشىڭنىڭ قاتقىنى قاتقان.*

*e. بىز يەيدىغىنىمىزنى يېدۇق، كىيىدىغىنىمىزنى كىيدۇق، ئەمدى پېشانىمىزغا پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز.*

*f. كۆرىدىغاننى كۆردۇق، ئالىدىغاننى ئالدۇق، ئەمدى قايتايلى.*

6) «- غانلىق»لىق ئىسىمداش

ئىسىمداشنىڭ «- غانلىق»لىق شەكلى ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. ئۇ جۈملىدە ئۆز سۆبىيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن بىللە كەلگەندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىگىلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، بەزىدە ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن.

(1) بارلىققا كەلگەن بەزى ھەرىكەتلەرنى بارلىققا كەلگەن ھەرىكەت سۈپىتىدە بايان قىلىشمۇ، ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىت سۈپىتىدە بايان قىلىشمۇ بولىۋېرىدۇ، شۇڭا مۇنداق ئەھۋالدا «- لىق»لىق شەكلى بىلەن «- غانلىق» شەكلى بىر - بىرىگە ئالمىشىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAnliK-perI

*a. مېنىڭ توي قىلغانلىقىمنى \ توي قىلغىنىمنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟*

*b. ماڭا خەت يازغانلىقىڭىزغا \ يازغىنىڭىزغا رەھمەت.*
*c. ئۇلارنىڭ ئورۇشۇپ قالغانلىقىنى \ قالغىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟*

ئىسىمداشنىڭ «- غانلىق»لىق شەكلىنىڭ مەخسۇس قوللىنىلىدىغان ئورۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) چىقىش كېلىش شەكلىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن مۇۋاپىقلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAnliK-tin

*a. ھەر ئىككى قولىدىكى ماۋزۇرنىڭ ئوقى قالمىغانلىقتىن دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالدى.*
*b. ئات ناھايىتى كۈچەپ چاپقانلىقتىن ئېغىر خارتىلداپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كەتتى.*
*c. بۇ ھەرگىز ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىگە تەڭ كېلەلمىگەنلىكتىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس ئىدى.*

(2) سۇبيېكتى كۆرسىتىلمىگەن مەلۇم ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتە جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىسىمداشنىڭ «- ش»لىق شەكلىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

فورمۇلاسى:

V- GanliK . . . . . V- GanliK/V-(X)š . . . . . V- GanliK

*a. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىدا چىڭ تۇرغانلىق ماركسىزمدا ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ.*
*b. بىر جۇڭگو پىرىنسىپىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا*





*ئورۇنغانلىق مىللىي ھەققانىيەت ۋە دۆلەتنىڭ يادرو مەنپەئەتىگە خىرىس قىلغانلىق بولىدۇ، داغدام كېتىۋاتقان تارىخىي ئېقىم بىلەن قارشىلاشقانلىق بولىدۇ.*
*c. ئۇلارنى كېسىۋېتىش تەبىئەتنىڭ كىيىمىنى يىرتىۋەتكەنلىك، تەبىئەتنىڭ تېنىنى قانغا بويىغانلىق.*
*d. ئۇلارنىڭ گەپىنى بالدۇر دېيىشى ماڭا مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرغانلىق ئىدى.*

(3) «ئۈچۈن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن، سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAnliK-perI üčün

*a. ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا كۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن «گوركىي» دەپ لەقەم قويۇۋالغان ئەمەسمىدى، ئۇمۇ كۈلىدىكەنغۇ؟*
*b. جەندە كىيگەنلىكىڭ ئۈچۈن قول بولۇشقا زورلىسىچۇ، بالام؟*
*c. قاباسلار گومىنداڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇلدى.*

7) «- ۋاتقانلىق»لىق ئىسىمداش

مەنىسى: ئىزچىل ھالنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمداش. بۇ شەكىل ئىزچىل سۈپەتداشقا «- لىق» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. بەزىدە سۈپەتداشنىڭ ئىزچىل ھاللىق شەكلى («- ۋاتقان \ - ىۋاتقان \ - ۇۋاتقان \ - ۈۋاتقان» نىڭ بىۋاسىتە ئىسىمداشقا كۆچۈشى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. (خۇددى سۈپەتلەر ئىسىملاشقاندەك).

ئىپادىلىنىشى: «- ۋاتقانلىق \ - ىۋاتقانلىق \ - ۇۋاتقانلىق \

- ۋاتقانلىق» (V-(X)vatqanliq) ئىشلىتىلىشى:

(1) ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتى بىلەن مۇۋاپىقلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. بۇ مەنىدە ئىزچىل سۇپەتداشنىڭ كۆچمە شەكلى ۋە « - ۋاتقانلىق»لىق شەكلى ئالمىشىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)vatqan-perI/V-(X)vatqanliq-perI

*a. مەلۇم جەھەتلەردە خۇپپيانە ھەرىكەتتە بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭ بەدنىيەتلىكى ئەمەسمۇ؟*

*b. سەن ھازىر مامۇت شەيخكە گەپ قىلىۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ بولغاي.*

*c. بىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى كىمدىن ئۇقتۇڭلار؟*

*d. ئۇنىڭ يا خاپا بولۇۋاتقىنىنى ياكى قىلىپ قويغان ئىشىغا پۇشايمان يەۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.*

*e. گېپىڭىزگە قوشۇق سېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ.*

*f. نېپىز لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.*

(2) «ئۈچۈن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن، سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. بۇ مەنىدە ئىزچىل سۇپەتداشنىڭ كۆچمە شەكلى ۋە « - ۋاتقانلىق»لىق شەكلى ئالمىشىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى:
V-(X)vatqan-perI üčün/V-(X)vatqanlik-perI üčün

*a. ماڭا بەخت، ئامەتنىڭ مۇنداق قوشلاپ كېلىشىگە سەۋەبچى*





*بولۇۋاتقىنىڭىز ئۈچۈن، سىز ئامبالغا ئەرزىگۈدەك رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك.*

*b. يالغان ئېيتىۋاتقىنى ئۈچۈن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.*

*c. مىللىي پۇرىقى ناھايىتى قويۇق بولغان مەشرەپنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن بىر ئورۇندا خېلى ئۇزاققىچە مىختەك قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ پۇتى ئاغرىپ كەتتى بولغاي، بىرئاز ھەرىكەتلىنىۋېلىش ئۈچۈن شىنىلىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقتى.*

(3) چىقىش كېلىش شەكلىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. لېكىن، سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V–(X)vatqanliq–tin

*a. جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى تەسىرى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقانلىقتىن، دۇنيا جۇڭگوغا يۇكسەك نەزەر سالماقتا.*

*b. ئۇ سەن ئۇخلاۋاتقانلىقتىن، ھېچنېمىنى تۇيمىدىڭ.*

*c. بىز دەرس ئوقۇۋاتقانلىقتىن، كۆرگەزمىگە بارالمىدۇق.*

8) « - دىغانلىق»لىق ئىسىمداش

مەنىسى: پۈتمىگەن ھالنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىمداش. بۇ شەكىل پۈتمىگەن ھاللىق سۇپەتداشقا « - لىق» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. بەزىدە سۇپەتداشنىڭ ئىزچىل ھاللىق شەكلى (« - ۋاتقان \ -ىۋاتقان \ - ۋاتقان \ - ۋاتقان»)نىڭ بىۋاسىتە ئىسىمداشقا كۆچۈشى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. (خۇددى سۇپەتلەر ئىسىملاشقاندەك.)

ئىپادىلىنىشى: « - يدىغانلىق - ىدىغانلىق» (V–(i)diganliq)
ئىشلىتىلىشى:

(1) دائىم بولىدىغان ياكى كېيىن بولىدىغان ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۆبىيېكتى بىلەن مۇۋاپىقلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. بۇ مەنىدە پۈتمىگەن سۆپەتداشنىڭ كۆچمە شەكلى ۋە « - دىغانلىق»لىق شەكلى ئالمىشىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-y/idiğanliq-perI/-lAr/NK || V-y/idiğan-perI/-lAr/NK

*a. گەپ ساتالايدىغانلار كۆپ، ملىتىق ئاتالايدىغانلار ئاز.*

*b. ئىچى ئېچىشىدىغانلارمۇ، كۆزى قىزىرىدىغانلارمۇ بار ئىدى.*

*c. زاغرا بىلەن سوغۇق سۇ ئۆمۈر بويى يەيدىغىنى، ياتىدىغىنى داق يەر، كىيىدىغىنى ئۆمۈر بويى ماتا ـ شاتاۋار.*

*d. ئۇلارنىڭ رۇسچە بىلىدىغىنىنى نەدىن بىلىسىز؟*

*e. مىرۇل مەرگەن ئۇلارنىڭ قۇمۇلغا نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئاز ئادەم بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتسا تىرىك قالىدىغانلىقىنى، بولمىسا مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چېپىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.*

(2) «ئۈچۈن» تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۆبىيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن، سۆبىيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. بۇ مەنىدە كۆپرەك « - دىغانلىق» شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)diğanliq-perI üčün

*a. ھاجى ئەتە يولغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى.*

*b. بۇلغانغان يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ساغلاملىقى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرايدۇ.*

9) « - ار»لىق ئىسىمداش





مەنىسى: ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - ار»لىق سۆپەتداشنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئوخشاش.

ئىشلىتىلىشى:

(1) بۇ ئىسىمداش شۇ شەكىلدىكى سۆپەتداشنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللىرىنىڭ بىۋاستە ئىسىملىشىشىنىڭ مەھسۇلى. بۇ شەكىلدىكى سۆپەتداشلار ئىسىملاشقاندىن كېيىن، ئىسىملارنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيەلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ ۋە جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Ar-perI/-lAr-NK; V-mAs-perI/-lAr/-NK

*a. بۇ ئوغرىدىن ئاڭلىغانلىرىم بولمىسا، نەلەردە تېنەپ يۈرەتتىم.*

*b. تىت ـ تىت بولغانلىرىم، بىئارام بولغانلىرىم، غەزەپلەنگەنلىرىم ئاقمىدى، مەغلۇبىيەتنى كۈتۈپ تۇرماسلىق ئۈچۈن باشقا چارىلەرنى تېپىش كېرەك ئىدى.*

*c. قەدىر بىلمەسلەر غەمسىز بولىدۇ، غوجام.*

10) ئىسىمداشلار بىلەن ئىسىملارنىڭ پەرقى

ئىسىمداش قوشۇمچىلىرى بولۇپمۇ « - ش»لىق، « - ماق»لىق ئىسىمداشلار ۋە «- غۇ»لۇق ئىسىمداشقا « - چى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىمداشلار تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەھۋاللار كۆپ. شۇڭا، بۇنداق ئىسىمداش بىلەن بۇ شەكىلدىكى ئىسىملارنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

(1) « - ش»لىق شەكىلدىكى ئىسىمداشلار بىلەن بۇ شەكىلدىكى ئىسىملارنىڭ پەرقى:

ئەگەر بۇ شەكىلدىكى سۆزلەر بىتەرەپ ھەرىكەتنى شەيئى

سۈپىتىدە ئىپادىلىسە، ئىسىمداش؛ ئەگەر شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرسە، ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ، چىڭ شيۇيىڭلار كەينى - كەينىدىن قىيناش - ئۇرۇش، مىخلاش بىلەن سوراق قىلىندى.*

*b. بۇ پەقەت چار پادىشاھنىڭ، ئاندىن قالسا، چوڭ بايلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئۇرۇش.*

*c. نۇرىمۇ سورىمىدى، گەرچە ئۇنىڭ بىلىش، ھەتتا قاتنىشىش ئارزۇسى بولسىمۇ.*

*d. بىلىش ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.*

a ۋە c جۈملىلەردىكى «ئۇرۇش، بىلىش» سۆزلىرى ئىسىمداش؛ b ۋە d جۈملىلەردىكى «ئۇرۇش، بىلىش» سۆزلىرى ئىسىم.

(2) « - ماق»لىق ئىسىمداشلار بىلەن بۇ شەكىلدىكى ئىسىملارنىڭ پەرقى:

ئەگەر بۇ شەكىلدىكى سۆزلەر بىتەرەپ ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلىسە، ئىسىمداش؛ ئەگەر شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ياكى ۋاستىسىنى بىلدۈرسە، ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى تۆشۈك قازانغا سۇ قۇيماق.*

*b. ئاپام قۇيماق سالدى.*

*c. ھەر نەرسىدىن تويغۇدەك يېمەك، قانغۇدەك ئىچمەك گۇناھ ئەمەس، ئىسراپ قىلىش گۇناھ.*

*d. ھازىر زامان ئوبدان، يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلىدىغان زامان ئەمەس.*

a ۋە c جۈملىلەردىكى «قۇيماق، يېمەك، ئىچمەك» سۆزلىرى ئىسىمداش؛ b ۋە d جۈملىلەردىكى «قۇيماق، يېمەك، ئىچمەك» سۆزلىرى ئىسىم.





(3) « - غۇچى» شەكىلدىكى ئىسىمداشلار بىلەن بۇ شەكىلدىكى ئىسىملارنىڭ پەرقى:

ئەگەر بۇ شەكىلدىكى سۆزلەر شۇ ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرۈپ كەلسە، ئىسىمداش. ئەگەر شۇ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرسە، ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

*a. نەمەت خەلپەت خاتىرە يازغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.*

*b. ئۇنىڭ ئۆيىدە گوگولدىن تارتىپ فادىيېۋ، شولوخوفلارغىچە بولغان رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممە كىتابلىرى بار.*

*c. بۇ خەتنى ئوقۇغۇچى بۇ خەتنى دەرھال ئون نۇسخا كۆپەيتىپ تارقىتىشى كېرەك.*

*d. ئۇ سىنىپىمىزدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى.*

a ۋە c جۈملىلەردىكى «يازغۇچى، ئوقۇغۇچى» سۆزلىرى ئىسىمداش؛ b ۋە d جۈملىلەردىكى «يازغۇچى، ئوقۇغۇچى» سۆزلىرى ئىسىم.

## 2. سۈپەتداشلار

مەنىسى: پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق سۈپەتكە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئېرىشىپ، جۈملىدە سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى. مەسىلەن:

بار -+ - غان = بارغان، ياز -+ - ۋاتقان = يېزىۋاتقان،

ياز -+ - ىدىغان = يازىدىغان، ياز -+ - ار = يازار.

سۈپەتداشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) سۈپەتداش ئۆزىنىڭ پېئىللىق مەنىسىنى ۋە پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلىغاندىن سىرت سۈپەتنىڭ بارلىق گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق جۈملىدە سۈپەت رولىدا قوللىنىلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سۆزلىيەلمىگەن ئېغىزدىن، چاپاق باسقان كۆز ياخشى.*
*b. ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماس.*
*c. تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار، ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان بار.*

2) سۈپەتداشلار ئىسىملىشىدۇ ۋە ئىسىمنىڭ كاتېگورىيەلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. («ئىسىمداشلار» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.)

3) جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ئىسىمنىڭ شەخس كاتېگورىيەسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. چىشىمدىن ئايرىلسام ئايرىلارمەن، نومۇسۇمدىن ئايرىلمايمەن.*
*b. توغرا كەلگەن بىر يۇرتتا تاغۇدەشتىلەرنى ماكان قىلىپ، كۈنۈمنى ئالارمەن.*
*c. سازىنى، ناخشىسىنى ئاڭلىغانمەن، چوڭ خانىلەيلۇنى قالتىس ئېيتاتتى.*
*d. بۇ قورۇنى چوڭ ئوغلۇم ھەبىبۇللا غوجامغا قالدۇرغانمەن.*

4) سۈپەتداشنىڭ «- ار»لىق شەكلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولۇشسىز شەكلى بولغاندىن سىرت باشقا شەكىللەرنىڭ بولۇشسىز شەكلى «ئەمەس» سۆزى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، بەزىدە «يوق» دېگەن سۆپەت ئارقىلىقمۇ بولۇشسىزلىق شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. بايلار پەرىدىن، كەمبەغەللەر شەيتاندىن تۇغۇلغان ئەمەس.*
*b. ياراشمايدۇ دېگەنلىكىم ئەمەس.*
*c. مۇشۇكلەر جىنسىدىن ھېچكىم تېخى چاشقانغا بويۇن ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەن ئەمەس ئىدى.*

سۈپەتداشلار شەكلىگە ۋە رولىغا قاراپ «- غان»لىق سۈپەتداش، «- ۋاتقان»لىق سۈپەتداش، «- دىغان»لىق سۈپەتداش، «- ار»لىق سۈپەتداش دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) «- غان»لىق سۈپەتداش

مەنىسى: ئۆزى ئىپادە قىلغان پۈتكەن ھەرىكەتنى ۋە





ھەرىكەتنىڭ جەريانىنى بەلگە سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: «- غان \ - قان \ - گەن \ - كەن» (V-GAn)

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئىسىملارنى ئېنىقلاپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. ئېنىقلانغۇچى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ۋەكىللىك قىلغان ئادەم ۋە شەيئىنىڭ مۇناسىپ ھەرىكەت ياكى ھالەتنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn

*a. نېرىراقتىكى ئوچاقلارغا ئېسىلغان مىس قازانلاردا يېڭى سويۇلغان پاقلان گۆشلىرى قايناپ تۇراتتى.*
*b. قانىتى سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالدىم دەۋاتىمەن، سىلەر ئوقۇغان ئادەملەر يوچۇن بولىدىكەنسىلەر.*
*c. جىمجىت جاھان گۈمبۈرلىگەن، ۋىژىلدىغان، چىۋىلدىغان، گۈركىرىگەن، ۋاڭ - چۇڭ، تاراق - تۇرۇق، گۈمباڭ - گۇم... ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازلار بىلەن تولدى.*
*d. مېنىڭ كۆڭلۈم خۇددى ئىگىسىز قالغان تاشلاندۇق ئۆيگە ئوخشايدۇ.*

(2) ئۆزى يالغۇز ياكى باشقا تەركىبلەر بىلەن بىللە كەلگەن ھالدا خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، بۇ چاغدا ھەر خىل ھال - زامان شەكىللىرىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V−GAn−(perII)

*a. بۇ ئويۇمنى خۇدادىن باشقىسىغا ئېيتمىغانمەن.*
*b. قانداقمۇ ئاپاڭنىڭ بۇ زەي ئۆيىنى تاپالىغانسەن، مېنىڭ نىلقىدا ئىكەنلىكىمنى قانداقمۇ بىلگەنسەن.*
*c. ھۆكۈمەت بىلەن بىر قېتىم ئالتە ماددىلىق كېلىشىم تۈزۈپ ياراشقان بولدى.*

(3) ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت يۈز بەرگەندە» دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GAn-DA

*a. ئۇلار لەڭزە بېشىغا بۇرۇلغاندا بىر قىزنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.*

*b. لېكىن، ئامال بولمىغاندا ئادەم باتۇر بولۇپ قالىدىكەن.*

*c. غېنى باتۇر گەپ قىلغاندا ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتەلمەيدۇ.*

(4) ئىسىملاشقاندىن كېيىن ئىسىمنىڭ ھەرخىل كاتېگورىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. (««- غان» لىق ئىسىمداش»قا قاراڭ.)

(5) بولۇشلۇق شەكلىدە ياردەمچى پېئىل «بول -» بىلەن بىرىكىپ سۈبيېكتىنىڭ سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئادەتتىكى باياننى ئىپادىلەيدۇ. ياردەمچى پېئىل «بول -»نىڭ شەرت رايىدىكى شەكلى بىلەن كەلگەن بولسا، سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ شەرتىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ياردەمچى پېئىل «بول -» ياكى يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە «سال -» بىلەن كېلىپ (شەرت رايى شەكلىدىن باشقا شەكىللەردە) «يالغاندىن مەلۇم قىياپەتكە كىرىۋېلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(mi)-GAn bol-/sal-

*a. ئۇمۇ بىر كۈن ئىشلىگەن بولدى.*

*b. بۇنداق چاغدا رۇسۇلوف ياكى رەخىمجان بولغان بولسىدى، ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەت بەرگەن بولاتتى.*

*c. ئۇ ئاخشام باشلىقلار مەسلىھەت قىلىشقاندا، ھەممە گەپنى تاش يېنىدا يالغان ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ تولۇق ئاڭلىدى.*

*d. كۆزۈم كۆرمىگەن بولسا تەڭكۆزەلمەيتتىم.*

*e. ئۇ بىزنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى.*





2) «- ۋاتقان»لىق سۈپەتداش

مەنىسى: ئۆزى ئىپادە قىلغان ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ياكى شۇ ھالەتنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: پېئىل ئۆزىكىگە «- ۋات \ - مۋات \ - ۋۇات \ - ۋۇۋت» ياكى «ياتـ -»، «تۇر -»، «ئولتۇر -»، «يۈر -» قاتارلىق تۈس ياردەمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللارغا «- قان» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. (-/yat-/tur-/oltur-/yür- (V-(X)vatqan/yat

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئىسىملارنى ئېنىقلاپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. ئېنىقلانغۇچى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ۋەكىللىك قىلغان ئادەم ۋە شەيئىنىڭ داۋاملىشىۋاتقان مۇناسىپ ھەرىكەت ياكى ھالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)vat-qan

*a. شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇزدەك شامال يۈز - كۆزۈمگە نەشتەردەك سانجىلماقتا.*

*b. ئاچچىق خاتىرىلەرنى — كۆيۈۋاتقان ئۆيلەر، ئىس - تۈتەك باسقان مەھەللىلەر، كېسىلىۋاتقان باشلار، دەريا - دەريا ئاققان قانلارنى يادىغا سالدى بولغاي، ئۆيىنىڭ ئىچى غەلىتە بىر خىل سۈكۈناتقا چۆمدى.*

(2) ئۆزى يالغۇز ياكى باشقا تەركىبلەر بىلەن بىللە كەلگەن ھالدا خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، بۇ چاغدا ھەر خىل ھال - زامان شەكىللىرىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)vat-qan(perII)

*a. سەن سەبىخە شۇ تۇرقىدا بەلكى يۇمشاق كارىۋاتتا شېرىن*

| ئالاھىدىلىكى | | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەردە | | - ۋاتقان | ئوقۇ -+ - ۋاتقان |
| ئوچۇق بوغۇملۇق سۆزلەردە | ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ىۋاتقان | بىل -+ - ىۋاتقان |
| | ئاخىرقى بوغۇم لەۋلەشكەن تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ۋۇاتقان | تۇر -+ - ۋۇاتقان |
| | ئاخىرقى بوغۇم لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ۋۇاتقان | كۆر -+ - ۋۇاتقان |

*چۈش كۆرۈۋاتقانسەن - ھە؟*

*b. يالغان ئېيتىمايۋاتقانسەن؟*

*d. بىر يىللىق پىلانى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقاندۇ.*

*e. مەن بەلكى ئۆلۈمگە تەييارلىنىۋاتقاندىمەن.*

(3) ئىسىملاشقاندىن كېيىن ئىسىمنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. («- ۋاتقان»لىق ئىسىمداش»قا قاراڭ.)

(4)ياردەمچى پېئىل «بول - »نىڭ شەرت رايىدىكى شەكلى بىلەن كەلگەن بولسا، سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ شەرتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(mA)-y/-ivatqan bolsa

*a. بولدى، ئۇخلاۋاتقان بولسا چاقىرماڭ.*

*b. دەرس ئوقۇۋاتقان بولسا ئوبدان بوپتۇ.*

*c. يىغلاۋاتقان بولسا، كارىڭ بولمىسۇن، بىردەم ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن.*

(5) ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «سۈپەتداش





ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت يۈز بەرگەندە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(X)vat-qan-da

*a. ئۇ قازان شەھىرىدە تاتار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاندا، ھازىرقى سەبىخەدەك تازا چىرايلىق، ھېسسىياتچان ئەمەسمىدى؟*

*b. تۈگۈچىسى ئۇنىڭغا سەرەڭگە چېقىپ بېرىۋاتقاندا، قاسىم پالۋان گەپ باشلىدى.*

*c. ئۇلار دۆڭدىن ھالقىپ پەسكە چۈشۈۋاتقاندا شەيخنىڭ ئېتى مۈدۈرۈپ كەتتى.*

3) «- ىدىغان»لىق سۈپەتداش

مەنىسى: دائىم ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ياكى كېيىن ئىپادىلىنىدىغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى: «- يدىغان \ - ىدىغان» (V-y/-idiğan)

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئىسىملارنى ئېنىقلاپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. ئېنىقلانغۇچى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ۋەكىللىك قىلغان ئادەم ۋە شەيئىنىڭ مۇناسىپ ھەرىكەت ياكى ھالەت بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-y/-idigan

*a. ئۇ جىم تۇرمايدىغان، قولىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئادەم ئىدى.*

*b. بۇ يەردە ساڭا كۆيۈنىدىغان ئاناڭ، پەپىلەيدىغان داداڭ يوق، ھەممە ئىشتا ئۆزۈڭگە تايىنىسەن.*

*c. ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟*

(2) «بول - »، «ئوخشا - » قاتارلىق تەركىبلەر بىلەن بىللە كەلگەن ھالدا خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ۋە ھەر خىل ھال - زامان شەكىللىرىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-i/-y diğan-(perII) bol-/oxša-

*a. مېنىڭ ئىقبال يۇلتۇزۇم چۆل - جەزىرە دەپ تونۇلۇپ كېلىۋاتقان يىراقتىكى شىنجاڭ ئاسمىنىدا كۆلىدىغان ئوخشايدۇ.*

*b. بۇ توغرىدا مەخسۇس قوشۇمچە ھۆججەت ئىشلىنىدىغان بولدى!*

(3) ئىسىملاشقاندىن كېيىن ئىسىمنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. («« - ىدىغان› لىق ئىسىمداش»قا قاراڭ.)

(4) يارەمچى پېئىل «بول - »نىڭ شەرت رايىدىكى شەكلى بىلەن كەلگەن بولسا، سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ شەرتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-(mA)-y/-idiğan bolsa

*a. پادىشاھ سايلايدىغان بولسا بىز ئۇنى سايلايمىز.*

*b. شۇنداق بولسىغۇ بىر نۆرى، بولمايدىغان بولسا ئۇنى مەشرەپتىلا قارىنغا ئارا تىقىپ ئۆلتۈرمەيدىغان بولساق، ياتنىڭ قولىغا قالىمىز.*

*c. مۇشۇنداق تۆۋەنلەپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، تەرخەمەكلەر ئۇششۇپ تۈگەيدۇ.*

(5) ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت يۈز بەرگەندە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-y/-idiğan-da

*a. ئۇ يولغا چىقىدىغاندا ئايالى بۇ سۆزنى قايتا - قايتا تاپىلىغان.*

*b. ئۇ بۇ ياققا كېلىدىغاندا ئاكىسىنى كۆرۈپتۇ.*

*c. بۇ دورىنى ھەر كۈنى ياتىدىغاندا بىر تال ئىچىڭ.*

4) « - ار»لىق سۈپەتداش

مەنىسى: ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەكىلدىكى سۈپەتداشلار بىلەن « - دىغان»لىق





سۈپەتداشنىڭ پەرقلىرى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) « - دىغان»لىق سۈپەتداش يۈكسەك دەرىجىدە ئابستراكتلاشقان، ئەمما « - ار»لىق سۈپەتداش ئۇنداق ئەمەس، بۇ قوشۇمچە چەكلىك پېئىللارغا قوشۇلالايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئۇچىدىغان گىلەم | ئۇچار گىلەم |
| يانىدىغان تاغ | يانارتاغ |
| ئاقىدىغان سۇ | ئاقار سۇ |
| يۇيىدىغان گىلەم | يۇيار گىلەم※ |
| ئوقۇيدىغان كىتاب | ئوقار كىتاب※ |
| ئالىدىغان پۇل | ئالار پۇل※ |

(2) « - دىغان»لىق سۈپەتداش ئۆز سۇبيېكتى بىلەن بىرىككەندە سۈپەتداش ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ھەرىكەتنى ياكى يېقىن كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ؛ « - ار» لىق سۈپەتداش ئاساسەن ئۆز سۇبيېكتىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، خاراكتېرىنى كۆپرەك ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئۇچىدىغان گىلەم | ئۇچار گىلەم |
| يانىدىغان تاغ | يانارتاغ |
| ئاقىدىغان سۇ | ئاقار سۇ |

ئىپادىلىنىشى: بۇ سۈپەتداشنىڭ بولۇشلۇق شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « - ار - ەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن، بولۇشسىز شەكلى پېئىللارنىڭ بولۇشسىز ئۆزىكىگە « - س» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. (V-Ar; v-mA-s)

| ئالاھىدىلىكى | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|
| ئاخىرقى بوغۇمى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ار | بار -+ - ار |
| ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن | - ەر | كۆر -+ - ەر |

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئىسىملارنى ئىنقىلاپ جۈملىدە ئىنقىلىغۇچى بولىدۇ. ئىنقىلانغۇچى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ۋەكىللىك قىلغان ئادەم ۋە شەيئىنىڭ دائىملىق ياكى ۋاقىتلىق خاراكتېرگە ئىگە ھەرىكەت ياكى ھالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Ar; V-mA-s

*a. زىناخور، خىيانەتچى، چېقىمچى، غەيۋەتخور، يالاقچىنىڭ ياتار يېرى دوزاخ!*

*b. دۈشمەنلەر پارتىزانلارنىڭ تۇرار جايىنى تېپىش بىلمەيدىكەن.*

*c. ئاسمان ئۇچار ئوتلار بىلەن تولدى.*

*d. قۇچاق يەتمەس قارىغايلار تاغنىڭ كۆركى ئىدى.*

(2) ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ياكى كەلگۈسىدە بېجىرىلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى سۇبيېكتىنىڭ سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا چامىسى يەتمەيدىغانلىقىنى تەنە شەكلىدە قارشى تەرەپكە يەتكۈزىدۇ ياكى ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىنى سىپايىلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Ar-perII; V-mA-s-perII

*a. مەن سېنى قاچانمۇ ئۇنتۇپ كېتەرمەن، سەن قاچانغىچە مېنىڭ روھىمغا ئارىلىشىپ شېرىن خىياللىرىمغا دەخلى قىلارسەن.*

*b. سەن بۇ ئىشلارنى بەلكىم بىلمەسسەن، بىلسەڭمۇ ئىچىڭگە ئېلىپ كەتمەسسەن.*

*c. قالغان دانىشمەنلىكىڭىزنى ئاسمان خۇداسىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئىشلىتەرسىز.*

*d. گەپنى بەك مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتتىڭىز، كېيىن ئۇلارنىڭ*





*ئۆيىگە قانداق كىرەرسىز؟*

(3) ماقال ـ تەمسىللەردە ۋە نەتىجىسى مۇقەررەر جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. كۆپرەك جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Ar; V-mA–s

*a. تاما ـ تاما كۆل بولار.*

*b. ياخشى خوتۇن يامان ئەرنى ئەر قىلار،*
*يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى يەر قىلار.*

*c. ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار، يۈگۈرگەن باغ ئاشار.*

*d. ئوزۇقلۇق ئات هارماس.*

*e. مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس.*

(4) بۇ شەكىلدىكى سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى كۆپرەك ئىسىملىشىدۇ ۋە ئىسىملاشقاندىن كېيىن ئىسىمنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. («ـ ار›لىق ئىسىمداش»قا قاراڭ)

(5) بۇ سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت يۈز بېرىشتىن بۇرۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mA-s-tA

*a. گۈلىڭىز غازاڭ بولماستا سىزنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى چىقىپ قالدى.*

*b. ھىم كاساپەت، ئىت يوق يېمەستە ئۇندەرەپ كېلىدۇ.*

*c. سوغۇق چۈشۈپ كەتمەستە قومۇلغا بېرىۋالايلى.*

(6) بۇ سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ سەۋەب، ھالەت قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAs-tin

*a. ئايروپىلان ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماستىن، توقايلىققا توختىماي كۆيدۈرگۈچ بومبىلارنى تاشلاۋەردى.*
*b. بىراق، ئۇ كىشى ھېچ تەمتىرىمەستىن كېلىپ، كۆل رەڭ تاملىق كۆتۈرمە ھويلىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان قارا دەرۋازىسىدىن خاتىرجەم ئىچكىرى كىردى.*
*c. تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئىكەن ھەي، بىز چۈشەنمەستىن، ئەجەب ئاسان، قېرىنداش دەپ ئۈمىد باغلاپتىمىز يارەب.*
*d. ئانىسى نۇرىغا كۆزىنى ئۈزمەستىن قاراپ بالىسىنى خىجالەت قىلاتتى...*

**3. رەۋىشداشلار**

مەنىسى: پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق رەۋىشكە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئېرىشىپ، جۈملىدە رەۋىشكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئوقۇ -+ - پ = ئوقۇپ، | ياز -+ - ا = يازا، |
| ماڭ -+ - غۇچە = ماڭغۇچە، | ئال -+ - غاچ = ئالغاچ. |

رەۋىشداشلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) رەۋىشداش ئۆزىنىڭ پېئىللىق مەنىسىنى ۋە پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلىغاندىن سىرت رەۋىشنىڭ بارلىق گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ ۋە بۇ شەكىللەر جۈملىدە يەنە بىر ھەرىكەتكە بېقىندى بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. سىرتتىن مۇسا يۈگۈرۈپ كىردى.*
*b. بىز بارغۇچە قورغاننى قولدىن بەرمەڭلار.*
*c. ھاجى يۈرۈش ئالدىدا ھوشۇرنى ياردارلاردىن خەۋەر ئالغاچ قاراشەھەردە قېلىشقا بۇيرۇدى.*

2) رەۋىشداشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس





بولۇشسىز شەكلى بار. « - ا»لىق رەۋىشداش، « - پ»لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە « - ي» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ؛ قالغان رەۋىشداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

رەۋىشداشلار شەكلىگە ۋە رولىغا قاراپ « - ا»لىق رەۋىشداش، « - پ»لىق رەۋىشداش، « - غۇچە»لىك رەۋىشداش، « - غىلى»لىق رەۋىشداش، « - غاچقا»لىق رەۋىشداش، « - غاچ» لىق رەۋىشداش، « - غانسېرى»لىق رەۋىشداش دېگەن يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) « - ا»لىق رەۋىشداش

مەنىسى: ئۆزى ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ۋە ھەرىكەت ياكى ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەكىل ئاساسەن يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، كۆپىنچە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - ي \ - ا \ - ە» (V-y/-A)

ئىشلىتىلىشى:

(1) پېئىلنىڭ ھال كاتېگورىيەسىنى تەشكىل قىلىشقا قاتنىشىدۇ. (بۇ ھەقتە «پېئىلنىڭ ھال ـ زامان كاتېگورىيەسى» دېگەن بۆلۈمدە توختالدۇق)

(2) پېئىلنىڭ ھال ـ زامان شەكىللىرىنى ياسايدۇ. (بۇ ھەقتە «پېئىلنىڭ ھال ـ زامان كاتېگورىيەسى» دېگەن بابتا توختىلىمىز)

(3) تەكرارلىنىپ كېلىپ ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا قوشۇلىدىغان « - ي» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ.[135] مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-A V-A

*a. ئۇلار ماڭار ـ ماڭار چۈشكە يېقىن ئېتى تەرلەپ، ئۆزلىرى*

| تۈرى | قوشۇمچىسى |
| --- | --- |
| « ـ ا»لىق رەۋىشداش | ـ ي \ ـ اي \ ـ ەي |
| « ـ پ»لىق رەۋىشداش | ـ پ \ ـ ىپ \ ـ ۇپ \ ـ ۈپ |
| « ـ غۇچە»لىك رەۋىشداش | ـ غۇچە \ ـ قۇچە \ ـ گۈچە \ ـ كۈچە |
| « ـ غىلى»لىق رەۋىشداش | ـ غىلى \ ـ قىلى \ ـ گىلى \ ـ كىلى |
| « ـ غاچقا»لىق رەۋىشداش | ـ غاچقا ـ قاچقا<br>ـ گەچكە \ ـ كەچكە |
| « ـ غاچ»لىق رەۋىشداش | ـ غاچ \ ـ قاچ \<br>ـ گەچ \ ـ كەچ |
| « ـ غانسېرى»لىق رەۋىشداش | ـ غانسېرى \ ـ قانسېرى<br>ـ گەنسېرى ـ كەنسېرى |

*قىروۋغا مىلىنىپ قاش دەرياسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ نېرىقى قاتقا ـ دۆڭگە ياماشتى.*

*b. تامار ـ تامار كۆل بولار.*

*c. بوۋاي هامان كۈلەتتى، كۈلە ـ كۈلە ئۆزىنى مەڭىلىك نىيازنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تاشلاپ هەم يىغلايتتى، هەم كۈلەتتى.*

(4)بولۇشسىز شەكىلدە تەكرارلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ ئۇزاق ۋاقىت بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت هالەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەكىل كەڭ قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAy V-mAy

*a. يامغۇر ياغماي ـ ياغماي تازا ياغدى.*

(5)بەزىدە بولۇشسىز شەكىلدە، بەزىدە بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز شەكىلدە جۈپلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن هەرىكەت بارلىققا كېلىپ بولمايلا باشقا بىر هەرىكەت بارلىققا





كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بىرىكمىنىڭ ئاخىرىغا هامان « ـ لا» يۈكلىمىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-A V-mAy

*a. ئۇ گېپىنى تۈگىتەر ـ تۈگەتمەيلا بىر قورام تاش گۈلدۈرلەپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.*

*b. ئۇنىڭ گېپى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا ئات يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلدى ۋە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئىنجىقلاشقا باشلىدى.*

*c. ئۇ ئۇن بەشكە توشار ـ توشمايلا، هەر تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى.*

*d. هاجىلار دۇبەن مەهكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرەر ـ كىرمەيلا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى.*

*e. ئۆيىگە كىرەر ـ كىرمەيلا تېلېفون جىرىڭلىدى.*

(6) ياردەمچى پېئىل «قال ـ »نىڭ بولۇشسىز « ـ ار»لىق سۈپەتداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ (كۆپرەك بولۇشسىز شەكىلدە)، ئىلگىرىلىمە مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملە هاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-mAy-la qalmastin

*a. بولمىسا سىيىرنىڭ سۈتى تارتىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئاسانلا يېلىن ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ.*

*b. ئادەتتە كومپيۇتېرنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندە كۆزگە تەسىر قىلىپلا قالماستىن، يەنە باشقا ئەزالارغىمۇ تەسىر قىلىدۇ.*

(7) سۆهبەتلەردە بولۇشسىز شەكىلدە جاۋاب ئورنىدا كېلىپ، تەستىق مەنىسىنى كۈچەيتىدۇ، يەنى رەۋىشداش ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ چوقۇم بېجىرىلىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ. بەزىدە «ئەمىسە» يۈكلىمىسى بىلەن كېلىدۇ. جۈملە ئىنتوناتسىيەسى كۆتۈرۈلگەن ئىنتوناتسىيەدە بولىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V–mAy

a. – قەشقەرگە سىزمۇ بارامسىز؟
- بارماي \ بارماي ئەمىسە.

b. – تويىڭىزغا ئاكىڭىزمۇ كەلگەندۇ؟
– كەلمەي. \ كەلمەي ئەمىسە.

c. – ئىمتىھاندىن ئۆتكەنسىز؟
– ئۆتمەي ئەمىسە.

2) «- پ»لىق رەۋىشداش

مەنىسى: باشقا بىر پېئىل بىلەن چېتىلىپ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ رەسمىي، مۇستەقىل، ئېنىق رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: «- پ \ - ىپ \ - ۇپ \ - ۈپ» $(V\text{-}(X)p)$

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئىش – ھەرىكەتنىڭ ھالىتى، ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: $V\text{-}(X)pV;\ V\text{-}mAy\,V$

a. ئوردا تېۋىپى بىلەن ئىككى مەھرەم پەگاھتا قول قوۋۇشتۇرۇپ جىم تۇراتتى.

b. شامەخسۇت دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بۇ گەپنىڭ تەپسىلاتىنى سورىدى.

c. ھاجى ئورنىدىن دەست تۇرۇپ، ئاندىن قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئۇيان – بۇيان مېڭىشقا باشلىدى.

d. تۆۋەندىكى ھېكايىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

e. بۇ يەرگە كەلگەندە قارىغىر ماڭالماي قالدى.

(2) ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ھەرىكەتنى بايان قىلغاندا، ئەڭ ئاخىرقى بىر پېئىلدىن باشقىسى مۇشۇ شەكىلگە كىرىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بېقىندىلىق، ئىلگىرى – كېيىنلىك، بىللىلىك قاتارلىق لوگىكىلىق مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:





فورمۇلاسى: $V_1\text{-}(X)p \ldots Vn\text{-}(X)pV$

a. رەيھان تېز ئورنىدىن تۇرۇپ چىرقىراۋاتقان قىزىنى باغرىغا بېسىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ: — ئۆلمەيدىغان قاۋان ! — دېدى.

b. ئەتىيازدا چاپتۇرۇپ، لاتقىلىرىنى تازىلاتقۇزۇپ، چىچەك سۈيى كېلىشتىن بۇرۇن قاش دەرياسىغا بۇقا قويغۇزۇپ، تۇرمەل ئەكىرگۈزۈپ، سۇ باغلاتقۇزۇپ، ھەممە يۇرتنىڭ غول ئېرىقلىرىغا باراۋەر سۇ بېرىشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئادىل مىراب مانا مۇشۇ ئىدى.

c. بىرى نەق شۇ چاغدا قارنى تويزۇتۇپ، ئات چاپتۇرۇپ كىرىۋىدى، ئەسكەرلەر تىرىپىرەن بولۇشۇپ تىكىۋەتتى.

d. مۇنۇ ئادەمنىڭ ئۇستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ، مۇنچىغا چۈشۈرۈپ، تائالىيەدىن بىر ھۇجرا ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي.

(3) قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارغا چېتىلىپ شۇ پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىر قېتىم بولۇپ ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدىغان قۇرۇلمىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ پېئىللار ئاساسەن چىقىپ چۈش - ، چۈشۈپ چىق - ، بېرىپ كەل - ، كىرىپ چىق -، چىقىپ كىر - قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: $V\text{-}(X)pV$

(4) تەكرارلىنىپ كېلىپ شۇ ھەرىكەتنىڭ تەكرار ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: $V\text{-}(X)p\,V\text{-}(X)p$

a. ئۇ تۇرسۇننىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ – تۇرۇپ قايتىپ كەلدى.

b. بالا ئانىسىنى ئىزدەپ يىغلاپ – يىغلاپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.

*c. تۇرسۇن سىزنى ساقلاپ ـ ساقلاپ، ئاخىر قايتىپ كەتتى.*

(5) ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ھەر خىل ھال، تۈس مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. («پېئىللارنىڭ ھال كاتېگورىيەسى»، «پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيەسى»گە قاراڭ)

3) «ـ غۇچە»لىك رەۋىشداش

مەنىسى: مەلۇم ھەرىكەتنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتتىن بۇرۇن بارلىققا كېلىشىنى ياكى رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلگۈچە داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، «چەك رەۋىشدىشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: «ـ غۇچە \ ـ قۇچە \ ـ گۈچە \ ـ كۈچە» (V–GUča̋)

بۇ رەۋىشداش قوشۇمچىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا «ـ غۇ»لۇق ئىسىمداشقا «ـ چە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە بۇ قوشۇمچە « -GU-n-ča̋ » شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، باشقا يۇرتقا چۈشمەگۈنچە،*

*بىر ياخشىنىڭ قەدرىن بىلمەس، بىر يامانغا چۈشمەگۈنچە.*

بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ قوشۇمچىنى ئىسىملارنىڭ چەك كېلىش قوشۇمچىسى « -Giča̋ »دىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | ـ غۇچە | تۇر ـ+ ـ غۇچە |
| جاراڭسىز | | ـ قۇچە | يات ـ+ ـ قۇچە |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | ـ گۈچە | كۆر ـ+ ـ گۈچە |
| جاراڭسىز | | ـ كۈچە | كەت ـ+ ـ كۈچە |





ئىشلىتىلىشى:

(1) مەلۇم ھەرىكەتنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتتىن بۇرۇن بارلىققا كېلىشىنى ياكى رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلگۈچە داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GUča̋

*a. تەتىل توشقۇچە قايتىپ كېلىمىز.*

*b. ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن.*

*c. پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.*

(2) بولۇشسىز شەكلىدە بولۇشسىز پېئىل بىلەن بىللە كېلىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلمىگۈچە، يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V- mA- GUča̋

*a. تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ تۈگەتمىگۈچە ئۇخلىمايسەن.*

*b. يامغۇر توختىمىغۇچە، ھېچ يەرگە بارالمايمىز.*

(3) يەنە بىر ھەرىكەت بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ۋاز كېچىلگەن باشقا بىر ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-GUča̋

*a. بىكار ئولتۇرغۇچە، بىكارغا ئىشلە.*

*b. چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە، كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ.*

*c. باشقىلارنى ئاۋارە قىلغۇچە، ئۆزىمىزلا ئىشلەيلى.*

4) «ـ غىلى»لىق رەۋىشداش

مەنىسى: مەلۇم ھەرىكەتنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، «مەقسەت رەۋىشدىشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: «ـ غىلى \ ـ قىلى \ ـ گىلى \ ـ كىلى» (V-Gili)

ئىشلىتىلىشى:

(1)ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كۆپرەك يۆنىلىش پېئىللىرى بىلەن باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Gili V

*a. ئۇلار ئۇيغۇرچە ئۆگەنگىلى كەپتۇ.*

*b. كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ، كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلارنى، ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟*

(2) جۈملىدە بايان قىلىنغان ئىشنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلگەن ياكى باشلانغان ۋاقىتتىن بۇيانقى ۋاقىتقا قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Gili

*a. مەن ئۆيگە قايتمىغىلى بىر ھەپتە بولدى.*

*b. نىمىسلار ئۇ يەرنى قورشىۋالغىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى.*

*c. ئۇنىڭ قايتقى ئىچىلمىغىلى بىر ئايدىن ئاشتى.*

(3)«ـ تاس قال ـ»، «تاس ـ تاس قال ـ»، «ـ قىل قال ـ» قاتارلىق پېئىللارنىڭ بىرى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەت بارلىققا كېلەي دەپ، كېلەلمىگەن ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | ـ غىلى | تۇر ـ+ ـ غىلى |
| جاراڭسىز | | ـ قىلى | يات ـ+ ـ قىلى |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | ـ گىلى | كۆر ـ+ ـ گىلى |
| جاراڭسىز | | ـ كىلى | كەت ـ+ ـ كىلى |





فورمۇلاسى: V–Gili tas qal–/tas–tas qal–/qil qal-

*a. ئۇ يىقىلغىلى تاس قالدى. \ قىل قالدى.*

*b. ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى. \ قىل قالدى.*

*c. مەن بۈنى يېگىلى تاس قاپتىمەن.*

(4) «بول ـ» پېئىلىغا باغلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئىمكانىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Gili bol-

*a. سۇ بولغاندىلا دېھقانچىلىق قىلغىلى بولىدۇ.*

*b. دۇنيادا پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى، كۈچ بىلەن ئىگىلىۋالغىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بار، ئۇنىڭ ئېتى «قەلب».*

*c. داۋان چوققىسى پىچاق بىسىدەك، ئىككى ياققا قارىغىلى، سىكۇنت توختىغىلى بولمايدۇ.*

(5) «قوي ـ» پېئىلىغا باغلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا يول قويۇش، ئىمكانىيەت بېرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Gili qoy-

*a. مېنى تىنچ ئىشلىگىلى قويۇڭلار.*

*b. بارماقچىدىم، ئاكام بارغىلى قويمىدى.*

*c. ئۇنىڭ گېپىنى دېگىلى قويامسەن ـ يوق؟*

(6) «سال ـ» پېئىلىغا باغلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا مەجبۇرلاش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

فورمۇلاسى: V-Gili sal-

*a. ئۇ ئايالىنى يېرىم كېچىدە ئاش ئەتكىلى سالدى.*

*b. ئۇ كىچىككىنە بالىنى تۇخۇم ساتقىلى ساپتۇ.*

(7) «تۇر ـ» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ، باشلىنىما تۈس مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

فورمۇلاسى: V-Gili bašla-/tur-

*a. ئۇ مېنى كۆرۈپلا يىغلىغىلى تۇردى.*
*b. تېخىمۇ تەس گەپ قىلغىلى تۇردۇڭغۇ.*
*c. ئۇ يەنە تېلېفون قىلغىلى تۇردى.*

(8) «بول - » پېئىلىغا باغلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنىنىڭ ئورۇنلىنىش ئىمكانىيىتىنى (تۈسىنى) بىلدۈرىدۇ. (بۇ ھەقتە «پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيەسى» دېگەن بۆلۈمدە توختالدۇق.)

5) « - غاچقا» رەۋىشدىشى

مەنىسى: جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « - غاچقا \ - قاچقا \ - گەچكە \ - كەچكە» (V-GAčKA)

بۇ قوشۇمچە « - غاچ»لىق رەۋىشداشقا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى « - قا \ - قا \ - گە \ - كە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان.

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | - غاچقا | تۇر - + - غاچقا |
| جاراڭسىز | | - قاچقا | يات - + - قاچقا |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | - گەچكە | كۆر - + - گەچكە |
| جاراڭسىز | | - كەچكە | كەت - + - كەچكە |

ئىشلىتىلىشى:

(1)ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى باشقا بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





فورمۇلاسى: V-GAčKA

*a. ماشىنا تاپالمىغاچقا بىز ماڭالمىدۇق.*
*b. مۇئەللىم كەلمىگەچكە دەرس ئۆتۈلمىدى.*
*c. يامغۇر يېغىپ كەتكەچكە پىلانىمىز سۇغا چىلاشتى.*

(2) بۇ قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدىكى « - قا» قوشۇمچىسى كۆپرەك ئەدەبىي ئەسەرلەردە قىسقىراپ كېتىدۇ. لېكىن، مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ توقاچ، ئۆستەڭ بويىدا بولغاچ،*
*ئارزۇيىمىزغا يەتتۇق بىز، تام قوشنا يېقىن بولغاچ.*
*b. ئارىلىق يىراق بولغاچ، ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدۇق.*

6) « - غاچ»لىق رەۋىشداش

مەنىسى: باشقا بىر ھەرىكەتنى ئورۇنلاش جەريانىدا قوشۇمچە ئورۇنلىنىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:«-غاچ \ -قاچ \ -گەچ \ -كەچ» (V-GAč)

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | - غاچ | تۇر - + - غاچ |
| جاراڭسىز | | - قاچ | يات - + - قاچ |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | - گەچ | كۆر - + - گەچ |
| جاراڭسىز | | - كەچ | كەت - + - كەچ |

ئىشلىتىلىشى:

باشقا بىر ھەرىكەتنى ئورۇنلاش جەريانىدا قوشۇمچە ئورۇنلىنىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

فورمۇلاسى: V-GAč

a. ئۇنى يوقلىغاچ، گەپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

b. بولغان ئىشلارنى يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي.
c. بېيجىڭغا ماڭسىڭىز، ئۇكامغا نان ئالغاچ كېتىڭ.

7) « ـ غانسېرى» رەۋىشدىشى

مەنىسى: ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت داۋاملاشقانچە ياكى تەكرارلانغانچە باشقا بىر ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنىڭ شۇنچە ئۆسىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى: « ـ غانسېرى \ ـ قانسېرى \ ـ گەنسېرى \ ـ كەنسېرى» (V-GAnseri)

| ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇش | ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش | قوشۇمچە | مىسال |
|---|---|---|---|
| جاراڭلىق | تىل كەينى | ـ غانسېرى | تۇر ـ+ ـ غانسېرى |
| جاراڭسىز | | ـ قانسېرى | يات ـ+ ـ قانسېرى |
| جاراڭلىق | تىل ئالدى | ـ گەنسېرى | كۆر ـ+ ـ گەنسېرى |
| جاراڭسىز | | ـ كەنسېرى | كەت ـ+ ـ كەنسېرى |

ئىشلىتىلىشى:

(1) ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت داۋاملاشقانچە ياكى تەكرارلانغانچە باشقا بىر ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنىڭ شۇنچە ئۆسىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

فورمۇلاسى: V–GAnseri

*a. نۇرى ئوقۇغانسېرى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندى.*
*b. بۇ رومانىنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇڭ كېلىدۇ.*
*c. ئىگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،*
*مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى،*





*كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،*
*سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.*

## §10. پېئىلنىڭ تۇس كاتېگورىيەسى [106]

### 1. تۇس ھەققىدە بايان

پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىگە ۋە ئىسىمداشلارنىڭ بەزى كېلىش شەكىللىرىگە تۇس ياردەمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ ئاساس شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ تۇسلۇك ئاساس شەكلى دەپ ئاتايمىز.

پېئىلنىڭ تۇسلۇك ئاساس شەكىللىرى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل تۈس ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلەپ، پېئىلنىڭ تۇس كاتېگورىيەسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەخمەت خەنزۇچە ماقالە يازالايدۇ.*
*b. ئەخمەت خەنزۇچە ماقالىلەرنىمۇ يېزىۋېرىدۇ.*
*c. ئەخمەت بۇنداق ماقالىلەرنى بىردەمدە يېزىپ قويىدۇ.*
*d. ئەخمەت دائىم ئۇ بوۋايغا خەت يېزىپ بېرىدۇ.*
*e. ئەخمەت ئۆزىگە يېڭى تونۇلغان سۆزلەرنى دەرھال يېزىۋالىدۇ.*
*f. ئەخمەت ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تۇرىدۇ.*

مانا بۇ جۈملىلەردە «ياز ـ » دېگەن پېئىل ئالتە خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، a جۈملىدە سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ئىمكانىيىتى بارلىقىنى، b جۈملىدە سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى، c جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلاشتۇرۇلۇشىنى، d جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئورۇنلىنىشىنى، e جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن

ئورۇنلىنىشىنى، f جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مانا مۇشۇ ئۇقۇملار تۈس كاتېگورىيەسىنى ھاسىل قىلغۇچى تۈس ئۇقۇملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈسلۈك ئاساس شەكىللىرىدىن بەزىلىرى مەخسۇس بىر خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىدە ئابستراكتلىشىپ، مەخسۇس گىرامماتىكىلىق شەكىلگە كىرگەن. مەسىلەن، پېئىلنىڭ «-پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «باق -» ياكى «كۆر -»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئورۇنلىنىشىدىن ئىبارەت بىرلا خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ؛ پېئىلنىڭ «-غىلى»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «باشلا -» ياكى «تۇر -»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياكى پېئىلنىڭ يۆنىلىش كېلىشتىكى «-ش»لىق ئىسىمداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «باشلا -»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھەرىكەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن ئىبارەت بىرلا خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكىللىرىنىڭ بەزىلىرى، ھەتتا شەكىل جەھەتتىنمۇ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ، ئىخچاملىشىپ، سىنتېتىك شەكىلگە كىرگەن بولىدۇ. پېئىلنىڭ «-پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «يات -»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىزچىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى تۈس ياردەمچىسى «يات -»نىڭ بېشىدىكى \ ي \ تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، «-پ»لىق رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى \ پ \ تاۋۇشىنىڭ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا \ ۋ \ غا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە «-ۋات - \ -ىۋات - \ -ۇۋات - \ -ۈۋات -» شەكلىدە سىنتېتىك شەكىلگە كىرگەن. مەسىلەن، يېزىۋات -، سۆزلەۋات -، قۇرۇۋات -، كۆرۈۋات -؛ پېئىلنىڭ «-ئا»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس





ياردەمچىسى «ئال -»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىمكان تۈسلۈك ئاساس شەكلى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «-يالا - \ -يەلە - \ -الا - \ -ەلە -» شەكلىدە سىنتېتىك شەكىلگە كىرگەن. مەسىلەن، ئوينىيالا -، سۆزلىيەلە -، يازالا -، كۆرەلە - ...

بىراق، يەنە بىرمۇنچە تۈسلۈك ئاساس شەكىللىرى تېخى بىر خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىدە ئابستراكتلىشىپ، مەخسۇس گىرامماتىكىلىق شەكىلگە كىرىپ كېتەلمىگەن بولۇپ، ھامان ئوخشىمىغان بىرقانچە خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، پېئىلنىڭ «-پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «كەت -» قوشۇلۇپ ياسالغان تۈسلۈك ئاساس شەكلىنى ئالساق، بىرىنچىدىن، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپتىكى يۈزلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ئۇلار كۆچۈپ كەتتى.)؛ ئىككىنچىدىن، ھەرىكەتنىڭ بىردىنلا يۈز بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ئەينەك سۇنۇپ كەتتى.)؛ ئۈچىنچىدىن، ھەرىكەتنىڭ كۈچىيىشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ھاۋا ئىسسىپ كەتتى.)؛ تۆتىنچىدىن، ھەرىكەتنىڭ بىردىنلا يۈز بېرىپ داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ماڭايلى دەپ تۇرساق، يامغۇر يېغىپ كەتتى)، بەشىنچىدىن، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ئىمكانىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ئۇ شۇنچە ئېغىر جاپالارغا چىداپ كەتتى.)

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈسلۈك ئاساس شەكىللىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تۈس كاتېگورىيەسى ئاللىقاچان شەكىللىنىشكە باشلىغان، لېكىن تېخى شەكىللىنىپ بولمىغان بىر خىل گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. بىز تۆۋەندە پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئاساس شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى ۋە قوللىنىلىشىنى تونۇشتۇرغاندا،

ئۇلارنىڭ بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىل تۈسىگە كىرىپ بولغانلىرىنى مەلۇم بىر خىل تۈس تۈرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرىمىز، بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىل تۈسىگە كىرىپ بولالمىغانلىرىنى بولسا، مەلۇم تۈس ياردەمچىسىنىڭ قوللىنىلىنىشى نۇقتىسىدىن تونۇشتۇرىمىز.

### 2. مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشى [107]

[-(A/y)lA-]

مەنىسى

ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قابىل ياكى ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئاساسلىرىغا «-يالا- \ -يەلە-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى، ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئاساسلىرىغا «-الا- \ -ەلە-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار پېئىلنىڭ «-ا»لىق رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلغان «ئال-» ياردەمچىسىنىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. مەسىلەن، ئوينا- + -يالا- ← ئوينىيالا- ، سۆزلە- + -يەلە- ← سۆزلىيەلە- ، ياز- + -الا- ← يازالا- ، كۆر- + -ەلە- ← كۆرەلە- .

ئىشلىتىلىشى:

(1) ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قابىل ياكى ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بەرا تۆت ئورمىچىنىڭ بېغىنى باغلاپ بىر گۇڭغا ئىشلىيەلەيدۇ، كۈنىگە يەتتە يۈز باغ چۆپ باغلايدۇ. ئۇكاڭ دەرامۇ تۇلۇققا ئات مىنەلەيدۇ، چاي توشۇيالايدۇ، بۇغداينىڭ بۈيىسىنى*





*ئاشۇ ئىككىسى ئۆتىدى.*

*b. ئىشلىرىڭىز تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، غەرىبتىن تارتقان زىيانىنى شەرقتىن تىرىلدۈرىۋالالايسىز.*

(2) تۈسلۈك ئاساس شەكلىگە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى \ا\ ياكى \ە\ تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، يازالا- + -ما- ← يازالما- ، ئوينىيالا- + -ما- ← ئوينىيالما- ، كۆرۈشەلە- + -مە- ← كۆرۈشەلمە- .

### 2) [-(i)val-]

مەنىسى:

بۇ شەكىل پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى، ئەھۋالى، ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-ۋال- \ -ىۋال-» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ «-پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلغان تۈس ياردەمچىسى «ئال-»نىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. مەسىلەن، ئوقۇ- + -ۋال- ← ئوقۇۋال- ، بىل- + -ىۋال- ← بىلىۋال- ، ياز- + -ىۋال- ← يېزىۋال- ، يە- + -ۋال- ← يېۋال-....

ئىشلىتىلىشى:

«-ۋال-» پېئىلى تۈس ياردەمچىسى بولۇپ كەلگەندە، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەت ئىگىسىگە يۈزلىنىشىنى ۋە ئەينى ۋاقىتتا تاماملىنىشىنى، چەككە يېتىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. نۇرى ئۇ خەتنى تولا ئوقۇپ يادلىۋالدى، خەت نۇرنىڭ قوللىرىدا تولا مىجىلىپ كونا دەسمالغا ئايلاندى.

b. ئاياغدا يىتىۋال، ھىدىنى راسا پۇرىۋال ئۇلار كەتمەستە.

c. قىز خۇددى بىرى بېشىغا چوماق بىلەن ئۇرغاندەك سىلكىنىپ قاتتىق ۋارقىراپ ئىككى قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.

d. ئويناڭلار، ئوينىۋېلىڭلار، ئۇزۇن بولدى ئوينىمىغىلى، جەم بولغاندا قانغۇچە كۈلۈۋالايلى، ئوينىۋالايلى! — دېدى.

(2) پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز، تۇيۇقسىز بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. بىراق، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە يۈسۈپ تەيجى نەزەرنىڭ ئۈرۈمچىدىن يوللىغان بىر جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

b. قاراڭغۇدا بېشىمنى تامغا ئۇرۇۋالدىم.

c. يامغۇردا قېلىپ ئۆپكەمگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالدىم.

d. بىراق، كېيىن يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تۇرپانلىق ئىكەنلىكىنى، تۈركچە كوماندا بېرىشنى ئۈرۈمچىدىكى بىر كىشىدىن ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئۆزىدىن ئۆزى كۈلۈپ كەتتى.

(3) ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىرەر مەقسەتتە چاققانلىق، ئەپچىللىك، ئۇستىلىق، تېزلىك بىلەن ئورۇنلىنىشىنى ۋە ئورۇنلانغاندىمۇ شۇنداق ئورۇنلانغان ھەرىكەتنىڭ چېكىگە يېتىشىنى، مەقسەتكە، نەتىجىگە ئېرىشىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا، نېزەرخان غوجامنىڭ بۇ ئارزۇلۇق خوتۇنى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ كاتتا بېيى، ياشىنىپ قالغان يېڭى ھاكىمغا توقاللىققا تېگىۋالدى.

b. بىزدىن تارتىۋالدى، بۇلىۋالدى، ئالدىۋالدى.

c. تورغاي سايرىغان مەھەللىدە ئۇلار مارالبېشى تەۋەسىدىكى





چىتلىق دېگەن غورا توغراقلىقىغا يېتىۋالدى.

d. قائىدە بويىچە، ئەلچىلەرنىڭ قورال - ياراغ ئېلىپ مېڭىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغىنىغا قارىماي، ئۇ ئېتىنى ئېگەرلەۋېتىپ، نېمىشقىدۇر بىر خەنجەرنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن، ئېگەر بىلەن توقۇمنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالدى.

(4) ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. يامغۇر بەك قاتتىق يېغىپ كەتكەندى، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدۇق.

b. سوپاخۇن كاتتا مەرگەن، ئۇ تاشنىڭ دالدىسىدا تۇرۇۋېلىپ قورغان ئىچىدە كۆرۈنگەنلا دۈشمەننى تىك چۈشۈرىۋەردى.

c. ئاتلىق ماڭغان چاغلىرىدا شاقورمال بىلەن ياڭ ئاخۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلاردىن شىنجاڭ توغرىسىدا تۈرلۈك - تۈمەن سوئاللارنى سوراپ ماڭاتتى.

(5) بەزى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ يالغاندىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇ ئۆزىنى مەن ئابدۇكېرىمنىڭ ئاكىسى دەۋېلىپ خېلى ئىشلارنى پۈتكۈزدى.

b. ئۇ ئاخشام باشلىقلار مەسلىھەت قىلىشقاندا، ھەممە گەپنى تاش يېنىدا يالغان ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ تولۇق ئاڭلىدى.

3) [-(i)vär-]

مەنىسى

ھەرىكەتنىڭ چەكلىمىسىز بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ياكى چەكلىمىسىز داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «- ۋەر - \ - مۋەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ «- پ»لىق رەۋىشداش

شەكىلگە تۈس ياردەمچىسى «بەر - » قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. مەسىلەن:

سۆزلە+ۋەر ← سۆزلەۋەر - ، ياز+ىۋەر ← يېزىۋەر - .

ئىشلىتىلىشى

(1)ھەرىكەتنىڭ چەكلىمىسىز بارلىققا كېلىشى ياكى چەكلىمىسىز داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ــ ۋاي قىزىم ــ دېدى موماي، ــ ئادەم دېگەن توققۇزى تەل، دۆلەتمەن بولسىلا بەختلىك بولىۋەرمەيدۇ.*

*b. مەن بۇ ئىشلارنى كىچىككىمدە قورچاق ئوينىغىنىمدەك بىپەرۋالىق بىلەن قىلىۋەردىم.*

*c. ــ ھوي، تولا غوجام - غوجام دەۋەرمىگىنە، غوجىلارنى كۆرسەم مېنىڭ بېشىم ئاغرىيدۇ.*

*d. سەن ھە دېسىلا مەندىن گۇمانلىنىۋەرمە.*

(2) پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئاساس شەكلى ئاساسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىل ھەرىكەتنى ئورۇنلىماسلىق ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. يازمىسام يازماۋېرىمەن.*

*b. كەلمىسەڭ كەلمەۋەر.*

[-GA bašla-/tur-]/[-Gili bašla-/tur-] (4

مەنىسى:

ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىلنىڭ « - غىلى»لىق رەۋىشداش شەكلىگە ياكى يۆنىلىش كېلىشتىكى « - ش»لىق ئىسىمداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «باشلا - » نىڭ قوشۇلۇشى ياكى « - غىلى» لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس





ياردەمچىسى «تۇر - » نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يازغىلى باشلا - \ يېزىشقا باشلا - \ يازغىلى تۇر - ، كەلگىلى باشلا - \ كېلىشكە باشلا - \ كەلگىلى تۇر - ، ئوقۇغىلى باشلا - \ ئوقۇشقا باشلا - \ ئوقۇغىلى تۇر - .

ئىشلىتىلىشى:

ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. تەكلىماكاندىكى بۇ يۇرتتا سۇس ياغىدىغان سىېرىق قاردىن كېيىنلا ھاۋا بىراقلا ئىللىشقا باشلايدۇ.*

*b. تۈن تەڭدىن ئاشقاندا مەشتىكى ئوت ئۆچۈپ، ئۆي سوۋۇشقا باشلايتتى.*

*c. بۇ يەردە 3 - ئاي كىرىشى بىلەن گۈللەر ئېچىلغىلى باشلايدۇ.*

*d. ئەمدى ئۇ كەپتەردەك قالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئەسەبىي ئايلانغىلى، ئوڭ - تەتۈر چۆرگىلەپ ئۇزمەستىن كالتە - كالتە چىرقىرىغىلى باشلىدى.*

*e. ئۇلار ئادەملەرنى بىر - بىرلەپ سىنچىلاپ قاراپ، يانلىرىنى، خۇرجۇن - قاچىلىرىنى ئاختۇرغىلى تۇردى.*

*f. قوچقارلار بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ، تۇمشۇقىنى يالاپ بۇرقىراپ يەرنى چاپچىغىلى، باش بېغىنى تارتقىلى تۇردى.*

[-vät-] (5

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق ئورۇنلىنىشىنى، قايسى تەرىقىدە، قانداق ئۇسۇلدا ئورۇنلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « - ۋەت - \ - ۋەتى - » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن

ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ « - پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى «ئەت - »نىڭ قوشۇلۇشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە هاسىل بولغان. مەسىلەن، تاشلا - + - ۋەت - ← تاشلىۋەت - ، ياز -+ - ىۋەت - ← يېزىۋەت - ، كۆر -+ - ۈۋەت -← كۆرۈۋەت - ، تۆلە - + - ۋەت - ← تۆلىۋەت - - .

بۇ شەكىلنى هاسىل قىلغۇچى تۇس ياردەمچىسى «ئەت -» هەققىدە خەمىت تۆمۈر ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ:

بۇ يەردىكى «ئەت - » قارىماققا «تاماق ئەت - » دېگەن بىرىكمىدىكى «ئەت - » پېئىلى بىلەن بىردەك كۆرۈنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گىراماتىكا ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىي «تاماق ئەت - » دېگەن بىرىكمىدىكى «ئەت - » دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. لېكىن، مەنە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ياردەمچى پېئىل رولىدىكى «ئەت - » بىلەن «تاماق ئەت - » دېگەن بىرىكمىدىكى «ئەت - »نىڭ هېچقانداق ئالاقىسى يوق. ياردەمچى پېئىل رولىدىكى «ئەت - » بەزىدە ياردەمچى پېئىل رولىدىكى «تاشلا - » بىلەن مەنىداش كېلىدۇ.(مەسىلەن، كۈلۈۋەتتى = كۈلۈپ تاشلىدى)، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپان شېۋىسىدە ياردەمچى پېئىل «ئەت - » ئورنىدا «ئات - » قوللىنىلىدۇ (مەسىلەن: كۈلۈۋەتتى). بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىي «ئات - » بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. سوۋېت تۈركولوگى ئەمىر نەجىپ ئۆزىنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى » دېگەن ئەسىرىدە بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىي «ئەۋەت - » دەپ هېسابلىغان. بۇ پىكىرنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار، چۈنكى، بىرمۇنچە تۈركىي تىللاردا بۇ ياردەمچى پېئىل ئورنىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەۋەت - » پېئىلىغا توغرا كېلىدىغان پېئىل (مەسىلەن، ئۆزبېك تىلىدا «يۇبور - »، قازاق تىلىدا «جىبەر - ») قوللىنىلىدۇ. دېمەك بۇ





ياردەمچى پېئىلنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى يەنە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. [108]

ئىشلىتىلىشى:

(1) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - هەرىكەتنىڭ تولۇق تاماملىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. — ئاغزىڭغا توپا تىقىۋېتىمەن هەمزە، تولا چىشىمغا تەگمە.*

*b. زىكرى ئەلپەتتانىڭ دۇتارى، ئابدۇۋەلى جارۇللا دېگەن يىگىتنىڭ ئاۋازى، هەرقانداق جان ئىگىسىنى ئېزىۋېتىدۇ.*

*c. ئۇنىڭ ئۇزۇن پۇتلىرى ئالماشتۇرۇلغان، تىزلىرى پۈكۈلگەن، سوغۇقتىمۇ مەيدىسى ئېچىۋېتىلگەنىدى.*

(2) بەزىدە هەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز، ئۇزۇل - كېسىل ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتىم.*

*b. نىمە دەۋەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم.*

*c. هېلىقى لۈغەتتىن مەنمۇ بىرنى ئېلىۋەتتىم.*

*d. هەقىقەت ئادەمنى بەزىدە قەهرىمان قىلىۋېتىدۇ، بەزىدە بىچارە قىلىپ قويىدۇ.*

*e. غېنى باتۇر گەپ قىلغاندا هېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتەلمەيدۇ.*

(3) تۇس ياردەمچىسى «- ۋەت - » نىڭ مەنىسى بەزى چاغلاردا «كەت - »نىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلار ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللارغا قوشۇلۇش جەهەتتىنلا پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلارنى كۆچۈرۈۋەتتى.*

*(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇلار كۆچۈپ كەتتى.)*

*b. ئۇ بالىسىنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى.*

*(سىلىشتۇرۇڭ: ئۇنىڭ بالىسى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.)*

c. *مەن ئۇنى ئۆستەڭدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەلدىم.*

*(سىلىشتۇرۇڭ: ئۇ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدىم.)*

d. *ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالىنى ئويغىتىۋېتىسىلەر.*

*(سىلىشتۇرۇڭ: ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ.)*

e. *ئۆيىنى نېمانچە ئىسسىتىۋەتتىڭ؟*

*(سىلىشتۇرۇڭ: ئۆي نېمانچە ئىسسىپ كەتتى.)*

6) [-(X)p bär-]

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى، مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «- پ» لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى «بەر -»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ بەر - ، ئوقۇپ بەر - ، سۆزلەپ بەر - ، يىغلاپ بەر - ...

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشىنى، چەككە يېتىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *مىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ھەبىبۇل ئاكا يولدا كېتىۋېتىپ، بىر بوز ئايغىرنىڭ يىرىم كېچىدە يىلقىغا تەگكەن بىر يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭمۇ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.*

b. *ھاجى ئىجازەت بەرسە، شۇ ھېكايەتنى مەجلىس ئەھلىگە سۆزلەپ بەرسەم پايدىسى بولار دەيمەن.*





c. *ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ ھېكايىنى ئالدىرىماي، ئوقۇشلۇق قىلىپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.*

d. *بۇلتۇر مەدىكارلار توپ - توپ بولۇپ كېلىپ بەرگەچكە، كۈزلۈكنى كۆرمىدىم دەپ غەملىنىۋالغانىدى.*

[-(X)p bol-]

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، باغلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئاساسەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تولۇق پۈتۈشىنى، چەككە يېتىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «- پ» لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى «بول -»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ بول - ، ئوقۇپ بول -، سۆزلەپ بول -، يىغلاپ بول - ...

ئىشلىتىلىشى:

(1) بۇ شەكىل رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشىنى، چەككە يېتىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *قوماندانلىق ئىشتابى مۇشۇ خىلدىكى ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قەتئىي تۇسۇش تۇغرۇلۇق جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغۇچە، بىرقانچە كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنىپ بولدى.*

b. *ھەش - پەش دېگۈچە ئورۇس يېرىگە ئۈچ يۈز ئوقۇغۇچى چىقىرىپ بولدىڭىز.*

c. *چۈنكى، بىزنىڭ قويلىرىمىز چېگرادىن تېخى تولۇق ئۆتكۈزۈلۈپ بولمىغانىدى.*

d. *— باشقىچە بولۇپ كېتىپسەن، چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن.*

(2) بولۇشسىز شەكلىدە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ « ـ پ»لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن بىرىكىپ، شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش لازىملىقىنى ياكى سۇبيېكتىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاباسوف توغرا ئېيتتى: بىزگە ئورۇشنى زورلاپ تاڭسا، ئۇ چاغدا ئاخىرىغىچە ئېلىشماي بولمايدۇ.*

*b. — ئېلىخان تۆرەم جانابلىرىنىڭ گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى ئەنۋەر مۇسابايوف، — يىراقنى كۆزلىمەي بولمايدۇ.*

*c. بۇ بىر خەتەرلىك خاھىش، بۇنى چەكلىمەي بولمايدۇ.*

[-(X)pčiq-] (8

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئاساسەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تولۇق پۈتۈشنى، مەلۇم چەككە يېتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ « ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «چىق ـ » نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ چىق ـ ، ئوقۇپ چىق ـ ، ئۆلچەپ چىق ـ ، يىغلاپ چىق ـ ...

ئىشلىتىلىشى:

(1) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشنى، چەككە يېتىشنى، نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئىپادىلەيدۇ.

*a. — راستىكەن، تومۇرى سوقۇۋاتىدۇ، — راخمان قالماق مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن بالىنى يۇدۇپ گەمىدىن ئاچىقتى.*

*b. بۇگۈنكى پاجىئەلەر تەسۋىرلەنگەن بىرنەچچە بەتلىك*





*خاتىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى قۇرلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويدى.*

*c. ماتا قۇرۇپ قالغان تېرەك قوۋزىقىدەك سويۇلۇپ، بىلەكنىڭ بىر قات نېپىز تېرىسىنى سويۇپ چىقتى.*

*d. بىزنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىرى ئەلەمدە، بىرى قەلەمدە يېتىشىپ چىقسا، ئەل رازى.*

(2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ تاقىلىشىنى ياكى بىر شەيئىنىڭ پۈتۈن دائىرىسىگە تولۇق تاقىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرىكەتنىڭ تامامىلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. يەنە بىر ياقتىن مىڭدىن ئوشۇق ئاتلىق چېرىك شەھەر ئىچىدىن تارتىپ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنى، جاڭگاللىق ۋە قومۇشلارنى ئالا قويماي ئۇچ كۈنگىچە تىمىسقىلاپ چىقتى.*

*b. باغ ئىچى، كېۋەزلىك، قوناقلىقلارنى ئالا قويماي چامغۇر قازغاندەك قېزىپ چىقتى.*

*c. ئوغلاق باشلاشتىن بۇرۇن، ئوغلاق تاشلايدىغان يىگىتبېشىلىرى ئىككى تەرەپنىڭ ئېتىنىڭ بىر تال مويىغىچە بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ.*

(3) «يۈر ـ »، «ماڭ ـ »، «يۈگۈر ـ » قاتارلىق ھەرىكەت پېئىللىرىنىڭ « ـ پ» لىق رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ ئىچكىرىدىن تاشقىرىغا يۆزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. تەخمىنەن ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئالتۇن سوپاخۇن ئۆڭكى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ چىقىپ، بوسۇغا تۈۋىدە جىم تۇرۇپ قالدى.*

*b. ئۆيدىن بىر بالا يۈگۈرۈپ چىقتى.*

*c. ئۇۋىدىن بىر قۇش ئۇچۇپ چىقتى.*

(4) ئۆزى بىرىككەن رەۋىشداشنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ئاساسەن شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق بىر شەيئىنىڭ مەلۇم قىسمىنى، مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئايرىپ چىقىش ياكى كۆپ شەيئىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر شەيئىنى ئايرىپ چىقىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا شۇ ھەرىكەتنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. كەچقۇرۇن ۋاڭ تۈەنجاڭ تىزىملىك بويىچە يىغىتلەر ئارىسىدىن ئون بەش كىشىنى ئايرىپ چىقىپ، بىر يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزدى.*

*b. بۇ كىتابلاردىن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغانلىرىنى ئىلغاپ چىق.*

*c. ئۇلار شۇ بۇيرۇق بويىچە ھاجىنىڭ «جىنايىتى» توغرىسىدا موسكۋاغا يوللىنىدىغان ماتېرىيالنى تەييارلاپ چىقتى.*

(5) سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ چىقىشىنى ياكى كۆزگە كۆرۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. تاش تەگكەن يەر دەرھال ئىششىپ چىقتى.*

*b. نۇرغۇن كادىرلار يېتىشىپ چىقتى.*

*c. مۇسابىقىدە ئەخمەت ئۇزۇپ چىقتى.*

[-(X)p käl-] (9

مەنىسى:

ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى، ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزچىل ئورۇنلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەم ھەرىكەتنىڭ مەلۇم چەككە يەتمىگەنلىكىدەك پۈتمىگەن تۈسىنى ئىپادىلەيدۇ.





ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «كەل ـ» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ كەل ـ ، ئوقۇپ كەل ـ ، مىنىپ كەل ـ ، دەپ كەل ـ ...

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆز بولۇۋاتقان چاغقىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. تاغ گۈللىرى ۋە نەچچە يۈز يىللىق قارىغايلارنىڭ يىلتىزلىرىنى سۆيۈپ كەلگەن شوخ تاغ سۇلىرى گوياكى شەربەت.*

*b. شۇ ئوندىن ئىككى ئۇلۇش بۇغداي بىلەن شۇنچە جىق يەرلەرنىڭ دەنلىرىنى ھېكىمبەگ تۆلەپ كەلگەن.*

*c. جېنىمىزمۇ ياراغ، قېنىمىزمۇ ياراغ، نەچچە زامانلاردىن بۇيان ۋاڭ ـ غوجىلار مۇشۇ «كۆسەي» بىلەن ئەلنى قورقۇتۇپ، بوينىمىزغا مىنىپ كەلگەن.*

[-(X)p kör-/baq-] (10

مەنىسى:

ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ياكى مەلۇم ئىشتىن خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى «ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «باق ـ» ياكى «كۆر ـ» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بېرىپ باق ـ ، يېزىپ باق ـ ، كۆرۈپ باق ـ، دەپ باق ـ ، ئىشلەپ كۆر ـ ، سوراپ كۆر ـ ، دەپ كۆر ـ .

ئىشلىتىلىشى:

(1) ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ياكى مەلۇم ئىشتىن خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قامقاق باسقان يېرىنىڭ توپىسىنى ئالىقىنىدا ئۇۋۇلاپ پۇراپمۇ كۆردى.*

*b. سىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق دىپلوماتىك تەجرىبىلىرىڭىز بىلەن رۇس تىلىغا ماھىرلىقىڭىزنى بىر سىناپ كۆرەيلى.*

*c. بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىمىزمۇ ياكى سوقۇشۇپ كۆرىمىزمۇ؟*

*a. مەن سىلىنى سىناپ باقماقچىدىم. قېنى ئولتۇرسىلا.*

*b. قىرىپ باقايلى، قوغلاپ باقايلى، شەھەر سوراپ باقايلى-دە!*

*c. — ئەڭ چوڭ قۇربان بەرگەنمۇ بىز، ساناپ باقسام غۇلجا سوقۇشىدىلا گىمنازىيەنىڭ يىگىتلىرىدىن ئون ئىككىسى، قىزلىرىدىن ئىككىسى قۇربان بوپتۇ!*

(2) پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلىدىن «- پ باق -» شەكلى «- پ»لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىل سىناق تەرىقىسىدىكى بولۇشسىز ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ دورىنى بىرنەچچە كۈن ئىچمەي بېقىڭ.*

*b. تونامدۇ-تونۇمامدۇ دەپ گەپ قىلماي باقتىم.*

(3) سىناق تۈسلۈك ئاساس شەكلى بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەندە، ھەرىكەت سۇبيېكتىنىڭ شۇ ھەرىكەت بويىچە تەجرىبىسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قۇمۇل قومۇل بولغاندىن بۇيان بۇ يۇرتنىڭ بېشىغا ھېچقاچان مۇنداق زور دەھشەت كېلىپ باقمىغانىدى.*

*b. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ئەلۋەتتە.*





*c. بىرەر قېتىم ئاشۇ مىللەتنىڭ پايدىسى توغرىسىدا ئويلاپ باقتۇقمۇ؟*

(11 [-(X)p kät-]

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۇزۇل - كېسىل تاماملىنىشى، پۈتۈشى، ھەرىكەتنىڭ مەلۇم چەككە يېتىشى؛ ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسى ۋە داۋاملىشىشىنى ئادەتتىكى نورمال چەكتىن كۈچلۈك بولۇشى، ئېشىپ كېتىشى؛ ھەرىكەتنىڭ بىرنۇقتىدىن قارشى تەرەپكە ۋە ھەر تەرەپكە يۆزلىنىشى ھەم ئەينى ۋاقىتتا تاماملىنىشى، ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى تاماملىشى بىلەن باغلىق بولغان ھالدا شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قادىر ئىكەنلىكى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلىدىكى «- پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە «كەت -» ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، كۆلۈپ كەت -، تولۇپ كەت -، ئاغرىپ كەت -، يىتىپ كەت -، ئۇنتۇپ كەت -، تۈگىمەي كەت -، پۈتمەي كەت - ...

ئىشلىتىلىشى:

(1)سۇبيېكتىنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يۆنەلگەن ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كۆپىنچە «كەت -، ماڭ -، يۈر -، كۆچ -، چاپ -» قاتارلىق يۆنىلىش پېئىللىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا غوجانىياز ھاجى، مامۇت سىجاڭلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ گۇچۇڭ داۋنىنى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈپ كېتىدۇ.*

*b. ھېلىقى ئۆي ئىگىسى تۈگىگاندىن پۇلنى ئېلىۋالاي دەپ*

كەلسەم، يوق، كۆچۈپ كېتىپتۇ.

c. ھاجىنى مۇشۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرسا ئامان بولىدۇ، كېيىن يەنە ئۆيگە قايتىپ كېتىدۇ دەيدۇ.

d. ئەتىسىدىن باشلاپ بازار رايونىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە مۆتىۋەرلىرىدىن بىرمۇنچە كىشىلەر بىرقانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن تاغ تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

e. ھەمزە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئارقىسىدىكى ياش توغراقلىقتا چېپىپ كەتتى.

f. سۇلايمانوف قىزنىڭ يېنىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ.

g. ئۇ قېچىپمۇ كېتەلەيتتى، لېكىن، ئۇ قارىگىرنى تاشلاپ كېتەلمەيدۇ - دە!

(2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۈزۈل - كېسىل تاماملىنىشىنى، پۈتۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. چاڭ - توزان توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار كۆرۈنۈشى بىلەن قىيقاس - چۇقانلار كۈچىيىپ، بۇ مەنزىرە تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

b. روزى ئۇستا بىر ئۆينى دۇكان قىلىپ، ئۈچ شاگىرتى بىلەن ئوق ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.

c. ئەمدىلىكتە بولسا، بۇ پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

(3) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. ياسىن گاچىنى بېسىپ ئولتۇرغان ئىككى يىگىت تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى.

b. يازدا قۇم ئارىشاڭدا بولغان ئىشلار تولا دېيىلىپ كونىراپ كەتتى.

c. ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.





(4) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئادەتتىكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. تۈلكىنىڭ تەقسىماتى يولۋاسقا بەك يېقىپ كېتىپتۇ.

b. بىرئاز ھالىۋا قىلىپ بېرەي، ئەڭگىزلىرى ئېشىپ كېتىپتۇ.

c. — كەل توكۇر يىلپىز، توقسۇننىڭ ئىسسىقى جېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ - ھە!

(5) ئۆتۈمسىز پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىردىنلا ياكى پۈتۈنلەي ئورۇنلانغان ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. يۈرەك رىتىمسىزلىقى كۆرۈلىدۇ، ئاشقازاندىكى كېسەللىك ئۆزگىرىش ئوڭشالغاندا ئاغرىق يوقاپ كېتىدۇ.

b. بالىنى ئەللەي ئەتكەنسېرى قاتتىق ئۇخلايدۇ، قاتتىقراق ۋارقىرىۋەتسىڭىز، ئۇ جەزمەن ئويغىنىپ كېتىدۇ.

c. مۇشۇ دورىنى بىرنەچچە كۈن ئىچسىڭىزلا ساقىيىپ كېتىسىز.

(6) ئۆتۈمسىز پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى دەرىجە جەھەتتىن ياكى مۇناسىۋەتلىك باشقا جەھەتتىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتقان قولىغا قارىغىنا، تومۇرلىرى كۆپچۈپ كېتىپتۇ.

b. — ھە، ھېلىقى زىيەك دېگەننىڭ بالىسىما، ئۇنىڭ ئاپىسى چوڭ باينىڭ قىزى ئىكەن، ئانىسى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان.

c. ھاجىنىڭ كۆزلىرى غەزەپلەنگەن بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك يالت - يۇلت قىلىپ كەتتى.

d. ھەممەيلەن ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ

*كەتتى...*

*e. شۇ ئارىدا مەخسۇت مۇھەممەتنىڭ تورۇق ئېتى كۆكرىكىگە تەگكەن ئوقنىڭ زەربىسىدىن دومىلاپ كەتتى.*

(7) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تاسادىپىي، تۇيۇقسىز، مەقسەتسىز بېجىرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ھوشۇر يەردە يېتىپ، تاپانچىسىنى چىقارغاندا، توختىياز زور ئۇنىڭ قولىغا دەسسىگەنىكەن، بىر پاي ئوق ئېتىلىپ كېتىپتۇ.*

*b. بەزى ـ بەزىدە تۆگە كولدۇرمىلىرىنىڭ پەرىشان جاراڭلاپ كېتىشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.*

*c. ئۇنىڭغا قاراپ تاشلىغان كىشىنىڭ بەدىنى سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك شۇركۇنۇپ كېتەتتى.*

(8) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ياكى شۇ دائىرىدە تولۇق ئورۇنلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ھازىر شەھەرگە ئەسكەر يېغىپ كېتىپتۇ.*

*b. ئورۇسلار ئۇلارنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى، ئۆي بىساتىنى بۇلاپ كېتىدۇ.*

*c. ئۇنىڭ تۇرمىلىرى تولۇپ كېتىپ شەخسىي ئۆيلەر، بۇتخانىلارنىمۇ تۈرمە قىلىۋاپتەك.*

(9) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىراقلا باشلىنىپ داۋاملىشىپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ماڭايلى دەپ تۇرساق، يامغۇر يېغىپ كەتتى.*

*b. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.*

*c. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى.*

(10) سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ئىقتىدارى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





*a. غەيرەتلىك ئادەمكەن، شۇنچە جاپالارغا چىداپ كەتتى.*

*b. كۆچ دېگەنمۇ بار ئىكەن، شۇنچە ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كەتتى.*

(11) بىر قىسىم پېئىللارنىڭ «ـ پ»لىق بولۇشسىز رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىز ھالىتىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. سىنىڭ بۇ ئىشىڭ تۈگىمەي كەتتى.*

*b. قانداق كېسەلكىنە، ساقايمايلا كەتتىغۇ.*

[-(X)p maŋ] (12

مەنىسى:

ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى، ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى «ماڭ ـ»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ ماڭ ـ، خاتىرىلەپ ماڭ ـ...

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىز، ئىزچىل ئىپادىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ھەر ئايلىق گېزىتنى تۇپلەپ مېڭىۋاتىمەن.*

*b. ھەر ئايلىق كىرىم ـ چىقىمنى خاتىرىلەپ مېڭىۋاتىمەن.*

*c. كۈندىلىك مۇھىم ئىشلارنى يېزىپ مېڭىۋاتىمەن.*

[-(X)p oltur-] (13

مەنىسى:

ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ

ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى، ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشىنى، داۋاملىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى «ئولتۇر ـ »نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ ئولتۇر ـ ، ئويناپ ئولتۇر ـ ، ئاياپ ئولتۇر ـ ...

ئىشلىتىلىشى:

(1) بۇ شەكىل ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىز، ئۇزاققا سوزۇلۇشىنى ئىپادىلەيدۇ، كۆپىنچە بولۇشسىز شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ باشقىلاردەك كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلاپمۇ ئولتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن تەمەسىمۇ يوق.*

*b. خەير، مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرماي، كەلگۈسى تارىخ بۇ ھەقتە توغرا ھۆكۈم چىقىرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.*

*c. ئوقنىڭ كۆزى يوق، ئۇ ساڭا ھېچنېمىنى ئەسكەرتىپ ئولتۇرمايدۇ.*

(2) ھەرىكەت ئۇچۇن ۋاقىت سەرپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ مەسىلىلەرنى مەن دەپ ئولتۇرمىساممۇ سىلەر بىلىسىلەر.*

*b. ھازىر مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس.*

*c. بۇ مەسىلىلەرنى مەن دەپ ئولتۇرمىساممۇ سىلەر بىلىسىلەر.*





14) [-(X)p öt-]

مەنىسى:

ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى، ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ پۈتۈشىنى، مەلۇم چەككە يېتىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى «ئۆت ـ »نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، توختىلىپ ئۆت ـ ، ئوقۇپ ئۆت ـ ، سۆزلەپ ئۆت ـ ...

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ پۈتۈن جەريانىنىڭ بىر قېتىم ئورۇنلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوسمانىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى نۇرلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىغا نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە؟*

*b. ھاجى مەھمۇت مۇھىتىنى «تۇرپان پىدائىيلىرىنىڭ سەركەردىسى، مېنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىم» دەپ تونۇشتۇردى ۋە موسۇل ھاجىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.*

*c. ئات ئۈستىدە ئويناپ ئۆتكەن مۇختەر باي مانا ھازىر قايتىدىن قۇياش نۇرىغا ئېرىشتى.*

15) [-(X)p qal-]

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلىشىشى، تاماملىنىشى، نەتىجىگە ئېرىشىشى، بىر چەككە يېتىشى، دائىملىق ئىشقا ئايلىنىشى، تاسادىپىي، جىددىي

ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلىنىشى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدىكى « ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە «قال ـ » ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇخلاپ قال ـ ، بىلىپ قال ـ ، سوۋۇپ قال ـ ، يۆتىلىپ قال ـ ، ئاغرىپ قال ـ ، كۆرۈپ قال ـ ، كەلمەي قال ـ ، ئۇقماي قال ـ ، بىلمەي قال ـ ...

ئىشلىتىلىشى:

بۇ خىل شەكىلدىكى تۇسلۇك ئاساس شەكلى تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

(1) ئۆتۈمسىز ھەرىكەتلەرنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلىششىنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ شەكىل قوللىنىلغاندا، گەپ سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلىشى ئۇستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ھالەتتە تۇراقلىششى ئۇستىدە بارىدۇ. مەسىلەن، «ئۇلار سائەت 11دە ياتىدۇ.» دېسەك، بۇ يەردە سۇبيېكتىنىڭ «يات ـ » ھەرىكىتىنى ئورۇنلىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، ئەگەر «تېزرەك بارايلى، بولمىسا ئۇلار يېتىپ قالىدۇ.» دېسەك، بۇ يەردە سۇبيېكتنىڭ «يات ـ » ھەرىكىتىنى ئورۇنلىغان ھالەتتە تۇراقلىششى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق:

*a. بۇ قىلىچنى مەڭلىكمۇ تۇتالماي ئۇخلاپ قالدى، ئەمدى بۇنى سىلەر نېمە قىلىسىلەر؟*

*b. قېچىر مىنگەن ھېلىقى كۆزەينەكلىك كىشى بولسا كۆزىنى تۇتقان پېتى ئېگەرنىڭ بېشىغا ئېڭىشىپ قالغانىدى.*





*c. ئاستا ـ ئاستا ئۇ خەتكە بېرىلىپ كېتىپ، چېپىنىڭ سوۋۇپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى.*

(2) ھەرىكەتنىڭ دائىملىق ئىشقا ئايلىنىپ قېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كەلگەندە كۆپىنچە ئورۇنلىنىش جەريانىنى ئۇزارتقىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

*a. سويى مەرگەننى ئايىنىپ قاپتۇ دەۋاتامدۇ، ئايىنىپ قالسىمۇ قالغاندۇ، بالا دەردى يامان، دۇنيالىقتا تىكەندەك بىر تال بالىسىنىڭ دەردىنى قانداق ئۇنتۇغاي!؟*

*b. بۇ يور كۆتەك لىڭشىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.*

*c. يۆتىلىپ قاپسەنغۇ، نېمە بولدى؟*

*d. مېنىڭ ئىككى تال چىشىم مىدىرلاپ قالدى.*

(3) ھەرىكەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا تاسادىپىيلىق تۇسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىز ئۇنى قوچقار دەپ يۈرۈپتىمىز، ئۇ ئەركەك ساغلىق چىقىپ قالدى.*

*b. بىراق ئەمدىلا يۇرت ئىچىدىن چىققاندا، تۇخنىياز زور باشلاپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.*

*c. مانا شۇ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كۈنلەردە يەنە كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قالدى.*

*d. بىردىنلا ئارقا تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى.*

(4) سۆزلىگۈچىنىڭ ھەرىكەت مۇشۇ بىر قېتىم بىلەن چەكلىنىشى مۇمكىن دېگەن ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ناخشىڭىزنى بىزگىمۇ ئېيتىپ بېرىڭ، بىزمۇ بەھرىمەن بولۇپ قالايلى.*

*b. ئىنتايىن ياخشى كىتاب ئىكەن، ئەپسۇسكى بىرلا قېتىم*

ئوقۇپ قالدىم.

(5) ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغانلىقىنى ياكى ئورۇنلىنىشىغا ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئارىيا ـ بۇغداي ئاش ئىكەن، ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن دېگەن زامانلار يەنە كېلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.*

*b. بېنزىن تۈگەپ قالدى، ئالدىمىزدىكى بېكەتتىن ماي جىقلىساق بولغۇدەك.*

*c. شۇ ئارىدا ئۇرۇمچىنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئەتىۋارلىق يېزى تۈگەپ، كۆز كىرىپ قالدى.*

*d. بۇ بىنامۇ پۈتۈپ قالدى، بىر ـ ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە كۆچۈپ كىرىمىز.*

(6) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز ياكى مەقسەتسىز ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مۇختەر باي ماسىلىڭنىڭ ئات باقارى بولۇپ قالدى.*

*b. بىرلا ئېلان بىلەن ئۇنىڭ داڭقى چىقتى، ئۇ بىر سىرلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.*

*c. نىكولكىنىڭ تېنى جىغ قىلىپ قالدى: قىزىمۇ رۇس يىگىتنىڭ قورالغا كۆز سالغىنىنى كۆرۈپ قالدى.*

*d. ـــ بەلكى غەم تولا بولغاچقا شۇنداق ئويلاپ قالغاندىمەن.*

(7) ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەكىلدە نەتىجىلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇنداق قىلىپ، جىنەستىخان ئاخۇنبەگنىڭ كىچىك خوتۇنى سۈپىتىدە قومۇلغا كېلىپ قالدى.*

*b. دورغىلار ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان لاتا قورچاقتا ئوخشىشىپ قالدى.*

*c. ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى يىلتىزسىز قامغاقتا ئوخشاپ قالامدۇ؟*

*d. زىياۋۇدۇن خېلى كۈتتى، رەيھان چىقمىدى، ئۇ رەيھاننىڭ*





*پات ـ پاتلا شا بولۇپ قالىدىغىنىنى، بۇ شا بولۇشىنىڭ بۇ يىل كۆپىيىپ قالغىنىنى بىلەتتى.*

(8) بۇ خىل تۈس شەكلى «ـ پ»لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن بىرىكىپ، سۈبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى قىلالمايدىغان ھالەتكە بېرىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ياكى شۇ بولۇشسىز ھەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

*a. خېنىيا سايىت خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالماي قالدى.*

*b. شاھلىق بېگىم غوجامنىڭ يانچىلىرىنى باشقۇرالماي قالسىلا مۇختەر باينىڭ دادىسى رەھمىتى ئوسمان ھاجىغا يالۋۇراتتى.*

*c. ئالۋان ـ ياساقنىڭ كۆپلۈكىدىن جان قويغۇدەك يەر تاپالماي قالغاندۇق!*

*d. روزا موللا قەغەزنى كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ تىترەپ ئۆرە تۇرالماي قالدى.*

(9) بىر قىسىم پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە قوشۇلۇپ، ھەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسى بېرىدۇ ياكى ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىزلىقىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بۇ ھويلىدا نەزىر بولغان كۈنى ئاياللار، بولۇپمۇ، مۇختەر باينىڭ خوتۇنى، قىزلىرى شۇنچىلىك يىغلاشتىكى، نۇرىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى.*

*b. قارا ساقال ئادەم شۇلارنى دەپ بولغۇچە، ئۇلارنىڭ ئىت تالىشۋەتكەن ھەمراھى بولالماي قالدى.*

*c. ئۇ كەلمەي قالسا بىلەتنى ساڭا بېرەي...*

(10) «ـ پ»لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ چوقۇم بولۇشىنى ياكى بولۇشلۇق

مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق قىز بالا ھەۋەسلەنمەي قالمايدۇ.*

*b. ستالىن بۇ ئىشلارنى بىلدى، ئەمدى جازالىماي قالمايدۇ- دە،*

*c. بۇ ئىشنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق ئۇمۇ ئاڭلىماي قالمىغاندۇ؟*

*d. چوپچوڭ ئادەم بۇنچىلىك ئىشنى بىلمەي قالامدۇ.*

16) [-(X)p qoy-]

مەنىسى:

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلاشقانلىقىنى، تاسادىپىيلىقنى، ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلىدىكى «- پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە «قوي -» ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاڭلاپ قوي - ، يېزىپ قوي - ، بېرىپ قوي - ، سوراپ قوي - ؛ ئاڭلىماي قوي - ، بەرمەي قوي - ، تاپماي قوي - ...

ئىشلىتىلىشى:

بۇ خىل تۇسلۇك ئاساسەن تۆۋەندىكىچە ئىشلىتىلىدۇ:

(1) ئۆتۈملۈك پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. «قوي -» ياردەمچى پېئىلنىڭ بۇ مەنىسى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان «قال -» ياردەمچى پېئىلنىڭ 1 - ماددىسىدىكى مەنىسى بىلەن ئوخشايدۇ. «قوي -» بىلەن «قال -»نىڭ بۇ نۇقتىنىڭ ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن، كېيىنكىسىنىڭ ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغانلىقى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەنسەپ بېرىپ ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇپ قويدىڭىز.*

*(سېلىشتۇرۇڭ: مەنسەپكە چىقىپ ئۆيۈم تارلىشىپ قالدى.)*





*b. بىر قىسىم مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىپ، باشقىلىرىنى تاشلاپ قويساق بولمايدۇ.*

*(سېلىشتۇرۇڭ:... باشقىلىرى تاشلىنىپ قالسا بولمايدۇ.)*

*c. دىققەت قىلمىساق بىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.*

*(سېلىشتۇرۇڭ: دىققەت قىلمىساق پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز.)*

(2) ئۆتۈملۈك پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتلەرگە تاسادىپىيلىق تۈسى كىرگۈزىدۇ، دېمەك، «قوي -» ياردەمچى پېئىلنىڭ بۇ مەنىسى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان «قال -» ياردەمچى پېئىلنىڭ 3 - ماددىسىدىكى مەنىسى بىلەن ئوخشايدۇ، «قوي -» بىلەن «قال -»نىڭ بۇ نۇقتىنىڭ ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن، كېيىنكىسىنىڭ ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغانلىقى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭغا تەگمەڭ، بۇزۇپ قويىسىز.*

*(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇنىڭغا تەگمەڭ، بۇزۇلۇپ قالىدۇ.)*

*b. سوغۇق سۇ ئىچمەڭ، ئاغرىتىپ قويىدۇ.*

*(سېلىشتۇرۇڭ: سوغۇق سۇ ئىچمەڭ، ئاغرىپ قالىسىز.)*

(3) ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئىش ئۈچۈن ئالدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۈنۈگۈن كىتابخانىدا بىر كىتاب كۆرۈپ قويدۇم، ئەتە بېرىپ سېتىۋالىمەن.*

*b. يىغىن زالىنى تەييارلاپ قويۇڭلار، چۈشتىن كېيىن يىغىن ئاچىمىز.*

*c. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىپ، ئوغىسىنى تېخىمۇ قايىنىتىپ قويىدى - دە، جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشتى.*

(4) ئىش - ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئۆلسەم، ئۆلۈكۈمنى تاغدا قويۇڭلار،*
*تاغ يولى يىراق كەلسە، باغدا قويۇڭلار،*
*يۈزۈمنى قىبلە سايان ئاچىپ قويۇڭلار،*
*بېشىمغا بىر دەستە گۈل سانجىپ قويۇڭلار.*

*b. بالامنىڭ گۆشى ئۆزلەننىڭ، سۆڭىكى مېنىڭ، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ قويسىلا.*

*c. جۈملىدىن قالغان يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرىدىغان چارىنىمۇ ئويلاپ قويدۇم.*

*d. يىگىتلەر يىغا - زار بىلەن بۇ جەسەتلەرنى بىر تۈپ قېرى يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە قاتار قىلىپ كۆمۈپ قويۇشتى.*

(5) ھەرىكەتنىڭ مۇنداقلا بىر بولۇپ ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. لىيۇسىجاڭ بولسا، گاھىدا مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى، گاھىدا «ئانداق بولسا، كۆپرەك دىققەت قىلىپ يۈرۈڭ، سىز دېگەن يىڭجاڭ، ئۇنى قاتتىق تۇتۇڭ، ئۇنىڭدىن مەسىلە چىقىپ قالسا سىزنى تۇتىمەن» دەپ قوياتتى.*

*b. ھاجى ئۇنىڭغا جاۋابەن: — ئازار يەپ كېلۈرسىزمىكىن، — دەپ قويدى.*

*c. سالى دورغا ھاجىنىڭ كۆزىگە ئەندىشىلىك قاراپ قويدى.*

*d. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.*

(6) بۇ مەنىدىكى «قوي - » ياردەمچىسى كۆپ ھاللاردا ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا رەسمىيەتچىلىك ياكى ئەھمىيەتسىزلىك تۈسى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

*a. چاقچاق قىلىپ قويسام، خاپا بولۇۋاتىدۇ.*
*b. ئەپۇ سوراپ قويساڭ بولدى ئەمەسمۇ؟*
*c. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ قويمىساق بولماس.*

(7) بەزى پېئىللارنىڭ « - پ»لىق بولۇشسىز رەۋىشداش





شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتكە قەتئىيلىك تۈسى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ خىيالىغا سەبىخە كېلىش بىلەن ئۆيدە ئولتۇرالماي قالدى.*

*b. پۇل بەرسەم ئالماي قويدى.*

(8) بولۇشسىز شەكلىدە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ « - پ»لىق بولۇشسىز رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلىماي تىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قاپلان قاچانلا بولسا قاپلان، ئۇ قولغا ئۆگىنىدىغان نېمە ئەمەس، بۇ قاپلان ئۆز ماكانىنى تاپماي قويمايدۇ.*

*b. چيۇسىلىڭدەك ئوغرى، قاتىللارغا خەلقنىڭ كۈچىنى تونۇتۇپ قويماي بولمايدۇ.*

*c. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقتى، ئۇ بىردىنلا يېنىدىكى دوستىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ: — مەن قەسەم قىلىمەن، بۇ ئىنتىقامنى ئالماي قويمايمەن، ئىنتىقام ئالمىسام ئادەم ئەمەسمەن! — دەپ ھۆڭرەپ يىغلىدى.*

(9) ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۇس ئورۇنلىنىشىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، تۈۋاقنى ئاچتى.*
*b. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، گېپىنى باشلىدى.*
*c. مەن قولۇمدىكى كىتابنى قويۇپ قويۇپ، تېلېفوننى ئالدىم.*

[-(X)p tur-] (17

مەنىسى:

ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى،

ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشىنى، داۋاملىششىنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بەزىدە رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم چەك ئىچىدە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ « - پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى«تۇر - »نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ تۇر - ، ئويناپ تۇر - ، ساقلاپ تۇر - ...

ئىشلىتىلىشى:

(1) بۇ شەكىل ھەرىكەتنىڭ تەكرار، كۆپ قېتىم بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ ئالدىدەك يۇمىلاق يۈزى بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر قايغۇ - ئەلەم تۇمانلىرى قاپلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.*

*b. ھەيدەر ئەپەندى سارىخاننىڭ تارتىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، « ئېلىڭ، ئېلىڭ، مەنمۇ قارشىپ تۇرىمەن، پات - پات كېلىپ تۇرىمىز » دەپ كۈلۈپ قويدى.*

*c. قۇربان تەڭرىتاغلىرىنىڭ قىش - يېزى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان بىر داۋىنىدىن ئېشىپ بولغۇچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ.*

*d. ئۇلارنىڭ چىراي - شەكلى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىدىن ياقا يۇرتلۇق ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.*

(2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەت ۋە ھالەتنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى بىلەن مۇلايىم ئاۋازىدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.*





*b. ئىبردىنىبات ئىتنىنى توسۇپ تۇرغاندا، مالچى ئوراغاي چۇشمەي تۇرۇپلا «سىزگە مېھمان باشلاپ كەلدىم» دېدى.*

*c. قارا قېچىرنىڭ بوينىدىكى زىل قوڭغۇراق پۈتۈن مەھەللىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.*

(3) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى، مەلۇم ۋاقىت چېكى ئىچىدە ئورۇنلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن كەلگۈچە ساقلاپ تۇر.*

*b. تەتىل توشقۇچە ماڭا ياردەملىشىپ تۇر.*

*c. ھازىرچە بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمەي تۇر.*

[-(X)p tašla-] (18

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى، ئۇسۇلى، جەريانى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى، مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۇسلۇك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ « - پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى «تاشلا - » نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ تاشلا - ، كۆلۈپ تاشلا - ، چۇۋۇپ تاشلا - ، تىللاپ تاشلا - ...

ئىشلىتىلىشى:

بۇ شەكىل تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

(1) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تېز، ئۈزۈل - كېسىل تاماملىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۆزلىرىنى كاتتا ھېسابلايدىغان دەۋر قەھرىمانلىرى بەزىدە ئاددىي ئىشلاردا ئۆزلىرىنىڭ سۈنئىي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ياۋۇز قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.*

*b. ئۇمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، «ئاپام مېنىڭ قارا تۇغۇلۇپ*

*قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، قىزلار تەگمەي يۈرمىسۇن دەپ يۈزۈمگە بىر ئىتەك چىچەكنى سىپىپ تاشلاپتىكەن» دەپتۇ.*

*c. ئۇ سىرت بىلەن بولىدىغان پۈتۈن ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، پەيلى يامان.*

(2) «تاشلا -» پېئىلى تۈس ياردەمچىسى رولىدا كەلگەندە، يۇقىرىدىكى «ئەت -» ياردەمچى پېئىلى بىلەن مەنىداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. گۇمان كۆپ، غېنى ئاكام ساقچى ئىدارىسىگە بىر ئاي ئىچىدە قاتىللىنى تاپىمساڭلار ھەممىڭنى ئېتىپ تاشلايمەن (ئېتىۋېتىمەن) دېگىلىمۇ مانا تۆت ئاي بولدى، ھېچكىم ئېتىلمىدى.*

*b. ما جۇڭيىڭ ئەسىرلەرنىڭ قېرى - چۈرى ۋە ئاقساق - چولاقلىرىنى شاللاپ تاشلاپ (شاللىۋېتىپ)، كارغا كېلىدىغانلىرىنى ئۆز قىسمىغا قوشۇۋالدى.*

*c. ئامەت دېگەن شۇنداق نېمىكەن، قارىماسىز، پەقەت ئىككىلا كىشى شۇنچە چىرىكنىڭ ئالدىنى توسۇپ، چېكىندۈرۈپ تاشلاپتۇ (چېكىندۈرۈۋېتىپتۇ.)*

19) [-(X)p yat-]

مەنىسى:

ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى، ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۇزاقىقا سوزۇلۇشىنى ياكى شۇ ھالەتتە تۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «- پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى «يات -»نىڭ





قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، چېچىلىپ يات -

ئىشلىتىلىشى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشىنى ياكى شۇ ھالەتتە تۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن:

كىتابلار يەردە چېچىلىپ ياتىدۇ.

20) [-(X)p yür-]

مەنىسى:

رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەت بىلەن شۇ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى، ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشىنى، داۋاملىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىللارنىڭ «- پ»لىق رەۋىشداش شەكلىگە «يۈر -» ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، يېزىپ يۈر -، ئويناپ يۈر -، ئوقۇپ يۈر، سۆزلەپ يۈر - ...

ئىشلىتىلىشى:

(1) بۇ شەكىل ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىز، ئۇزاق داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يۈرگىنىدە، كېيىن ساۋەندە مۇئەللىم بولۇپ يۈرگىنىدە خەنزۇ تىل - يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنىدى.*

*b. ئۇ بۇ يىگىرمە ئالتە ياشلىق، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان كېلىشكەن يىگىتنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنمەكتە ئىدى.*

*c. چېدىر ئەتراپىدىكى مۇھاپىزەتچى چېرىكلەر شىۋىرغاننى ئارقىسىنى قىلغان ھالدا مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ، دۈگدىيىشىپ*

*يۈرەتتى.*

(2) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋارە بولۇش، جاپا چېكىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ئېغىر نەرسىنى نەلەردە كۆتۈرۈپ يۈرەي، مەشەدە قالسۇن.*

*b. تەييار كىتابتىن ئالساڭ بولىدى ئەمەسمۇ، كۆچۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟*

(3) سۆزلىگۈچىنىڭ بۇ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى زادى كۈتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ھامان تەئەججۈپلەنگەن، مازاق قىلغان تەرزدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. نېمە دەپ يۈرىدۇ. ما ئادەم!*

*b. تۈزۈك يازساڭچۇ، نېملەرنى يېزىپ يۈرىسەن !*

(4) بۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ھامان بۇيرۇق – تەلەپ مەيلىدە كېلىپ، ئالاھىدە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ يۈرمە، يەنە !*

*b. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈرمە يەنە!*

(5) پېئىلنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ قۇرۇلما ئاساسەن رەۋىشداش شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.) مەسىلەن:

*a. ئىشلىمەي يۈرۈپ ئىشتىن چىقىپ قاپتىمەن.*

*b. ئۇنىماي يۈرۈپ ئاخىر ئۇنىدى.*

(21 ـ [-(X)vat-]

مەنىسى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ئاساس شەكلى ئاساسىدا





ياسالغان سۈپەتداش، ئىسىمداش شەكىللىرى ۋە ھال ـ زامان شەكىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا باشقا ھاللىق سۈپەتداش، باشقا ھاللىق ئىسىمداش ۋە باشقا ھال ـ زامان شەكىللىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقانلىق ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىپادىلىنىشى:

پېئىلنىڭ بۇ خىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ۋاتـ ـ \ ـ ىۋاتـ ـ \ ـ ۇۋاتـ ـ » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ «ـ پ» لىق رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلغان تۈس ياردەمچىسى «ياتـ ـ»نىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. مەسىلەن: ئوينا ـ+ ـ ۋاتـ ـ ← ئويناۋاتـ ـ ، ياز ـ+ ـ ىۋاتـ ـ ← يېزىۋاتـ ـ ، قۇر ـ+ ـ ۇۋاتـ ـ← قۇرۇۋاتـ ـ ، كۆر ـ+ ـ ۇۋاتـ ـ← كۆرۈۋاتـ ـ .

ئىشلىتىلىشى:

(1)پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئاساس شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئاساس شەكلى ئاساسىدا ياسىلىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىراق ئۇنى بىر يوشۇرۇن كۈچ بۇ يەردىن كېتىشكە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىماسلىققا ئالدىرىتىۋاتاتتى.*

*b. دۇنيادا نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ھېچكىم، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ.*

*c. ــ زاكىرخان غوجام دوتەي بولغاندىن بېرى مەن كۆرۈشەلمەيۋاتىمەن.*

(2) پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئاساس شەكلى ئاساسىدا ياسىلىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *خەت يېزىۋاتمايمەن، ماقالە يېزىۋاتىمەن.*

b. *ئۇلار ئويناۋاتمايدۇ، ئىشلەۋاتىدۇ.*

c. *سىزنى تونۇمايۋاتمايمەن، تونۇۋاتىمەن.*

(3) « - غىلى»لىق رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇ بېرلىننى قورشاپ ھۇجۇم باشلىغىلىۋاتىدۇ.*

b. *بۇنى گومىنداڭنىڭ ياراتقۇچىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىم ئوتتۇرىغا قويغان، جياڭ جۇشى ئەمەلگە ئاشۇرغىلىۋاتقان بۇ كاتتا سىياسىي غەمخورلۇق تارىختا كۆرۈنگەنمۇ؟*

c. *ئەسكەرلەر ماشىنىدىن چۈشكىلىۋاتسا، مەن ئوق ملتىقى بىلەن بىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتۇم.*

d. *— ئورۇسلار بىزنى ئاتقىلىۋاتىدۇ!*

«ياڭ - »، «ئولتۇر - »، «تۇر - » قاتارلىق شەكىللەر تۈس ياردەمچىسى رولىدا كەلگەندە، پېئىلنىڭ چېتىلمە رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، خۇددى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان تۈس قوشۇمچىسى \ - vat - \ قا ئوخشاشلا پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئاساس شەكلىنى ياساپ، ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، تۆرلىنىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى سۇبيېكتنىڭ ھەرقانداق ھالەت ئاستىدىكى ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل بولسا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۇبيېكتنىڭ ياتقان، ئولتۇرغان، تۇرغان، ۋە ئۇيان - بۇيان يۈرگەن ھالەتتىكى ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىزچىل ھەرىكەت ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى





ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىزچىل ھەرىكەتكە قارىغاندا كونكرېت بولىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قۇرۇلمىدا ياردەمچى پېئىللار ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇ كارىۋاتتا كىتاب ئوقۇپ ياتىدۇ.*

*( سېلىشتۇرۇڭ :ئۇ كارىۋاتتا كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.)*

b. *ئۇلار سىنىپتا دەرس تەكرار قىلىپ ئولتۇرىدۇ.*

*( سېلىشتۇرۇڭ :ئۇلار سىنىپتا دەرس تەكرار قىلىۋاتىدۇ.)*

c. *ئەخمەتلەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا پاراڭ سېلىشىپ تۇرىدۇ.*

*(سېلىشتۇرۇڭ: ئەخمەتلەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا پاراڭ سېلىشىۋاتىدۇ.)*

d. *باللار ھويلىدا ئويناپ يۈرىدۇ.*

*(سېلىشتۇرۇڭ: باللار ھويلىدا ئويناۋاتىدۇ.)*

(2) بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالىتىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئىپادىلىنىپ كېلەلەيدۇ، لېكىن ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسىدا بۇ ئىقتىدار يوق. مەسىلەن:

a. *ماتېرىياللار يەرگە چېچىلىپ يېتىپتۇ.*

b. *ھەممەيلەن ساڭىلا قاراپ ئولتۇرىدۇ.*

c. *باغدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى.*

d. *ئۇنى قاچان كۆرسەڭ كۈلۈپلا يۈرىدۇ.*

(3) ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللار پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايىدا ۋە ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلەلمەيدۇ، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل بىلەن بىرىككەن پېئىللار پېئىلنىڭ ھەممە شەكىللىرىدە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *مەن ئوقۇي، سەن ئاڭلاپ يات.*

b. *سىلەرنىڭ پارىڭڭلارنى باشتىن - ئاياغ ئاڭلاپ ياتتىم.*

c. *مېنىڭ سۆزلىگىنىمنى سەن خاتىرىلەپ ئولتۇر.*

d. *مەن ساناپ تۇردۇم، ساق ئەللىك ئادەم كەلدى.*

## §11. باغلامچى پېئىللار

### 1. باغلامچى پېئىللار ھەققىدە

1) مەنىسى:

تۇرغۇن سۆز ياكى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان پېئىللارنى باغلامچى پېئىللار دەپ ئاتايمىز. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بىر تۈرى بولغان باغلامچىلارنىڭ مۇھىم بىر رولى شۇكى، ئۇلار تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مورفولوگىيەلىك شەكىللىرى بولغان تۇرغۇن سۆز - باغلامچى قۇرۇلمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. باغلامچىلار بىلەن بىرىكىپ تۇرغۇن سۆز - باغلامچى قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىش، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورتاق مورفولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

باغلامچى پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى يوقىتىپ، تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىللە يېڭى گىراماتىكىلىق مەنىلەر ئىپادىلەيدىغان ياكى تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا پەقەت ھۆكۈم مەنىسىلا قالغان پېئىللاردۇر.

2) تۈرى

باغلامچى پېئىللار تولۇق باغلامچىلار ۋە تولۇقسىز باغلامچىلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

تولۇق باغلامچىلار: بول - ، قىل - ، تۇر - ، كەل - ، چىق - ، كۆر - ، ھېسابلا - ، ھېسابلان - قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تولۇقسىز باغلامچىلار: - دۇر، - د - ، ~ ئىد - ، ئىكەن، ئىمىش قاتارلىقلار.





### 2. تولۇق باغلامچىلار

تولۇق باغلامچىلار تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنى پېئىلغا خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەر بىلەن تولۇق باغلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

1) بول -

تولۇق باغلامچى رولىدىكى «بول -» پېئىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى، سان ياكى سان بىرىكمىسى، سان - مىقدار بىرىكمىسى، رەۋىش ياكى رەۋىش بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ ئۇلارنىڭ شۇ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ بارلىققا كېلىشى ياكى مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈمسىز پېئىل شەكىللىرىنى ياسايدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل پېئىل شەكىللىرى خۇددى ئادەتتىكى ئۆتۈمسىز پېئىللارغا ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *مال سەمرىسە ياغ بولىدۇ، يەر سەمرىسە باغ بولىدۇ.*

b. *ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن.*

c. *ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە ئەلنىڭ بالىسى بول.*

d. *ھازىر ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا توغرا ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دۇنيادا، جۇڭگودا، مۇنۇ شىنجاڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇچۇر - بۇچۇرلىرىغىچە بىلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ.*

e. *قار يېغىپ ھەممە يەر ئاپپاق بولۇپ كەتتى.*

f. *بۇ ئىشلاردىن نۇرىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى.*

g. *ئادەملەر باراۋەر بولارمىش.*

h. *— شۇ چاغدىكى ئۆيۈم بىر يىل ھايات بولىدىكەنمەن بىر*

*يىل ئىشلەيمەن، ئىشلىگەندىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، هازىر ئىشلەۋاتقىنىمغا ئون تۆت يىل بولدى.*

*i. شۇنداق بولغاچقا، بۇ تېخنىكوم پەن ياۋنەنىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە ئىدى.*

*j. مۇراسىم باغاقلىرى تولۇق تارقىتىلىپ بولدىمۇ ؟*

*k. سىز جۇڭشەن ئەپەندىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېتىم كۆرگەن كىشىسى سىز بولسىڭىز كېرەك.*

*l. ــــ هەي كالۋا، مەن نېمە دەۋاتىمەن، تېرىق بولسىمۇ ئېلىۋەر، ئەتە ـ ئۆگۈن بىرى ئون بولىدۇ.*

*m. ئۆز زامانىسىدە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى هېسابلانغان رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومى ئەنە شۇ هويلىغا جايلاشقان بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۈگۈن بۇ يەردە بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى بولماقچىدى.*

بەزى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ «بول ـ » باغلامچىسى بىلەن بىردەك كېلىشىدىن هاسىل بولغان قۇرۇلمىلار تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، «خاتىرجەم بول ـ »، «قۇربان بول ـ »، «هەمراھ بول ـ »، «پەيدا بول ـ »، «تەييار بول ـ »، «جۇدا بول ـ »، «غايىب بول ـ »، «مەهرۇم بول ـ »، «مەمنۇن بول ـ »، «مەنسۇپ بول ـ »، «نامايان بول ـ »، «كېپىل بول ـ » دېگەن قۇرۇلمىلارنى قوشما پېئىل هېسابلاشقا بولىدۇ.

بۇ باغلامچى پېئىل يەنە پېئىللارنىڭ هال شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، هاللىق ئاساس شەكىللىرىنى هاسىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ۋە مەنىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) « ـ غان»لىق سۈپەتداش بىلەن شەرت رايىدىكى خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ، هەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان هالىتىنىڭ پەرەز قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە « ـ ار»لىق سۈپەتداش بىلەن بىرىكىپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:





*a. تىرىشقان بولساڭ ئالغا باساتتىڭ.*

*b. ئەخمەت قايتىپ كەلگەن بولسا چاقىرىپ چىق، يېتىپ قالغان بولسا چاقىرما.*

*c. مەن كېتەر بولدۇم يارىم، ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.*

*d. پازىلباي كېتەر بولدى، مەنزىلگە يېتەر بولدى.*

(2) « ـ غان»لىق سۈپەتداش بىلەن پۈتمىگەن هازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ، هەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان دەپ هېسابلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ۋاقتىدا كەلمىگەنلەر هوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ.

b. ياخشى ئوقۇمىساق، خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغان بولىمىز.

(3) « ـ غان»لىق سۈپەتداش بىلەن « ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىدە بىرىكىپ، سۇبيېكتىپ هەرىكەتنى ئورۇنلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا، بۇ خىل ئاساس شەكلى كۆپىنچە هالات بولۇپ كېلىدۇ، ئەگەر خەۋەر شەكلىدە كەلسە، تۇس ياردەمچىسى « ـ ۋال ـ » بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ئوخلاپ قالغان بولۇپ جىم ياتاتتى.*

*b. مەن كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇردۇم.*

*c. ئۇ مېنى كۆرمىگەن بولۇۋالدى.*

(4) « ـ غان»لىق سۈپەتداش بىلەن ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ، هەرىكەتنىڭ بولغانلىقىنى ئېتىبارسىزلىق بىلەن بايان قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*تۈنۈگۈن باغقا چىقىپ بىر ئازمۇ پەيزى قىلالمىدۇق، تاغقا چىققان بولدۇق، بىر دەم قېيىققا چۈشكەن بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلدۇق.*

(5) ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىل بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ خۇددى شۇ هەرىكەتنى ئورۇنلىغاندەك

ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *سۈرىتىڭنى قويۇپ كەت، سۈرىتىڭنى كۆرسەم، ئۆزۈڭنى كۆرگەندەك بولارمەن.*

b. *خېتىڭنى ئوقۇپ، خۇددى ئۆزۈڭ بىلەن سۆزلەشكەندەك بولدۇم.*

c. *بۇ كىنونى كۆرسە، كىشى خۇددى ئېكراندىكىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولىدىكەن.*

(6) « ـ دىغان»لىق سۇپەتداش بىلەن بىرىكىپ سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتكە ئادەتلىنىشى، شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا ياكى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى، شۇ ھەرىكەتكە مايىل بولۇشى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *شۇ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەر كۈنى چېنىقىدىغان بولدۇم.*

b. *ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كېچىكمەيدىغان بولدى.*

c. *ھەر كۈنى مەشىق قىلساڭ، ياخشى يازىدىغان بولىسەن.*

d. *تىرىشسىڭىز، ئىككى يىلدىلا گېزىت ئوقۇيدىغان بولىسىز.*

e. *شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھەممە ئادەم ماختايدىغان بولدى.*

(7) « ـ دىغان»لىق سۇپەتداش بىلەن ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشىدىن بېشارەت بولغانلىقى، ھەرىكەتنىڭ بولۇشى توغرىسىدا قارار ياكى توختام بولغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

a. *چاپسان ماڭايلى، يامغۇر ياغىدىغان بولدى.*

b. *بۈگۈنكى يىغىندا سەن سۆزلەيدىغان بولدۇڭ.*

c. *ئۇ يېتىپ بېرىپلا تېلېگراممىا بېرىدىغان بولدى.*

(8) « ـ دىغان»لىق سۇپەتداش بىلەن شەرت رايىدىكى خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشى توغرىسىدىكى پەرەزنى





كۆچەيتىدۇ. مەسىلەن:

a. *بارىدىغان بولساڭ، چاپسان ماڭ.*

b. *ئەگەر ئۇ تىرىشىدىغان بولسا، ھەممىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.*

(9) « ـ دىغان»لىق سۇپەتداش بىلەن ئوخشاتما كېلىشتىكى « ـ غۇ»لۇق ئىسىمداشقا قوشۇلۇپ ئاساس شەكلى سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ياكى شۇ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى تەمىن ئېتىش دەرىجىسىگە يېتىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئاچچىقى كېلىپ يىغلىغۇدەك بولدى.*

b. *بۇ ئالمىلار قاچان يېگۈدەك بولىدۇ.*

c. *بىر يىلدا گېزىت ئوقۇغۇدەك بولالايمىزمۇ؟*

d. *خەنزۇچە رومانلارنى ئوقۇغۇدەك بولۇپ قالدۇق.*

e. *ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.*

f. *قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.*

(10) « ـ ۋاتقان»لىق سۇپەتداش بىلەن شەرت رايىدىكى خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇلار دەرس ئوقۇۋاتقان بولسا، كېيىن كېلەيلى.*

b. *دەم ئېلىۋاتقان بولسىڭىز، ئاۋارە قىلمايمەن.*

c. *ئولتۇرغان بولساڭ، تۇر؛ تۇرغان  بولساڭ، ماڭ.*

(11) « ـ ۋاتقان»لىق سۇپەتداش بىلەن « ـ پ»لىق رەۋىشداش شەكلىدە بىرىكىپ، سۇبيېكتىپ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا، بۇ خىل ئاساس شەكلى كۆپىنچە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، ئەگەر خەۋەر شەكلىدە كەلسە، تۇس ياردەمچىسى « ـ ۋال ـ » بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇ ئۇخلاۋاتقان بولۇپ جىم ياتاتتى.*

b. *مەن كىتاب ئوقۇۋاتقان بولۇپ ئولتۇردۇم.*

c. *ئۇلار ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان بولۇۋالدى.*

(12) « ـ ش»لىق ئىسىمداشلارغا قوشۇلۇپ سۇبيېكتنىڭ ۋەزىپىسى — ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى بېجىرىش بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ بۈگۈن بىر كۈن قىلغان ئىشى بىر چاپاننى يۇيۇش بولدى.*

*b. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش بولدى.*

*c. بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىشلا بولدى.*

(13) ـ «ماق»لىق ئىسىمداش بىلەن ياكى مەقسەت رايى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇش توغرىسىدىكى نىيەت ياكى كېلىشىمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ سەن بىلەن بىر تۇتۇشماق بوپتۇ.*

*b. ئۇ قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بەرمەك بوپتۇ.*

*c. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلەشمەكچى بولدۇم.*

*d. ئۇ كەتمەكچى بولغانىدى، بىز نۇرغۇن گەپ قىلىپ ئاران توختىتىۋالدۇق.*

*e. بۇ يىغىنغا سىلەرمۇ قاتناشماقچى بولدۇڭلارمۇ؟*

2) قىل ـ

تولۇق باغلامچى رولىدىكى «قىل ـ » پېئىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۈپەت، ياكى سۈپەت بىرىكمىسى، سان، ياكى سان بىرىكمىسى، سان ـ مىقدار بىرىكمىسى، رەۋىش، ياكى رەۋىش بىرىكمىسى، ئالماش، ياكى ئالماش بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈملۈك پېئىل شەكىللىرىنى ياسايدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل پېئىل شەكىللىرى خۇددى ئادەتتىكى ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:





*a. « قانداق قىلىش كېرەك » دەپ قاتتىق ئويلىنىپ قالدى ئۇ.*

*b. ھەيدەر ئەپەندىنىڭ خىيالى يىراقلارغا قانات قاققان قۇشلاردەك، ئاللىقاياقلارغا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.*

*c. بىر كۈنى خوجىنىياز خىراجەت قىلىش ئۈچۈن ھېلىقى بۆكەن مۈڭگۈزلىرىدىن بىر جۈپنى سېتىش مەقسىتىدە كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاشۇ مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى.*

*d. ئۇلار ئېردىنباتقا مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ، يېرىم كېچىگىچە ھال ـ مۇڭ قىلىشتى.*

*e. — بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى ئەمەس! — دېدى مەسئۇد سەبرى رومكىسىنى ئەخمەتجاننىڭ رومكىسىغا تەگكۈزۈپ، — ئېتىراپ قىلالايلىكى، جاڭ جىجۇڭ تولا كەڭ قورساق ئادەم.*

*f. بىز ئىككى قولىمىزنى تۆت قىلالمايۋاتساق، ئۇ ئويناپ يۈرىدۇ.*

بەزى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ « ـ قىل ـ » باغلامچى پېئىل بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، «ئىئانە قىل ـ »، «پەيدا قىل ـ »، «كۆرەش قىل ـ »، «ئىنكار قىل ـ »، «بوزەك قىل ـ »، «نابۇت قىل ـ »، «تەقدىم قىل ـ »، «قارار قىل ـ »، «تارمار قىل ـ »، «تەلەپ قىل ـ »، «پاش قىل ـ »، «ھۆكۈم قىل ـ »، «بىر تەرەپ قىل ـ » دېگەنگە ئوخشاش. مۇنداق قۇرۇلمىلارنىمۇ قوشما پېئىل ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇلار دەل يۇقىرىدىكى «بول ـ » باغلامچى قوشۇلۇپ ياسالغان قوشما پېئىللارنىڭ ئۆتۈملۈك جۈپى بولۇپ كېلىدۇ.

بۇ باغلامچى پېئىل يەنە پېئىللارنىڭ ھال شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ھاللىق ئاساس شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ۋە مەنىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) « ـ غان»لىق سۈپەتداش بىلەن « ـ پ»لىق رەۋىشداش

شەكلىدە بىرىكىپ، سۇبيېكتىپ مەلۇم شەيئىنى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان قىياپەتكە كىرگۈزۈشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ئۆزىنى قورقمىغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىپ باقتى، لېكىن بولمىدى.*

*b. ئاينى تولغان قىلىپ سىزىمەن.*

(2) ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىل بىلەن بىرىكىپ، سۆزلىگۈچىگە ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن بىرەر بېشارەت سېزىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كەينىمدە بىرىكىم چاقىرغاندەك قىلدى، قارىسام ئەخمەت ئىكەن.*

*b. ئاخشام ھويلىغا بىرىكىم كىرگەندەك قىلىۋىدى، سەن ئىكەنسەن ـ دە.*

*c. ئۇلار قايتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ، قاراپ باقايلى.*

*d. يىغلىغاندەك قىلىسىز، نېمە بولدىڭىز؟*

(3) ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىل بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالىتىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇلار قايتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ، قاراپ باقايلى.*

*b. يىغىن باشلىنىپ بولغاندەك قىلىدۇ، كارىدوردا ھېچكىم يوق.*

(4) «ـ دىغان»لىق سۈپەتداش بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ مەلۇم شەيئىنى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ مېنىڭ سائىتىمنى توغرا ماڭىدىغان قىلىپ بەردى.*

*b. بۇ ئىشىكنى ئىچىگە ئېچىلىدىغان قىلىڭ.*

*c. ئۇنىڭ ئۇسۇلى ياخشى، ئىككى ئايدىلا بالىلارنى گېزىت ئوقۇيدىغان قىلالايدۇ.*

(5) «ـ غان»لىق سۈپەتداشنىڭ ئوخشاتما كېلىش شەكلى





بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ دائىم بارلىققا كېلىدىغانلىقى ياكى كېيىن بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۈگۈن بوران چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.*

*b. ئۇ بۈگۈن كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.*

*c. ماتېرىيال يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.*

(6) «ـ ۋاتقان»لىق سۈپەتداش بىلەن بىرىكىپ مەلۇم شەيئىنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى ئورۇنلاۋاتقان ياكى مەلۇم ھالەتتە تۇرغان قىياپەتكە كىرگۈزۈلۈشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ رەسىمدە بىر ئوقۇغۇچى پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان قىلىپ تەسۋىرلىنىپتۇ.*

*b. — ئوقۇتقۇچىنىڭ رەسىمىنى قانداق سىزىسەن؟*

*— دەرس سۆزلەۋاتقان قىلىپ سىزىمەن.*

(7) «ـ ۋاتقان»لىق سۈپەتداش بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كىرمەيلى، ئۇلار يىغىن ئېچىۋاتقاندەك قىلىدۇ.*

*b. سەل توختايلى، تاشقىرىدا يامغۇر يېغىۋاتقاندەك قىلىدۇ.*

3) تۇر ـ

تولۇق باغلامچى رولىدىكى «ـ تۇر» پېئىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۈپەت، ياكى سۈپەت بىرىكمىسى، سان ياكى سان بىرىكمىسى، سان ـ مىقدار بىرىكمىسى، رەۋىش ياكى رەۋىش بىرىكمىسى، ئالماش ياكى ئالماش بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۆز، ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەلۇم ئىشقا قارىتا ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل پېئىل شەكلىنىڭ قوللىنىلىنىش دائىرىسى بىرقەدەر تار بولۇپ، پەقەت پەرەز ـ قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ

خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ ياكى « - پ»لىق رەۋىشداش شەكلىدە قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. ھاۋا سوغۇق تۇرسا، ئوت قالىمىسا قانداق بولىدۇ؟
b. بۇ بالا كىچىككىنە تۇرۇپ تاماكا چېكىدىكەن.
c. ئۇ سېنىڭ ئاكاڭ تۇرسا، ھۆرمەت قىلمىساڭ بولامدۇ؟
d. ئەھۋال مۇشۇ تۇرسا، قانداق قىلغۇلۇق؟
e. سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدا مەن بىر قاينام تۇرسام، ئۇسسۇزلۇقۇم قانداق قانسۇن، ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.
f. سىز كادىر تۇرۇپ شۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ؟
g. سەن تەنھەرىكەتچى تۇرساڭ، بىز ساڭا قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟

بۇ باغلامچى پېئىل يەنە پېئىللارنىڭ ھال شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ھاللىق ئاساس شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ۋە مەنىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) « - غان»لىق سۇپەتداش بىلەن شەرت رايىدا بىرىكىپ، قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋەر ياكى ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن تۇرسا، شۇنىمۇ بىلمەمدۇ؟
b. مەن ئۇنى كۆرمىگەن تۇرسام، قانداق تونۇيمەن.
c. سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان تۇرۇپ، تونۇمايمەن دەيسىزغۇ.

(2) ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىل بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالىتىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇ تېخى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولمىغاندەك تۇرىدۇ.
b. بىرىكىمدىن خاپا بولغاندەك تۇرىسىز، نېمە بولدى؟

(3) « - دىغان»لىق سۇپەتداش بىلەن شەرت رايىدىكى خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:





a. مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تۇرسام، نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن.
b. ئۇ تاماكا چەكمەيدىغان تۇرسا، تاماكا تۇتقىنىڭىز نېمىسى؟
c. يازالايدىغان تۇرۇپ، يازالمايمەن دېسىڭىز بولامدۇ؟

(4) « - غان»لىق سۇپەتداشنىڭ ئوخشاتما كېلىش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ دائىم بارلىقىنى كېلىدىغانلىقى ياكى كېيىن بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇ خەنزۇچە بىلىدىغاندەك تۇراتتى، بىلمەيدىكەنغۇ؟
b. بۇ يەردە يامغۇر كۆپ ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ.
c. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدىغاندەك تۇرىسىز، بۇرۇن كۆرۈشكەنمۇ ؟
d. مەن يېقىندا ئۈرۈمچىگە بارىدىغاندەك تۇرىمەن.

(5) « - ۋاتقان»لىق سۇپەتداش بىلەن شەرت رايىدىكى خەۋەر شەكلىدە بىرىكىپ، قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولىدۇ ياكى « - پ»لىق رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

a. مەن ئىمتىھان بېرىۋاتقان تۇرسام، قانداق چىقىمەن.
b. سىز ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە يۈرگەن تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە كۆرمىدىڭىز - دە.
c. سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تۇرۇپ ئۇنى تونۇمامسىز؟

(6) « - ۋاتقان»لىق سۇپەتداش بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بولۇشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. تۈنۈگۈن بىر نەرسە يېزىۋاتقاندەك تۇراتتىڭىز، نېمە يازدىڭىز ؟
b. بالىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندەك تۇرىدۇ، نېمە بولغاندۇ؟

4) كەل ـ

(1) تولۇق باغلامچى رولىدىكى «كەل ـ » پېئىلى بەزى سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ ئومۇمەن مەۋجۇتلۇقىنى ياكى مەلۇم شەيئىگە قارىتا نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*a. تاجىكلار قاڭشارلىق كېلىدۇ.*

*b. ئۇ يەرنىڭ توپىسى قىزغۇچ كېلىدىكەن.*

*c. بۇ چاپان سىزگە لايىق كېلىدۇ، ماڭا سەل كەڭ كېلىشى مۇمكىن.*

*d. بۇ ئۆي سىلەرگە تار كېلىپ قاپتۇ.*

*e. سىلەرگە كىچىك كەلگەن ئۆي ئۇلارغا كىچىك كەلمەمدىكەن؟*

*f. بۇ ماقالىنى يېزىش ماڭا ناھايىتى تەس كەلدى.*

(2) سان ـ مىقدار بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇنىڭ ئۆلچەش نەتىجىسىدە ياكى ئەگەر ئۆلچەنسە، شۇ سان ـ مىقدار نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*a. تاغاردىكى ئۇن 92 جىڭ كەلدى.*

*b. ئۇ 120 كىلوگىرام كېلىدىغان بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كەتتى.*

*c. بۇ مەيدان 500 كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ.*

*d. ئۇلارنىڭ ئۆيى بەش چاقىرىم كېلەر.*

5) چىق ـ

(1) تولۇق باغلامچى رولىدىكى «چىق ـ » پېئىلى سان ياكى سان بىرىكمىسى ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلچەش ياكى ساناش نەتىجىسىدە شۇ سان ياكى سان ـ مىقدار نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ.





مەسىلەن:

*a. قوۋۇلارنى سانىسام 62 چىقتى.*

*b. بۇ مەيدان 500 كىۋادرات مېتىر چىقىدۇ.*

*c. بۇ كىتابلارنى 15 پارچە دېگەنىدىڭ، 14 پارچە چىقتىغۇ؟*

(2) بەزى سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ سىناق نەتىجىسىدە شۇ بەلگە نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

*a. مېنىڭ ئېلېكتىرونلۇق لۇغىتىم ياخشى چىقتى.*

*b. ھەممىسىدىن سەن نوچى چىقتىڭ.*

6) كۆر ـ

تولۇق باغلامچى رولىدىكى «كۆر ـ » پېئىلى بەزى سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ بىر خىل پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. بۇ خىل پېئىل شەكلى سۇبيېكتىنىڭ مەلۇم شەيئىنى شۇ سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە دەپ ھېسابلىشىنى ياكى ھېس قىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنى ھەممىمىز چوڭ كۆرىمىز.*

*b. ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي يوقلاپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت.*

*c. بۇ چارىنى بىزمۇ مۇۋاپىق كۆردۇق.*

*d. سەن بۇ ئىشنى ئاسان كۆرۈۋاتامسەن.*

*e. بىزنى يات كۆرمەڭ.*

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «ھېسابلا ـ »، «ھېسابلان ـ »، «چاغلا ـ »، «تاپ ـ » پېئىللىرىمۇ ئايرىم ئورۇنلاردا تولۇق باغلامچى رولىدا كېلىپ، بەزى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكلىنى ياسىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ئىلغار ھېسابلا ـ »، «ئىلغار ھېسابلان ـ »، «ئاسان چاغلا ـ »، «لازىم تاپ ـ » دېگەنگە ئوخشاش.

### 3 تولۇقسىز باغلامچىلار

1) مەنىسى:

تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن ياكى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم خاراكتېرلىك خەۋەر ھاسىل قىلىپ ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار تولۇقسىز باغلامچى پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.

تولۇقسىز باغلامچىلار «ئەر - » ياكى «تۇر - » پېئىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆتكەن زامان ياكى « - غان»لىق سۈپەتداش، « - ار»لىق سۈپەتداش ۋە ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى « - مىش»لىق سۈپەتداش شەكىللىرىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن ھاسىل بولغان.

2) تۈرلىرى:

تولۇقسىز باغلامچىلار «تۇر - » پېئىلىنىڭ « - ار»لىق سۈپەتداش شەكلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىخچاملىنىپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشىدىن مەيدانغا كەلگەن « - دۇر» ( - دۇر، - دۇرۇر، - تۇرۇر،تۇر)؛ ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى « - دەك \ - تەك»، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «مەۋجۇت بولماق، تۇرماق» مەنىسىدىكى ھۆكۈم مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇستەقىل پېئىل «ئەر - »گە ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان «ئەردى» پېئىلىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن «ئىد - » ( ىد - ،ئىدى،ئېردى،ئەردى)؛ « - غان»لىق سۈپەتداش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان «ئەركەن» پېئىلىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن كەلگەن « - كەن \ ئىكەن» (ئىكەن،ئېكەن،ئېركەن،ئەركەن)؛ « - مىش»لىق سۈپەتداش





قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان « - مىش \ ئىمىش»؛ « - غان»لىق سۈپەتداش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان «ئەركەن» پېئىلىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن كەلگەن « - كەن \ ئىكەن» شەكلىگە « - لىك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئىكەنلىك»؛ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل پېئىل «ئەر - »نىڭ بولۇشسىز شەكلىگە « - ار»لىق سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى « - س»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئەمەس» (ئەمەس ،ئېرمەس ،ئەرمەس،ئەر - مە - س) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) ئىشلىتىلىشى:

(1) - دۇر\ - تۇر

تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ھۆكۈملۈك مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەدەبىي، سىياسىي ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئىتتىپاقلىق كۈچتۇر.*

*b. چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى،*

*چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.*

*گۆھەردۇر، ئالمىدۇر، خۇش پۇراق گۈلدۇر،*

*ۋەتەن دالاسىدا كۆرگەن تولۇڭ تېزەك.*

*ئەيسادۇر، مۇسادۇر يۇرتۇڭ ئادىمى،*

*يات يۇرتتا تۇغقانمۇ تۇيۇلماس دوستتەك.*

(2) - دەك \ - تەك

بۇ قوشۇمچە ئىسىملارنىڭ ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىر مەنبەدىن كەلگەن. ئەمما، جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ شەكىل تۇرغۇن سۆزلەرگە ياكى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ۋاستىلىك ئىگە بولغان ئۇچۇرلارنى باشقىلارغا بايان قىلىپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

a. *تۈنۈگۈن كەلگىنى ئاڭاڭدەك.*
b. *بۇ رومان بەك ياخشىدەك، بىرنى ئالايلىمۇ؟*
c. *ئۇنىڭ نەتىجىسى 90 دەك.*
d. *ئۇ ناخشىغا بەك ئۇستىدەك.*

(3) ئىدى ـ [109]

بۇ باغلامچى پېئىل ناھايىتى ئۇنۇملۇك بىر شەكىل بولۇپ، تۈرغۇن سۆزلەر ياكى پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

A. تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، بىرەر شەيئى ياكى ئەھۋال توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
a. *بىز ئوقۇۇشقا كەلگەندە، ئۇ تېخى ئۈچ ياشلىق بالا ئىدى.*
b. *تۈنۈگۈن سىزگە تېلېفون بەرگەن كىشى مەن ئىدىم.*
c. *ئۇلار ئون ئىدى، بىز سەككىز ئىدۇق.*
d. *بۇرۇن شۇنداق قەلەمدىن بىرى مەندىمۇ بار ئىدى.*
e. *— راست ئۇ قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى.*
*— چىرايلىق ئىدى دەيسىزغۇ؟ ھازىر نەدە؟*
f. *شۇ پۇل دېگەن نەرسە ماڭىمۇ لازىم ئىدى.*

B. پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن ياكى قىسمەن راي شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ، زامان نۇقتىسىدىن نىسپىي زاماننى ئىپادىلەيدۇ.
a. *دادام تېخى تۈنۈگۈن بۇ شەھەرگە كەلگەنىدى.*
b. *ئۇ بىر كىتاب يېزىۋاتقانىدى.*
c. *مەن خوتەنگە بارماقچىدىم.*

C. شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق شەكلى بىلەن بىرىكىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارماننى، بولۇشسىز شەكلى بىلەن بىرىكىپ پېئىل





ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدىكى ئەندىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
a. *تازا بىر يامغۇر ياغسىدى.*
b. *نۇرى تېزرەك ساقىيىپ كەتسىدى.*
c. *بۇ ئىشنى مۇئەللىم بىلمەي قالسىدى.*
d. *ئۇ يەنە كېچىكىپ قالمىسىدى.*

(4) ـ كەن \ ئىكەن

بۇ باغلامچى پېئىلمۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك بىر شەكىل بولۇپ، تۈرغۇن سۆزلەر ياكى پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

A. تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، بىرەر شەيئى ياكى ئەھۋال توغرىسىدىكى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ياكى ئۆزى كۆرگەن بولسىمۇ مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا ئىسپاتلانغان ئىشلارنى باشقىلارغا بايان قىلىپ بېرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
a. قارىسام ئۆي ياساشقا خېلى ئۇستىكەنسىز.
b. بۇ گىلەم ھەقىقەتەن ئېسىل ئىكەن.
c. ئۇنىڭ كىتابى يوق ئىكەن.
d. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچىدە ئىكەن.

B. پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى (ئاساسەن سۈپەتداشلار) بىلەن ياكى قىسمەن راي شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدىكى ۋاستىلىك ئىگە بولغان ئۇچۇرنى ئىپادىلەيدۇ، زامان نۇقتىسىدىن نىسپىي زاماننى ئىپادىلەيدۇ.
a. *دادام بۇرۇن قەشقەردە ئىشلىگەنىكەن.*
b. *ئۇنىڭ بالىسى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقانىكەن.*
c. *ئۇمۇ رەسىم كۆرسىتىشقا قاتناشماقچىكەن.*

C. شەرت رايىدىكى پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق شەكلى بىلەن

بىرىكىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانىنى، بولۇشسىز شەكلى بىلەن بىرىكىپ پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدىكى ئەندىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *تازا بىر يامغۇر ياغسىكەن.*
b. *نۇرى تېزرەك ساقىيىپ كەتسىكەن.*
c. *بۇ ئىشنى مۇئەللىم بىلمەي قالسىكەن.*
d. *ئۇ يەنە كېچىكىپ قالمىسىكەن.*

(5) ـ مىش \ ئىمىش

بۇ باغلامچى تۇرغۇن سۆزلەر ياكى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ئېنىقسىزلىق، كىنايە، كەمسىتىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇلار يېرىمى پىيادە، يېرىمى ئاتلىقمىش.*
b. *ئۇ كىشى سىزنىڭ دوستىڭىزمىش ـ ھە؟*
c. *ئۇ ماڭا بەك ئامراقمىش.*
d. *ئۇ مېنىڭ داداممىش!*

(6) ئىكەنلىك

بۇ باغلامچى ھۆكۈم جۈملىلەرنى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرۇپ، جۈملىدە سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، ئەسلىي ھۆكۈم جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىگىلىك كېلىشلىك ئېنىقلىغۇچىغا ئۆزگىرىدۇ، «ئىكەنلىك»نىڭ كەينىگە مۇناسىپ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

a. *سىزنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن.*
b. *بۇنىڭ بەش ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن.*
c. *ئۇنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكى راست، ئەمما ئەخلاقى قانداق؟*

بەزىدە مەقسەت رايى بىلەن قۇرۇلغان سوئال جۈملىلەرنى





پېئىللىق سۆز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەسلىي سوئال جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىگىلىك كېلىشلىك ئېنىقلىغۇچىغا ئۆزگىرىدۇ، «ئىكەنلىك»نىڭ كەينىگە مۇناسىپ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

a. *سىزنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمىدىم.*
b. *ئۇنىڭ نەگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟*
c. *نېمە يېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ماڭا دەڭ.*

(7) ئەمەس

«ئەمەس» باغلامچىسى بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلەيدىغان باغلامچىدۇر. تۇرغۇن سۆزلەر ياكى پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىنكار ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *بۇ رادىيو ئەمەس، يانفون.*
b. *مېنىڭ كۆزۈم تازا ياخشى ئەمەس.*
c. *ئۇلار ئىككى ئەمەس، تۆت.*
d. *كىتابىمىز مەندە ئەمەس.*
e. *بۇ يەردە ئەزەلدىن بۇنداق چوڭ توي بولغان ئەمەس.*
f. *مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس.*

## §12. پېئىللارنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ئىككى خىل يول بىلەن يەنى، سىنتېتىك ۋە ئانالىتىك يول بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى بار. گەرچە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلىشچانلىقى يۇقىرى.

### 1. پېئىللارنىڭ سىنتېتىك يول بىلەن ياسىلىشى

1) ـ لا \ ـ لە

بۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىم، ئالماش ۋە سۈپەتلەردىن ھەم كۆپ بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەردىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىسىملاردىن: ئورۇن+ ـ لا ←ئورۇنلا ـ ، ئىش+ ـ لە ← ئىشلە ـ ، ئارزۇ+ ـ لا ← ئارزۇلا ـ ، تاش+ ـ لا ← تاشلا ـ ، سۆز + ـ لە ← سۆزلە...؛

سۈپەتلەردىن: ياماز + ـ لا ← يامانلا ـ ، قىيىن+ ـ لا ← قىيىنلا ـ ، ئۇزۇن+ ـ لا ← ئۇزۇنلا ـ ، تۈز+ ـ لە ← تۈزلە ـ ، قارا+ ـ لا ← قارىلا...؛

تەقلىد سۆزلەردىن: جاراڭ + ـ لا ← جاراڭلا ـ ، پىلدىر+لا ـ ← پىلدىرلا ـ ، گۈلدۈر+ ـ لە ← گۈلدۈرلە ـ ، جاراڭ + ـ لا ← جاراڭلا ـ ...

2) ـ لاش \ ـ لەش

بۇ قوشۇمچە ئىسىم، سۈپەت ۋە سانلارغا قوشۇلۇپ پېئىل ياسايدۇ، مەسىلەن:

ئىسىملاردىن: ماكاز + ـ لاش ← ماكانلاش ـ ، ۋەدە + ـ لەش ← ۋەدىلەش ـ ، سانائەت+ ـ لەش ← سانائەتلەش ـ ، ئېلېكتىر+ ـ لەش ← ئېلېكتىرلەش ـ ، يۈز+ ـ لەش ← يۈزلەش ـ ...؛

سۈپەتلەردىن: ئىزچىل+ ـ لاش ← ئىزچىللاش ـ ، ياخشى + ـ لاش ← ياخشىلاش ـ ، چىرىك + ـ لەش ← چىرىكلەش ـ ...؛

سانلاردىن: بىر+ ـ لەش ← بىرلەش ـ .

3) ـ لان \ ـ لەن

بۇ قوشۇمچە ئىسىم، سۈپەت ۋە سانلاردىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىسىملاردىن: قورال + ـ لان ← قوراللاز ـ ، ئۈمىد+ ـ لەن





← ئۈمىدلەز ـ ، ئىز+ ـ لەن ← ئىزلەز ـ ، جان + ـ لان ← جانلاز ـ ، كۈچ+ ـ لەن ← كۈچلەز ـ ، نۇر+ ـ لان ← نۇرلاز ـ ، گۈل+ ـ لەن ← گۈللەز ـ ...؛

سۈپەتلەردىن: ماغدۇرسىز+ ـ لان ← ماغدۇرسىزلاز ـ ، ئۈمىدسىز+ ـ لەن ← ئۈمىدسىزلەز ـ ...

سانلاردىن: ئىككى +لەن ← ئىككىلەن .

4) ـ ا \ ـ ە

بۇ قوشۇمچە ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىسىملاردىن: قان+ ـ ا← قانا ـ ، سان+ ـ ا ← سانا ـ ...؛

سۈپەتلەردىن: بوش+ ـ ا ← بوشا ـ ، ياش+ ـ ا ← ياشا ـ ، تۈز+ ـ ە ←تۈزە ـ ...

5) ـ ي \ ـ اي \ ـ ەي

بۇ قوشۇمچە سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

قارا+ ـ ي ← قاراي ـ ، ئاز+ ـ اي ← ئازاي ـ ، كۆپ+ ـ ەي ← كۆپەي ـ ، كۈچ+ ـ ەي ← كۈچەي ـ ، كەم+ ـ ەي ← كېمەي ـ ، كەڭ + ـ ەي ← كېڭەي ـ ...

6) ـ ر \ ـ ار \ ـ ەر

بۇ قوشۇمچە سۈپەتلەردىن ۋە بەزى ئىسىملاردىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

قىسقا + ـ ر ← قىسقار ـ ، قايغۇ+ ـ ر ← قايغۇر ـ ، ئاق+ ـ ار ← ئاقار ـ، ياش + ـ ار ← ياشار ـ، كۆك + ـ ەر ← كۆكەر ـ ...

7) ـ د \ ـ دە \ ـ تا \ ـ تە

بۇ قوشۇمچە ئىسىملاردىن ۋە بەزى سۈپەتلەردىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىسىملاردىن: ھور+ ـ دا ← ھوردا ـ ، شامال+ ـ دا ←

شامالدا ـ ، ھەرە + ـ دە ← ھەرىدە ـ ...؛
سۈپەتلەردىن: ھۆل+ ـ دە ← ھۆلدە ـ ، نەم+ ـ دە ← نەمدە ـ ، قىس + ـ تا ← قىستا ـ ...

8) ـ سىر \ ـ سىرە
بۇ قوشۇمچە ئىسىملاردىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
قان+ ـ سىرا ← قانسىرا ـ ، سۇ+ ـ سىرا ← سۇسىرا ـ ، ھال + ـ سىرا ← ھالسىرا ـ ، خەۋپ + ـ سىرە ← خەۋپسىرە ـ ...
9) ـ اڭغىر \ ـ ەڭگىرە
بۇ قوشۇمچە ئىسىملاردىن پېئىل ياسايدۇ، مەسىلەن:
ياش+ ـ اڭغىرا ← ياشاڭغىرا ـ ، ئەس+ ـ ەڭگىرە ← ئېسەڭگىرە ـ ...
10) ـ داش
بۇ قوشۇمچە ئىسىمدىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
مۇڭ + ـ داش ← مۇڭداش ـ ...

11) ـ غار \ ـ قار \ ـ كەر \ ـ قۇر
بۇ قوشۇمچە ئىسىم ۋە ئالماشلاردىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
سۇ+ ـ غار ← سۇغار ـ ، ئاڭ + ـ قار ← ئاڭقار ـ ، ئۆز+ ـ گەر ← ئۆزگەر ـ ، باش+ ـ قۇر ← باشقۇر ـ ...
12) ـ ى
بۇ قوشۇمچە سۈپەتتىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
باي+ ـ ى ← بېيىد ـ ، تىنچ+ ـ ى ← تىنچىد ـ ، لاي+ ـ ى ← لېيىد ـ ...
13) ـ ۇق \ ـ ىق \ ـ ىك
بۇ قوشۇمچە ئىسىم ۋە رەۋىشلەردىن ھەم بىر قىسىم سۈپەت ۋە سانلاردىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:





يول+ ـ ۇق ← يولۇق ـ ، ئىچ+ ـ ىك ← ئىچىك ـ ، كەچ+ ـ ىك ← كېچىك ـ ، بىر+ ـ ىك ← بىرىك ـ ، جىم+ ـ ىق ← جىمىق ـ ...
14) ـ سىت
بۇ قوشۇمچە سۈپەتتىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
تەڭ + ـ سىت ← تەڭسىت ـ ، كەم+ ـ سىت ← كەمسىت ـ ...
15) ـ سىن
بۇ قوشۇمچە سۈپەتتىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
غېرىب+ ـ سىن← غېرىبسىن ـ ...
16) ـ قىل
بۇ قوشۇمچە سۈپەتتىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
چىڭ+ ـ قىل ← چىڭقىل ـ ...
17) ـ نا
بۇ قوشۇمچە سۈپەتتىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
ياش + ـ نا ← ياشنا ـ ...
18) ـ شا \ ـ شە
بۇ قوشۇمچە سۈپەتتىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
ئوڭ + ـ شا ← ئوڭشا ـ ، تەڭ + ـ شە ← تەڭشە ـ ...
19) ـ جا
بۇ قوشۇمچە ئىسىمدىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
يالقۇن+ ـ جا ← يالقۇنجا ـ ...
20) ـ ىلدا \ ـ ىلدە \ ـ ۇلدا \ ـ ۇلدە
بۇ قوشۇمچە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق سېزىم تەقلىدلىرىدىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:
چىك + ـ ىلدا ← چىكىلدا ـ ، دىر+ ـ ىلدە ← دىرىلدە ـ ، لەپ+ ـ ىلدە ← لەپىلدە ـ ، پۇش+ ـ ۇلدا ← پۇشۇلدا ـ ، گۇر+ ـ ۇلدە = گۇرۇلدە ـ ...
21) ـ قىرا \ ـ كىرە \ ـ كىرا

بۇ قوشۇمچە تەقلىد بىر بوغۇملۇق ئاۋاز، هالەت ـ ئوبراز تەقلىدلىرىدىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

شار+ ـ قىرا ← شارقىرا ـ ، پار+ ـ قىرا ← پارقىرا ـ ، گۇر+ ـ كىرە ← گۇركىرە ـ ، كار+ ـ كىرا ← كاركىرا ـ ، كور + ـ كىرا ← كوركىرا ـ ...

22) ـ ر \ ـ رە \ ـ ىرا

بۇ قوشۇمچە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ياكى \ ڭ \ تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق ئاۋاز تەقلىدلىرىدىن ۋە بىر قىسىم هالەت ـ ئوبراز تەقلىدلىرىدىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

هاڭ + ـ را ← هاڭرا ـ ، م + ـ رە ← مەرە ـ ، مۆرە + ـ رە ← مۆرە ـ ، يالت + ـ ىرا ← يالتىرا ـ ...

23) ـ شى

بۇ قوشۇمچە تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلۇپ پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

غىڭ+ ـ شى ← غىڭشى ـ ، هاۋ + ـ شى ← هاۋشى ـ ، لىڭ + ـ شى ← لىڭشى ـ ...

24) ـ قا \ ـ ىرقا

بۇ قوشۇمچە سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

چىڭ+ ـ قا ← چىڭقا ـ ، يات + ـ ىرقا ← يېتىرقا ـ ، ئاچ+ ـ ىرقا ← ئېچىرقا ـ ...

25) ـ شتۇر \ ـ شتۇر \ ـ شتۇر

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارغا قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئورۇنلاش، قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەش، تەكرارلاپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكۈزۈش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سىلا ـ+ ـ شتۇر ← سىلاشتۇر ـ ، يىغە ـ+ ـ شتۇر ← يىغىشتۇر ـ ، تۈزە ـ+ ـ شتۇر ← تۈزەشتۇر ـ ، يۆمە ـ+ ـ شتۇر ← يۆمەشتۇر ـ ...





26) ـ ۇمسىرا \ ـ مسىرا \ ـ ۇمسىرە

بۇ قوشۇمچە بىر قىسىم پېئىللارغا قوشۇلۇپ پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

قورق ـ+ ـ ۇمسىرا ← قورقۇمسىرا ـ ، كۈل ـ+ ـ ۇمسىرە ← كۈلۈمسىرە ـ ، يىغلا ـ+ ـ مسىرا ← يىغلامسىرا ـ ...

27) ـ ق \ ـ ىق \ ـ ۇك

بۇ قوشۇمچە پېئىلدىن پېئىل ياسايدۇ. مەسىلەن:

قىزى ـ+ ـ ق ← قىزىق ـ ، باس ـ+ ـ ىق ← بېسىق ـ ، كۆز ـ+ ـ ۈك ← كۆزۈك ـ ...

## 2. پېئىللارنىڭ ئانالىتىك يول بىلەن ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم پېئىللار ئانالىتىك يول بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا پېئىللار تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ:

1) ئىسىم بىلەن پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بوي + سۇن ـ← بويسۇن ـ
باش+ تارت ـ← باش تارت ـ
يۈز+ بەر ـ← يۈز بەر ـ
چارە+ كۆر ـ← چارە كۆر ـ
قول+ قوي ـ← قول قوي ـ
يول+ قوي ـ← يول قوي ـ
باش+ قوش ـ← باش قوش ـ
ئۈمىد+ قىل ـ← ئۈمىد قىل ـ
ئارزۇ+ قىل ـ← ئارزۇ قىل ـ

يەل+ بەر -← يەل بەر -

قەسەم + بەر -← قەسەم بەر -

تىل + بىرىكتۈر -← تىل بىرىكتۈر -

قەد + كۆتۈر -← قەد كۆتۈر -

قۇلاق + سال -← قۇلاق سال -

نەزەر + سال -← نەزەر سال -

2) سۈپەت بىلەن پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئېغىر + ئال - ← ئېغىر ئال -

ئېغىر + كەل - ← ئېغىر كەل -

يوق + بول - ← يوق بول -

يامان + بول - ← يامان بول -

كېرەك + قىل - ← كېرەك قىل -

3) كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملار بىلەن پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يولغا+ قوي - ← يولغا قوي -

يولغا + سال - ← يولغا سال -

ئەمەلگە+ ئاشۇر - ← ئەمەلگە ئاشۇر -

يەردە+ قوي - ← يەردە قوي -

ھۆددىسىدىن + چىق - ← ھۆددىسىدىن چىق -





ئىزاھلار:

① 胡裕树、范晓：《动词研究》，河南大学出版社，1995，p.1.

② 古力娜·艾则孜：《初探现代维吾尔语非人称动词构成的复合词》，《语言与翻译》，2008年第3期。

③ «مەجھۇل» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «جەھل، جاھىل» سۆزلىرى بىلەن يىلتىزداش بىر سۆز، مەنىسى «بىلىنمىگەن، ئۇقۇلمىغان» دېگەنلىك.

④ خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 381 ـ بەت.

⑤ خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 388 ـ بەت.

⑥ نۇرمۇھەممەد ئىبراھىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل دەرىجىلىرىگە ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان، 18 ـ بەت.

⑦ نۇرمۇھەممەد ئىبراھىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل دەرىجىلىرىگە ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان، 18 ـ بەت.

⑧ گۈلنار ئەزىز: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىللىق 3 ـ سان، 34 ـ بەت.

⑨ ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئەسەرلەردە ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدە ئىسىم، ئالماش ۋە پېئىللارنىڭ شەخس سىستېمىسىدا 2 ـ شەخس كۆپلۈك سىيايە تۈرى كىرگۈزۈلمىگەن. مەركىزىي دىيالېكتىنىڭ شىمالدىكى شېۋىلىرىدە 2 ـ شەخس سىپايە تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىگە ماس ھالدا كۆپلۈك تۈرى قوللىنىلىدۇ، بۇنداق قوللىنىشنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىي تىل ئىستېمالىدا (ئەسەرلەرىمىزدە) بۇ تۈر خېلى كەڭ قوللىنىلغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخس شەكىللىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇيغۇر تىلىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا پايدىسى بولار، دېگەن مەقسەتتە بۇ تۈرنىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ ھېسابلاپ ئەسىرىمىزگە كىرگۈزدۇق.

⑩ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (2 ـ قىسىم) ناملىق كىتابتا ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ شەخس كاتېگورىيەسىنىڭ شەكلى ئىككى خىل ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، لېكىن بۇ ئىككى خىل شەكىل پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالمايدۇ. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى پەقەت شەخسلەرنىڭ سىستېمىسىنىلا كۆرسىتىدۇ، كونكرېت شەكىللىرىنى بەرمەيدۇ.

⑪ 力提甫.托乎提：《从短语结构到最简方案—阿尔泰语言的句法结构》北京：中央民族大学出版社，4002，P.

⑫ چېك شىلياك ئەپەندىلەر تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ناملىق ئەسەردە بايان بىلەن جەدۋەللەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشتە ئىككى خىل ئەھۋال كۆرۈلگەن. يەنى، باياندا «ئېنىق ئۆتكەن زامانىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئالدى بىلەن ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى ‹ـدى \ ـتى \ ـدۇ \ ـتۇ \ ـدۇ \ ـتۇ›نى، ئاندىن پېئىللارنىڭ تۈرغۈن شەكىلدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان بولسا، جەدۋەلدە ئېنىق ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسىدىن پەقەت «ـدى \ ـتى»نىلا كۆرسەتكەن. (چېك شىلياك قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 287 ـ بەت).

⑬ پەقەت يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، 2 ـ شەخس كۆپلۈك سەتلىمە تۈرىدە كۆرۈلگەن ئەھۋالنى ئالاھىدە ئەھۋال قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ.

⑭ 葛本仪：《实用中国语言学词典》，青岛出版社，1992，p101.

⑮ خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 288 ـ بەت.

⑯ 梁宁建：《当代认知心理学》，上海教育出版社 2003，p.112 – 114

⑰ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، (2 ـ قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى.

⑱ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، (2 ـ قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، 302 ـ بەت.

⑲ خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 251 ـ بەت؛ لىتىپ توختى: «چېك شىلياك ئەپەندىنىڭ ‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى›نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان، 14 ـ بەت.

⑳ تۇردى ئەخمەت، ئەنسەرىدىن مۇسا، نەسرۇللا يولبولدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى.

㉑ 哈米提.铁木尔:《维吾尔语的陈述式》,《民族语文》, 1982(1), pp.48 – 52





خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 288 — 309 ـ بەتلەر؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 1 — 18 ـ بەتلەر؛ «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، 65 — 80 ـ بەتلەر.

㉒ 蒲泉、武致中：《现代维吾尔语语法》，新疆人民出版社，1994, pp .126–127 .

㉓ چېك شىلياك باش مۇھەررىرلىكىدە: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 358 — 390 ـ بەتلەر.

㉔ 易坤王李、高士杰：《维吾尔语语法》，中央民族大学出版社，1998, p .255.

㉕ كۆرەش مەھمۇتجان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى، 497 ـ بەت.

㉖ خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى، 2 ـ بەت؛ —، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، 66 ـ بەت.

㉗ 李增祥、买提热依木.张铁山:《回鹘文文献语言简志》，乌鲁木齐：新疆大学出版社，1999, p .144.

㉘ ناسىلوف: «ئورخۇن ـ يېنىسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى» (ئۇيغۇر سايرانى، سابىت روزى تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 266 ـ بەت.

㉙ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1 ـ توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، 427 ـ بەت.

㉚ گۈلنار ئېزىز: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىللىق 3 ـ سان، 37 ـ بەت.

㉛ 张定京：《现代哈萨克语实用语法》，中央民族大学出版社，2004，p.335.

㉜ Robert Binnick, Time and the Verb: a Guide to Tense and Aspect Oxford University, 1991, p.159.

㉝ بۇ يەردىكى «ھالەت تىپى» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «情状类型»، ئىنگلىز تىلىدىكى «situation type» قا توغرا كېلىدۇ.

㉞ Robert Binnick, Time and the Verb: a Guide to Tense and Aspec, Oxford University, 1991, p.143.
㉟ Bernard Comrie, Aspect(《体范畴》), 北京大学出版社, 2005.
㊱ بۇ يەردىكى «پۈتكەن ھال ۋە پۈتمىگەن ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «完成体，未完成体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «perfective aspect, imperfective aspect» قا توغرا كېلىدۇ.
㊲ بۇ يەردىكى «تەكرار» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «惯常体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «habitual aspect» قا توغرا كېلىدۇ.
㊳ بۇ يەردىكى «داۋام ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «持续体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «continuous aspect» قا توغرا كېلىدۇ.
㊴ بۇ يەردىكى «ئىزچىل ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «进行体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «progressive aspect» قا توغرا كېلىدۇ.
㊵ بۇ يەردىكى «غەيرىي ئىزچىل ھال» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «非进行体»، ئىنگلىز تىلىدىكى «nonprogressive aspect» قا توغرا كېلىدۇ.

㊶ Bernard Comrie, Aspect(《体范畴》), 北京大学出版社, 2005, pp.3–25.

㊷ B.Comie, Aspect: an introduction to the study of verbal aspect and related problems. Cambridge: Cambridge University Press, 1976.
㊸ خەنزۇ ۋە ئىنگلىز تىللىرىدىكى 体 ۋە aspect ئۇيغۇر تىلىدا ھالغا، 貌（态）ۋە mood تۇسكە توغرا كېلىدۇ.

㊹ 力提甫·托乎提: 《阿尔泰语言中动词体的表达》, 戴庆夏主编: 《中国民族语言文学研究论集》, 北京: 民族出版社, 2002年; 高丽琴: 《试论维吾尔语动词的体》, 《新疆大学学报》, 1985(2); Xạmit Zakir, Problems of Turkic Morphology: Classificatioin of Suffixes, Case, Tense and Aspect, PhD Dissertation, University of Washington, 1999; _, 《突厥语族诸语言词法描写中尚待解决的若干问题》, 《语言语翻译》, 2002(2); 方晓华: 《论维吾尔语的系词》, 《新疆师范大学学报》, 1995(3); 沈利德: 《谈维语动词的体》, 《语言与翻译》, 1999(2); 吾买尔江·库尔班: 《现代维吾尔语动词的时体范畴及其时间指向功能》, 《语言与翻译》, 2007(1); Ablähät Ibrahim, Meaning and Usage of Compound Verb in Modern Uyghur and Uzbek, PhD Dissertation, University of Washington, 1999.

خەمىت تۆمۈر: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى؛ تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۇس كاتېگورىيەسى ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى؛ جاۋ شاڭرۇ: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى؛ ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «تۈركىي تىللاردىكى پېئىل تۈسلىرىنى ئىپادىلىگۈچى مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ ئابلەھەت ئىبراھىم: «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۇس كاتېگورىيەسى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، 1984 ـ يىلى، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.
㊺ http://www.scar.utoronto.ca/binnick/TENSE/Bibliography.html
㊻ ش. كىبىروف: «تۈركىي تىللاردىكى پېئىل تۈسلىرى توغرىسىدا — ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㊼) 力提甫.托乎提: 《阿尔泰语言中动词体的表达》, 戴庆夏主编: 《中国民族语言文学研究论集》, 北京: 民族出版社, 2002.

㊽ خەمىت تۆمۈر ئەپەندى دەل مۇشۇ ئاتالغۇنى قوللانغان. خەمىت تۆمۈر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مورفولوگىيە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى.
㊾ بۇ يەردىكى «ئوخشاش ئورۇنلۇق» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «像似近位»، ئىنگلىز تىلىدىكى «proximity iconic» قا توغرا كېلىدۇ.

㊿ Bybee, J.Perkins, R., and Pagliuca, W., The Evolution of Grammar _ Tense, Aspect, and Modality in the Languages of the World, Chicago: University of Chicago, 1991.; Ungerer.F. & H.J. Schmid, An introduction to cognitive linguistics, Beijing: Beijing Foreign language Teacheng and Research Press, 1992.
(51) بۇ يەردىكى «ئوخشاشلىق» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «像似性»، ئىنگلىز تىلىدىكى «iconic» قا توغرا كېلىدۇ.
(52) بۇ يەردىكى «كۆرسىتىش» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «性示指»، ئىنگلىز تىلىدىكى «dietic» قا توغرا كېلىدۇ.

(53) B.Comie, Aspect: an introduction to the study of verbal aspect and related problems. Cambridge: Cambridge university Press, 1976, p.5.
(54) V.Klein, The Present Puzzle, “Language”, 1992, Vol.68.3, pp.525–552.
(55) بۇ يەردىكى «ئىش ۋاقتى» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۆپىتىدە خەنزۇ

تىلىدىكى «事件时间»، ئىنگلىز تىلىدىكى «Event Time(ET)» قا توغرا كېلىدۇ.

⑯ بۇ يەردىكى «سۆز ۋاقتى» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «说话时间»، ئىنگلىز تىلىدىكى «Speech Time(RT)» قا توغرا كېلىدۇ.

⑰ بۇ يەردىكى «بەلگە ۋاقىت» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «参照时间»، ئىنگلىز تىلىدىكى « Referense Time(RT)» قا توغرا كېلىدۇ.

⑱ Dahl Osten, Tense and Aspect Systems, Basil Blackwell Ltd., New York, 1985, p.23.

⑲ Dahl Osten, Tense and Aspect Systems, Basil Blackwell Ltd., New York, 1985, p79.

⑳ 力提甫·托乎提：《从短语结构到最简方案—阿尔泰语言的句法结构》，北京：中央民族大学出版社，2004，p.115.

㉑ 吾买尔江·库尔班：《现代维吾尔语动词的时体范畴及其时间指向功能》，《语言与翻译》，2007(1).

㉒ 力提甫·托乎提：《阿尔泰语言中动词体的表达》，戴庆夏主编：《中国民族语言文学研究论集》，北京：民族出版社，2002.

㉓ Vahit Türk, Türkcede Şimdiki Zaman Kavrami, Çekimleri ve Ekleri, TDAY-Belleten, 1996, Ankara 1999.

چېك شىلياك باش مۇھەررىرلىكىدە: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى، 242 - بەت.

㉔ «شىنجاڭ گېزىتى» 1936 - يىلى، 86 -، 60 - سانلار، 3 - بەت.

㉕ 王力：《中国现代语法》，北京：商务印书馆，1943p ,.151.

㉖ بۇ يەردىكى «زامان» كاتېگورىيەسى خەنزۇ تىلىدىكى «时制»، ئىنگلىز تىلىدىكى «Tense» قا توغرا كېلىدۇ.

㉗ Bernand Comrie, Tense-时态范畴, 北京：北京大学出版社，2005.

㉘ بۇ يەردىكى «ئىش» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «事件»، ئىنگلىز تىلىدىكى «Event» قا توغرا كېلىدۇ.

㉙ Otto Jespersen 著，何勇、夏宁生译：《语法哲学》，北京：语文出版社，1988 ,.p359.

㉚ ئىنگلىز تىلىدىمۇ «ئۆتكەن زامان» ۋە «غەيرىي ئۆتكەن زامان»نىڭ قارىمۇقارشىلىقى مەۋجۇت، كەلگۈسى زامان مەلۇم گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارغا تايىنىپ ئىپادىلىنىدۇ. قاراڭ:

Quirk et al. A Grammar of contemporary English, 1972; Biber et al. Longman grammar of spoken and written English, 1999.

㉛ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى 220 - بەت.

㉜ 力提甫?托合提:《从短语结构到最简方案——阿尔泰语言的句法





结构》，中央民族大学出版社，2004.

㉝ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، (2 - قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى، 318 - ، 320 - بەتلەر.

㉞ بۇ يەردىكى «قاتلام» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «时相»، ئىنگلىز تىلىدىكى «phase» قا توغرا كېلىدۇ.

تەبىئىي تىلدىكى ۋاقىت سىستېمىسى جۈملىدىن ئىبارەت تىل بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىنىڭ قاتلام قۇرۇلمىسى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ساپ هۆكۈم مەنىسىنىڭ ئىچكى ۋاقىت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يەنى جۈملىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىشنىڭ ئەسلىي ۋاقىت خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئاساسلىقى خەۋەر پېئىلىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، باشقا جۈملە تەركىبلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، لېكسىكىلىق مەنىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بەزى جۈملىلەر تۇرغۇن هالەتنى ئىپادىلەيدۇ، يەنە بەزى جۈملىلەر هەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ؛ هەرىكەتتىكى قىلمىشلارنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا بۆلسەك، بەزى هەرىكەت قىلمىشلار پەقەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزى هەرىكەت قىلمىشلار داۋاملىشىدىغان هەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ؛ داۋاملىشىدىغان هەرىكەتلەرنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا بۆلسەك، بەزى هەرىكەتلەرنىڭ ئىچكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بار، چەكسىز داۋاملىشالمايدۇ، يەنە بىر قىسىم هەرىكەتلەرنىڭ ئىچكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق، نەزەرىيە جەھەتتىن بۇنداق هەرىكەتلەر چەكسىز داۋاملىشالايدۇ. قاراڭ:

陈平:《论现代汉语时间系统的三元结构》,《中国语文》, 1988(6);
龚千炎：《时相、时制、时态》，北京：商务印书馆，2000

ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ شەكىلنى ئۆتكەن زامان ئۇچۇن ئىشلىتىشنىڭ ئاساسى شۇ.

㉟ بۇ يەردىكى «مۇتلەق زامان» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «绝对时制 »، ئىنگلىز تىلىدىكى «Absolute Tense» قا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردىكى «نىسپىي زامان» تىلشۇناسلىقتىكى بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەنزۇ تىلىدىكى «相对时制»، ئىنگلىز تىلىدىكى «Relative Tense» قا توغرا كېلىدۇ.

㊲ 力提甫·托乎提：《阿尔泰语言中动词体的表达》，戴庆夏主编：《中国民族语言文学研究论集》，民族出版社，2002.

㊳ David Krystal著，沈家煊译：《现代语言学词典》，北京：商务印书馆，2002，p.357.

㊴ بۇ يەردە ئالدىدا بېرىلگىنى بولۇشلۇق سوئال شەكلى، كەينىدە بېرىلگىنى بولۇشسىز سوئال شەكلى. جەدۋەلدە پەقەت بولۇشلۇق شەكلىنىلا كۆرسىتىپ

ئۆتتۇق.
⑧⓪ تىل ئامبىرىدا پەقەت بىرلا مىسال ئۇچرىدى.

⑧① N.A.Baskakkov, B.M.Nasilov, Uygurskiy Russkiy Slovar, Moskva 1939., p.218.
⑧② Robert Shaw, Turki Language as Spokin in Eastern Turkistan (Kashghar and Yarkand), Calcutta, 1878, p.41; Gustaf Raquette, Eastern Turki Gramm, Berlin 1912, p.47.;E.Nejip, Savremenniy Uygurskiy Yazik Moskva 1960; Kamil Meliyev, Tü rki Tillarda Feil Kategoriyisi, Tashkent, 2001, b.97.
⑧③力提甫·托乎提：《论维吾尔语动词tur–在语音和语法功能上的发展》，《民族语文》，1997年，第2期，第34–41页；——，《阿尔泰语言中动词体的表达》，戴庆夏主编：《中国民族语言文学研究论集》，北京：民族出版社，2002年。
⑧④ E.I.Fazilov, XIII–XIV Asirlar Turkiy Adabiy Yadgarliklar Tili, Morfologiyä, Tashkänt 1986., p.189.
⑧⑤ A.M.Sherbak, Oguzname, Muhabbatname, Pamyatniki drevneuygurskoy i staro uzbekskoy pisminnosti, Moskva, 1959., (15–16–vv)
⑧⑥ Nā srü ' d–din bin Burhā nü ' d–din Rabguzi, Kisasü ' l–Enbiyā (Peygamber Kissalari) I, Dizin, TDK Yayinlari, Ankara 1997.
⑧⑦ Zohuriddin Babur, Babü r Divani (Gramer–Metin–Sözlük–Tipkibasim), Dr.Bilal Yü cel, Ankara, 1995)
⑧⑧ Ebulgazi Bahadir Han, Şecere–i Terā kime— Turkmenlerin Soykü tü gü, Hazirlayan, Zuhal Kargi ö&ez, Ankara, 1996)
⑧⑨ بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات ئۇچۇن تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:
Ahmet B: Ercilasun, Kutadgu bilig Grameri Fiil, Ankara 1984 pp.102 – 122
مىرسۇلتان ئوسمانوف: «قۇتادغۇ بىلىك»تا ‹-غۇ \ -قۇ \ گۇ \ -كۇ›، قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار توغرىسىدا»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە – قۇتادغۇبىلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 – يىلى.

⑨⓪ Annemarie von Gabain 著，耿世民译：《古代突厥语语法》，内蒙古教育出版社，2004，p103.
⑨① تىل ئامبىرىدا پەقەت بىرلا مىسال ئۇچرىدى.

⑨② Nasirü ' d–din bin Burhā nü ' d–din Rabğuzi, Kisasü ' l–Enbiyā (Peyğamber Kissalari) I, Dizin, TDK Yayinlari, Ankara 1997.

204 – بەت سول تەرەپ 8 – قۇر.





⑨③ Nehcü ' l–Ferā dü s, Uctmahlarning Açuk Yoli, I Metin, II Tipkibasim, Tipkibasim veçevriyazi: Janus Eckmann, Yayinlayanlar: Semih Tezcan–Hamza Zulfikar, TDK Yayinlari, Ankara, 1995.

310 – بەت 2 – قۇر.
⑨④ «شىنجاڭ گېزىتى» 1936 – يىلى، 86 – 60 سان، 3 – بەت.
⑨⑤ N.A.Baskakov, B.M.Nasilov, Uygurskiy Russkiy Slovar, Moskva 1939.p.218.
⑨⑥ بۇ شەكىلنىڭ سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ مۆلچەر بايان مەنىسى ئوخشاپ كېتىدۇ.
⑨⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 – توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 – يىلى 467 – بەت.

⑨⑧ E.I.Fazilov, XIII–XIV Asirlar Turkiy Adabiy Yadgarliklar Tili, Morfologiya, Tashkant, 1986, b.181.
⑨⑨ Annemarie von Gabain：《古代突厥语语法》，耿世民译，呼和浩特：内蒙古教育出版社，2004，p.105.

①⓪⓪ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 – توم، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 – يىلى، 90 – بەت.
①⓪① Ali şir Navayi, Ğara'ibus–sigar, Inceleme–Kar şila ştirmali metin, Hazirlayan Gunay Kut ,TDK ,Ankara,2003.

①⓪② پېئىللارنىڭ بۇ خىل شەكلىنى «پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى» دەپ ئاتاشنى دەسلەپ خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان. چېلىك شىلياڭ ئەپەندىلەر بۇ شەكىللەرنى «تۇرغۇن سۆز خاراكتېرلىك پېئىللار» دەپ (395 – بەت)؛ يى كۇنشيۇ، گاۋ شىجيلەر «پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى» دەپ ئاتىغان (185 – بەت). بىزنىڭچە پېئىللارنىڭ بۇ شەكىللىرىنى «پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى» دەپ ئاتاش ئۇنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن.
①⓪③ خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (مورفولوگىيە)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 – يىلى 244 –، 245 – بەتلەر.

①⓪④ 力提甫.托乎提：《阿尔泰语言中动词体的表达》，戴庆夏主编：《中国民族语言文学研究论集》，民族出版社，2002
①⓪⑤ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلۇپ يېزىلغان سۆزلەر تۇزۇلۇشى بويىچە كۆپىنچە ئەسەر ۋە ماقالىلەردە «جۈپ سۆز» دەپ قارالغان. 1990 – يىللاردىن كېيىن بەزى تىلچىلار «ئاستا – ئاستا»، «بېرىپ – بېرىپ» دېگەن شەكىلدىكى سۆزلەرنى باشقا جۈپ سۆزلەردىن پەرقلەندۇرۇپ « تەكرارى سۆز»

دەپ (تۇردى ئەخمەت قاتارلىقلار: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، 402 ـ بەت)، بەزى تىلچىلار «تەكرارلانما سۆز» دەپ (高丽琴: 维吾尔语语法结构分析)، ئابدۇرۇپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»، (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى، 16 ـ بەت) دەپ ئاتىدى. (يەنە بەزى تىلچىلار سۆزلەرنىڭ تەكرارلانغان شەكىللىرىنى بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىل، ئوخشىمىغان سۆز تۈركۈملىرىدىكى سۆزلەر تەكرارلىنىپ كېلىپ تۈرلۈك گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ دەپ بايان قىلدى )خەمىت تۆمۈر: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مورفولوگىيە) ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى؛ ئەركىن ئارىز، قۇربانىسا: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان.( ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى خۇددى جاڭ دىڭجىڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «هەم سۆز ياساش هەم سۆز تۈرلەش ۋاستىسى، ئومۇمىيۈزلۈك بولۇش ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ ئاساسى. ((论哈萨克语的重叠手段, 2003 (3) , 张定京: 中央民族大学学报) بۇ مەزمۇندا تىلغا ئالغىنىمىز سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى دائىرىسىدىكى مەسىلە.

[106] بۇ مەزمۇن خەمىت تۆمۈرنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مورفولوگىيە) ناملىق ئەسىرىنىڭ 12 ـ بابى «پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى» دىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

[107] تۆۋەندە بېرىلگەن تۇس شەكىللىرى لاتىن ئېلىپبە تەرتىپىدە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

[108] خەمىت تۆمۈر «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مورفولوگىيە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى، 408 ـ، 409 ـ بەتلەر.

[109] هازىرغىچە بۇ باغلامچى پېئىل «ئىدى» شەكلىدە بايان قىلىنىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە «ئىدى» بولسا بۇ باغلامچى پېئىلنىڭ 3 ـ شەخستە تۈرلەنگەن شەكلى. بۇ باغلامچى پېئىلنىڭ باشقا شەخسلەر بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىنى نەزەردە تۇتۇپ «ئىدـ» شەكلىدە ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.





# ئونىنچى باب

# ياردەمچى سۆزلەر

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنى مەنىسى، خۇسۇسىيىتى ۋە گىراماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار، يۈكلىمىلەر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## §1. تىركەلمىلەر

### 1. تىركەلمىلەر هەققىدە

ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان هەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، تىركەلمىلەر گىراماتىكىلىق رولى جەهەتتىن ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشايدۇ ۋە شۇنداقلا قوشۇلۇش ئورنى جەهەتتىنمۇ ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن نۆۋەتلىشەلەيدۇ. مەسىلەن:

*ئوقۇغۇچى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرىم*
*ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ*
*ئوقۇغۇچىغا ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇغۇچىلىرىمغا*
*ئوقۇغۇچىنى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇغۇچىلىرىمنى*

*ئوقۇغۇچىدا ئوقۇغۇچىلاردا  ئوقۇغۇچىلىرىمدا*
*ئوقۇغۇچىدىن  ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇغۇچىلىرىمدىن*
*ئوقۇغۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىكى  ئوقۇغۇچىلىرىمدىكى*
*ئوقۇغۇچىدەك ئوقۇغۇچىلاردەك  ئوقۇغۇچىلىرىمدەك*
*ئوقۇغۇچىغىچە ئوقۇغۇچىلارغىچە ئوقۇغۇچىلىرىمغىچە*
*ئوقۇغۇچىچىلىك ئوقۇغۇچىلارچىلىك  ئوقۇغۇچىلىرىمچىلىك*

*ئوقۇغۇچى بىلەن  ئوقۇغۇچىلار بىلەن*
*ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن*
*ئوقۇغۇچى ئۈچۈن  ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن*
*ئوقۇغۇچىلىرىم ئۈچۈن*
*ئوقۇغۇچى توغرۇلۇق  ئوقۇغۇچىلار توغرۇلۇق*
*ئوقۇغۇچىلىرىم توغرۇلۇق*
*ئوقۇغۇچى ئارقىلىق  ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق*
*ئوقۇغۇچىلىرىم ئارقىلىق*

**2. تىركەلمىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى**

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەرنى خاس تىركەلمىلەر ۋە كۆچمە تىركەلمىلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. پەقەت تىركەلمە ۋەزىپىسىدىلا كېلىدىغان «ئۈچۈن»، «ئارقىلىق»، «توغرۇلۇق»، «قاتارلىق»، «كەبى»، «ئائىت»، «قەدەر»، «ئېتىبارەن» قاتارلىق تىركەلمىلەر خاس تىركەلمىلەرگە كىرىدۇ. بىر قىسىم تىركەلمىلەر باشقا سۆزلەردىن ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، ئۆزى بۆلۈنۈپ چىققان شۇ سۆز بىلەن ياكى شۇ سۆزنىڭ شۇ خىل گىراماتىكىلىق شەكلى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ. مەسىلەن، «بىلەن» تىركەلمىسى «بىلەن» دېگەن باغلىغۇچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ باغلىغۇچى بىلەن ئاھاڭداش





كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇنىڭ ئېلى بىلەن يېرى مۇشۇ كۆكتوقاي بىلەن چىڭگىل.*

b. *ــ كىم بىلەن مەسلىھەت قىلىمەن، كىم بىلەن ؟*

«باشلىق» تىركەلمىسى مۇشۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن مەنە ئاساسىدا: ‹... نى ئاساس قىلغان هالدا، ... نى ئۆز ئىچىگە ئالغان› دېگەن تىركەلمە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *قاسىم شۇ ئىدارىگە باشلىق بولدى.*

b. *خوجىنىياز باشلىق ھەممەيلەن سۇكۇتكە چۆمدى.*

«تەرىپىدىن» تىركەلمىسى «تەرەپ» دېگەن ئىسىمنىڭ تەۋەلىك 3 ـ شەخس چىقىش كېلىش شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ ئىسىمنىڭ شۇ خىل گىراماتىكىلىق شەكلى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *سول تەرەپتىن كەلگەن هارۋا ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى.*

b. *شۇ ئارىدا توپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ «هاي جامائەت، ماڭا قاراڭلار!» دېگەن خىتابى ئاڭلاندى.*

«قارىغاندا» تىركەلمىسى «قارا ـ» دېگەن پېئىلنىڭ ئورۇن كېلىشتىكى پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ پېئىلنىڭ شۇ خىل گىراماتىكىلىق شەكلى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئۇنىڭ زىخچە ئالتۇنلىرىغا قارىغاندا، خەتتە يازغان مەلۇماتلىرى تېخىمۇ قىممەتلىك.*

b. *ئالدى تەرىپىدىن قارىغاندا قوڭۇر چاچلىرى ئارقىسىغا تارالغان كەڭ پېشانىلىك، ئاق سىرىق كەلگەن بۇ ئادەم ئەللىك ياشلاردىن ئاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئارقا تەرەپتىن قارىغاندا، مۈكچىيىپ قالغان بوۋايدەك كۆرۈنەتتى.*

«تارتىپ» تىركەلمىسى «تارت ـ» پېئىلىنىڭ رەۋىشداش شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن

مەنىگە مۇناسىپ مەنىدە تىركەلمە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۇرسۇن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ سۆرەپ چىقتى.*

*b. بۈگۈندىن تارتىپ مەشىقنى داۋاملاشتۇرغىن.*

مانا مۇشۇنداق مەلۇم سۆزدىن ياكى مەلۇم سۆزنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تىركەلمىلەر كۆچمە تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ. كۆچمە تىركەلمىلەر مەنە جەھەتتە ئابستراكتلىشىپ كەتكەنلىكى ياكى گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكى بىلەن ئۆزى بۆلۈنۈپ چىققان سۆز ياكى سۆز شەكلىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، «بىلەن» دېگەن سۆز باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، ئىككى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ (مەسىلەن، ئېرپان بىلەن ئەلقۇت)، تىركەلمە ۋەزىپىسىدە كەلگەندە بولسا، بىر ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزگە قوشۇلۇپ، پېئىلغا بېقىنىپ كېلىدۇ. (مەسىلەن، ماشىنا بىلەن ئالغىلى بارايلى)؛ «قارىغاندا» سۆزى پېئىل رولىدا كەلگەندە، ھەرىكەت مەنىسى، ھال مەنىسى، ئىسىملىك خۇسۇسىيىتى، ئورۇن كېلىش مەنىسى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. (مەسىلەن، سىرتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقنى بىلگىلى بولمايتتى.) تىركەلمە رولىدا كەلگەندە بولسا، پەقەت سېلىشتۇرۇش مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ. (مەسىلەن، ئايشەمگە قارىغاندا ئادىلنىڭ بويى پاكارراق.)

خاس تىركەلمىلەر بىلەن كۆچمە تىركەلمىلەرنى سېلىشتۇرغاندا، كۆچمە تىركەلمىلەرنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى خاس تىركەلمىلەرنىڭكىگە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولىدۇ. بەزى كۆچمە تىركەلمىلەر ئۆزى بۆلۈنۈپ چىققان سۆزنىڭ بەزى گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن، «ھەققىدە»، «توغرىسىدا» تىركەلمىلىرى «ھەق» (ئۆلۈش، توغرا





دېگەن مەنىدە) تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ تەۋەلىك 3 ـ شەخس ئورۇن كېلىش شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە ئورۇن ـ بەلگە كېلىش شەكلىدە، بەزىدە تەۋەلىك 1 ـ، 2 ـ شەخس شەكىللىرىدە كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئوقۇتۇش پىلانى توغرىسىدىكى پىكرىم، قانۇن ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە، مۇئەللىم توغرىسىدا .

### 3. تىركەلمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ ئۇچرايدىغان تىركەلمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى، مەنىسىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

1) بىلەن

«بىلەن» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئادەتتە ئىشقا ۋېلىسىپىت بىلەن بارىمەن.*

*b. سىزنىڭ ئۇتۇقىڭىزنى ئېسىل سوۋغات بىلەن تەبرىكلەيمەن.*

*c. ئاپتوبۇس تۈز يول بىلەن ماڭماي، ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن يېزىمىزنى نىشانلىدى.*

(2) ئىككى تەرەپنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بولىدىغان ھەرىكەتنىڭ قارشى تەرىپىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن ئاينۇر بىلەن بازار ئارىلىدىم.*

*b. ئەسقەر بىلەن بولىدىغان تويۇم كېيىنكە سۈرۈلدى.*

*c. ياسىن بىلەن ئىشلىمەكچى بولغان تېما تەستىقلاندى.*

(3) ئابستراكت مەنىدىكى ئىسىملار بىلەن بىرىككەندە، ھەرىكەتنىڭ قانداق روھىي ھالەتتە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ھەممە ئىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.*
*b. بۇ ئىشنى بىز خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدۇق.*
*c. ئۇ ماڭا غەزەپ بىلەن ھومايدى.*

(4) «بىللە» رەۋىشى ۋە بەزى پېئىل، سۈپەتلەر «بىلەن» قۇرۇلمىسىنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن سىڭلىم بىلەن بىللە ئىشلەيمەن.*
*b. ئۇنىڭ كۈنى ئويۇن بىلەنلا ئۆتىدۇ، ئۆگىنىش بىلەن كارى يوق.*
*c. ئۇنىڭ ئاكىسى مېنىڭ ئاكام بىلەن تەڭ.*

كۆپ ھاللاردا «بىللە» رەۋىشى چۈشۈپ قېلىپ، «بىلەن» قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزى بىللىلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئەخمەت بىلەن [بىللە] كەلدىم.

2) ئۇچۇن

«ئۇچۇن» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەت بېغىشلانغان ياكى مەلۇم ھۆكۈم قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەن بۇ كۆڭلەكنى ئاپام ئۇچۇن سېتىۋالدىم.*
*b. بىز شۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن كەلدۇق.*
*c. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ياشاشنى تاماملىغان. ئۇ ئىككى قىزى ئۇچۇن ياشايدۇ.*

3) توغرۇلۇق \ توغرىسىدا \ ھەققىدە

«توغرۇلۇق» \ «توغرىسىدا» \ «ھەققىدە» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنىنى بىلدۈرىدۇ.





مەسىلەن:

*a. ئۇ بىر كۈنى شاھمات ئۈستىدە قاسىم ئەپەندىدىن ھاجى توغرىلىق گەپ سوراپ قالدى: — ئېيتىڭا ئەپەندى، ھاجى قانداقراق ئادەم ئىكەن، ئوبدان چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ؟*
*b. ھەيدەروف ئىسىملىك تىل مۇئەللىمىمۇ ئۇلارغا تىلنىڭ رولى، قائىدىسى، مەنىلىرى توغرىسىدا، توغرا سۆزلەش، توغرا يېزىش، چىرايلىق سۆزلەش ، چىرايلىق يېزىش توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ بەرگەن.*
*c. ھەتتا بىر قېتىم تاھىرىيۇزىنىڭ شاگىيوسى بىلەن كىمنىڭ مەھەللىسىدە قاغا جىقلىقى ھەققىدە سوقۇشۇپمۇ قالغان.*

4) ئارقىلىق

بۇ قۇرۇلمىدا «ئارقىلىق» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بالا دەھلىز ئارقىلىق مېھمانخانىغا كىرىپ، ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.*
*b. پاكار ئۆيلەر باغلارنىڭ سوقما تاملىق قورۇقلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.*
*c. رۇسلارنىڭ ئادەملىرى چۆچەك ئارقىلىق، غۇلجا ئارقىلىق كىرىپ مەخپىي ھەرىكەت قىلماقتا.*

5) بويىچە

بۇ قۇرۇلمىدا «بويىچە» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ دائىرىسىنى ياكى ئەندىزىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قائىدە بويىچە ئاۋات يۇرت كاتتىلىرى ئۆز نۆۋىتى بويىچە*

مەكتەپ يۇرت كاتتىلىرىغا بىردىن پىچاق سۇندى.
*b.* جامائەتمۇ بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە بىرلەپ ـ ئىككىلەپ شەھەر خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كىرىپ كېلىشتى.
*c.* شۇنىڭدىن باشلاپ، پېلىڭ ئەپەندى شىلىڭ شىسەينىڭ رۇس تىلى تەرجىمانىلا ئەمەس، رۇسىيە مەسىلىسى بويىچە خاس مەسلىھەتچىسى ھەم سىرداش دوستى بولۇپ قالغانىدى.
*d.* مېنىڭ ۋەزىپەم مىلتىقلارنى ئۆز نومۇرلىرى بويىچە تىزىملاش ئىدى.
*e.* شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ياسالغان 5130 پارنىكنىڭ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق.

6) ئارا

«ئارا» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ئورۇننى ياكى «... ئىچىدە» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە شېئىرلاردا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a.* باغ ئارا سەيلە قىلىپ،
بىر دەستە گۈل تاللىدىم.
دەستە گۈللەر ئىچىدىن،
بىر قىزىل گۈل تاللىدىم.
*b.* سەن ئۆلۈك دەمسەن مېنى،
مەن ئۆلمىدىم تېخى تىرىك.
بىر مىسال بار: «ئىشەنگەن ـ
تاغ ئارا ياتماس كېيىك.»

7) قاتارلىق

«قاتارلىق» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ





ئېنىقلانغۇچىنىڭ مىسالىنى ياكى ۋەكىلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:
*a.* ئەمدى پەقەت تەيپىنەم زامانىسىدىن قالغان قىلىچ، نەيزە، ئاي پالتا، ئوقيا، ئۇمۇت قاتارلىق ئىپتىدائىي قوراللار قالغانىدى.
*b.* يارما ئىچىلىپ گۆش يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، باستۇرمىسىغا قېتىق، ئايران ۋە يېڭى ساقلانغان ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر ئەكىرىلدى.

بۇ قۇرۇلما بەزىدە ئالمىشىپ ئېنىقلانغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:
*a.* ئېسىل نەسىللىك ئىلى ئېتى، باركۆل ئېتى، چۆچەك كالىسى، كۆكتوقاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، ئەلتىبرە قويى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە داڭلىق.
*b.* شۇ قېتىم ۋاڭ لىيى قاتارلىقلار يەنئەندە يەتتە كۈن تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن دەرس سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك شەرت ـ شارائىتىنى تەكشۈردى.

8) باشلىق

«باشلىق» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە كۆپ سانلىق ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسىگە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، شۇ كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ يېتەكچىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
*a.* ئەمما ھازىرچە بۇ گەپلەرنى يۇسۇپ تەيجى باشلىق ئوردا ئەربابلىرىدىن سىر تۇتقايسىز.
*b.* پەگاھتا ئولتۇرغان مەڭلىك نىياز باشلىق ياشلار پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.
*c.* ھاشىم ھاجى دېگەن جاللات ئادەملىرى بىلەن غوجانىياز

*ھاجى باشلىق بىر يۈز سەككىز ئادەمنى سىرتماق سىلىپ ئۆلتۈردى.*

9) تەرىپىدىن

«تەرىپىدىن» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىراق توي تەرەددۇتلىرى پۈتۈپ، ئەتە نىكاھ ئوقۇلىدۇ دېگەن كۈنى سۇلايمان قارىي ئەل ياتارغا يېقىن بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بوغۇزلاپ تاشلاندى.*

*b. جىنىڭ شۇرىن تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ھەربىي مەكتەپتە تاكتىكا دەرسى بېرىپ يۈرۈپ، بىرمۇنچە ياش ئوفىتسېرلارنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىۋالدى.*

*c. تىنچلىق دېسىلا بىز خەلقچىللىق دەيمىز، سەۋەبى، تىنچلىق خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىشى كېرەك.*

جۈملىنىڭ سۇبيېكتى ئېنىق، جۈملىنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىنى تەكىتلەش زۆرۈر بولمىغان ياكى لوگىكىلىق ئىگىنى كۆرسىتىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، «تەرىپىدىن» تىركەلمىسى ئىشلىتىلمەيدۇ. جۈملە مەجھۇل جۈملە شەكلىدە ئەمەس ئېنىق جۈملە شەكلىدە تۈزۈلىدۇ. گەرچە بۇنداق جۈملە گىراماتىكىلىق جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن تىل ئادىتى، لوگىكىلىق تەپەككۇر نۇقتىسىدىن توغرا كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ئىشنىڭ ئاپام تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ.* ※

*b. بۇ ئىشنى ئاپامنىڭ قىلغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ.*





*c. ئەلى سىنىپ مۇدىرى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى.* ※

*d. سىنىپ مۇدىرى ئەلىنى مۇكاپاتلىدى.*

10) كەبى

«كەبى» تىركەلمىسى باش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ ياكى ھەرىكەت، سۈپەتلەرنىڭ ئوخشىتىلما بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئاساسەن شېئىرلاردا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەل پىراقى تەپتىدىن جان ـ تەنلىرىم گۈلخان كەبى،*
*ئۆرتىنىپ لاۋۇلدىغان بۇ يۈرىكىم ۋولقان كەبى.*

*b. ئىلىنىڭ ئوغلى بولۇش بەختىم مېنىڭ ھەم ئامەتىم،*
*قىلمەن ھېس ھەرقاچان ئۆزۈمنى شۇ تۇغقان كەبى.*

11) ئائىت \ دائىر

«ئائىت» ياكى «دائىر» تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئوسمانغا دائىر مەلۇماتلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.*

*b. بىرنەچچە سائەتلىك سۆھبەت داۋامىدا، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە نۇرغۇن گەپ بولدى.*

*c. — تۆۋەندە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت تۈزۈلگەن يەتتە ماددىنى ئوقۇپ ئۆتەيلى، — دېدى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجاننىڭ رەھمىتى بىلەن خۇشال بولۇپ.*

*d. پات ـ پات ۋاقىت چىقىرىپ تېخنىكىغا ئائىت ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.*

12) قەدەر

«قەدەر» تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ئاساسەن ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋاقىتنىڭ ئاخىرقى چېكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدۇق.*

*b. تاشقىن مەۋسۇمى ئاخىرلىشىپ كېلەر يىللىق دەريا تاشقىنى باشلانغانغا قەدەر، بۇ ئېقىندا چۆچۈرە سالغۇدەك سۈپسۈزۈك تىنىق تۇرغۇن سۇ بولاتتى.*

13) قارىتا

بۇ قۇرۇلمىدا «قارىتا» تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ھەرىكەت قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بەزىلەر نەنجىڭغا قېچىپ كەتكەن كىچىك داداڭ مەسئۇدقا قارىتا ئۆچمەنلىكتىن بولغان ئىش دېيىشىدۇ .*

*b. — يۇقىرىقىلار، — دېدى رەخمىجان سابىر ھاجىيوف مۇھىم نۇقتىلارنى يىغىنچاقلاپ مەلۇم قىلىپ، — بىزنىڭ، يەنى ئىلى تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھەسىگە قارىتا تەييارلىغان پىكىرلىرىمىز.*

*c. رەئىس جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيانقى كېسەللىكىگە قارىتا بېرىلگەن بىر دورا، ھازىردىن باشلاپ بۇ دورا كېسەلدىن خالىي قىلىدۇ.*

14) قارىغاندا

«قارىغاندا» تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ،





سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمى قىلىنغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. كىچىك بولغىنىڭ بىلەن سەن ماڭا قارىغاندا جىق ئوقۇغان، جىق سوقۇش كۆرگەن.*

*b. ما جۇڭيىڭ مەسىلىسىدە بىزگە قارىغاندا رۇسلار چاققان چىقىپ كەتتى.*

*c. ئوغرىلارنىڭ ئىزىغا قارىغاندا، ئۇلار داۋاننىڭ يانباغىرلىرى بىلەن مېڭىپتۇ.*

15) نىسبەتەن

«نىسبەتەن» تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. كۆپىنچە «ئۈچۈن» مەنىسىنى بېرىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، بەزىدە «قارىتا» قۇرۇلمىسى بىلەن مەنداش بولسا، بەزىدە «قارىغاندا» قۇرۇلمىسى بىلەن مەنداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوقۇۋاتقان ئىنى ـ سىڭىللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بۇ پۇللارنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلەتتى!*

*b. نۇرىنىڭ قارىشىچە، ئۆز بەختىنى باشقىلارنىڭ قولىدىن ئىزدىگۈچىلەر راستىلا بىچارە، ئۇنىڭ بىچارىلەرگە نىسبەتەن كۆڭلىدە تۇنجى قېتىم نەپرەت پەيدا بولدى.*

16) يارىشا

«يارىشا» تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ھەرىكەت مۇۋاپىق كېلىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ بويىغا يارىشا بوم ناغرىدەك بوغۇلداپ چىقاتتى.*

*b. ئادەملەر قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدۇ، ئېھتىياجىغا*

*قاراپ تەمىنلىنىدۇ.*

c. *ئۇلارنىڭ قارشىسىدا ئاۋات، سېرىق بويا، ئاق دۆڭ، شامال، ئالاغىرنىڭ يۇرت كاتتىلىرى نام ـ ئەمەللىرىگە يارىشا ئورۇن ئېلىشقانىدى.*

17) بىنائەن \ ئاساسەن

«بىنائەن» ئىركەلمىسى ياكى «ئاساسەن» ئىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا ئىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئاساس بولغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *يۈسۈپ تەيجىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مانا شۇ قورال‌لار دەرھال خەلققە تارقىتىپ بېرىلدى.*

b. *قاراشەھەر پۈتۈمگە بىنائەن، ئۇرۇش توختىتىلىپ، باشئەگىم چارىسى پاسىل قىلىندى.*

c. *خېنىيا سايىت ئاشۇ شەرتلىك بەلگىگە ئاساسەن، جابدۇنۇپ شەپە كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئالا ئېتىنى چاپتۇراتتى.*

18) باشلاپ \ تارتىپ \ ئېتىبارەن

بۇ ئىركەلمىلەر چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملارغا ئىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەت ياكى ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ياكى ۋاقىت چېكىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *شۇنىڭدىن باشلاپ چىراغقا يېقىن ئولتۇرغان ئادەم چىراغ ئۆچۈرىدىغان تۈزۈم پەيدا بولدى.*

b. *قارا بۇرۇت، زىلۋا يىگىت ئەكبەر دادىسى ئىسبوسىنىغا ئەگىشىپ ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ ئوۋچىلىق، ئوغرىلىق قىلىپ داڭ قازانغان.*

c. *ئون تۆت يېشىمدىن تارتىپ ئەسكەرمەن.*

d. *شۇنداق قىلىپ، يەتتە قۇدۇقتىن تارتىپ شىڭشىڭشياغىچە*





*بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.*

e. *ئۇلار يارالغىنىدىن تارتىپ ئاشۇ قاۋۇل بىلەكلىرىدىن باشقا ھېچكىمگە تايانمىغان.*

f. *ئەنسارى بۇ تەكلىپنى جان دەپ قوبۇل قىلدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئۆيىنىڭ ئوغلى بولۇپ قالدى.*

g. *بۇ بىتىم ئىمزالانغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە.*

## § 2. باغلىغۇچىلار

### 1. مەنىسى

سۆز بىلەن سۆزنى، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسىنى ۋە جۈملە بىلەن جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق باغلىغۇچىلارنى مەنىسى ۋە رولىغا قاراپ تۆۋەندىكىچە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار: بىلەن، ۋە، ھەم، يەنە، ھەمدە، شۇنداقلا...

2) كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار: ھەتتا، بولۇپمۇ، يەنە كېلىپ...

3) تاللانما باغلىغۇچىلار: يا، ياكى، نە، مەيلى... مەيلى...

4) قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار: لېكىن، ئەمما، بىراق، ئەپسۇسكى، ھالبۇكى...

5) سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچىلىرى: شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، نەتىجىدە...

6) ئىزاھلىق باغلىغۇچىلار: يەنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا...

7) ئۇلانما باغلىغۇچىلار: ئاۋۋال... ئاندىن...، دەسلەپ...

كېيىن...

8) يەكۈن باغلىغۇچىسى: دېمەك.

9) شەرت باغلىغۇچىلار: ئەگەر، ناۋادا، مۇبادا، گەرچە...

باغلىغۇچىلار سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردا باغلىغۇچىنىڭ رولى شۇ قەدەر مۇھىمكى، ئۇ باغلىغۇچىسىز ئۇ خىل سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، «سەھرادا ئاشلىق بىلەن چارۋىدىن باشقا نېمىمۇ بار دەيسىز، دادىڭىزنى كۆندۈرسىڭىز، شەھەرگە ئەكىرىپ كېتەيلى!» دېگەن جۈملىدىكى «ئاشلىق بىلەن چارۋا» دېگەن بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى «بىلەن» ياردەمچىسىنى ئېلىۋەتكىلى بولمايدۇ. «يا سەن بار، يا مەن باراي» دېگەن جۈملىدىكى «يا» سۆزىنى ئېلىۋەتكەندە بۇ جۈملە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

## 2. باغلىغۇچىلارنىڭ گىراماتىكىلىق رولى

1) باغلىغۇچىلار مۇستەقىل سۆزلەردەك مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرگە ۋە سۆز ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، بىر قىسىم باغلىغۇچىلار مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ مەلۇم مورفولوگىيەلىك شەكىللىرىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ قېلىشىدىن ھاسىل بولغان. مەسىلەن، بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى «شۇنىڭ بىلەن بىللە»، «بىر تەرەپتىن... بىر تەرەپتىن» «جۈملىدىن»، تاللانما باغلىغۇچى «بەزىدە» قاتارلىقلار.

2) باغلىغۇچىلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئاجىز ياكى يوق، پەقەت تىل تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق باغلىنىشنىلا بىلدۈرىدۇ.

3) بىر قىسىم باغلىغۇچىلار بىر - بىرى بىلەن ياكى بىرى





يەنە بىر خىل باغلىغۇچى بىلەن ماسلىشىپ جۈپ شەكىلدە قوللىنىلىدۇ.

## 3. باغلىغۇچىلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى

باغلىغۇچىلار جۈملىدىكى رولىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار

(1) بىلەن

a. *كۆلكە بىلەن يىغا، راھەت بىلەن ئازاب دائىم بىللە، ئۇلار قېرىنداش.*

b. *كەچقۇرۇن، يەن ياۋنەننىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بىلەن ھېلىقى سېرىق ساقاللىق ھارۋىكەش بىر خادىك ھارۋا تېپىپ كېلىپ، جەسەتنى لىيۇداۋاندىكى گۆرىستانلىققا ئەكەتتى.*

c. *ئۇنىڭ تۆۋەنگە قارىشى بىلەن قىزنىڭ يۇقىرىغا قارىشى بىرلا ۋاقىتقا توغرا كەلدى.*

(2) ۋە

a. گويا ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ چوڭ ئىنئامى — ھېس ۋە تۇيغۇ، ئاڭ ۋە ئىدراكتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغاندەك......

b. *بۇ كىشى شەمەي، تاشكەنت، قازان، موسكۋا ۋە لېنىنگراد قاتارلىق شەھەرلەرگە سودا - تىجارەت بىلەن نۇرغۇن قېتىم بېرىپ كۆزى ئېچىلغان ۋە جامائەت ئوتتۇرىسىدا مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن داڭقى چىققان تۇرپان ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى ئىدى.*

c. *ياڭ زىڭشىن ئۆزىنىڭ بۇ «دانىشمەنلىكى»دىن مەمنۇن بولغان ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، ئەتىسىلا يەن ياۋنەننى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ھېچنېمە بىلمىگەن كىشىدەك ئۇنىڭ*

بىلەن قىزغىن هال ـ مۇڭ قىلىشتى ۋە ئاخىرىدا ئۇرۇمچىنىڭ ۋالىيلىقىغا قوشۇپ جاڭجۇڭ يامۇل ھەربىي ئىشلار نازىرلىقى بىلەن خارجى ئىشلار مەھكىمە باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنىمۇ بىللە ئۆتەشنى تەكلىپ قىلدى.

(3) ھەم

a. ـــ توغرا، زىياۋۇدۇنوف ھەم باتۇر، ھەم ئەقىللىق، ھەم بىلىملىك!

b. خېنيا سايىت خېلى باي ئائىلىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، ئۆزى ئوقۇچىلىقنى ياخشى كۆرگەچكە ھەم ئادەملەر بىلەن ئارىلىششنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياۋا مىجەزى بولغاچقا، بىر تەرەپتىن مال بېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇ قىلىپ يىل بويى جاڭگالدا ياشايتتى.

c. مامۇت سىجاڭ بۇ ئىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ھەم غوجانىياز ھاجىغا تۆمۈر خەلىپە پاجىئەسىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

(4) يەنە

a. ئۇ يەنە ئاجايىپ ناخشىچى، پۇتبولچى ۋە رەسسام ئىدى...

b. ـ ئەقىللىقلىقىڭىز، ئەخلاقلىق، تىرىشچان، يەنە... يەنە ھېسسىياتقا باي، كۆيۈمچان... يەنە...!

c. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يىللار ئەقىل ـ ئىدراك يېتىلدۇردى، يەنە ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇرلارغا خاس خىسلەت يېتىلدۇردى.

(5) ھەمدە

a. شۇ قېتىمدا شىڭ شىسەينىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى، ئىلى ۋالىيسى چىڭ دىلى ۋە يۇنۇس بەگ، تاھىر، بەگ ھەمدە قازاق خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى شەرىپقان تۆرە قاتارلىق ئەربابلاردىن بىر يۈز يىگىرمە كىشىمۇ تۇرلۇك قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.





b. باھا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى ۋە بايلىق مەھسۇلاتى باھا ئىسلاھاتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك.

c. چۆنەك ئىچىدىكى ئاز ساندىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتىۋېتىش، ھەمدە چۆنەكنى دائىم يۇمشىتىپ تۇرۇش لازىم.

(6) شۇنداقلا

a. ھەي ئىنسان، ھاياتقا سەمىمىي مۇئامىلە قىلساڭلا ھەممە يەردە خۇشاللىق تاپالايسەن، غەم ـ غۇسسە يالقۇنلىرى ئىچىدىمۇ كۈلەلەيسەن، يەنە شۇنداقلا تاغدەك لەززەتنى ئۆز زىممەڭ ئادا قىلىدىغان ئىش ئۇچۇن چۆرۈپ تاشلاپ، غەم ـ قايغۇ ئىچىگە شۇڭغۇيالايسەن.

b. ئۇرۇش مەيدانى ۋەھشىيلىكنىڭ ئەڭ چوڭ تىپلىرى تۇپلانغان ئورۇن، شۇنداقلا گۈزەللىكنىڭ تەرىپىگە تىل يەتمەيدىغان ئۆلگىلىرىنىڭ خەزىنىسى...

c. پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ سىياسىي كاپالىتى.

(7) شۇنىڭدەك

a. شىنجاڭنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ تۆۋەن بولغان رايونلىرى، شۇنىڭدەك غەربىي ـ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلىرى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ.

b. ئەڭ ئاقىلانە چارە يەنىلا كۈندىلىك تۇرمۇش مەشغۇلات ۋاقتىنى ئوبدان تەڭشەش، شۇنىڭدەك كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە بىلەن كۆپرەك ئوزۇقلىنىش ھەمدە ئۆزىمىزگە يېتىشمەيۋاتقان ۋىتامىنلارنى ۋاقتىدا تولۇقلاشتىن ئىبارەت.

c. ۋىتامىن كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا، قېرىشنىڭ، سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنىڭدەك تەن

*سالامەتلىكنى ياخشىلاش ئۇنۇمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.*

(8) شۇنىڭ بىلەن بىللە

*a. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تەلۋىلەرچە قاراملىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى زېرەك ۋە چېۋەرلىكى بىلەن داڭقىنى چىقىرىپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا ئۆلكىلىرىدە «گاسىلىڭ»( كىچىك سەركەردە ياكى قوماندان ) دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلۇشقا باشلىدى.*

*b. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە جىياڭ جيېشىنى ئۆزىگە ئارقا تىرەك قىلىشنى زۆرۈر ھېسابلىدى.*

*c. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ما جۇڭيىڭ كەلگەندىن كېيىن شەھەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم باشلاش، ئاڭغىچە بارلىق كۈچلەرنى ئۈچكە بۆلۈپ، سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان شوپۇل تەرەپتە، ئابدىنىياز مىراب بىلەن سادىق قورمال نېرىنكىر ۋە تۈركۆل تەرەپتە مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇش، خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىدىغان چېرىكلەرنىڭ يولىنى توسۇپ زەربە بېرىش دېگەن پىلاننى تۈزۈشتى.*

(9) شۇنىڭ بىلەن بىللە

*a. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ئاددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنىمۇ قوللىنىش لازىم.*

*b. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەتۈر ياغلارنى ئىستېمال قىلغان مايمۇنلارنىڭ بەدىنىدىكى ياغلارنىڭ ھەممىسى قورساق قىسمىغا يۆتكەلگەن.*

*c. شۇنىڭ بىلەن بىللە ساغلاملىق بەدەن تەكشۈرتۈشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۆرەككە تاش چۈشۈشنى بايقاش نىسبىتى بارغانسېرى ئاشماقتا.*

(10) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

*a. ئىشقا قاراپ ئادەم تاللاش، بىلىمىگە قاراپ ئىش ئورنىغا*





*قويۇش، تالانتنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئادەمدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشكە ئىشلىتىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە يېڭى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى تەقدىرلەش لازىم.*

*b. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن مەلۇم تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش ۋە نىشانلىق كۆزىتىشنى قانات يايدۇرۇشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.*

*c. ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەندە بەدەن ئىچىدىكى كاتىخول ماددىسى كۆپلەپ قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن بۆرەك ئۈستى بەز ئاجرالمىسى كۆپىيىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئارتېرىيە كىچىك قان تومۇرلار تارىيىشقا باشلاپ تېرىنى قان بىلەن تەمىنلەش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قان بېسىمى يۇقىرىلاپ يۈرەك سېلىش، باش قېيىش، پۇت ـ قوللىرى مۇزلاش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ ئادەمنىڭ چىرايى تاتىرىشقا باشلايدۇ.*

(11) ـ دە

ئۆزى ئۇلانغان ئىش ـ ھەرىكەتكە ئۇلىنىپلا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. نۇرى قازانغا گۆشنى سېلىپ ئوت ياقتى ـ دە، كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.*

*b. مۇختەرباي ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىندى ـ دە، دالانغا ئۆزىنى ئاتتى.*

*c. ئۇ ياتىقىغا كىردى ـ دە، سەبىخەنىڭ پۈرلىشىپ كەتكەن خېتىنى يەنە ئاچتى.*

*d. ئات ئازراقلا تېپىرلىدى ـ دە، جان ئۈزدى.*

(12) بىر تەرەپتىن... يەنە بىر تەرەپتىن

بۇ باغلىغۇچى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىككى ئىش ـ

ھەرىكەتنى بايان قىلغاندا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a*. ئۇ بىر تەرەپتىن بۇ قىزنىڭ ئەقىللىق ھەم چىرايلىقلىقىغا قاراپ سۆيۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن «قىز بالا دېگەن مىڭ قىلغان بىلەن ياتنىڭ كىشىسى، ئىزىمنى بېسىپ چىرىغىمنى ياقىدىغان ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەي ئۆتمىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

*b*. خېنىيا سايىت خېلى باي ئائىلىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، ئۆزى ئۇۋچىلىقنى ياخشى كۆرگەچكە ھەم ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياۋا مىجەزى بولغاچقا، بىر تەرەپتىن مال بېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوۋ قىلىپ يىل بويى جاڭگالدا ياشايتتى.

*c*. بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىكەن سانجىلىپ كۆيگەندەك ئېچىشتۇراتتى؛ بىر تەرەپتىن ئادەم كەڭ كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ ئەركىن - ئازادە بولۇشقا ئىنتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن قان شورىغۇچ ھاشاراتلار چاقاتتى....

(13) بىر ياقتىن... بىر ياقتىن...

*a*. يىگىتلەر بىر ياقتىن بالىچاقىلارنى قوغداپ، بىر ياقتىن دۈشمەن ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

*b*. چۆچەك تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان توپ - توپ ئايروپىلانلار سانجىدىن چېكىنىۋاتقان ۋە ئۇرۇمچى شەھىرىنى قامال قىلىپ تۇرغان ما جۇڭيىڭ چېرىكلىرىنى شۇنداق بومباردىمان قىلىشقا باشلىدىكى، ئايروپىلان دەپ ئاڭلىغان ياكى بىرەر ئايروپىلاننىڭ ھاۋادا ئۇچقىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىر ياقتىن ئېتىپ، بىر ياقتىن بومبىلايدىغان مۇنداق ئايروپىلانلارنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان چېرىكلەرگە راستىنىلا قىزىل قىيامەت باشلانغانىدى.

*c*. بىز يەنە نەچچە كۈندىكىدەك بىر ياقتىن سوقۇشۇپ، بىر





ياقتىن چېكىنىدىغان بولساق، كۆپ چىقىمغا ئۇچراپ كېتەتتۇق.

(14) جۈملىدىن

*a*. بۇ قوشۇن ھاجىنىڭ يىگىتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ھەرقايسى تاغلار (جۈملىدىن يولۋاس بىلەن بەشىرنىڭ تەۋەسىدىكى جايلار) دىن يىغىلغان يىگىتلەردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، بۇ تەقسىمات توغرۇلۇق ئۇ يەردە باشقىچە گەپلەرمۇ بولمىدى.

*b*. قالغان ئادەملەر قانداقتۇر ئىشلار بىلەن، جۈملىدىن ئالدىراپ يۈرۈپ كىگىز ئۆيلەرنى يىغىشتىش بىلەن بەند ئىدى.

*c*. نۇقتىلىق ھالدا ئېنېرگىيە باھاسىنى، جۈملىدىن تەبىئىي گاز ۋە ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېقىلغۇ بېجىنى تېزدىن يولغا قويۇپ، بېنزىنىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(15) - مۇ

*a*. شۇ ئارىلىقتا بۇرھان شەھىدىمۇ تۇرپاندىن قايتىپ چىقتى.

*b*. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسەن دولانمۇ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى.

*c*. چاققان قوپ، بۇ يەردە دورغامۇ يوق، موللامۇ يوق، نىكاھىڭلارنى ئۆزۈم ئوقۇپ قويىمەن، قادىر خۇدا بىلەن مۇھەممەت مۇستاپا گۇۋاھ.

(16)ئاڭغىچە

*a*. ئاڭغىچە بۇلاقنىڭ سۈيى تۈگەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ سۇ قالمىدى.

*b*. ئاڭغىچە، ھاجى بىلەن سوپى مەرگەنمۇ ئويغىنىپ، تالاغا چىقىشتى.

*c*. — پۇرسەت غەنىيمەت، — تەكىتلىدى مەھمۇد مۇھىتى، — بىز ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈم تۈزۈۋېلىپ، يولىمىزغا راۋان بولايلى،

ئاڭغىچە قەشقەرگە كەتكەنلەرمۇ ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولۇر.

(17) قىسقىسى

a. مۇشۇ تىجارەت بىلەن ئىككى يۈز نەچچە ئۆينى قامداۋاتىمەن، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، قىسقىسى، مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا بىر جەمئىيەت، بىر دۇنيا.

b. قىسقىسى، مەن ئەمدى قان تۆكۈشنى خالىمايمەن.

c. تۈرمە بولغاندىمۇ ئانداق — مۇنداق ئەمەس، جىنى تۆمۈردىن پۈتكەن مەھبۇسمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، نى — نى ئەزىمەتلەرنىڭ ئۇستىخىنى گۆشىدىن ئاجراپ، ئۆزى خېمىردەك چەيلەپ تاشلىنىدىغان، ھەتتا مۇتلەق كۆپلىرىنىڭ قورۇق جەسىتى چىقىدىغان ئازاب زىندانى، قىيىن — قىستاق ئوچىقى، قىسقىسى ئۆلۈم مەنزىلى ئىدى.

(18) ئومۇمەن ئېيتقاندا

a. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ بەش يىل ئىسلاھات — ئېچىۋېتىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىلغان بەش يىل بولدى.

b. غەرب دۆلەتلىرى ئېلىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ناھايىتى دىققەت قىلىپ، ناھايىتى «كۆڭۈل بۆلۈپ»، بىزگە نۇرغۇن «رېتسېپ» يېزىپ بەردى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ كۆپ پارتىيە نۆۋەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئۈچ ھوقۇق تىركىشىپ تۇرۇشتەك غەرب سىياسىي تۈزۈمى ئەندىزىسىنى يولغا قويۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

c. ئومۇمەن ئېيتقاندا ئېشىپ كەتكىنىنى كېمەيتىپ، يېتىشمەي قالغىنىنى تولۇقلاش لازىم.

2) كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىسى

(1) ھەتتا

a. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن چاچ — ساقاللىرى، ھەتتا ئۈزۈن





قاش — كىرپىكلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بۇ كىشىنى گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي دىققەت بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتى.

b. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، يىلقىنىڭ ھەربىر ئۈيۈرىدا بىر ئايغىر بولىدىكەن. ئايغىر ئۆز ئۈيۈرىنى يىرتقۇچلاردىن قوغدايدىكەن، ھەتتا ئۆز ئۈيۈرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىكەن.

c. دۈشمەن تەرەپنىڭ توپ — زەمبىرەك، بىرونېۋىك (تۆمۈر كوڭكا) ۋە ھەتتا ئايروپىلان بىلەن قىلغان بۇ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قوزغىلاڭچىلار پىچاندىن چېكىندى، ھەتتا تۇرپاننىمۇ قولدىن بېرىپ، توقسۇنغا كەتتى.

(2) بولۇپمۇ

a. بولۇپمۇ بۇ سۆھبەتتە ۋاڭلىقنى ئورنىغا كەلتۈرۈش توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ بولۇنمىغانلىقى ئۇنى ناھايىتى خاپا قىلغانىدى.

b. ئۇ بىرەر يىلدىن بۇيان، گاھ تىركىشىپ، گاھ قېچىپ، بولۇپمۇ ئاشلىقتىن قاتتىق قىسىلىپ، ھېچ ھالى قالمىغان قوزغىلاڭچىلارغا بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقىدۇ دەپ ئويلايتتى.

c. ئىنساننىڭ روھىي تەلپۈنۈشى بىلەن جىسمانىي تەلپۈنۈشى مەڭگۈ چىقىشالمايدىكەن، بولۇپمۇ ۋىجدان ئىگىسىنىڭ.

(3) ھېلىغۇ

a. ھېلىغۇ يىڭجاڭلىق ئىكەن، تۇەنجاڭلىقنى بەرسىمۇ ھاجى ئاكامنىڭ يېنىدىن كەتمەيمەن.

b. غېنى، پاتىخ، ئەكبەر دېگەنلەر شۇڭقار — دە، ھېلىغۇ ئۈچ يۈز ئىكەن، ئۈچ مىڭ ئەسكەر كەلسىمۇ بۇرۇتى تەۋرەپ قويمايدۇ ئۇلارنىڭ!

c. ھېلىغۇ ئاشۇ بايلىقىڭنى بېرىدىكەنسەن، تۇپلاڭچى قاچقۇنلارنىڭ بەش تۈلۈم ئالتۇنىنى بەرسەڭمۇ نىيىتىمدىن

*يانمايمەن.*

(4) يەنە كېلىپ

*a. يەنە كېلىپ، بۇ گۈل سىلىنىڭ يۇرتلىرى شىنجاڭ سىڭنىڭ قەشقەر گۈلشەنىدىن كېلىپ قالغان ئاجايىپ خۇش پۇراقلىق قىزىلگۈل دېسىلە!*

*b. يەنە كېلىپ قىزىدا ھازىر پۇلمۇ خېلى كۆپ.*

*c. يەنە كېلىپ، بۇ ئادەتتىكى مۇھەببەتنامە ئەمەس، بەلكى زۇلۇمغا قارشى ئادالەت ۋە ئەركىنلىك بايرىقىنى قۇمۇل ئەھلى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىنقىلابقا پىدا قىلماقچى بولغان بىر ئايالنىڭ يالقۇنلۇق مۇراجىئەتنامىسىغۇ!*

(5) ئۇنىڭ ئۈستىگە

*a. بىراق مەيداندا ھازىر بولغانلار بۇ مويسىپىت كىشىنىڭ بايىراقتا ئۇزەڭگىنى سۆيگەنلىكىگە قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇزەڭگىنى سۆيۈش سەۋەبىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاچ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.*

*b. مۇختەر باي ھاياتىدا بۇنداق پاسكىنا، سېسىق ۋە زەي - نەم جاينى كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەيدىغىنىچۇ؟*

*c. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىڭلار رۇسلارنىڭ تىلىدىن باشقا مىجەز - خۇلقىنىمۇ ياخشى بىلىسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟*

(6) ئۇنى ئاز دەپ

*a. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆگەي قىزىنى خاراب قىلدى، ئاسىيە خېنىمنى ۋەيران قىلدى، پارا ئۈچۈن زىياۋۇدۇننى بىگۇناھ سولاتتى، ئۇنى ئاز دەپ ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە چېقىپ باللارنى ئاتقۇزدى، نۇرىنى — بىر يارامىلىق يىگىتنى ئوقۇش ۋە خىزمەتتىن مەھرۇم قىلدى، ئاخىرىدا مۇختەربايىنى سولاتتى، مال - دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلدۇردى...*

*b. ئۇنى ئاز دەپ شىۋىرغان ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىگە قار*





*ئۇچقۇنلىرىنى چاچاتتى.*

*c. ئۇنى ئاز دەپ، يېڭى ۋالىي مەھكىمىسىگە، ناھىيەلەرنىڭ رەھبەرلىكلىرىگە ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى قويىمدى.*

3) تاللانما باغلىغۇچىسى

(1) يا... يا... \ يا... ياكى...

*a. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ مەيدانغا چىقتۇقمۇ، بولدى، ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ كۆرىمىز.*

*b. يا بۇ قىزىم مەڭلىك بالىدىن كۆڭلىنى ئۈزمىدى، يا دادا بولغان كىشى قىزىنىڭ كۆڭلىنى دېمىدى.*

*c. بۇ مەكتەپتە يا مېنىڭ بالام ئوقۇغاي، ياكى تاغچى تۇغقانلىرىنىڭ بالىسىنى ئوقۇتۇۋالسىلا، ئۇ شۇمتەك ئوقۇيدىغان بولسا، ئۆيىنى بوشاتسىلا، ئۆي ئۆزىمىزگە لازىم.*

(2) ياكى \ ياكى... ياكى... \ ياكى... ۋە ياكى...

*a. ئاتا - ئانىڭ، قوۋم - قېرىنداش ياكى سۆيگەن يارىڭ يوقلاپ كېلىدىغان قەبرەڭمۇ بۇ دۇنيادا قالمايدۇ.*

*b. 1732 - يىلى مەنچىڭ خانلىقىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن يۇڭجېڭ خاننىڭ «جاساقبەگ» يارلىقىغا، كېيىن چيەنلۇڭ خانغا ساداقەت كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئىلىنى گۈللەندۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «ۋاڭ»لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىمىن ۋاڭنىڭ 9- مىراسخورى ھاكىم ئاغىچىنىڭ ھېسابىدا ھېكىمبەگ ئاتالغان غىياسىدىن بەگ غوجام بولسۇن ياكى مۇنۇ ساھىبخانا — شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ باي ھۈسەنبايىنىڭ ئەۋلادى ئەنۋەر مۇسابايوف بولسۇن، ياكى «ئۇسۇلى جەدىت»نى غۇلجىغا ئەكىرىپ تاپقان - تەرگىنىنى مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، خەلقپەرۋەرلىكى ۋە پاكىز پەزىلىتى بىلەن ھۆرمەت تاپقان ئابدۇموتائالى خەلپىتىم ھەزرەتلىرى بولسۇن ياكى ئاتۇشتىن ھەۋەس بىلەن ئىلىغا كېلىپ بۇ يەرنى گۈللەتكەن سابىر ھاجىلار*

ئەۋلادىدىن بولغان رەخمىجان سابىر ھاجىيوف بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن، ھاياتتىن ھېچكىم رازى بولغان ئەمەس.

*c*. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئادەم ھامان ئۆزىنى بىر نەرسىگە ئاتايدۇ، سەن بىر ئىشنىڭ قۇربانىسەن ياكى گۈزەللىكنىڭ ۋە ياكى رەزىللىكنىڭ...

(3) خاھ... خاھ...

*a*. بالاڭ خاھ شەھەردە تۇرسۇن، خاھ جەڭگاھتا تۇرسۇن، بۇ ئۇنىڭ تاللىشى، چۈنكى ئۇ يىگىت بولدى.

*b*. خاھ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلسۇن، خاھ ئەركىلىسۇن مۇسابايدىن ھېچ زۇۋان چىقمىدى.

*c*. خاھ سۇلىرى بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقتا، خاھ تىنىق ئاسمانغا قارايتتى، نەگىلا قارىسا، نۇرىنىڭ سىماسى...

(4) خاھى... خاھى...

*a*. خاھى پىكرىمگە قوشۇل، خاھى قوشۇلما، ماڭا بەرىبىر.

*b*. خاھى مەكتەپكە بار، خاھى زاۋۇتقا بار، ئىشقىلىپ بىكار يۈرمە.

*c*. خاھى ئوغلۇڭغا بەر، خاھى قىزىڭغا بەر، ھامان بېرىسەن.

(5) نە... نە...

*a*. ئۇنىڭ نە مۇڭدىشىدىغان ئادىمى، نە يۆلەنچۈكى يوق.

*b*. بۇ يەرلەردە ئاتۇشتىكىدەك نە كۆيۈك ئاپتاپ، نە چاڭ ـ توزان يوق.

*c*. نۇرىدەك مۆكۈنۈپ ـ سۇقۇنۇپ يۈرمەيدۇ، سەبىخەدەك خورلانمايدۇ، دادىسىدەك غەم ـ غۇسسە يۈكىنى كۆتۈرمەيدۇ، ئۇلارغا نە تەبىئەت، نە جەمئىيەت، نە ھۆكۈمەت ھومايمايدۇ.

(6) مەيلى... مەيلى...

*a*. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى دۇبەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلدىم دېگىنى مەيلى راست، مەيلى يالغان بولسۇن، مېنىڭ ئۇيقۇمنى





ئېچىپ قويدى.

*b*. گەپىنىڭ نان يېرى، ئاللانىڭ رەھىم شاپائىتى بىلەن تا بۈگۈنگىچە بىز يانتاقلىقلار مەيلى ئىت تالاشتۇرۇش، مەيلى قوچقار سوقۇشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىش، پاپۇز ئويناش، مەشرەپ بولسۇن يېغىلىپ يۈزىمىز كېتىدىغان ئىش بولمىغان.

*c*. بۇ بۆرىلەرنى يوقاتمىغۇچە، مەيلى قۇمۇل، مەيلى ئالتە شەھەردە ھېچكىمگە ئارام بولمايدۇ.

(7) بىر بولسا... بىر بولسا...

*a*. ئۇلار بىر بولسا شىۋىرغاندىن قورقۇپ يولغا چىقمىدى، بىر بولسا يولدا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدى.

*b*. مەن بىر بولسا تاغقا چىقىمەن، بىر بولسا شەھەرگە كىرىپ كېتىمەن.

*c*. سەن بىر بولسا بۈگۈن كەل، بىر بولسا كېلەر ھەپتە كەل.

(8) گاھ... گاھ...

*a*. كېچە ـ كۈندۈز تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ۋە تۆكۈلۈۋاتقان قانلار بەدىلىگە بۇ قەدىمكى شەھەر گاھ ئۇ تەرەپنىڭ، گاھ بۇ تەرەپنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇراتتى.

*b*. گاھ دېھقان، گاھ ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، گاھ ئېشەكچى، گاھ يولۇچى قىياپىتىدە، ئىككى ـ ئۈچتىن، بەزىدە يالغۇز يۈرۈپ، ئەل ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن يىگىتلەردە مۇنداق قورال بار دەپ ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى.

*c*. چۇ يۇفاڭ دادىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگىيدى دېگەندەك قىلىپ، گاھ دادىسىغا، گاھ ئېرىگە خاۋاتىرلىنىپ قارايتتى.

(9) ھېلى... ھېلى...

*a*. ھەر تەرەپكە پارچىلىنىپ پىتىراپ يۈرگەن تۈڭگانلار ھېلى ئۇ يەر، ھېلى بۇ يەردە ئۇلارغا ۋەسۋەسە سېلىپ يېغىلىق

چىقارماقتا ئىدى.

b. ئوغلاق ھېلى ئۇ تەرەپنىڭ قولىغا، ھېلى بۇ تەرەپنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قولدا تۇرمىدى.

c. سامان قەغەزنى پەنجىرىگە چاپلاپ قويساڭ ھېلى سىغىزخان شىلىمنى چوقۇلاپ تېشىۋەتكەن، ھېلى بوران چىقسا يىرتىلىپ كەتكەن.

(10) بەزىدە... بەزىدە...

a. ھەقىقەت ئادەمنى بەزىدە قەھرىمان قىلىۋېتىدۇ، بەزىدە بىچارە قىلىپ قويىدۇ.

b. ئۇ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن دوست بولاتتى، بەزىدە سوقۇشاتتى، بەزىدە گەپ تالىشاتتى.

c. سوپاخۇن بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە پىيادە ئۇياق - بۇياقتا يۈگۈرەيتتى.

(11) بىر....بىر... \ بىردە...بىردە...

a. چۆچۈپ كەتكەن بالا بىر ئاپىسىغا، بىر دادىسىغا قارايتتى.

b. ئىشخانىغا بىردە رۇس، بىردە قازاق، بىردە تاتارلار ئىش بىلەن كىرەتتى.

c. پارتىزانلار بىردە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكۈپ، بىردە ئاتلىرىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئوق ئاتماقتا ئىدى.

(12) تۇرۇپ... تۇرۇپ...

a. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ يادىغا يەتسە ئۇ تۇرۇپ كۈلۈپ كېتەتتى، تۇرۇپ غەمگە چۆكەتتى.

b. تۇرۇپ مېنى تىللايسەن، تۇرۇپ بالىنى تىللايسەن، زادى نېمە قىل دەيسەن؟

c. تۇرۇپ پالانچىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ دېگەن خەۋەر كېلىدۇ، تۇرۇپ پالانى يەرنى پارتلىتىپتۇ دېگەن خەۋەر كېلىدۇ.





4) قارىمۇقارشى باغلىغۇچىسى

(1) لېكىن

a. ئۇ فىرانسىيەنىڭ خۇرۇم كىرىپسلوسىدا يېنىچە يېتىپ ھۇزۇرلىنىپ چەكتى، ۋۇجۇدى راھەتلەندى، لېكىن ئۇنىڭ خىيالى ئەمدى داۋاملىشالمىدى.

b. دەرۋەقە، جۇغراپىيەلىك مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، دەيدىغان نەزەرىيە مۇتلەق ئىلمىي نەزەرىيە ئەمەس، لېكىن جۇغراپىيەلىك جايلىشىشنىڭ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

c. سىزنىڭ خىيالىڭىزدا مەن يوق، لېكىن مېنىڭ خىيالىم سىز بىلەن...

(2) ئەمما

a. — بوپتۇ، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى، ئەمما ئۇنىڭ بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قۇلاق كەستى چېرىكلىرى نېمىشقا ئامان ساقلىنىپ قالىدۇ؟

b. سىزنىڭ بۇ خىزمەتنى ئوبدان بەجا كەلتۈرۈشىڭىزگە ئىشىنىمەن، ئەمما بۇ سىرنى ئۆزىڭىزدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك!

c. بەگ شۇنداق پىچىرلىدى، كۆز يېشى زادىلا توختىمىدى، ئەمما جەمەتلىرى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازىنىمۇ ئايىدى.

(3) بىراق

a. مەن ھەددىدىن گۈزەل، سەبىخە سېرىق ئىدى، مەن ئاق سېرىق، ياق، سۈتتەك ئاق، بىراق ئۇنىڭ بالىسى خەمىت ماڭا ئوخشايدۇ...

b. قىز قىچىش ئومۇمىي ئادەت، ئەمما باي قىزىنىڭ قىچىشى چوڭ نومۇس.

*c. نۇرى گەپ قىلمىدى، ئەمما خاپا چىقتى.*

بەزىدە ئىككى قارىمۇقارشى باغلىغۇچى بىللە ئىشلىتىلىپ، قارشى مەنە تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەمما لېكىن، مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئارازلىشىپ قالماي، ئىتتىپاق ئۆتكىنىمىز ياخشىمىكىن.*

*b. مەن چىدىدىم، جېنىم ئامان قالسا مال ـ دۇنيانىڭ كارى چاغلىق دېدىم، ئەمما لېكىن خوتۇن چىدىمىدى.*

*c. بۇغدايىنى ئالتۇن قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ، ئەمما لېكىنزە، ئەخلەت قىلىشقا ئۇستا!*

(4) ئەپسۇسكى

بۇ باغلىغۇچى « ئەپسۇس » دېگەن سۆزگە « ـ كى » قوشۇلۇپ تۇراقلىشىپ قالغان.

*a. سىز جانابلىرى بۇ ئىشتا سىزنىڭ جاۋابكارلىقىڭ بار دەيسىز، بەرھەق، شۇنداق. ئەپسۇسكى، ۋەقەنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈم بولماي قاپتىمەن.*

*b. ئەپسۇسكى، يىگىتلەر ھەرقانچە جەسۇر، ھەرقانچە غەيۇر بولسىمۇ، ئاسماندا پەرۋاز قىلالايدىغان بۈركۈت ئەمەس.*

*c. ئەپسۇسكى، رۇس تىلىنىمۇ تولۇق بىلگەن بولسىڭىز، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغان بولار ئىدى.*

(5) ئەكسىچە

*a. بەزىلىرىچۇ، ئەكسىچە ھايات ۋاقتىدا چالىمىدەك ئاياغ ئاستىدا پۇتلىشىپ يۈرىدۇ.*

*b. ئادەممۇ بىرگە ئوخشاش قىسقا ئۆمۈرلۈك، پەرقىمىز ئىنسان ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ، سوقۇشىدۇ، تىللىشىدۇ، بىز ئەكسىچە، مۇھەببەتتىن باشقىنى بىلمەيمىز...*

*c. شۇنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشۈڭلار كىرەككى، شىبىڭ شىسەي خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزى تۇتۇپ قاماپ قويغان بىگۇناھ كىشىلەرنى قويۇپ بەرمىدى. ئەكسىچە يەنە*





*نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتتى، ئەگەر دۆلەت ئارمىيەسى يۆتكەپ كېلىنمىگەن بولسا، ئاشۇ بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولاتتىمۇ؟ بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلىمۇ بولماس ئىدى...*

(6) ھالبۇكى

بۇ باغلىغۇچى « ھال بوكى » دېگەن بىرىكمىدىن تۇراقلىشىپ قالغان.

*a. دادىسىنىڭ تېخىچىلا كەنتتە ئۆزىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ پەرتۇقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى، ھالبۇكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئادەم بولۇشىنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى.*

*b. بىراق، ئالتە مىڭ بەش يۈز ئەسكەر بىلەن كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ، ما جۇڭيىڭدەك قەيسەر سەركەردىمۇ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ قوشۇنى خوجىنىيازنىڭ تاغ ـ دالا ۋە يېزا ـ سەھرالاردىن توپلانغان ئادەملىرىگە قارىغاندا ھەم كۆپ، ھەم مۇنتىزىم ئىدى.*

*c. ھالبۇكى، ياخشى كۈنلەر ئۆزاقتا بارمىدى.*

(7) ۋاھالەنكى

بۇ باغلىغۇچى پارس تىلىدىكى «وحال ان كه» (ۋە ئەھۋال شۇنداقكى) دېگەن بىرىكمىدىن تۇراقلىشىپ قالغان پېتى تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن.

*a. ۋاھالەنكى، دوختۇرخانا باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئامبۇلاتورىيە سۈيۈقلۇق بېرىش مەركىزىنى بىخەتەر باشقۇرۇش دوختۇرخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ.*

*b. ۋاھالەنكى، ئەتىسى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇلارنى يولدىن توسۇپ قويىدى.*

c. ۋاھالەنكى ئۇنىڭ ئالتۇنلىرى ھەممىگە قادىر ئەمەس ئىدى.

(8) -ۇ \ -يۇ

a. ئۇلاردىن ئۇرنىنى سورىماقچى بولدى - يۇ، كۆڭلى غەش بولىدىغان خەۋەر ئاڭلاشتىن قورقتى.

b. خەق جان بېرىدۇ - يۇ، سەن ئۇلارغا نان بېرىشتىن باش تارتىسەن، ماڭ !

c. پەرىخە ئالىيىپ قاراپ قويدى - يۇ، ئۈندىمىدى.

(9) شۇغىنىسى

a. شۇغىنىسى، بۇ ئەزىمەتلەرنى تىللاپ ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىدا تەشۋىقات ۋەرەقە تارقىتىپ يۈرگەنلەرمۇ، نامايىش قىلىپ « يوقالسۇن باندىتلار! » دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرگەنلەرمۇ ئۇيغۇر.

b. — پاھ، ئاغىنىلەر، راست، ھەرقاندىقى چىقىدىكەن بىز خەقتىن، شۇغىنىسى، چوڭ ھوقۇق تۇتقاندىن بىرىمۇ چىقماپتۇ.

c. شۇغىنىسى، تەيىنىڭ نېرىسىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان جىڭ بىلەن گومىنداڭ يىمىرىلمەس قورغان دەپ ئاتىغان شىخو ناھىيەسى باھادىرلارنىڭ يولىنى خۇددى بەھەيۋەت قورام تاشتەك توسۇپ تۇرۇپتۇ.

(10) شۇنىسى

a. — ھەممە تەييارلىقىمىز پۈتتى، شۇنىسى يۇقىرىدىن بۇيرۇق كەلمەيۋاتىدۇ.

b. باللار ناھايىتى زېرەك چوڭ بولۇۋاتىدۇ، شۇنىسى مەكتەپكە بېرەلمەيۋاتىمىز.

c. ئۇنىڭ جاراھىتى ساقايدى، شۇنىسى مەڭگۈلۈك دىل يارىسى قېلىپ قالدى.

(11) شۇنداقتىمۇ

a. مۈڭگۈز ئورنىدىن قان ئېتىلىپ چىقىپ بارا - بارا





ھالسىزلىنىپ يىقىلىشتى، شۇنداقتىمۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇشتى .

b. — شۇنداقتىمۇ بىرەر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەرسىلە ئوبدان بولارمىكىن، — دېدى.

c. بۇ زېمىندا قانچە قانلار تۆكۈلدى، كۆز يېشىنىڭ ۋە كۈلكە - ناخشىنىڭ ھېسابى يوق، شۇنداقتىمۇ ھاياتتىن رازى بولۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن بىرمۇ ئادەم يوق.

(12) شۇنداق بولسىمۇ

a. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىشقا ھازىرچە ئالدىراپ كەتمەيلى.

b. — شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىڭ، خاتا كەتكەن جايلار بولمىسۇن يەنە.

c. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ كەتمىنىنى قەتئىي تاشلىمىدى.

(13) ئەكسىچە

a. ئەكسىچە ھەممە كىشى ئۆزىنى چىۋىن يەۋالغاندەك ھېس قىلاتتى.

b. ئەكسىچە تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ!

c. بەختكە قارشى، قىش كىرەر - كىرمەيلا، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئەكسىچە، ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان قەھرىتان سوغۇق باشلىنىپ كەتتى.

(14) بەلكى

a. ئۇ بەلكى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى مېۋە بېرىپ كېلىۋاتقاندۇر.

b. روزى تەمبۇر، ھەسەن تەمبۇر ۋە ناخشىچىلار بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىشتى : ھەركىشىنىڭ دەردى بولسا يىغلىسۇن يار ئالدىدا، قالمىسۇن كۆڭلىدە ئارمان بەلكى ئىزھار ئالدىدا...

c. سەن بەلكى ئويلىمىغان پاراغەت بىلەن ئۇچراشقانسەن، بەلكى يەنە پاراغەت توغرىسىدا ئارزۇلىرىڭ باردۇر؟...

(15) دېگەنبىلەن

بۇ باغلىغۇچى « دېگەن » ۋە «بىلەن » دېگەن ئىككى سۆزنىڭ

بىرىكتىشتىن تۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، كۆپىنچە «نىمىلا» دېگەن سۆز بىلەن قوللىنىلىدۇ.

a. شەھەرلىك خوتۇنى دېگەنىبىلەن باغ باغلاشنى ئۆگىنىۋالدى، يازىچە كەينىدىن پوسۇرلاپ باغ باغلىدى.

b. چۈنكى، نىمىلا دېگەنبىلەن بورتالا تاغلىرى ئۈنىڭغا تونۇش بولۇپ قالغان ۋە ئۇ يەردە موڭغۇل مالچىلىرىدىن يېقىن دوستلىرىمۇ بار ئىدى.

c. — شىنىڭ شىسەيدىنغۇ ياخشىدۇر، نىمىلا دېگەنبىلەن بىز خەقتىن ئېلىنغان تۆرىدەك دانا چىقمايۋاتسا!

5) سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچىسى

(1) شۇڭا

a. شۇڭا، ھېلىقى ھاجىلار بۇ يىگىتنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا چوقۇم يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى.

b. مەسۇم شاڭيو، باھام شاڭيولار غوجامنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتى، شۇڭا قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.

c. ئۇنىڭ ھوقۇقى، پۇلى چەكسىز، شۇڭا ئۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق!

(2) شۇڭلاشقا

a. شۇڭلاشقا، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە پاختىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

b. شۇڭلاشقا، ئۇلارنى چوقۇم ئوزۇقلاندۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە بېقىش كېرەك.

c. بەزى ياشانغانلارنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن جىگەر ياللۇغى، بۆرەك ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان كېسەللىك تارىخى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ئاۋۋال جىگەر ۋە بۆرەك ئىقتىدارىنى تەكشۈرتۈش كېرەك.

(3) شۇنىڭ ئۈچۈن





a. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى خىيال دۇنياسىدا، ئاز ۋاقتى رېئال دۇنياسىدا ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانماقتا، غەزەپلەنمەكتە.

b. ھامان سېنىڭ ئۈستۈڭنى بىر قارا ھىجران تۇمانى باسقان، سەن شۇنىڭ ئۈچۈن دەردلىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇڭلىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقلىنىسەن، غەزەپلىنىسەن، ئاچچىقىڭدىن تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاپپاق كۆپۈكلەر چاچرىتىسەن، جان ئاچچىقىڭدىن دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ شىردەك ھۆۋلايسەن.

c. بۇ ئۇرۇشلار ئەسلىدىن يوقسىزلىق ۋە قالاقلىق تۈپەيلى جاپا ـ مۇشەققەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان خەلقنى تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار قىلماقتا ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقنىڭ زۇلۇم ۋە خانىۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى كۈنسايىن ئۇلغايماقتا ئىدى.

(4) نەتىجىدە

a. مەن خەلقنى جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، زالىملار بىلەن رەھىمسىز ئۇرۇشتۇم، ئادالەتپەرۋەر، ھەققەتچى بۈيۈك داھىيمىز شىڭ دۇبەن جانابلىرىمۇ زالىم خۇنخورلارغا قارشى چىقىپ، مېنىڭ بىلەن دوستلاشتى. نەتىجىدە زالىملارنىڭ توپىسى كۆككە سورۇلدى.

b. نەتىجىدە يېرىم كۈنگە يەتمەيلا ھاجىنىڭ قوشۇنى پەرىشان ھالدا قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

c. قومۇلغا بارسىلا ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئۆزلىرىنى دەيدەيگە سېلىپ، نەتىجىدە يەنە ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

(5) بۇنىڭ بىلەن

a. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىنىياز پالۋان مەسىلىسىدىمۇ ئۆتمۈشكە سالاۋات دەپ، ئۇنىڭغا كەچۈرۈم قىلىنسا، بۇنىڭ بىلەن

خەلق كۆڭلىنى ئۇۋلىغۇلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتى.

*b*. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىردىنلا نامى چىقىپ كەتتى.

*c*. ئىشىسىزلارغا ئىش بەرسەك، ئايلىق بەرسەك بۇنىڭ نەرى ناھەقچىلىك بولىدىكەن؟ بۇنىڭ بىلەن گۇناھكار بولىدىغان ئىش بولسا مەن گۇناھكار بولۇشقا رازى.

(6) شۇنىڭ بىلەن

*a*. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئالاھىدە بىيىپ، چار ھۆكۈمىتى ئالدىدىكى ئىناۋىتى زور دەرىجىدە ئۆسكەن.

*b*. شۇنىڭ بىلەن جىنەستىخان، بەگ ئاغىچىلىرى قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

*c*. شۇنىڭ بىلەن نىياز بەگ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى جىم بولۇپ قالدى.

(7) چۈنكى

*a*. چۈنكى، بۇ مەھەللىدە بۇ خىل گەپلەر مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقىدەك تېز تارقىلىدۇ ئەمەسمۇ!

*b*. چۈنكى، بۇ ئادەملەر شىڭ شىسەيگە نۇرغۇن بايلىق، ئالتۇن - كۈمۈش، يەر - زېمىن ۋە مال - ۋاران ھەدىيە قىلىشقان.

*c*. — مۇشۇ قامچىدا ھەربىرىڭلار ئىككىدىن ئۇرۇڭلار، چۈنكى مەن ھەرقاندىقىڭلارغا ئىككىدىن ئارتۇق قامچا سالمىدىم، دەردىمىز چىقمايدۇ، دېسەڭلار جىق ئۇرۇۋالساڭلارمۇ مەيلى.

(8) سەۋەب \ سەۋەبى

*a*. ئۇنىڭ قاتتىق ئويغا چۆمۈپ كېتىشىدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ يەردە ئىدى.

*b*. تارىختا باشقىلارغا مەدەنىيەت تارقاتقان مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە «ياۋايى» بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ ھەي بىچارە مىللەت!

*c*. بۇنىڭ سەۋەبى سەپداشلىرىدىن يىگىرمە بىر كىشىنىڭ قازاغا ئۇچراپ، قاسىم ئەپەندى باشلىق يەتتەيلەننىڭ يارىدار





بولغانلىقىمۇ ياكى باشقا ئىشمۇ، بۇ توغرۇلۇق ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيتتى.

(9) شۇ سەۋەبلىك

*a*. ئاشۇ قابىل، ئەقىللىق، يۇرتىنىڭ نەزىرى چۈشۈپ ئەزىزلەنگەن يىگىتنىڭ بېشى بالا مۇشۇ ئىشق - سەۋدا سەۋەبلىك سەرسان بولۇپ چۆلگە چىقىپ كەتسە، كېرىم ھاجى ئاغزىغا چىش چىقىپ خۇدا بەرگەن بىر ئوغلىدىن ئايرىلىپ بۇ جاھاندا ياشىيالمايدۇ.

*b*. مۇشۇ سەۋەبلىك كېرىم ھاجىمۇ، يانتاق يۇرتىمۇ تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەي، ۋەيرانە - سەرسان بولۇپ كەتتى.

*c*. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە شەخسىي تازىلىقنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ئوزۇقلىنىش كەمچىل بولۇش، بولۇپمۇ $B$ گۇرۇپپىدىكى ۋىتامىن يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك بولۇپ، ياشانغانلاردىكى جىنسىي يول ياللۇغىنى ئاسانلا پەيدا قىلىدۇ.

(10) شۇ سەۋەبتىن

*a*. تۇنجى قېتىم ئۇششاقتالدا ئۇنىڭ قولىغا سۆيمەكچى بولغىنىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى دېگىنە، ئۇكام.

*b*. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ ئاتنىڭ قۇلاقلىرى ئۆچكىنىڭكىدەك سالپىيىپ قالغانىدى.

*c*. خەجلەشكە تېگىشلىك بولمىغان پۇل خەجلەنگەن بولسىمۇ، پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تېزگىنلىگىلى بولماي، شۇ سەۋەبتىن، كۆكتاتنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتەتتى، سۇپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيتتى.

(11) نېمىشقا دېگەندە

*a*. نېمىشقا دېگەندە، جەڭنى شۇلار قىلدى، شۇلار ئۆلدى، شۇلار شېھىت بولدى.

*b*. بۇ ئىشلار يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇلدى، نېمىشقا دېگەندە، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان باشلىق يۆتكەپ كېتىلدى.

c. — ھەممىسى سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىۋاتىدۇ، نېمىشقا دېگەندە، بۇ مەھەللىدىن سىزدەك بىرى چىقمىغان.

6) ئىزاھلىق باغلىغۇچىسى:

(1) يەنى

a. بۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم تۇرسۇن، ئۇنىڭ دادىسى ھەسەن ئاخۇن ئۇستام، يەنى ھەسەن دولان پەن دارىنىنىڭ پۇۋىسكىسىنى ھەيدەيتتى.

b. چۇنكى، ئۇنىڭغا بۇ ئايال ئۆزى پارقىراپ تۇرغان بىلەن ئىسسىقى تەگمەيدىغان ئايغا ئوخشاش، يەنى مېھرى سوغۇق تۇيۇلاتتى.

c. ئاراتۇرۇك تەرەپتە سادىق قورمال باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلاردىن يېڭىلىپ، شەھەرگە چېكىنىپ كېلىۋاتقان ئىككى تۈەن، يەنى تەخمىنەن ئىككى مىڭ چېرىك شۇ كۈنى ئاخشىمى كۆشۆتە ئېغىزىدا قونغانىدى.

d. ئاخىر ئۇلار زىياۋۇدۇننى جازالاش، يەنى ئەللىك دەررە ئۇرۇشنى قارار قىلدى.

e. — مەن شۇ كىشىنىڭ شاگىرتى ئىدىم، ھەزرەتلىرى، ھىجرىيە 1343 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 14 - كۈنى، يەنى مىلادىيە 1924 - يىلى 8 - ئايدا بىز ئۇلۇغ ئۇستازىمىزدىن ئايرىلدۇق.

f. شېڭ شىسەي شۇ يىلى، يەنى 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە غوجانىياز ھاجىنى قولغا ئالدى.

g. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبلىس، يەنى ئازازۇل ئەسلىدە خۇداغا يېقىن پەرىشتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەممە پەرىشتىلەرگە دەرس ئېيتىش مەرتىۋىسىگە يېتىپتىكەن.

h. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئوسمان قىرىق يېشىدا، يەنى سەككىز بالىنىڭ دادىسى بولغىنىدا قولغا قورال ئېلىپ،





مىللىي زۇلۇم، مىللىي خورلۇق ۋە ھاقارەتكە قارشى پىدائىي بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

(2) باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا

a. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ بويسۇندۇرغىنى تەبىئەت ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى.

b. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەسىلسىز كۆكتات تېرىقچىلىقى پەقەت بىر ياخشى ئىدىيە بولسىمۇ، رېئاللىق بىلەن ئارىلىقى شۇنداق يىراق ئىدى.

c. تارىخ — باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەھرىمانلارنىڭ تارىخى، تارىخنى نامى ئۆلمەسلەر ياراتقان، دېگەن سۆز توغرا ئىدى.

7) ئۇلانما باغلىغۇچىسى:

(1) ئاندىن

a. ئاندىن سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ ھەيدەپ ماڭدى.

b. ئاندىن ئۇ يانچۇقىدىن ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ، قاسىم ئەپەندىگە ئۇزارتتى ۋە قېنى ئوقۇڭ، ھەممەيلەن «ئاڭلىسۇن» دېدى.

c. ئۇ ئاخىر «پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي » دەپ، ھەجدىن قايتقان ھاجىلارغا قوشۇلۇپ ( ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توقسۇنلۇق ھاجىلارمۇ بار ئىدى )، تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەرگە، ئاندىن قاراشەھەرگىچە كەلدى.

(2) ئاۋۋال... ئاندىن... \ ئاۋۋال...كېيىن...

a. ئاۋۋال مەن بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن يولغا چىقساقمۇ ئۈلگۈرىمىز

b. ئۇنى ئاۋۋال تاختاي بىلەن يېپىپ، ئاندىن توپا بىلەن چىڭىتىپ كۆمدى.

c. پەرىخە ئاۋۋال قىزاردى، كېيىن بىردىنلا تاتىرىپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى.

(3) دەسلەپ... كېيىن... \ دەسلەپ... كېيىن... \ دەسلەپ...ئارقىدىن...

a. دەسلەپ ئۇ ئۆزىنىڭلا پادىسىنى، يىلقىسىنى باقاتتى، كېيىن تۇغقانلار، مەھەللە كوي، دوستلىرى ئاخىر بېرىپ پۈتۈن يۇرت ئادەملىرى قوي، كالا، ئات، تۆگىلىرىنى خېنيا سايىتقا تاپشۇردى.

b. خېنيا سايىت دەسلەپ ئاتقا مىنگەندە تىكەنلىك قوزۇققا ئولتۇرغاندەك ۋارقىراپ بىر ئۇنى ئاسمانغا، بىر ئۇنى يەرگە كىرىپ كەتتى، كېيىن كالپۇكىنى قاتتىق چىشلەپ چىداپ ئولتۇردى.

c. دەسلەپ ئېغىر، ئاستا ـ ئاستا، ئاندىن تېز ـ تېز كۆپۈكلىنىپ يۇمىلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

d. دەسلەپ خىل قورااللار بىلەن ئۇچ مىڭ ئەسكەر ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئارقىدىن يەنە ئۇچ مىڭ!

e. دەسلەپ سۇس بېغىر رەڭ، كېيىن كۆكۈچ بېغىر رەڭ، ئارقىدىن كۆكۈچ قارامتۇل داغقا ئۆزگىرىدۇ.

(4) باشتا... ئاندىن... \ باشتا... كېيىن...

a. ئاندىن ھەسەن دولاننىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى، بۇ بالىنىڭ بولسا، كىچىكىدىنلا ھەيدەر ئەپەندىدە ئوقۇغانلىقىنى، دادىسىدىن كېيىن، ئانىسىدىنمۇ يېتىم قېلىپ، باشتا ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە، كېيىن ئۆزىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە رۇس ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن بىر قەدەر ساۋاتى بار يارامىلىق بىر يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى.

b. ئۇ مۇھەببەتكە باشتا بىپەرۋا، ھەتتا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، ئاندىن ئۆزى تۇيمىغان ھالدا كىرىشىپ كەتتى.





c. باشتا ماقۇل بولغاندى، نېمە ئويلىدىكىن كېيىن يېنىۋالدى.

(5) ئاۋۋال... ئارقىدىن...

a. ئاۋۋال جاڭ جىجۇڭ، ئارقىدىن رەخىمجان سابىرھاجىيوف، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلار ئىمزا قويۇشتى.

b. ئاۋۋال ئىككى ئەسكەرگە ئوق تەگدى، ئارقىدىن يەنە بىرى ئۆمىلەپ بېرىپ پارتلاتقۇچنى ئېلىپ مېڭىۋىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئوق تەگدى.

8) يەكۈن باغلىغۇچىسى:

(1) دېمەك

a. دۈشمەن قوشۇنىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى دېمەك، غەلىبە مېنىڭ دېمەكتۇر.

b. دېمەك، بىز ئۇن جىڭ تۆمۈرنى ئون جىڭ كۆمۈشكە سېتىۋالغۇدەكمىز.

c. زالىم ئۇچۇن ئالىم، كىتاب ئەجەلدۇر، ئەدىب، شائىر دېمەك كۆزگە سۆگەلدۇر.

9) شەرت باغلىغۇچىسى:

(1) ئەگەر

a. ئەگەر، مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمىساڭ، ھەر ئىككىمىز ھالاك بولىمىز.

b. ئەگەر بىلمىسەم، دەردىڭگە ئورتاقلاشمىسام، قاپقارا ۋاپاسىزلىق، ئۇياتسىزلىق، توغرىسى خائىنلىق قىلغان بولىمەن.

c. نادان كىشىگە نىسبەتەن سۈكۈتتىن ياخشى ئىش يوق، ئەگەر ئۇ نەسىھەتنىڭ قەدرىنى بىلسە، نادان بولماس ئىدى.

(2) ناۋادا

a. ناۋادا ئۇ بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولسا، مەن ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ يولىنى داۋاملاشتۇرىمەن.
b. ناۋادا ئۇ قىز نۇرنىڭ باتۇرلۇقىغا رەھمەت ئېيتىشنىلا كۆزلىگەن بولسا، بۇنداق يالغۇز كەلمىگەن بولار ئىدى.
c. ناۋادا قارا تەقدىر ئۇنى ئۆلۈمگە ھەيدەپ ئاپارسا، سەبىخە ئىككىلەنمەي كۆكرىكى بىلەن ئۇنى قوغداپ بىللە قۇربان بولىدۇ.

(3) مۇبادا
a. مۇبادا ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلسام، ئاللانىڭ ئالدىدا يۈزۈم قارا بولغاي.
b. شۇنداق دېگۈم كېلىدۇكى، مۇبادا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جىرجىس ھاجىدەك كىشىلەر كۆپرەك بولغاندا ئىدى، بۇ خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشى تېزرەك ۋە ئوڭۇشلۇقراق ئەمەلگە ئاشارمىدىكىن!
c. مۇبادا خاتا يول باشلاپ قويسىلا، پۈتۈن پادا دەھشەتلىك ئاقىۋەتكە ئۇچرايدۇ.

(4) گەرچە
a. گەرچە داڭلىق باي بالىسى رەخىمجان ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۈشكۈلاتلىرى ھېسداشلىق بىلەن يەڭگىللەپ قالمايدۇ.
b. گەرچە ئۇ كۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى بىرلا : يېيىش ـ تالاش.
c. يەنى ئاسماندىن ھەرقانداق بالا چۈشسە، ئۇ گەرچە باشقىلارغا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، پۈتى يەرگە تەگمەي تۇرۇپلا ئەنۋەرنىڭ ئۆيى نەدە دەپ مېنى ئىزدەيدۇ.

10) ئەگەشتۈرمە باغلىغۇچىسى:
(1) كى
a. مەن سىزگە ئىشىنىپ شۇنى ئېيتايكى، دۇنيادا پۇل بىلەن





سېتىۋالغىلى، كۈچ بىلەن ئىگىلىۋالغىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بار، ئۇنىڭ ئېتى « قەلب ».
b. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مۇبادا بارغان ئورنۇڭلاردا قانداقتۇر « ئىنقىلاب، پىنقىلاب » دەيدىغان بىرەر ھەرىكەت بولۇپ قالسا، مېنىڭ قىلىچىم ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بېشىڭلاردا ئوينايدۇ...
c. ئۇلارنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر تۆۋەن ئىدىكى، ئىشىك تۈۋىدە مىلتىق تۇتۇپ تۇرغان ئىككى مۇھاپىزەتچىمۇ ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىيالمايتتى.

## §3. يۈكلىمىلەر

سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ سوئال، تەكىتلەش، گۇمان، يالۋۇرۇش قاتارلىق قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمە دەپ ئاتىلىدۇ. يۈكلىمىلەر، ئومۇمەن ئېيتقاندا، سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرىگە ياكى جۈملىلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، شۇ سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ بەلگىلىك تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ بەزىلىرى سىنتېتىك شەكىلدە سۆزلەرگە خۇددى قوشۇمچىلاردەك قوشۇپ يېزىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى ئانالىتىك شەكىلدە سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان يۈكلىمىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

ـمۇ، ـما، ـچۇ، ـغۇ، ـ قۇ \ ـدە، ـتە، ـكىن، ـلا، ـزە، ـا، ـھە(ـئە)، ئەمىسە، رايى، تېخى، قېنى، ئېھتىمال، ناھايىتى، ھەر ھالدا، جۇمۇ، بىكا (ھېلى بىكار)، ئىشقىلىپ، خۇددى، بەئەينى، گويا، زادى، بەلكى (بەلكىم)، ھەتتا، خالاس، ھېلىمۇ (ھېلىمۇ

ياخشى)، يەنە، پەقەت، يالغۇز، مانا، ئەنە، دەيمەن، دەيسەن (دەيسىز، دەيسىلەر)، دەڭا، دېگىنە، دەڭلار، (دەمسەن، دەمسىز، دەمسىلەر.)

بۇلاردىن «-مۇ، -ما، -چۇ، -غۇ \ -قۇ، -دە \ -تە، -كىن، -لا، -زە، -ا» قاتارلىقلار مۇستەقىل تۇرالمايدۇ، بۇلار خۇددى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاش سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدۇ، شۇڭا بۇلارغا «يۈكلىمىلەر»دىن پەرقلىق ھالدا «ئۇلانمىلار» دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ.

ئايرىم يۈكلىمىلەر سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى بىلەن بىرىكىپ ئۇنىڭ باشقا بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكلىنى ياساش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. بەزى يۈكلىمىلەر ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل يۈكلىمىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بىز تۆۋەندە يۇقىرىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە مەنىسىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**1. -مۇ**

1) سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ يۈكلىمە پېئىلنىڭ سىنتېتىك شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەردە ئاساسەن خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ. پېئىلنىڭ ئانالىتىك شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەردە ياكى ھۆكۈملۈك خەۋەرلەردە خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىشىمۇ، ئوتتۇرىسىغا ئۇلىنىشىمۇ مۇمكىن. خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلانغاندا، ھامان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ «-م- \ -ام- \ -ەم-» شەكلىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. سوئال يۈكلىمىسىنىڭ سۆزدىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەنىمۇ پەرقلىق بولىدۇ، يەنى سوئال يۈكلىمىسى ئۆزەككە باشقا تەركىبلەردىن بۇرۇن ئۇلانسا، سوئال





مەنىسى تەكىتلەنگەن بولىدۇ، ئەگەر زامان، راي ۋە باشقا تەركىبلەر سوئال يۈكلىمىسىدىن بۇرۇن كەلسە، ئاشۇ خىل گىراماتىكىلىق تەركىبلەرنىڭ مەنىسى تەكىتلەنگەن بولىدۇ. بۇ يۈكلىمىنىڭ كونكرېت ئۇلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

(1) ۋاسىتىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ كەلگەن ھۆكۈملۈك خەۋەرلەردە ياكى پېئىلنىڭ ۋاسىتىسىز بايان رايىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە تۇرغۇن سۆز ياكى سۈپەتداش بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئۇلىنىدۇ، ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ 3 - شەخس شەكلى قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

*بەگمۇ سەن، مۇئەللىممۇ سەن، كۆرگەنمۇ سىز، تارتقانمۇ سىز...*

(2) پېئىلنىڭ ۋاسىتىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە 1 - شەخستە «-م-» ،(مۇ-دۇر،تۇرۇر) شەكلىدە، قالغان شەخسلەردە «-م- \ -ام- \ -ەم-» شەكلىدە «-ا»لىق رەۋىشداش بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئارىلىقىغا قوشۇلىدۇ. 1 - شەخستە تولۇق شەكلىدە ئاخىرىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*كۆرەمدىمەن \ كۆرىمەنمۇ، كۆرەمدىمىز \ كۆرىمىزمۇ، كۆرەمسەن، كۆرەمسىز، كۆرەملا، كۆرەمسىلەر، كۆرەمدۇ.*

(3) پېئىلنىڭ ۋاسىتىلىك بايان رايىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇشىمۇ، «-م- \ -ام- \ -ەم-» شەكلىدە «-ا» لىق رەۋىشداش بىلەن «-د- \ -ت-» قوشۇمچىسىنىڭ ئارىلىقىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*كۆرىدىكەنمەنمۇ \ كۆرەمدىكەنمەن، كۆرىدىكەنمىزمۇ \ كۆرەمدىكەنمىز، كۆرىدىكەنسەنمۇ \ كۆرەمدىكەنسەن، كۆرىدىكەنسىزمۇ \ كۆرەمدىكەنسىز، كۆرىدىكەنسىلەرمۇ \ كۆرەمدىكەنسىلەرمۇ، كۆرىدىكەنمۇ \ كۆرەمدىكەن،*

كۆرمەيدىكەنمۇ \ كۆرمەمدىكەن.

(4) پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان ياكى ئىمزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرىدە ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. «-م- \ -ام- \ -ەم-» شەكلىدە «-ا»لىق رەۋىشداش بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئارىلىقىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. كېيىنكى ئەھۋالدا «-ا»لىق رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى «-ىي-» قوشۇمچىسى (ئەگەر بۇ قوشۇمچە بولسا) چۈشۈپ قالىدۇ، ھۆكۈم باغلامچىسى قىسمىدىكى ئىككى «-ىت-» قوشۇمچىسىنىڭ بىرىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*كۆرەتتىممۇ \ كۆرەمتىم، كۆرەتتىڭمۇ \ كۆرەمتىڭ، كۆرەتتىمۇ \ كۆرەمتى، كۆرۈۋاتاتتۇقمۇ \ كۆرۈۋاتامدۇق، كۆرەتتىممۇ \ كۆرەمتىم، كۆرەتتىڭمۇ \ كۆرەمتىڭ، كۆرەتتىمۇ \ كۆرەمتى، كۆرمەيتتىمۇ \ كۆرمەمتى.*

(5) بۇلاردىن باشقا، بۇ يۈكلىمە ئاخىرىدا ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ياكى ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى كەلگەن خەۋەرلەردە ئەڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىشىمۇ مۇمكىن، «-م-» شەكلىدە ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىشىمۇ مۇمكىن (پەقەت ھازىرقى زامان شەكلىدىكى خەۋەرلەردە تولۇق شەكلىدە قوشۇلىدۇ.) مەسىلەن:

*سەت ئىدىممۇ \ سەتمىدىم، ھويلىدا ئىدۇقمۇ \ ھويلىدىمىدۇق، بالا ئىدىڭىزمۇ \ بالىمىدىڭىز، ئۇ ئىدىمۇ \ ئۇمىدى، كۈچلۈك ئىكەنمەنمۇ \ كۈچلۈكمىكەنمەن، يوق ئىكەنسىزمۇ \ يوقمىكەنسىز، كۆرگەنىدىممۇ \ كۆرگەنمىدىم، كۆرگەنىدىڭىزمۇ \ كۆرگەنمىدىڭىز، كۆرىدىغانىدۇقمۇ \ كۆرىدىغانمىدۇق، كۆرىدىغانىدىمۇ \ كۆرىدىغانمىدى، كۆرەر ئىدىممۇ \ كۆرەرمىدىم، كۆرەر ئىدىمۇ \ كۆرەرمىدى، كۆرمەكچىدىڭىز \ كۆرمەكچىمىدىڭىز، كۆرمەكچىدىمۇ \ كۆرمەكچىمىدى، كۆرگەنىكەنمەنمۇ \ كۆرگەنمىكەنمەن،*





*كۆرگەنىكەنسىزمۇ \ كۆرگەنمىكەنسىز، كۆرمەكچى ئىكەنمەنمۇ \ كۆرمەكچىمىكەنمەن، كۆرمەكچىكەنمۇ \ كۆرمەكچىمىكەن، كۆرمەكچىمەنمۇ \ كۆرمەكچىمۇمەن، كۆرمەكچىسەنمۇ \ كۆرمەكچىمۇسەن.*

(6) يۇقىرىقىلاردىن باشقا، خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

*كۆردۈممۇ، كۆردۈقمۇ، كۆردۈڭمۇ، كۆردىمۇ، كۆرۈپتىمەنمۇ، كۆرۈپتىمىزمۇ، كۆرۈپسىزمۇ، كۆرۈپتىمۇ، كۆرۈپتىدەكمۇ، كۆرۈپتۇمىشمۇ، كۆرگەندىمۇ، كۆرەرسەنمۇ.*

(7) بۇ يۈكلىمە قوشۇلغان خەۋەرلەر «ھەئە» ياكى «ياق» جاۋابىنى ئېلىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *«ئىز» رومانىنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ؟*
b. *بۈگۈن دۈشەنبىمۇ؟*
c. *بۇ يىغىنغا سىزمۇ قاتنىشامسىز؟*
d. *سىز پارتىيە ئەزاسىمۇ؟*
e. *سىڭلىڭىز سىزدەك چىرايلىقمۇ؟*
f. *پائالىيەتكە سىلەرمۇ قاتنىشامدىكەنسىلەر؟*
g. *مەنمۇ بارغۇدەكمەنمۇ؟*
h. *ئۇخلاۋاتامتىڭىز؟*

(8) تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋالدا جۈملىنىڭ سوئال چۈشكەن بۆلىكىلا ئېيتىلىپ، «-مۇ» يۈكلىمىسى شۇ بۆلەككىلا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

a. *بۇ خۇشاللىقنى سىزگە كىم يەتكۈزدى؟ ئايقىزمۇ؟*
b. *بېيجىڭغا قاچان ماڭىسىز؟ كېلەر دۈشەنبىمۇ؟*
c. *ئىشىكنى كىم چېكىۋاتىدۇ؟ ئەلىمۇ؟*
d. *پائالىيەت قەيەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ؟ قەشقەردىمۇ؟*

(9) شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەكسىنىڭ پاكىت

ياكى مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. كۆزى بولسا بۇ لاي بىزدەك قارغىش تەگكەنلەرگە چاچرىمايتتىمۇ؟*

*b. بىر پەن ياۋنەننى كۆزدىن يوقاتماقلىق بىلەن ئىچكىرىدىن ۋە بولشىۋىكلار رۇسىيەسى بىلەن ئەرەب ـ تۈرك ئەللىرىدىن ئېقىپ كىرىۋاتقان غەلىتە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇۋالغىلى بولامتى؟!*

*c. ـــ ئۆزلىرىگە ئەقىل كۆرسىتىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمتى!*

*d. خەلقنىڭ ئۈمىدىگە ھەربىر قەدىمىدە جاۋاب ئىزدەۋاتقان جەڭچىلەر تومۇزدىن قورقاتتىمۇ؟*

(10) پېئىللىنىڭ 1 ـ، ۋە 3 ـ شەخس بولۇشسىز بۇيرۇق رايىدىكى خەۋەر شەكلىگە ۋە پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان 3 ـ شەخس بولۇشسىز خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ كەلگەندە مەسلىھەت تەرزىدىكى سوئالنى بىلدۈرۈشى ياكى تەكىتلەنگەن بولۇشسىز بۇيرۇق رايىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ـــ بۇ ئىشتا يەنىلا ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ پىكرىنى ئالايلىمۇ؟ (ئالساق قانداق)*

*b. ـــ سەنئەت كېچىلىكىگە گۈلزار رىياسەتچىلىك قىلسۇنمۇ؟ (رىياسەتچىلىك قىلسا قانداق)*

*c. ـــ كۆڭلەكتىن بىرنى ئالامسىز؟ (ئالسىڭىز قانداق)*

*d. ـــ بۇ كىنونى بىر كۆرمەمسەن؟ (كۆرسەڭ قانداق)*

*e. ئاۋۋال ئەخمەت پىكىر قىلىپ باقمىسۇنمۇ، ئاندىن سىلەر بىرنەرسە دەرسىلەر!*

*f. ـــ بىردەم ساقلاپ تۇرساڭلارچۇ، كىيىمىمنى كىيىۋالمايمۇ!*

*g. ئالدىراتماڭلار، ئۇمۇ قىلىپ باقمىسۇنمۇ!*





*h. كارىدورغا چىقىپ سۆزلەشمەمسەن.*

*i. ئېغىزىڭىز بولغاندىكىن گەپ قىلمامسىز.*

(11) «نېمە» دېگەن سوئال ئالمىشى بىلەن بىرىكىپ ئوبيېكتىپ مۆلچەر تەرزىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھويلىدا ماشىنا تۇرىدۇ، ئەخمەت ئاكام كەلدىمۇ نېمە؟*

*b. ئۇ دۇنيا خەۋەرلىرىگە بەك پىششىقكەن، كۈندە گېزىت كۆرەمدۇ نېمە؟*

*c. ـــ بېشىڭىزنى ياغلىق بىلەن چىڭ چىگىۋاپسىز، بېشىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ نېمە؟*

*d. تەرلەپ كەتتىم، ئۆي بەك ئىسسىقمۇ نېمە؟*

(12) ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە ئۇلانغاندا، «ـمۇ» يۈكلىمىسىدىن كېيىن «بولدى» پېئىلى كەلسە، شۇ خەۋەرنى كۈچەيتىلگەن شەرت ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندى جۈملە خەۋىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ ئۇخلاپ قالدىمۇ بولدى، ناغرا چالساڭمۇ ئويغانمايدۇ.*

*b. ئۇ سېنى كۆرۈپ قالدىمۇ بولدى، يېرىم كۈنگىچە گېپى تۈگىمەيدۇ.*

*c. پۇلۇڭنى تاپتىڭمۇ بولدى، نېمە سۆزلەيسەن.*

*d. كېسەللىك ئازابلاپ تۇرسىمۇ ، ئۇ يەنىلا تىرىشىپ ئىشلىمەكتە .*

(13) تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئېنىقسىزلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق سۆزلەر ھامان ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماش خاراكتېرلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ، جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. تۈنۈگۈن كەچ ئايگۈلمۇ بىرسى ئىشىكنى چەككەندەك قىلدى.*

*b. كامال تاماق قاچىسىمۇ بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ*

دوختۇرخانىغا مېڭىپتۇ.

c. ئۇ تەتىلدىمۇ بىر چاغدا يۇرتىغا بېرىپ ئانىسىنى كۆرۈپ كەلگەنىدى.

d. ئۇ كۈنى مەن «ئانا يۇرت»مۇ بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتىم.

e. تۇرسۇن ھازىر بىلىم ئاشۇرۇۋاتامدۇ بىرنېمە قىلىۋاتىدۇ.

f. تۈنۈگۈن ئۇ كۆكمۇ بىر خىل رەڭدە كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ.

g. پائالىيەتكە 20 مۇ ئادەم نومۇر تەييارلىدى.

h. ھېلىقى كۈنى بىرەرى كېلىپ قالدىمۇ بىر ئىش بولغىنى ئېسىمدە.

2) پېئىلنىڭ پەرەز قارشىلىق رايىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ خەۋەرنى توسقۇنسىز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

a. كەلسەڭمۇ كۆرەلمەيسەن.

b. كوچا تىجارەتچىلىرى قار ياغسىمۇ تىجارەتنى توختاتمايدۇ.

c. بۇ خىل چۈشكۈنلۈك، ئالاقىزادىلىكنى سۆزلەپمۇ، بۇيرۇق بېرىپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ .

3) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ بۆلەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ يەنە بىر ئىشقا قاتارداش قىلىپ ئېيتىلغانلىقى، قوشۇمچە قىلىپ ئېيتىلغانلىقى، يەنە بىر ئىش ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. سىز بارمىسىڭىز مەنمۇ بارمايمەن.

b. ئايگۈل خەنزۇچىنى بەك ئۆلچەملىك سۆزلەيدۇ، ئىنگلىزچىسىمۇ ياخشى.

c. ئاسىيە ئىشخانىسىدا بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى كۆرۈۋېتىپمۇ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئورۇس بولكىسىنى توغراۋېتىپمۇ، ھويلىدىكى ئوچاقتا سۈت سورۇۋېتىپمۇ قىزى ۋە نۇرى توغرىسىدا ئويلىدى.





d. تاماقتىن رەشىدەگىمۇ بىر كىشىلىك ئالغاچ بارايلى، ئۇنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاندۇ.

e. مۇشۇ ئىشمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولماپتۇ.

f. بۇنداق قەھرىتان سوغۇقتا ئادەم تۇگۇل ھايۋانلارمۇ چىدىمايدۇ.

3) خەۋىرى پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان ياكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە كەلگەن جۈملىلەرنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنى ۋاقىت بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئۆزى ئىپادىلىگەن ئىشنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ باش جۈملىدىكى ئىشنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. قىشمۇ بولىدۇ، ئۇلار بىناغا سولىنىۋېلىپ تالاغىمۇ چىقمايدۇ.

b. مەن كىتابنىمۇ ئالىمەن، مۇگدەيمەن.

c. ئاپاممۇ كەلدى، كوتۇلداشقا باشلايدۇ.

5) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن سوئال ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ بىلىپ بولماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. قۇش چېغىدا ئۆز ئۇۋىسىنى قوغدايدۇ، نەگىمۇ قاچاتتۇق.

b. بۇنداق كونا ئۆيۈڭنى كىممۇ ئالار؟

c. شۇنچىۋالا قان نەگىمۇ سىغىپ، نەگىمۇ سىڭار!

d. قويۇق مۇنداق گەپلىرىڭىزنى، پۈتلىرىمىزدىكى تۆمۈر كىشەن بىلەن نېمىمۇ قىلالايتتۇق؟

6) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ ئاخىر بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇنىڭغا خوتۇنى بىر قىزمۇ تۇغۇپ بېرىپتىكەن.

b. خامانغا ئەكېلىپ غارام قىلىپ بېسىپمۇ بېرىمىز.

c. چوڭلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈڭ، يەنە نېمە گېپىڭ بار.

7) ئۇندەش جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆپەت ياكى رەۋىشلەرگە قوشۇلۇپ، سۆپەتلەرنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

a. ئەقىللىقمۇ بالا ئىكەن.

b. بەكمۇ ئويلاپ كەتمە.

c. تازىمۇ چىدىماس نېمىكەنسەن، ئۆيۈڭدىن ئايرىلغۇڭ كەلمىسە، ماڭ ھازىرلا كەت.

**2. -چۇ**

1) سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ.

(1) تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋالدا جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن باشقا بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنىڭ سوئاللىق خەۋىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. جانلىق تىلدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. — بۇ يەرنىڭ بېيى كىم؟

— تۇڭگانلار.

— ئۇيغۇردىنچۇ؟

b. — ئاپاڭ قايتىپ كەلدى.

— دادامچۇ؟

c. — خوتەندىكى چوڭ ئاكاڭغا مۇشۇ جايىنى قىرىق ئېغىز دۇكان بىلەن، چىغلىقمازاردىكى جايىنى قالدۇرايلى.

— ئىككىمىزگىچۇ، ھېچنېمە قالمامدۇ ئەمىسە؟

d. — ئەمىسە، پۇل بولىدىغان نېمە بار؟

— يازلىق ئاياغلار توختام سۇدەك ئېقىۋاتىدۇ.

— ئالتۇن - كۈمۈشچۇ؟

(2) پەرەز بېقىندى جۈملىگە قوشۇلۇپ سوئاللىق باش جۈملىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

a. — يالغان ئېيتتىڭ، ماڭا راست گەپ كېرەك!





— ئۇنىڭدىن باشقا جاۋاب يوق بولسىچۇ؟

b. — تەييارلاپ قويغان قەغەزگە مەن سوۋېت ئىشپىيونى ئەخمەت دەپ قول قويىسەن!

— قويمىسامچۇ؟

c. — ئەمما دادىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا مەسلىھەت بېرىمەن.

— مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلالمىسامچۇ؟

(3) پېئىلنىڭ بولۇشسىز «-ا»لىق رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، «شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولماسلىقىغا نېمە ئاساس بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — ئۇمۇ قاتنىشامدۇ؟

— قاتناشمايچۇ (ئەلۋەتتە قاتنىشىدۇ، نېمىشقا قاتناشمىغۇدەك)

b. — سەنمۇ قاتناشتىڭمۇ؟

— قاتناشمايچۇ (نېمىشقا بارمايتتىم.)

c. — سەن ھاجىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆرمەيچۇ.

2) مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا تەقەززا بولۇش، ئىنتىلىش، ئەنسىرەش ياكى ئەكسىچە شۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىشەنمەسلىك ۋە قوبۇل قىلماسلىق قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — ھەي، راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ ئۇكام، زادى نېمە بولدۇڭ؟

b. — رۇخسەت قىلىڭ ھەدە، بىز ئېيتىمىزغىلا بارايلى، ئۇ يىگىت نېمە قىلىۋاتىدىكىن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەيچۇ!

c. — سىز دوتەي، سوۋېت كونسۇلىغا دەپ باقسىڭىزچۇ!

d. — ئۇلار ئارانلا بىر ئاي يېتىدۇ، قالغان ئۈچ ئايغىچۇ؟

3) ئاڭلىغۇچىغا بىر ئىشنى ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشتە

جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىپ ئەسلىتىش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇچۇ، ناھايىتىمۇ چىرايلىق، قولى گۈل ئايال.*

*b. بىزچۇ ... قارا، دەسلەپتە تاياق ـ توقماق بىلەن ئىش باشلىغان.*

*c. ماۋۇ سومكىنىچۇ، بىزنىڭ يۇرتقا ماڭىدىغانلاردىن بېرىپ قويۇڭ.*

*d. مەنچۇ، سىزگىچۇ، چىرايلىق قورچاقتىن بىرنى ئېلىپ بېرىمەن.*

4) سۇپەتلەرگە «ـ لىق \ ـ لىك \ ـ لۇق ـ \ ـ لۈك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملارغا ۋە پېئىلنىڭ ھاللىق ئىسىمداش شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، بىر خىل ئۇستىلمە ئۇندەش جۈملە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر مەلۇم شەيئى ياكى مەلۇم ئىشقا بېرىلگەن باھانى بىلدۈرۈپ كەلگەن جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇستىلەپ قوشۇلغان يەنە بىر باھا ياكى پاكىتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىدىكى سۇپەت ياكى ئىسىمداشنىڭ سۇبيېكتى بىلەن بىر بولۇشىمۇ مۇمكىن، باشقا بولۇشىمۇ مۇمكىن. سۇپەت ياكى ئىسىمداشنىڭ سۇبيېكتى ئالدىنقى جۈملىنىڭكى بىلەن بىر بولغاندا، ئۇ، شۇ سۇبيېكتنىڭ شەخسكە مۇۋاپىق تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. باشقا بولغاندا، بۇ سۇبيېكت ئەگەر ئالدىنقى جۈملىدىكى سۇبيېكتنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان شەيئى بولسا، ئۇ شۇ سۇبيېكتنىڭ شەخسكە مۇۋاپىق تەۋەلىك شەكلىگە كىرىپ ئاندىن ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. ئەگەر مۇستەقىل بولسا، بىۋاستە ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. سۇپەت ياكى ئىسىمداش ئوخشاشلا سۇبيېكتنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مۇنداق جۈملىلەر كۆپ ھاللاردا يەنە «تېخى» يۈكلىمىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:





*a. قېلىن قارىياغاچلىقلار، قۇچاق يەتكۈسىز تېرەكلەر شاخلىرىدىكى قاغىلارنىڭ تولىلىقى، خۇددى دۇنيادىكى ھەممە قاغىلار شۇ يەرگە توپلانغاندەك سوپىسوپىياڭلارنىڭ، گۈگۈكلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ياۋا توشقانلارچۇ تېخى؟*

*b. مالىخىيىمۇ ئادەم قورققۇدەك سۈرلۈك، ئېتىچۇ تېخى، تالاغا چىقىپ ئاتقا مىنىپ، پاتقاق چاچرىتىپ توختۇ بازىرىدا ئات يۈگۈرتكىنىچۇ ...*

*c. نۇرى بالام ناخشىغا ئەجەب ئۇستا، لىبگەننى داپ قېلىپ ئاۋۇشلىرىچۇ تېخى.*

*d. ئۇ بەكمۇ ھۆرۈن بالا بوپتۇ، بىغەرەزلىكىچۇ تېخى.*

*e. بىر قېتىم سۆزلۈك سۇدا ئۆزىنى كۆردى، قاش ـ كۆز، ئېغىز ـ بۇرۇن، بوغداي ئۆڭلۈكى راستىتىنلا ئاپپسەدەك، ئىككى مەڭزىدىكى زىننىخلىرىچۇ تېخى، خۇددى قويۇپ قويغاندەك ئاپپسىنىڭ ئۆزى.*

5) پېئىلنىڭ بۇيرۇق تەلەپ رايىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) مەسلىھەت، يېقىنلىق، ئامراقلىق تەرزلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بىرلىك 1 ـ شەخستە شۇ ئىشنىڭ يېڭى ئەسكە ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. قىزنىڭ قەلبىدە تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل غۇرۇر، خۇشاللىق ھېسسى دولقۇنلىدى — : تېزرەك ماڭايلىچۇ، ھادى ئاكا!*

*b. ئاپا ئەتە مېنى ئەتىگەنرەك چاقىرىپ قويۇڭچۇ؟*

*c. ماڭىمۇ بىرنى بېرىڭچۇ.*

*d. بالام تاپشۇرۇقۇڭنى تېز ـ تېز ئىشلىۋەتسەڭچۇ.*

(2) شۇ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش مەنىسىنى كۆچەيتىدۇ. مەسىلەن:

a. قېنى ئېيتىڭچۇ ، بىز ئىشنى نېمىدىن باشلىشىمىز كېرەك.

b. ئۇنداق ناخشىلارغا مەنمۇ ئامراق، قېنى شۇلاردىن بىرنەچچىسىنى ئېيتىڭچۇ، دوستۇم.

c. باغدىكى مېۋىلەرنى تېرىپ بولۇڭلارچۇ، ئاندىن بىر گەپ بولار.

(3) يالۋۇرۇش، ئۆتۈنۈش، تەكلىپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. مەنمۇ بېتىم بالا ، بىر كىچە قونايچۇ؟

b. — هاي ، قىزلىرىم كۆڭۈللۈكرەك گەپلەرنى قىلساڭلارچۇ!

c. جىرلا ئاپا، ئۇنتۇلغۇسىز بىر خۇشاللىق خاتىرىسى يارىتايلىچۇ!

(4) سىناق تۈس شەكلىدىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلغاندا، بۇ هەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك، يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەرزلىرىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

a. — تېخى مىنىستىر بولغۇدەك، بولغىنىنى كۆرەيچۇ!

b. ئۇ چىركىن يەنە بوسۇغامغا دارىپ باقسۇنچۇ، كۆرىدىغىنىنى كۆرىدۇ.

c. پېشانىسىغا تاك ئېتىپ چېكىپ باقسۇنچۇ.

### 3. -ما

1) بۇ يۈكلىمە «-مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن «-ا» يۈكلىمىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان. شۇڭا، «-مۇ» يۈكلىمىسى ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان سۆزلەردە «-ما» شەكلىدە ئىپادىلەنسە، «-مۇ» يۈكلىمىسى «-م-» شەكلىدە هۆكۈم ياردەمچىسىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان سۆزلەردە «-ا» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:





a. — سائەت نەچچە بولدى، ئەمدى كەلدىڭىزما؟

b. — پورتمال دەمسىزا، ياق، تاپانچىنىڭ قېپى !

c. — بۇ ماقالىنى سىز يازغانما؟

d. — سىز ئەسلىدە بىر ئوقۇتقۇچىمىدىڭىزا؟

e. — هېلىقى كۈنى مېنى بازاردا كۆرگەنمىدىڭىزا؟

2) بۇ يۈكلىمە ئاساسەن خەۋەر تەركىبىدە كېلىپ، سۆزلىگۈچى ئاڭلىغان، پەملىگەن هەتتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشنى تەستىقلىتىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق سوئاللار كۆپىنچە قىزىققان، ئەجەبلەنگەن، نارازى بولغان، ئىشەنمىگەن ياكى ئىشىنىشكە پېتىنالمىغان تەرزلەردە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

a. — ئۆزۈڭ يالغۇز قىرىق چېرىك ئۆلتۈردۈڭما راست؟

b. — ئوق تەگدىما! — دېدى هەبىبۇل چۆچۈپ ئويغىنىپ.

c. — ئەمدىزە ، سوۋېتقا قارشى ئادەم بولۇپ قالدىما ؟

d. — شۇنچە يىگىتلىرىم بىلەن مۇشۇكتىن قاچقان چاشقاندەك قاچىمەنما؟ — دېدى مەنسۇر قاتتىق خورسىنىپ.

e. — بىز ئارانلا ئالتە كىشىما؟

f. — ئۇ كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا يانپاشلاپ سوغۇقتىن شۈمشىيىپ ياتقان نۇرىغا — : خوجانىياز دېدىڭما ، هېلىقى قومۇللۇقنى .

g. — سىز دوكتورلۇقتا ئوقامسىزا؟

h. — ئۆلتۈرۈپ قويساڭ خۇن تۆلەيسەن، بىلىشتىڭما ؟

3) بۇ يۈكلىمە بەزىدە پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، سوئالنى ئەمەس بەلكى سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ خەۋەر ئىپادىلىگەن ئىشنى كۆرگەن ياكى بىلگەنلىكىنى ئىزهار قىلىش مەقسىتىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

a. — بالىنى ئالغىلى يەسلىگە ماڭدىڭىزما، بىللە بارايلى.

b. — چۈشەندىڭلارما، ئەمىسە بۇ مەزمۇندىن ئۆتۈپ كەتتۇق.
c. — قايتتىڭىزما، ماشىنامغا چىقىۋېلىڭ.
d. — ماقالىڭىز چىقىپتۇما، مەنمۇ كۆرۈپ باقاي.
e. — بالىلىرىمنى كۆردۈم دېدىڭىزما قىزىم؟

## 4. -غۇ \ -قۇ

1) سوئال يۈكلىمىسى سۆپىتىدە جۈملىنىڭ خەۋرىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ياكى ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — تۈنۈگۈنكى پائالىيەتكە قاتناشمىدىڭغۇ؟
— قاتناشتىمغۇ، كۆرمىدىڭما؟
b. — بۇ بىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مۇئەللىمىمىزغۇ، ئېسىڭگە ئالالمىدىڭما؟
c. — بالىلار كۆرۈنمەيدۇغۇ، ئوينىغىلى چىقىپ كەتتىما؟
d. بۇ گەپلەرنى ھاجى ئاكاممۇ ئاڭلىغانغۇ!

بۇ خىل جۈملىلەر بەزىدە سوئال ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەستىن، پەقەت پاكىتنى ئەسلىتىش رولىنىلا ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. — نۇرمەھەممەتمۇ ئوقۇغانغۇ ، تازا ياخشى ئوقۇغان بالا .
b. — سىلى ئەجەب چىرايلىق گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپلىغۇ؟
c. — سادىر پالۋان، ئەلاخان پالۋانلار ئۆتكىلى تېخى يۈز يىل بولمىدىغۇ؟
d. — بىزگە ئىش تېپىپ بەردىغۇ بۇ قېرى ئىت!
e. — ئۇرۇمچىنىڭ ئۇلانباي دېگەن يېرىدە كەڭ كەتكەن قارىياغاچلىق بارغۇ، ھەر يىلى يازدا شۇ يەرگە چېدىرلارنى تىكىپ ھەربىي مەشىق قىلاتتۇق.
f. — قولىڭىزنى ئوتقۇ، ئوتنى سوۋۇتۇشقىلا بولىدۇ،





ئىسسىتىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ!

2) جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكى، ھەممىگە ئايان ئىكەنلىكى، ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغانلىقى، بىر مەسىلە بولمايدىغانلىقى، ئۇنى مۇستەسنا قىلىشقا بولىدىغانلىقى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ مەنىدىكى «-غۇ» يۈكلىمىسى باغلىغۇچلىق رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. — غوجامنىڭ تارىخ بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدىغۇ، بۈگۈن نېمە بولۇپ ئىككى يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنى سوراپ كەتتى - ھە؟
b. — يامىنىغا كەلسە ئۇن قوي، يىگىرمە قوينىڭ ئىشىغۇ، بىر ھارۋا ئاشلىقنىڭ ئىشىغۇ، قانداق دېدىم، ھوي رەيھانگۈل!
c. — داداڭنى سۆيدۈڭدە قاشقالىقلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنغۇ — ھە؟
d. — ئىنگلىزچىنىغۇ بىلمەيدىكەنسەن، خەنزۇچىنى بىلەرسەن.
e. — بىلەتنىغۇ ئالدۇق، مۇنداق جىق ئادەم تۇرسا پويىزغا قانداق چىقارمىز.

3) پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋرىگە ئۇلىنىپ، باش جۈملىدىكى ئىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. ئىسمىنى قوشمايلا ئاكام دېسەمغۇ رازى بولارسىز ؟
b. ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆرسەمغۇ ئۇنى تونۇيمەن.
c. جاپاغا چىدىسىغۇ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
d. كەلسەڭغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق، مەن سىرتقا چىقىمەن.

4) جۈملىنىڭ خەۋرىگە قوشۇلۇپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ قانداق بولۇشى، سەۋەبى قاتارلىقلار ئېنىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا كۆپىنچە «تاڭ» يۈكلىمىسى بىلەن

ماسلىشىپ كېلىدۇ. «تاڭ» يۈكلىمىسى ئادەتتە «ـغۇ» دىن كېيىن كېلىدۇ. بەزىدە «تاڭەي» شەكلىدە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. يەنە تۈت ـ تۈت ئاۋازى كۆپىيىپ قالدىغۇتاڭ . . . !*

*b. — ئوتتۇز يىلدىن بېرى تەرتىىگە سۇ بېرىپ بۇ ئادەمنى رازى قىلالمىدىمغۇتاڭ !*

*c. باشقىلار مەندىن ئەيمىنەمدىكىنتاڭ .*

*d. بۇ كونا ئادەملەرنى قانداق قىلىشارمىزكىنتاڭ ؟*

*e. ئۇ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى، كىرمەيدۇغۇتاڭ.*

*f. — هەي تاڭەي، هېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، — دەپ بېشىنى چايقىدى مەخسۇت مۇهىتى.*

*g. — تاڭەي، بارمىدىغۇ.*

5) تولۇقسىزلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل قۇرۇلمىسىنىڭ تەركىبىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. دورغا دادىسى هېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا، هاجىنىڭ گېپىنىغۇ ئاڭلار دەيدۇ.*

*b. — ئوتتۇز مىڭ قوينىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگىنىغۇ ياخشى ئىش بولدى، ئەمما، شەرتى بەك ئېغىركەن.*

*c. — ماقۇلە، ئاۋۇلارنىغۇ جازانىخور، گۆرۈكەش دەپ ئۇرۇپسىلەر، ماۋۇ تۆمۈرچى ئۇستىنى نېمىشقا ئۇرىسىلەر؟*

*d. — رازى قىلىشنىغۇ رازى قىلىۋاتىمىز، لېكىن كەلگەن كىشىلەر كېتەر چاغدا بىرنېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ...*

*e. — سۆزلە نۇرى هە، خېلى جىق نەرسە بىلىسەن جۇمۇ، ستالىنىنغۇ بىلمەن، ماۋ زېدۇڭ دېگىنىڭ كىم ئۇ؟*

### 5. ـ دە \ ـتە

بۇ يۈكلىمە جۈملىنىڭ خەۋرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ،





تۈۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن:

1) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ماختاش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىزنىڭ غازى هاجىنىڭ نەۋرىسى، هىدايىشا هاجىنىڭ ئەۋلادىدىن بىر كاتتا ئادەم چىقىدىكەن ـ دە!*

*b. — سېنى دورىدى ـ دە، قارا، ناخشىسىنى تېخى !*

*c. — ياشاپ كەتسىلە غوجام، ساۋاب دېگەننى ئۇسسۇۋالىدىغان بولدىلا ـ دە !*

2) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەپسۇسلانغان تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — ئۇلار بىلەن بىللە بولسا نە كىتاب ئوقۇغىلى، نە چوڭ ـ چوڭ ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشقىلى بولمايدۇ ـ دە، ئۇنداق ياشىغاننىڭ ئەهمىيىتى قانچىلىك؟*

*b. — كۆزۈم بار، لېكىن لاينىڭ كۆزى يوق ـ دە!*

*c. — ئۇ چاغلاردا شېىڭ دۇبەنىنىڭ هىيلىگەرلىكىنى بىلمىدى ـ دە، بىلگەندە مىلتىقىنى ئارقىغا قاراتقان بولاتتى.*

*d. غېنىكام بۇنى چۈشەنمەيدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قارشى گەپ قىلىشنىڭ هاجىتى بارمۇ؟*

3) ۋاستىلىك بايان رايىدىكى خەۋەرلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، چۈشەنچىنىڭ يېڭى هاسىل بولغانلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. — كىيىمنى ئايىدى ـ دە، بۇ بويتاق !*

*b. — هەتتەڭ، قارىگىر مەشەدە ئۆلسىچۇ، بۇلارغا سوقۇم بولاتتىكەن ـ دە*

*c. — ئۇ تولىمۇ سەزگۈر ئادەم ئىكەن ـ دە!*

*d. شىنجاڭدىكى هەممە خەلق شۇنداق بولسا، بىزنى هېچكىم بوزەك ئېتەلمەيدۇ ـ دە!*

4) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — شۇنداق بولسا شىنىڭ دۈبەن ئۆزىگە سادىق ئادەمنى دوتەي قىلىدۇ ـ دە!

b. — ئابدۇمەرنىڭ سايىسىدا بىردەمدىلا قىلىچ ئېسىپ يايى بولۇۋاپتۇ، ئەمدى زىياۋۇدۈن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشمايدۇ ـ دە!

c. — رۇسۇلوف بىرنېمىنى بىلمەي سۆزلىمەيدۇ ـ دە!

d. ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ جازاسى بولىدۇ ـ دە، ھەقىقەت دېگەن مانا مۇشۇ.

e. — بۇ خىل ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ـ دە!

5) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بولغىنىچىلا قىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. بۇگۈنكى يىغىندا ماقالە ئوقۇدۇم ـ دە. بىر ئامال قىلىپ.

b. بۇگۈنكى ۋەزىپىنى تۈگەتتىم ـ دە ئەپلەپ ـ سەپلەپ.

6) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنى ئەسكەرتىش، ئەسلىتىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — بۇنداق دېگەن بىلەن دوست بولماق تەس ـ دە.

b. — بۇ ئاز قورال ئەمەس ـ دە!

c. — بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېپىنى يىرالمايمىز ـ دە!

d. — زەيتۇنەمۇ ئۇنى تونۇشى كېرەك ئىدى ـ دە!

7) جۈملىدىكى ئىش توغرىسىدا ئەسكەرتىش، ئاگاھلاندۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. بالىنى ئەكىرىپ قوياي ھوي، ئەزرائىل بولساڭمۇ غەرەز ئۇق ـ دە !

b. خىيالىمدىكى غۇلجا بۇنداق ئەمەس ـ دە!

**6.** ـ كىن

سوئال جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («ـمۇ» يۈكلىمىسىگە ۋە \ ۋ \ بىلەن ئاخىرلاشقان





خەۋەرلەرگە قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى \ ئۇ \ تاۋۇشى \ ئى \ غا ئۆزگىرىدۇ):

1) سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر قارارغا كەلمىگەنلىكىنى، ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىششىنىڭ يولى بارمىكىن.

b. ئۇلار ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن، ئېلى ئاسمىنى كۆپكۆك، سۈپسۈزۈك، ئۇياقلار قانداقكىن.

c. غازى خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەڭدە مىنىدىغان ئېتى قايسىكىن؟

d. مەن بارايمىكىن ئاندا، يار كېلەرمىكىن مۇندا.

2) سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — ياۋروپادا سىزگە كۆڭۈللۈك كۈنلەر بارمۇ قىزىم، يەنە ھەر كۈنى مۇشۇ ياققا قاراپ يىغلارسىزمىكىن !

b. — نۇرنىڭ كىيىملىرى قانداقكىن، ئۇ ھازىرمۇ كىتاب بىلەن بولۇپ يۈتىغا قېلىن پايپىما ئوراشنى ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرەمدىكىن.

c. — ئۇ قايسى بايلارنى قاقشىتىپ يۈرىدىكىن؟

d. — ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلغان بولسا، ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغانمىكىن؟

e. — بۇ مېنىڭ ئىززەت ـ نەپسىمگە ئېغىر كېلەرمىكىن، شان ـ شۆھرىتىمنى يەرگە ئۇرارمىكىن !

3) سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. بۇ قايسى شائىرنىڭ تاپقان گەپلىرىكىن؟

b. خەلق، ئۇچقۇچىلارنى غېنى باتۇر ئاتقانىدى، غېنىنىڭ ئەسكەرلىرىنى كىم ئاتاركىن، دەۋاتىدۇ !

c. ئۇلار تېلېفوندا يەنە نېمىلەرنى دېيىشەردىكىن، تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى.

d. مانا تۇيۇقسىز نۇرى پەيدا بولدى، ئەمدى بۇ دۇشمەنلىشىش نەگە باراركىن؟

4) جۈملىدىكى بىر ئىشنىڭ يەنە بىر ئىشقا نىسبەتەن يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن نۇرى چۈشمىگەندىكىن!

b. — سىز بايلىقىڭىزغا ئىشەنگەندىكىن!

c. — مىڭىبېگىنىڭ نوغاي خوتۇنى، شاڭيو بوۋاڭ تىلغا ئالغاندىكىن بويۇن تولغىما، بالام.

5) جۈملىدىكى ئىشنىڭ پەرەز، تەخمىن قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، جاۋاب تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەسىلەن:

a. — ئەمما لېكىن مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئارازلىشىپ قالماي، ئىتتىپاق ئۆتكىنىمىز ياخشىمىكىن.

b. — مەن ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زالىممىكىن دېگەنىدىم.

c. — مەن ئۇنى ئەيسا بېگىممىكىن دەپ قالدىم.

d. — بىرەر پوتەيدەك يەردىمىكىن، — جاۋاب بەردى خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

6) تەكەللۇپ بىلەن ئېيتىلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — بۇ، بۇ، بۇ نېمە دېگەنلىرىكىن؟

b. — نىكاھ ئوقۇپ قويۇشۇمغا رۇخسەت بولارمىكىن دېۋىدىم؟

c. — نېمە تاماققا كۆڭۈللىرى تارتىدىكىن؟

d. — ئاددىي مۇشاۋىرىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر تەكلىپ بەرسەم، سىلىنىڭ جانابلىرى قوبۇل كۆرەرمىكىن؟

7) تەكلىپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — ئۇنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بولسىمۇ كۆرۈشۈپ قويسىلا





ئوبدان بولۇرمىكىن، — دېدى سالى دورغا خاۋاتىرلىنىپ.

b. — يەنىلا ئىككى خىل ۋاستىنى تەڭ قوللانغىنىمىز توغرىمىكىن.

c. — ئۆزىمىزگە تايانغىنىمىز ياخشىراقمىكىن؟ — دېدى سوپاخۇن ۋە ئىككى رۇسقا قاراپ قويىدى.

d. — خاتالىقى بولسا، توۋا قىلدۇرۇپ، ئۆزىڭىزگە رام قىلىۋالسىڭىز، كېيىنكى ئىشلىرىڭىزدا ئوبدان ئەسقاتاتتىمىكىن!

7. -لا

1) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بىرىگە قوشۇلۇپ، ئىشنىڭ شۇ بۆلەك بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — ئاقسۇ بىلەن قەشقەرگىلا بېرىۋالسا، قارىياغاچتەك كۆپپىيىدىغان گەپ - دە!

b. — ئازغان - تازغان تاياق - قامچا سېنىلا تاپىدىغان بولۇپ قالدى، زىياۋۇدۇن.

c. — بۇ پائالىيەتكە باللارلا قاتنىشىدۇ.

2) ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلغاندا، ئوخشاشلىقنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. — ئەخمەتجان رۇس تىلىنى خۇددى رۇسلاردەكلا سۆزلەيدىكەن، ئۇنىڭ دىپلوماتىيە بىلىمىمۇ يۇقىرىكەن.

b. — بىز ئىككىمىز ئاكا - ئۇكىدەكلا بولۇپ قالدۇق.

c. بۇ يىگىتنىڭ بوي - بەستى سەنچىلىكلا بار، ئەممازە، شەرىپقان تۆرنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، بۆلەكچىلا يوغان ئادەم ئىكەن.

d. سىزدىن ھەممەيلەن رازى، بىر تۇغقان قېرىندىشى بولسىمۇ شۇنچىلىكلا قىلار ئىدى.

3) ئورۇن كېلىش ۋە چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملارغا قوشۇلغاندا «ئۇدۇل» مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. — ماشىناڭنى مەكتەپكىلا ھەيدە، كېچىكىپ قالمايلى يەنە.*

*b. بىزنىڭ ئۆيگىلا بارايلى.*

*c. خىزمەتتىنلا كېلىشىم، سىزنى يوقلاپ ئۆتەي دېدىم.*

4) ۋاقىت ھالەتلىرىگە قوشۇلۇپ، مەلۇم ئىشنىڭ تېز ئارىدا بولىدىغانلىقى ياكى بولغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولمىغانلىقى ياكى بالدۇرلا بولغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. قىز ئون بەشتىن ئون ئالتىگە ئەمدىلا ماڭغان، ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان بالىكەن.*

*b. مېنىڭچە بولسا، ئۇرۇمچىگە ئەتىلا ماڭساق، قانداق ياخشى بولاتتى!*

*c. كونسۇل بىلەن بۈگۈن ئاخشاملا كۆرۈشىمەن.*

*d. ئۇ گويا كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۇمسىدى.*

5) مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى بىردىنبىر شەرتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشلا جۇڭگونى راۋاجلاندۇرالايدۇ، سوتسىيالىزمنى راۋاجلاندۇرالايدۇ، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرالايدۇ.*

*b. ئۆزى بىچارە، كۆڭلى مىڭ پارە بۇ مۇساپىر قىزىمنىڭ بەختى ئېچىلسىلا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم تىنىدۇ.*

*c. تاغلىقلار نادانلىق قىلمىسۇن، قورالنى تاپشۇرسىلا ئۆتكەنگە سالاۋات، بولمىسا، بىزدىن يامانلىمىسۇن!*

6) ئورۇن كېلىشتىكى پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا «-لا» قوشۇلۇپ كەلگەن شەكىل بەزىدە مەلۇم بىر ئىشنىڭ بىردىنبىر





شەرتنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ئۇ زەيتۇنەگە سېلىشتۇرۇلغاندىلا بايقىلىدىغان ئەيىب.*

*b. ئەمگەكچىلەر ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ ھاياتى مەنىلىك بولىدۇ.*

*c. بىز جۇڭگو پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىلا، باشقا ھەرقانداق ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى بولىدۇ.*

*d. ھەرقانداق ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندىلا ئاندىن نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ.*

7) «-پ»لىق رەۋىشداشلارغا ئۇلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە ئۇلىنىپلا ياكى شۇ ھەرىكەت بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. لېكىن، ئۆيگە كىرىپلا ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتقان سەبىخەنى كۆرۈپ خۇشال بولدى.*

*b. كۈلتۈك قاردا ئۇ ئات مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپلا ماڭماي، ئۇرسا چىچاڭشىپ تۇرۇۋالدى.*

*c. بالا بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى.*

*d. غېنى گېپىنى تۈگىتىپلا ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.*

8) «-پ»لىق رەۋىشداشقا ئۇلىنىپ، شۇ ھەرىكەت بىلەنلا كۇپايىلەنگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. نۇرى كۈلۈپلا قويدى.*

*b. مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، ياخشى كۈنلىرىمىزنى بىر ياخشى چۈش دەپلا چۈشىنىڭ...*

*c. ئۇ شىمالدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋرال تېغىغا قاراپ قېتىپلا قالدى.*

*d. ھەممە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.*

9) «-پ»لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە ياكى «-ار»لىق سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلىنىڭ چىقىش كېلىش

قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا ياكى شۇ ھەرىكەت بارلىققا كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بىز قاراڭغۇ چۈشمەيلا (چۈشمەستىنلا) ئۆيگە قايتتۇق.*

*b. ئۇ بۇ خەتنى ئوقۇپ بولماستىنلا (بولمايلا) يىغلاپ كەتتى.*

*c. ئۇلار ئىشخانىغا كىرمەستىنلا (كىرمەيلا) يىغىن زالىغا قاراپ ماڭدى.*

*d. ھېچقانداق جاپا چەكمەيلا ئايدا نەچچە يۈز يۈەن مائاش ئالالايسەن، بۇ نېمىدېگەن ياخشى!*

10) قوشما پېئىللارنىڭ ياكى تۇسلۇك ئۆزەك شەكىللىرىنىڭ رەۋىشداش قىسمىغا قوشۇلۇپ، شۇ ھەرىكەتنىڭ بىر يولىلا ئورۇنلىنىشى، بىر قېتىمدىلا ئورۇنلىنىشى، ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشى (ئىزچىل تۈس شەكىللىرىدە) قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ــ بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، بۇرنۇمغا قان پۇراپلا تۇرىدۇ، سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا يۈرىكىم جايىغا چۈشىدۇ.*

*b. ئۇ كاۋاپنى تۇتۇپ تۇرۇپلا قالدى.*

*c. سودىدا پايدا يوق، ھۆكۈمەت ئالىمەن دەپ قولىنى سوزۇپلا تۇرىدۇ.*

*d. يىگىرمە بەش ــ يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى ئېگىز ــ بېسىق، كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ يىگىت داڭلىق چېلىشچى ئىدى.*

11) سان ياكى سان ــ مىقدار بىرىكمىسىگە قوشۇلۇپ، كىشىگە شۇ قەدەر ئاز دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بەشلا جەڭچى بولسا يېتىدۇ!*

*b. ئامەت دېگەن شۇنداق نېمىكەن، قارىمامسىز، پەقەت ئىككىلا كىشى شۇنچە چېرىكنىڭ ئالدىنى توسۇپ، چېكىندۈرۈپ تاشلاپتۇ.*





*c. نۇرغۇن قېتىم پىيادە ماڭدىم، بار ــ يوقى قىرىق كىلومېتىرلا يولغۇ بۇ. دەريا ياقىلاپمۇ، يامانيار بىلەن توپا كېچىپمۇ قاراڭغۇ چۈشكۈچە شەھەرگە كىرەلەيمەن.*

*d. پەقەت بىرەر سائەتلا داۋام قىلغان بۇ جەڭ، ماھىيەتتە شىنجاڭ تارىخىنىڭ 30 ــ يىللار سەھىپىسىدىكى ئۆچمەس قارا داغ مىللەتلەر ئارا قىرغىنچىلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.*

12) «ـغان»لىق سۈپەتداشقا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ھەرىكەت بەلگىسىگە ئىگە بولغان شەيئىنىڭ بىرىنىڭمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ قىز ناھايىتى ئوماقكەن، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك.*

*b. لېكىن، باي يەنە خەجلەشكە، قىزى خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا ھەممە دۇنياسىنى خەجلەپ بولۇشقىمۇ تەييار.*

*c. جەڭچىلەر ياتقانلا يېرىدە مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قېلىشتى.*

*d. گۇمان قوزغىغانلا ئادەمنى ئۆلتۈردى، مىللەت ئايرىمىدى.*

13) يۆنىلىش كېلىشتىكى «ـش»لىق ئىسىمداشقا «بولىدۇ» سۆزى قوشۇلغان قۇرۇلمىدا ئىسىمداشنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، پەقەت شۇ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ئىشنى قىلىشقىلا يول قويۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مانا ھازىر كېچە، پەقەت يېنىچە يېتىشقىلا بولىدىغان بۇ كامېردا خورەك، نالە ــ پەرياد ۋە جۆيلۈشلەردىن باشقا ئاۋاز يوق.*

*b. پەقەت ئالغا بېسىشقىلا بولىدۇ.*

*c. پەقەت تۈزەشكىلا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ!*

*d. بۇ بوياقلارنى ئۆيدە ئىشلىتىشكىلا بولىدۇ، مەكتەپكە ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ.*

14) «ھەممە» ئالمىشىغا ۋە بەلگىلەش ئالمىشى ۋەزىپىسىدە كەلگەن سوئال ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، مۇستەسناسىزلىقنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئالماش سانلارغا قوشۇلۇپ كەلگەندىمۇ، شۇ رولنى ئوينىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ھەممىلا ئىش مەنىسىز، بىرلا رەيھان ھاياتىنىڭ ئۆزى، مەنىسى، بارلىقى ئىدى.*

*b. ھېچقىسى يوق ئاكا، دورغامغا مەن گەپ قىلاي، ھەممىمىز ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ئەۋلادى، بايلار پەرىدىن، كەمبەغەللەر شەيتاندىن تۇغۇلغان ئەمەس، كىيىم - كېچىكىمىزنى چۈچۈلۈپ تاشلىساق، ھەممىمىزلا ئوخشاش بولۇپ قالىمىز.*

*c. چۈنكى، يولدا ياتقان تاش قاچانلا بولمىسۇن ھارۋىنىڭ مېڭىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.*

*d. لېكىن بۇ قاپلان قاچانلا بولسا ، ئۆز ماكانىنى تاپماي قويمايدۇ.*

*e. كىمدىنلا سورىساڭ بۇ يەرنى بىلىدۇ.*

*f. بىز ئىككى بالا ، ئىككىمىزلا قىز.*

15) پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، شۇ شەرتنىڭ پۈتۈنلەي يېتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — ۋاي قىزىم، — دېدى موماي، — ئادەم دېگەن توققۇزى تەل، دۆلەتمەن بولسىلا بەختلىك بولۇۋەرمەيدۇ.*

*b. يادىغا يەتسىلا ۋۇجۇدى قۇيۇنغا يولۇققان قورايدەك سىلكىنىدۇ، ئاتا-ئانىسى يادىغا يەتسىلا كۆزلىرىگە ياش كېلىدۇ، ئۈكىلىرىنى ئويلىسىلا گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدۇ.*

*c. ئۇ ئوقۇيتتى، قاراڭغۇ چۈشسىلا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى.*





16) بەزىدە «-لا» يۈكلىمىسى پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئەمەس، بەلكى باشقا بۆلەكلىرىگە قوشۇلۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. پۇللا بولسا، بۇ ئىشنى پۈتكۈزگىلى بولىدۇ.*

*b. جېنىم ئامانلا بولسا، سىلەرگە ياخشى قارايمەن.*

*c. قانداق بولسا مەيلى، پاكىزىلا بولسا بولدى.*

*d. سەنلا بولساڭ، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمىز.*

17) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، سۈبيېكتنىڭ ھەر قېتىمدا باش جۈملىدىكى ھالەت ياكى ھەرىكەتكە دۇچ كېلىشىنى ياكى بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىدىكى ھەرىكەتنى ئورۇنلاش بىلەنلا باش جۈملىدىكى ھەرىكەتكە دۇچ كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. پۈتۈمنى كۆتۈرەلىسەملا بېرىشىم كېرەك، ئاغزىمنى ئاچالىسام سۆزلىشىم كېرەك.*

*b. جەڭچىلەرگە ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيەسى بېرىش، خەلقنى ئۆزىگە تارتىش توغرىسىدا گەپ قىلسىلا، ئۇ ئىككى گېنېرال تەرىنى تۇرۇپ : «كونا گەپ!» دېيىشىدۇ.*

*c. سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىسىلا بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىدۇ.*

18) چەكلەنمەسلىكنى بىلدۈرىدىغان پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاياللار پىدائىيلىقنى چۈشىنىپلا قالماي، ئۆزىنى پىدا قىلىشنىمۇ بىلىدۇ.*

*b. بۇ كەنجى ئوغلى چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ئەقىللىق، سەزگۈر ۋە كۆيۈمچان ئىدى.*

*c. ئىنقىلاب قالتىس نېمىكەن، دۇشمەننى يوقىتىپلا قالماي،*

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى قېلىن - قېلىن سېپىللارنىمۇ يوقاتتى!

*d*. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ئەتىسى چاي ۋاقتىغا قالماي پۈتۈن قوشۇنغا پۇر كېتىپ، چوڭلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى.

8. - زە

1) سوئال شەكلىدە ياكى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن جۈملىلەردىكى مەلۇم بۆلەككە ئۇلىنىپ، ھەيرانلىق، گۇمان قىلىش، ئىشەنمەسلىك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. تۇڭگان بىلەن سوقۇشقىنىم يەتمەي، ئەمدىزە مېنى قەشقەرلىكلەر بىلەنمۇ سوقۇشسۇن دەمدىكەن؟

*b*. سەنزە بۇ ئىشنى شۇنداقلا بولدى قىلىدىغان ئادەمما؟

*c*. ئايىنۇرزە شۇنىڭغا تېگەمدا؟

*d*. — نېمە، سېنى ئۆيۈمگە باشلىمىغان ئوغۇل بالىزە يايلاققا باشلامدىمەنا؟

2) ئادەتتىكى جۈملىلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، بۇرۇلما تەكىت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a*. ھە، تۇرپانلىق سودىگەر، مېنىڭ نامىمنى قانچە پۇلغا ساتماقچى بولغان؟ ئاڭلىسام بىر شىڭ كېپەككىمۇ ئالماپتۇغۇزە!

*b*. — بۇ نېمە دېگەنلىرى بەگزادەم، مەنزە شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز يۇرتۇمدا مېنىڭ نېمەم بار؟

*c*. ئازادلىق ئۈچۈن تۆكۈلگەن شۇنچە قانلار بىكارغا كېتەمدۇزە؟

*d*. ئۆزلىرى بۈگۈنزە مېنىڭ تىللاغا يارىغۇدەك گەپ قىلدىلا.

3) ھەۋەس قىلىش، ئاغرىنىش، تەكىتلەش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





*a*. — ھاجىنىزە ئاپىسى بەكلا تەلەيلىك تۇغۇپتىكەن...

*b*. خۇدايىمىزە، بىز خوتۇن خەقنى تولىمۇ ئاجىز يارىتىپتىكەن!

*c*. ئەممازە، تىنچ يۈرگەن پۇقراغا چېقىلىساق بولمايدۇ.

4) جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، خەۋەر ئىپادىلىگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. — ھەئە، چۈشۈرتكۈزۈۋەتمەيزە.

*b*. ھە ئېغىر مىكەن، ئېغىر بولمايزە، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرگىن، ساپلا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش.

*c*. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەمەت دېگەن مۇرتەت ھېلىقىدەك ئىشلارنى قىلسا مېنىڭ ئوغام قايىنىمامدۇزە!

5) ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق سوئال مەنىسى ئىپادىلەنگەن جۈملىلەرنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، ئەيىبلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. مۇشۇنداق قاچاق، كەلگۈندى، ئاقنانچىلارزە ھۆكۈمەت بولۇپ، يۇرت سورىغۇدەكمىش تېخى!

*b*. غېنى باتۇرنىڭ خوتۇن دېسە ئىنسابىنى چۆرۈۋېتىدىغىنىزە.

*c*. بۇ گەپچىزە شىنجاڭ خەلقى ئۆمۈرۋايەت قان تۆكۈلۈشتىن قۇتۇلماي، ناھەق ئۆلۈپ تۈگەشكۈدەكقۇ!

*d*. چوڭ باي دېگەنزە، ئاغزىنىڭ يېلى ناھايىتى.

6) خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئېرەنسىزلىك بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a*. ئۇنىڭغا شۇنداقلا «كېتىمەن» دەپ قويىدۇمزە.

*b*. بىلىپ - بىلمەيلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇمزە.

**9. ـا \ ـە**

1) بايان رايىدىكى خەۋەرلەرگە قوشۇلۇپ، سۆيۈنگەن، ھەيران قالغان، ئەجەبلەنگەن مەنىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ــــ پاھ، پاھ، قەنتتەك گەپ قىلدىڭا، بالام .*

*b. ماناس ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى تۇرۇپ بۇنداق چوڭ ئىشنى بىلمەمسىنا ؟*

*c. ئەركىن ئاداش ، سېنى پاقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ دېيىشىۋىدى، باركەنسىنا ؟*

*d. ھە، گۈلگىنە، ماڭا بىر قاراپ كۈلگىنە، پاھ، پاھ، ئەكەلگىنە قولۇڭنى.*

2) ۋاستىسىز بايان رايىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنى ياكى ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەشلىك جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەر كۆپىنچە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. بىراق، تەكرارلانغىنىدا «ـا» قوشۇلمايدۇ. 3 ـ شەخس شەكلىگە «ـا» قوشۇلغاندا، ئاخىرىدىكى \ ى \ تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*a. بۇ ناخشىنى ئېيتىڭا ـ ئېيتىڭ، مېنىڭ باشلىرىم ئاغرىپ كەتتى.*

*b. بۇ قار ياغدا ـ ياغدى.*

3) پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايىدىكى 2 ـ شەخس خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، يالۋۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ياكى بۇيرۇق مەنىسىنى ئاجىزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. داۋۇتجان، نۇرمۇھەممەتنى كالاسكا بىلەن ئاپىرىپ كېلىڭا !*

*b. دۇنيادا يالغۇز بىر غېمى ئوغرىلا بولمىغاندىكىن، يەنە بىرىگە بىر يامبۇ ياكى بىر چوكا ئالتۇن بېرىڭا، غېمىنى ھازىرلا تۈتۈپ ئەكېلىپ بېرىدۇ.*





*c. مەن شۇ يىگىتنىڭ چوڭ دادىسى بولىمەن، ئەخمەتجاندىن سوراپ بېقىڭا، مەن قانداق ئادەممەنكىن !*

*d. ــــ قېرىنداش، قانداق، ئىلھام كېلىۋاتامدۇ، شېئىر يېزىڭا !*

**10. ھە**

1) سوئال جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، قارىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ھە ، تۇرسۇنمۇ سەن، كىرىۋەر ئوغلۇم ، كىرىۋەر.*

*b. ھە، ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق؟*

*c. ــــ ھە، مۇختەر بايمۇ سىز، سالامەت تۇردىڭىزمۇ ؟*

*d. ــــ كىم ئۇ، ھە، بىزنىڭ زىيەكنىڭ بالىسىما؟*

2) بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، تەلەپ ھاسىل بولغانلىقىنى ياكى ئىشنىڭ مۇۋاپىق تېپىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھە، بۇ ئىشىڭ بوپتۇ.*

*b. ھە، بەك ياخشى قىپسەن.*

*c. ھە، چاتاق يوق.*

*d. ھە، مانا ئوغۇل بالا .*

3) بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، شۇ ئىشقا نۆۋەت كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھە قېنى، قەغەزنى كىرلەشتۈرۈۋەتمەيلى، قېرىنداشنى سۈندۈرۈپ قويمايلى، قازارەن...*

*b. ــــ ھە جانىۋار، مۇنۇ كىچىككىنە چۆپنى بولسىمۇ يە.*

*c. ــــ ھە، ئەمدى كېتەيلى.*

*d. ــــ ھە، ئەمدى باشلايلى.*

4) بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۈشەنگەنلىك، ئېسىگە ئالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ سەل سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a.* سېتىنىياز بوۋا ، ئۆزلە بىلىدىلا، تۆمۈر خەلىپىنىڭ يىگىتلىرى ئارىسىدىكى ھېلىقى ھەسەن چوقۇرنىڭ دادىسىچۇ، ھە، شۇ ئادەم، ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، «ھەي يولۋاس بېگىم، ئۆزلە بۇ ئەمەلدارلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بولغاندىكىن، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىسىلا بولمامدۇ، ئۆزلەمۇ مۇسۇلمانغۇ، بۇ ناھەقچىلىككە قانداق چىداپ تۇرىدىلا» دەپتۇ.

*b.* — ھە، تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭنى چاقاي، دىگەن شۇ ئىكەن ـ دە!

*c.* ھە، ئەسلىدە شۇ قىزكەن ـ دە.

*d.* ھە راست، مەن بۇنى ئىككى كۈن بۇرۇن يولۋاس بەگنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا كۆرگەنىدىم.

*e.* ئۇنى كىم تىرىلدۇرىمەن دېسە، بۇ قىلىچ، ھە، مۇشۇ قىلىچ شۇنىڭ بېشىغا تېگىدۇ.

*f.* — ھە، بىلدىم، بىلدىم، ھېلىقى چاغدا سىزنى ئالمۇتىغا يولغا سېلىۋەتكەنىدۇققۇ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ قاپسىزا؟

5) بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۈچۈگەنلىك ياكى ئېنىق ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كۆچلۈك ھەم ئۇزۇك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a.* ھە، كېلىمەن دېدىمۇ، قىزىم؟

*b.* ھە؟ ئاپامما؟

*c.* ھە؟ ئەتە مۇھىم بىر ئىشىڭ بارما؟

*d.* ھە؟ سەل ساقلاپ تۇرامدىمەن؟

6) بۇيرۇق رايى 2 ـ شەخس شەكلىدىكى خەۋەرلەرگە قوشۇلۇپ، قوپاللىق بىلەن قىلىنغان بۇيرۇقنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەر ھامان جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئەگەر «ھە» قوشۇلىدىغان سۆز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، ئۇ «ـە» شەكلىگە كىرىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*a.* بولدى قىلە، مىشىلداپ ئولتۇرماي!





*b.* تۇرە ئورنۇڭدىن.

*c.* كىرە ئۆيگە.

**11. ئەمىسە**

1) جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىش شەرت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a.* — ئەمىسە، ئاكاڭ ھازىر نەدە؟

*b.* – بۇگۈنكى يىغىنغا تۇرغۇن بارالمايدۇ.

— ئەمىسە مەن باراي.

*c.* — ئەمىسە نېمىشقا تۇتمايسىلەر ؟

*d.* — ئەمىسە، پۇل بولىدىغان نېمە بار ؟

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، بىر ئىشتىن يەنە بىر ئىشقا بۇرۇلۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a.* قېنى ئېيتقىنا، نېمە دەردىڭ بار ئەمىسە؟

*b.* ئەمىسە، مەن قايتاي.

*c.* ئەمىسە، ئەتە كۆرۈشەيلى.

*d.* ئەمىسە، مەن بارالمىغۇدەكمەن.

3) جۈملىدە بايان قىلىنغان ئىشنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a.* — چىدىمىسام ۋارقىرىمامدىم ئەمىسە !

*b.* شۇنداق قىزىق تۇرسا كۈلمەمدۇ ئەمىسە.

*c.* ئۇنداق ۋارقىرىساڭ، قورقمامدۇ ئەمىسە.

**12. مەيلى**

1) ئىختىيارىغا قويۇش، پەرۋا قىلماسلىق، تەۋەككۇل قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a.* مەيلى، سۇنۇپ ئازادە ئولتۇرغىن، سېنىڭ پۈتۈڭ ئابدۇمەر

مىڭبېگىنىڭ پۇتىدىن مىڭ ھەسسە پاكىز .

*b. ئىكاھلىتىپ ئال، مەيلى دېسەڭ مەن ئەلچى بولاي.*

*c. — مەيلى، ئۇنىڭ ۋاقتى يوقتۇر بەلكى.*

*d. — مەيلى ئون مىڭ، مەيلى يۈز مىڭ، مەيلى توغرا، مەيلى خاتا ئۆلتۈرەي، قانچە ئادەم ئۆلتۈرسەممۇ جىياڭ جيېشى غىڭ قىلالمايدۇ، ئۇ چۈشىنىدۇ.*

2) پەرەز بېقىندى جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

*a. خەزىنەمنىڭ يېرىمى كەتسىمۇ مەيلى، نەزەرنى مېنىڭ ئورنۇمغا ۋاڭ دەپ جاكارلايدىغان گۇڭگسى تارقاتمىسا بولمايدۇ.*

*b. مەيلى، نېمە بولسا شۇ بولسۇن، كەلگۈسىنى كەلگۈسىدە كۆرەيلى.*

*c. ئۇنىڭ خالايدىغىنى قوقەن خانلىقى — مەيلى دۇنيانىڭ نەرىدە بولمىسۇن، شۇنداق خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى ئىدى.*

*d. قانچىلىك قۇربان بەرسەڭلارمۇ مەيلى، ئالتاينى ئىگىلەڭلار!*

*e. بۇ بۆرىلەرنى يوقاتمىغۇچە، مەيلى قۇمۇل، مەيلى ئالتە شەھەردە ھېچكىمگە ئارام بولمايدۇ.*

## 13. تېخى

بۇ سۆز بەزىدە رەۋىش رولىدا كەلسە، بەزىدە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنى «تېخىچە» سۆزى بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولسا، رەۋىش رولىدا كەلگەن بولىدۇ. ئالماشتۇرغىلى بولمىسا، يۈكلىمە رولىدا كەلگەن بولىدۇ. بۇ سۆز يۈكلىمە رولىدا كەلگەندە تۆۋەندىكىچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئۈستىلەپ ئېيتىلغان يەنە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:





*a. ئەجەبمۇ ياخشى قىزكىنە بۇ قىز، ئورۇس خوتۇنمۇ بىزچە بىلىدىكەن تېخى.*

*b. مانا چوڭ يار، نېرىسى ئىلى دەرياسى، بۇ يار ئىچىدە بۆلاقمۇ بار ئىكەن تېخى .*

*c. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھرى ئىسسىق نېمىكەنغۇ تېخى.*

2) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. مەيلى، غېنى، جەڭ تېخى ئالدىمىزدا، پۇخادىن چىقىسەن تېخى!*

*b. شۇ كۈنلەردە مۇڭدىشىمىز تېخى، ئۇ كۈنلەرمۇ يېقىن !*

*c. ئالدىرىماي تۇرسۇن ، چۈجىنى كۈزدە سانايمىز تېخى.*

*d. سوققۇشلار تۈگەپ خاتىرجەم بولغاندا مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇيمەن تېخى !*

3) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنى باشقا بىر ئىشقا نىسبەتەن شۇنداق دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — ئورۇقلاپ كېتىپسەنغۇ؟*

*— سەمرىپ قالدىم تېخى.*

*b. — ئەجەب چوڭلىغان قويلاركىنە بۇ ؟*

*— بۇ تېخى كىچىكرەكلىرى، چوڭلىرى ماۋۇ قوتاندا.*

*c. — ھەممە گۇناھ ھۆكۈمەتتە تۇرۇپ، بىزدىن كەچۈرۈم سورىمايزە، بىزنى كەچۈرۈم قىلغۇدەكمۇ تېخى !*

4) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ قارشىچە خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بىھۇدە بولغانلىقى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، سۇبيېكت ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەسلىكى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — مېنىڭ كىتابىمدا بار، — دېدى ھاجى بىر قەدەم ئالغا*

مىڭىپ، — ئۇ خوتۇن تالاق مۇسۇلمانمىكەن تېخى !

b. يىگىتمىش تېخى؟

c. — ھەي يالغانچى كاززاپ ھاجى بىلەن جەڭ قىلغۇسى يوق ئىكەنمىش تېخى !

d. پاھ، ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ چوڭلۇقىنى تېخى.

e. تەنقىد قىلسا كۈلۈۋاتىدۇ تېخى.

5) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىشەنمەسلىك، چۈشەنمەسلىك، ھەيران قېلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. تىرىك ئەكىلەلمىسەڭ كاللىسىنى ئەكېلىمىز دەپتۇ تېخى!

b. مۇختەر باي چۈشەنمىدى: — نېمە دېدىڭا، ھۆكۈمەتنى يېزىپ چىقىدىغان گەپمۇ تېخى؟

c. بىزنى تەسلىم قىلماقچىمۇ تېخى؟

d. پاھ، بۇلار قاپاقتا چاي توشۇپ ئىچىدىكەن تېخى...

e. زاراتگاھلىقنىڭ يېنىدىكى ئىككى پۇت يەرنى ۋەخپىگە بېرىۋەتتى تېخى .

6) بەزى ۋاقىت ھالەتلىرىنىڭ ياكى «-پ» لىق رەۋىشداشلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا كۆپىنچە «-لا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. كىم بىلىدۇ، بۈگۈن كېچىلا باندىتلار ئۈرۈمچىگە باستۇرۇپ كىرەمدۇ تېخى ؟ ...

b. — ئەستاغپۇرۇللا، ئەلھەزەر، ئەلھەزەر، ئۇ تېخى تۆمۈر دېگەن سامان قورساقنىڭ جېنى مېنىڭ ئالقىنىمدا، لازىم تاپسام بىر كېچىدىلا دەپتۇ تېخى !

c. تېخى تۈنۈگۈنلا يۈز كوي ئالدىڭغۇ؟





**14. قېنى**

بۇ سۆز سوئال ئالمىشى رولىدا كەلگەندىن باشقا يۈكلىمە رولىدا كەلگەندە، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) بۇيرۇق رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ تەكلىپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — قېنى، يۈرۈڭلار ئۆيگە!

b. — رەھمەت ھۆرمىتىڭگە زىياۋۇدۇن، قېنى يۈر، ئۆيگە كىرەيلى.

c. — قېنى تاماققا بېقىڭلار.

d. — تۈز ئولتۇرۇڭلار، قېنى سۆزلەڭلار !

2) سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئاڭلىغۇچىدىن جاۋاب تەلەپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. — ئۇنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرى قېنى؟

b. — قېنى ئۇ تەنتەنىلىك ۋەدىلەر، قېنى !

c. — ئادەملىرىڭ قېنى؟

3) پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى شەكلىگە «-چۇ» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش، ھەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك ياكى يامان ئاقىۋەتكە قېلىش مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن خەۋەرلەرگە ماسلىشىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

a. كەپ باقسۇنچۇ قېنى !

b. ئىشلىرىڭ تۈگىسۇنچۇ قېنى !

c. ياز بولسۇنچۇ قېنى، قانداق ئوينايمىزكىن.

**15. ئېھتىمال**

1) بۇ سۆز رەۋىش رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدىمۇ قوللىنىلىشى مۇمكىن. بۇ سۆز يۈكلىمە رولىدا كەلگەندە، مۆلچەر بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى

ئاخىرىدا كېلىپ، مۆلچەر ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ياكى ئادەتتىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا، ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، مۆلچەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*a.* *تورپاق سالىنىڭ سۆزلىرى يەنە داۋام قىلغان بولسا، ئېھتىمال، ئۇمۇ يىغلاپ تاشلىغان بولاتتى.*

*b.* *بىرھازادىن كېيىن، ئېھتىمال قولى ئاغرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇرۇشتىن توختاپ «ئېيتامسەن ـ يوق؟!» دەپ ۋارقىرىدى.*

*c.* *ئۇ ھەربىر قەدەمدە دېگۈدەك تۇمشۇقىنى مورىسىگە سۈركەپ، ئاغزىدىكى لاتىنى چىقىرىۋېتىشكە، ئېھتىمال بىرەر نېمىدەپ ۋارقىراشقا تىرىشاتتى.*

*d.* *بۇ يەرنى قاپلاپ تۇرغان قارنىڭ قېلىنلىقى بىر ـ ئىككى چى كېلىدىكەن. ئېھتىمال بۇ يەرلەرگە ئادەم بالىسى ھېچقاچان ئاياغ بېسىپ باقمىغان بولسا كېرەك.*

2) بۇ يۈكلىمە ئورنىدا بەزەن «ئەتىمالىم»، «ھەقىچان» (ھەرقاچان) سۆزلىرى قوللىنىلىشى مۇمكىن. «ئەتىمالىم» ئاساسەن جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a.* *بەش قول بىردەك يارالمايتۇ ئەسلىدە،*
*ئەتىمالىم ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ.*

*b.* *يىگىتىبېشىنىڭ ئاغزىدىن غول چىققان گەپ ھەرقاچان.*

**16. نايىتى**

بۇ ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن «نىھايەت \ ناھايىتى» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) سان، سان ـ مىقدار بىرىكمىسى، ئىسىم ياكى ئىسىم





رولىدىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ ياكى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئازلىق مەنىسىنى ( «ھەممىسى بولۇپ»، «بار ـ يوقى»، «پەقەتلا» دېگەن مەنىلەرنى) بىلدۈرىدۇ، بۇ چاغدا، ئۇ كۆپىنچە «ـلا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a.* *بۈگۈن نايىتى ئىككى سائەتلا دەرسىم بار.*

*b.* *يانچۇقۇمدا نايىتى ئون كويلا پۇل بار.*

*c.* *سەندىن نايىتى بىر ياش كىچىكمەن.*

2) جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، ئىشنى كىچىكلىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a.* *بۇ ئىشتا مېنى تەقدىرلەشنىڭ ھاجىتى يوق، نايىتى ۋىجدانىم بويىچە ئىش قىلدىم شۇ.*

*b.* *كۆزۈڭنى يۇمۇۋالساڭلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر ئاز جىددىيلەشتۈرىدۇ نايىتى.*

**17. ھەرھالدا**

جۈملىنىڭ بېشىدا، بەزىدە ئاخىرىدا كېلىپ، «قانداق بولمىسۇن»، «ئومۇمەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a.* *شۇنداقتىمۇ ھەرھالدا كېلىشىپ قېلىشىمىزغا ئىشەنچىم كامىل.*

*b.* *ھەرھالدا ئېھتىيات ئۈچۈن بۇلارغا يەنە بىرنەچچە تال مىلتىق قوشۇپ بەرمىسەك بولماس ، ـــ دېدى مەھمۇت مۇھىتى ھاجىغا قاراپ .*

*c.* *تەڭرى تائاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈركىم ، ھەرھالدا تىرىك قاپتىمىز .*

*d.* *ھەرھالدا تۇرمۇشىمىزدا چوڭ قىيىنچىلىق يوق.*

*e.* *ھەرھالدا بالىلار مەكتەپتە ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ.*

**18. دەرۋەقە**

1) جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنى ئېتىراپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. دەرۋەقە، مەھمۇت مۇھىتى ھېچقاچان ۋە ھېچ يەردە ھاجىغا مۇنداق قاتتىق تېگىپ باقمىغانىدى.*

*b. دەرۋەقە، بۇ دوپپا ئۇنىڭغا تازىمۇ ياراشقانىدى.*

*c. دەرۋەقە، مەنتىق بويىچە ئېيتقاندا، جىرجىس ھاجىنىڭ گەپلىرى ئۇلارنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىشى، شۇڭا ئۇلار ھاياجانلىرىنى باسالماي، ئۆز تەسىراتلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ چۇرۇلداپ كېتىشى لازىم ئىدى.*

*d. دەرۋەقە، بۇ پىلاندىن خاتالىق چىقىپتۇ.*

*e. دەرۋەقە، شۇ چاغدا مەن ئۇلارغا ۋەدە بەرگەنىدىم.*

*f. دەرۋەقە، سىزنىڭ بۇ ئىشقا قاتنىشىش سالاھىيىتىڭىز بار.*

**19. جۇمۇ**

1) بۇيرۇق رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئالاھىدە جېكىلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. شۇ چاغدا «ياق» دەپ تۇرۇۋالمىسىلا جۇمۇ!*

*b. ئابدۇل ئاداش، باللارغا قارا، ئەۋەتمە، ھويلىدىن چىقارما جۇمۇ! — دېدى ئۇ ۋە مىڭىبېگىنىڭ كۆزلىكىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .*

*c. تاغ باغرىدىكى قىزىلبۇلاققا كۆچەيلى، ئۇ يەر قورغانغا يېقىن، ھۇجۇم قىلىشقا ئاسان دېگەن تەكلىپىنىمۇ مەن بەردىم، ھېچكىمگە دېمە جۇمۇ!*

*d. بۇ، بۇ يىلقى تۇنجى سودا، ھەرگىز كەتكۈزۈپ قويماڭ جۇمۇ.*

2) بايان رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ،





ئاڭلىغۇچىدىن جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنى بىلىپ قويۇش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئاگاھلاندۇرۇش، ئەسلىتىش مەنىسىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ئۇ قالتىس مەرگەن، چىۋىننىڭ كۆزىنى چەنلىيەلەيدۇ جۇمۇ !*

*b. مۇختەر باينىڭ ئېتىدەك كىشنەپ قويۇپ بالا تاپمىسۇن جۇمۇ.*

*c. — جان بار يەردە قازا بار توختەم ، دۈشمەنمۇ مەرگەن ، ئۇنىڭ ئوقىمۇ جان ئالىدۇ جۇمۇ !*

*d. — پاھ، تۇرپانلىقلار قالتىسكەن جۇمۇ !*

**20. بىكار (ھېلى بىكار)**

1) بۇ «بىكار» دېگەن سۈپەتتىن ئايرىلىپ چىققان يۈكلىمە بولۇپ، جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بېشىڭغا پالتا بىلەن سالىمەن بىكار !*

*b. ھاي ، ھاي . . . ئاغزىمىزغا بېقىپ گەپ قىلايلى جۇمۇڭلار، بىكار ئەتىلا ك گ ب نىڭ دەپتىرىگە چۈشۈپ قالمايلى !*

*c. — ۋىيەي ! — قىز ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — ئۇنداق دېسىڭىز قېچىپ كېتىمەن بىكار!*

**21. ئىشقىلىپ**

1) جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «قانداق بولمىسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. «ھە، مانا تاپتىم، ئالدىم تەسكەي، ئارقام كۈنگەي، ئوڭ قولۇم كۈنچىقىش، سول قولۇم كۈنپېتىش؛ كۈنپېتىشتا چۆچەك دېگەن يۇرتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئىشقىلىپ، كۈنچىقىشقا كېتىپ قالمىسام بولدى. كۈنپېتىشقا قانچە ماڭسام، قۇمۇلدىن*

شۇنچە يىراقلىشىمەن.» دېدى ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىپ.

b. ئىشقىلىپ ئۇ ئايدا قىرىق بەش دوللار ئايلىق ئالاتتى .

c. ئاتنى كۆرۈپ ئەمەس ئىزىدىن، يۈگۈرگەن ئاۋازىدىن قانداق ئاتلىقى، بوي تۇرقى، رەڭگى، ئايغىر ياكى بايتاللىقى، قېرى ـ ياشلىقى، ئىشقىلىپ ھەممىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى قاسىم قاراساي .

### 22. خۇددى

1) جۈملىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدىغان بۆلەكلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئوخشاشلىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ، كۆزلىرىدە ئوت يېنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى .

b. ئاران ـ ئاران تۇرغان خەلق توپى خۇددى بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئوت ئېلىپ كەتكەن بېنزىن تۇڭىدەك پارتلاپ كەتتى.

c. كۆك بوز ئاتنىڭ خۇددى بوتاچاقنىڭكىدەك قاپقارا كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى.

2) بەزىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئوخشاشلىقنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

a. ئۇ خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئۆزى.

b. پارتىزانلار ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خاتىرجەم راھەتلىنىپ ئۇخلىمىغان ، بىرلا مۇختەر باينىڭ ئۇيقۇسى قاچقان ، كەڭ سۇپا ، يۇمشاق كىگىز ، كۆرپە ـ ياستۇق ، خۇددى ئۆيىدىكىدەك.

c. كۆلدە قونۇپ جىلغا بىلەن يەنە بىر كۈن ماڭدۇق. ئەتىسى يەنە بىر داۋانغا بېرىپ قوندۇق. داۋانلار قىشنى ئەسلىتىدۇ، لېكىن جىلغىلار ياپيېشىل، خۇددى بىزنىڭ باغلاردەك.





### 23. زادى

بۇ سۆز «ھەرگىز»، «قەتئىي» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يەنە يۈكلىمە رولىدا كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1) سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، جاۋابنىڭ ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — راستىڭنى ئېيت، ئۇ خەتتە زادى نېمىلەر يېزىلغان؟

b. — ئېيتە ، كىملەرنى بىلىسەن زادى ؟

c. — كۆزۈڭ يېتەمدۇ زادى ؟

d. — بىز تاللىغان ئون ئات ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغىنى زادى يوقمۇ؟

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ قانداق بولمىسۇن بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — بولماپتۇ، كۆڭلۈمگە كەلگەن زادى، سىلەر ئات تاللىيالماپسىلەر.

b. — يان ياغىچىنى ئۈزۈنىراق قىلساق، پۇتىغا تەگمىسىلا بولىدىكەن، زادى ياخشى ئاتنىڭ خۇيى بولمايدۇ.

c. كەچتە ئۆيگە قايتىپ زادى ئۇخلىيالمىدىم ، كۆپ ئويلاندىم.

3) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ تۈپتىن شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. زادى ئۇنىڭ قاپىقى يامان، ھۆكۈمەتكە يانىدۇ، مىڭبېگىگە لاي ئاتقىنى ھۆكۈمەتكە ئاتقىنى!

b. چوڭ ئىشلار شەخسنىڭ قولىدىن باشلىنىدۇ زادى .

c. مۇشۇ غېنى باتۇرنى ئەۋەتمەي يامان قىلدى زادى .

d. — زادى ئۇ تازىنىڭ نىيىتى بۇزۇق .

**24. بەلكى (بەلكىم)**

1) بۇ سۆز كۆپىنچە باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، بەزىدە يۈكلىمە بولۇپمۇ كېلىدۇ ۋە ئاساسەن مۆلچەر رايىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا ياكى ئارقىدا كېلىپ ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ مۆلچەر مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. *دېمىسىمۇ بىر ئايال كىشىنىڭ تاسادىپىي ھالدا مۇنداق ئوچۇق مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ئۇ زامانلاردا ھاجىنىڭلا ئەمەس، باشقا ئەرلەرنىڭ ھاياتىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغاندۇر بەلكى!*

b. *بەلكىم ئۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئادەتتىكى ساۋاتنى ئۇنتۇلۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئۇ ھەممىدىن ۋاز كەچكەنىدى.*

c. *بەلكىم ئۇلار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆرۈۋاتقاندۇ، ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن چىقىپ تۇرغان خەنجەر دەستىسىگە يۈرىكى جىغىلدىغان ھالدا قاراشقاندۇ.*

**25. ھەتتا**

1) بۇ سۆز كۆپىنچە باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، بەزىدە يۈكلىمە بولۇپمۇ كېلىدۇ. ئۇ يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە شۇ مەنىدىكى «ـمۇ» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ھەتتا ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن ئۇنىڭ خۇنى ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان ئون ئىككى يامبۇ ئون ئىككى ئەجەل قاپقىنىدەك ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا.*

b. *ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مومايلار بىلەن ياش جۇۋانلارمۇ، ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ بار ئىدى.*

c. *مەھەللە غورۇرى ئۇنىڭ جېنى، مەھەللىسى ئۇياتقا قالسا*





*ئۇ ئازابلىنىپ ئورۇقلاپ كېتىدۇ ھەتتا.*

d. *ھەتتا بەزىدە قوپال گەپمۇ قىلىدى، چاقچاقلىرى تاپتىن چىققان چاغلارمۇ بولدى.*

**26. خالاس**

1) جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئىشنىڭ شۇ جۈملىدە ئېيتىلغىنى بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *— شۇنداق، ھەممە گەپنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ ـ يۇ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ، خالاس.*

b. *يەنى بىدار بولايلى، ھوشيار بولايلى دېمەكچىمەن، خالاس!*

c. *ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قالغىنى دەرەخ ئاستىدا شاخلاردىكى قار توغرىسىدىكى شېئىرىي پىكىرلەر ئىدى، خالاس.*

**27. ھېلىمۇ (ھېلىمۇ ياخشى)**

بۇ سۆز «ھازىرمۇ» بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدىمۇ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئامەت سۈپىتىدە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *پاھ، پاھ، ھېلىمۇ سۇدا يۈرىدىغان قاما دېگەن ھايۋان بولغىنىڭ، بورسۇق بولغان بولساڭ ئۆيۈڭ قانچىلىك سېسىق بولارىدى.*

b. *ھېلىمۇ شۈكۈر، يامغۇر توختىمىسا، قىز مۇنۇ ۋەھىمە بىھوشلۇقىدىن ئەسلىگە كېلىپ يۇلقۇنمىسا بولاتتى.*

c. *— ھېلىمۇ ياخشى ئورىلارنى ئاچۇرۇپ بۇغدايلارنى ئالمىدى.*

d. *— ھېلىمۇ ياخشى، ئالساڭ ئال دەپ تۇرۇپ بېرىپتىمىز.*

2) خەۋەرنىڭ ئالدىدا ياكى ئاخىرىدا ياكى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنى ئېتىراپ قىلىشقا ياكى

ئۇنىڭغا قانائەت قىلىشقا ئۈندەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھېلىمۇ ئۈچ ۋاخ تاماقلىرىنىڭ ئىككى ۋاختى مېنىڭ ئۆيۈمدە بولغىنى!*

b. — ھوي ئۇكام ، ھېلىمۇ ئۇ چىركىنىنى ئۆلگۈدەك دۇمبالاپ، ئاغزى - بۇرنىنى قان يالىغان ئىتتەك قىلىپ تاشلاپسەنغۇ ، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولغۇلۇق.

*c. — ھېلىمۇ ئاز قان تۆكۈلدىمۇ؟*

*d. ھېلىمۇ تازا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىڭ، ئاسان ئەمەس.*

**28. يەنە**

بۇ سۆز ھەرىكەتنىڭ ئۇستىلىنىشىنى بىلدۈرۈپ، رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) پېئىلنىڭ بولۇشسىز بۇيرۇق رايى شەكلىگە قوشۇلۇپ، ئەنسىرەش مەنىسىدىكى تەلەپنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — بايقاڭلار، بۇ يەردىمۇ پايلاقچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە.*

*b. — غېنىكام بىزنى يامانىياردا ساقلاۋاتىدۇ ، سىلەر بىز خەق ئىكەنسىلەر، بىكارلا ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماڭلار يەنە ! — دېدى.*

*c. — پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالما يەنە !*

*d. تېز تېلېۋىزورنى ئاچ، ھېلىقى كىنو تۈگەپ كەتمىسۇن يەنە.*

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شۇنداق ئىكەنلىكىنى ياكى داۋاملىق شۇنداق بولۇپ قېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا يەنە «-لا» يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:





*a. يەنە (يەنىلا) كۈچارنىڭ سوپۇنى ياخشى.*

*b. بىراق ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى يەنىلا غەش تۇراتتى .*

*c. نامراتلارنىڭ ئۆيلىرىدە يەنىلا بوران ئۈچۈپ تۇرماقتا ، كوچىلاردا يەنىلا لالما ئىتلار سەكىلدىشىپ، غىڭشىپ يۈرۈشمەكتە، ئاشخانىلارنىڭ ئالدىلىرىدا جۇل - جۇل كىيىملىك، پاسكىنا - قاسماق ئادەملەر مەيدىلىرىنى ئوتقا قاقلاپ، قوتۇر كۈچۈكلەر بىلەن ئورۇن - سۆڭەك تالىشىپ يۈرۈشمەكتە.*

*d. يەنە (يەنىلا) كونا كىنولار ياخشى ئىكەن.*

**29. پەقەت**

1) بۇ سۆز «قەتئىي»، «ھەرگىز» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، كۆپىنچە چەكلەش رولىدا كەلگەن «-لا» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىدۇ. بەزىدە ئۆزى يالغۇز چەكلەش رولىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ھەممىلا ئادەم غەمكىن، پەقەت مەھەللە ئىتلىرىلا توختىماي كېچە - كۈندۈز ھاۋشىماقتا.*

*b. بۇلۇتلۇق ئاسماندا تولۇن ئاي خۇددى دېڭىزغا چۆككەن كېمىدەك غايىب بولغان، پەقەت بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان غۇۋا نۇرلىرى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.*

*c. بۇ ئۆزرەمنى قۇمۇلدىمۇ ئېيتقانىدىم، مەن پەقەت ھەرقايسىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ كەلدىم ، خالاس.*

*d. قىزنىڭ ھېلىقى چىرايلىق كۆزلىرىدە تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ، پەقەت سەزگۈر يۈرەكلا سېزەلەيدىغان بىر خىل يوشۇرۇن قۇۋلۇق بار ئىدى.*

### 30. يالغۇز

1) بۇ سۆز سۈپەت رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدىمۇ كېلىپ، بەزى ئورۇنلاردا «پەقەت» يۈكلىمىسى بىلەن مەنداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

*a. مىرۇل مەرگەن باشقىلارنى قالدۇرۇپ ، يالغۇز ھېيتەمنى ئون قەدەم نېرىدا چوقچىيىپ تۇرغان يوغان چېدىر تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.*

*b. — يالغۇز شېئىرلىرىڭىزلا ئەمەس . . . !*

*c. شۇ يوسۇندا مۇسۇلمانلار زىچ جايلاشقان يېڭىشەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا كەلگۈچە يەنە بىرنەچچە ئادەم جېنىدىن جۇدا قىلىنىپ، يالغۇز شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلا قالدى.*

### 31. مانا

1) بۇ سۆز «ماۋۇ يەردە» مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئالماش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، يېقىنراقتىكى نەرسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

*a. قېيىنئانىسى تولا يىغلاپ ئەقلىدىن ئازدى، مانا ئىككى ياشقا ئەمدىلا كىرىپ تاتلىق تىلى چىققان قىزىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا.*

*b. مانا ھازىر پۈتۈن غۇلجا ماتەمدە، سىلىنىڭ، دوتەي، كونسۇللار غوجامنىڭ يېڭى پۈتكەن ھەيۋەتلىك ئۆيىگە ھال سوراپ كېلىشتى.*

*c. دادالڭ يوق ، ئەمما ئاپاڭ مانا مەن بار.*

*d. توۋا، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بۈگۈن قانداق كۈن بولدى - ھە، بايىلا بېشىمدا قامچا ئوينىغان، مانا ھازىر ئايىغىمدا خەزىنە ! توۋا...*





2) بەزىدە «تېز» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. — ماڭمامسەن؟*

*— مانا، مانا.*

*b. مانا، بىردەمدە پىشىدۇ.*

### 32. ئەنە

1) بۇ سۆز «ئاۋۇ يەردە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ، ئالماش رولىدا كەلگەندىن باشقا يەنە يۈكلىمە رولىدىمۇ كېلىپ، مەلۇم نەرسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەنە، توپ - توپ قىزلار نەدىندۇر كۈلۈشۈپ چىقىپ كېلىشتى.*

*b. ئەنە، ئاۋرال تېغى ئۈستىدە تولۇن ئاي پەيدا بولدى.*

*c. ئەنە، ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە شوخ يىگىتلەر پەيدا بولدى، قىزلار بىلەن پىچىرلىشىش قانداق كۆڭۈللۈك - ھە ، بولۇپمۇ گۈگۈم ۋاقتىدا . . .*

### 33. دە-

«دە -» پېئىلىنىڭ بەزى گىراماتىكىلىق شەكىللىرى بەزى كونتېكىستلاردا يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، تۆۋەندىكىچە قول- لىنىلىدۇ:

1) «دەيمەن» شەكلى شەرت رايى، بۇيرۇق رايى شەكلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا ياكى پۈتمىگەن سۈپەتداشلاردىن قۇرۇلغان كەلگۈسى زامان شەكلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، بۇيرۇقنى تەكىتلەش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئۇ كىشى يۇرتىنىڭ ئاتىسى بولغاندىن كېيىن ، قاراپ تۇرماس دەيمەن.*

b. هاجى ئىجازەت بەرسە ، شۇ ھېكايەتنى مەجلىس ئەھلىگە سۆزلەپ بەرسەم پايدىسى بولار دەيمەن.

c. سوغۇقنىڭ كۈچىنى تۇزدە كۆرسەن تېخى ، تولا نوچىلىق قىلما دەيمەن ، پۇتۇڭنى ئاۋۇ قىل تاغار بىلەن ئورىۋال .

2) {-i-\ -y-} بىلەن قۇرۇلغان 2 ـ شەخس شەكلىدە سوئال جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ بولۇشسىز جاۋابى (ئەگەر سوئال جۈملە بولۇشسىز بولسا، ئۇنىڭ بولۇشلۇق جاۋابى) نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

a. تۆتىنچى كۈنى ئۇلارمۇ قاچتى. نەگە دېمەمسىز، شىمالدا ئويپالغا، شەرقىي شىمالدا ئاقدالاغا قەدەر چېكىنىپ قاچتى.

b. — ئۇغۇ شۇنداق ، مېنى سېغىنمىدى دەمسەن؟

c. بېشىدىن تاجى چۈشكىلى ئاز قالدى ـ دە، ئۆلكە رەئىسلىكىگە ئۇنى كىم كۆرسىتىدۇ دەيسىز.

d. كىم نان يېمەيدۇ دەيسىز، قىزىم، سىلەر جەڭ قىلىڭلار، بىز سىلەرگە نان تەييارلايلى !

e. — تالاشقۇدەك نېمە بار دەيسىز، ھەممىمىز بىر قېرىنداشقۇ !

3) بۇيرۇق رايىدىكى 2 ـ شەخس شەكىللىرى بايان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، تەكىتلەش، ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ (بىرلىك ئاددىي تۈرىگە ھامان «دېگىنە» دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ، سىپايە تۈرىگە «ـا» قوشۇلىدۇ.) مەسىلەن:

a. تېخى بىر قوزىلىق قويى مۇكاپات بەردى دېگىنە خوتۇن !

b. — بىزنىڭ قوي ـ كالىلىرىمىز ئاشۇ سەن دېگەن داش قازانلارغا چۈشۈپ بولدى دېگىنە ؟

c. — جان تاتلىق دەڭا، كوماندىر ئىنزۇوت ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى توختى باشلىقىغا، — جانغا چىدىمىغان ئوغۇل بالا بۇ





يەرگە كېلىپ نېمە قىلغۇلۇق !

d. ھەممىسى شۇ مىڭ تال مىلتىق ئۈچۈن بولدى دېگىنە ئۇكام ، شۇنداقمۇ ؟

4) 2 ـ شەخستىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان سوئال شەكلى قاتار كەلگەن بىرنەچچە ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسىنىڭ ھەر ـ بىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىملار ئىپادىلىگەن شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن شەيئىلەر ئىچىدىن يادىغا كەلگىنىچىلا ئاتاپ كۆرسىتىلگەن بىرنەچچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنداق ئىزىلمىلار ھامان ئومۇملاشتۇرغۇچى بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق كېلىشىمى» دەمسىز، «10 ـ ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى»: دەمسىز، «يالتا، قاھىرە، دۇنبادون كاۋچۇكزار كېلىشىمى » دەمسىز، ھەممىسىنى يادقا بىلىدىكەن، بەك يامان نېمىكەن ! — دېدى سەنمىنجۈيى مۇتەخەسسىسى لياڭ خەنساۋ.

b. ئايشەم كىملىك دەمسىز، ئايروپىلان بىلىتى دەمسىز ھەممىنى ئۆيدە قويۇپ كەپتۇ.

# ئون بىرىنچى باب

# ئىملىق سۆزلەر

## §1. ئىملىق سۆزلەر ھەققىدە

### 1. ئىملىق سۆز دېگەن نېمە؟

ھېس ـ تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ئىملىق سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «ۋاي ـ ۋۇي» دېگەن سۆز ھەيران قالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، «پاھ» دېگەن سۆزمۇ ھەيران قالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ھەيران قالغانلىقنىڭ دەرىجىسى «ۋاي- ۋۇي» دېگەن سۆزدەك يۇقىرى بولمايدۇ. «ۋاي» دېگەن سۆز ئۆزى يالغۇز كەلگەندە ياقتۇرماسلىق مەنىسىنىمۇ خۇشال بولۇش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «ۋاي! نېرى ماڭە، تولا چىشىمغا تەگمەي»، «ۋاي! جۇۋاينىمەك، كۆزۈمدىن يوقال»، «ۋاي! خېنىم كەلسىلە، تۆرگە ئۆتسىلە.» «ۋايجان» دېگەن سۆز، بىر تەرەپتىن بەدەننىڭ مەلۇم بىر يېرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىزارلىق تۇيغۇسىنىمۇ بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «ۋايجان! بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ»، «ۋايجان! مۈشۈكچىلىك ئاددىي ئىشنىمۇ قىلالمىدىڭما؟» ئۇنىڭدىن باشقا، «پىش !» دېگەن سۆز مۈشۈكنى قوغلاشقا، «پىش، پىش، پىش!» دەپ تەكرارلاش ئارقىلىق مۈشۈكنى چاقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. «چۇھا!» دېگەن سۆز ئېشەكنى ھەيدەشكە، «تىر!» دېگەن سۆز ئېشەكنى توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك،





يۇقىرىدىكى «ۋاي ـ ۋۇي»، «ۋايجان»، «چۇھا»، «تىر»، «پىش، پىش، پىش» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىملىق سۆزلەرگە كىرىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر ھېس ـ تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، پەقەت ئۇلارغا ئىما بولۇپلا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ ھېس ـ تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار مەنە جەھەتتىن ناھايىتى ئابستراكت بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار شۇ خىل ئىمانىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ئاتاپ ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن جۈملىلەردىن بۇرۇن (بەزەن كېيىن) كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى پىكىرنىڭ تەڭدىشى سۈپىتىدە ئۇنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىيالايدۇ ياكى بەزى تىل شارائىتلىرىدا كونكرېت ئېيتىلمىغان مەزمۇنلارغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مەسىلەن:

*a. ئوھۇش ! كېتە ـ كېتە.*

*b. ئوھۇش ! ئەجەب بىزار قىلدا.*

*c. ئوھۇش ! ماڭىسىلا غوجام!*

دېمەك يۇقىرىدا، «ئوھۇش» دېگەن سۆز بىزارلىق تۇيغۇسىنى ھەر خىل ئاتاپ كەلدى. بەزىدە ئىملىق سۆزلەرنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى شۇ سۆزنى سوزۇپ ئېيتىش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئو...ھۇش ! سىزمۇ ئوقۇتقۇچىما؟*

*b. ئو...ھۇش ! رودۇپايدەك نېمىكەن بۇ.*

مانا بۇ جۈملىلەردىكى ئىملىق سۆزلەر سوزۇلۇپ ئېيتىلىش ئارقىلىق بىزارلىق دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوخشاش بولمىغان كونتېكىستلاردا كېلىپ ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيەدە تەلەپپۇز قىلىنىپ، بىرنەچچە ئىملىق سۆزنىڭ رولىدا

كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

*a. ئاھ، مەن نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرمىغاندىمەن.*

*b. ئاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق تاغلار بۇ.*

يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە «ئاھ» سۆزى ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن، بىرىنچى جۈملىدە، «پۇشايمان، ئۆكۈنۈش» مەنىسىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچى جۈملىدە، «ھېس - ھاياجان» مەنىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

كۆپ سانلىق ئىملىق سۆزلەرنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى نىسپىي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

*a. ۋايجان! بەك ئاغرىپ كەتتى.*

*b. ئۇھ! مەن نېمىدېگەن شور پېشانە.*

*c. تىر!*

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ۋايجان، ئۇف، تىر» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىنتوناتسىيەسى بار. ئەنە شۇ سۆزلەرنى ھەر خىل ئىنتوناتسىيە ئارقىلىقلا بۇ سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا يەنە بىر قىسىم يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان تۈيغۇلارمۇ بار. مەسىلەن، بەدەن يات نەرسىگە تېگىپ كەتكەندە ھاسىل بولىدىغان شۈركۈنۈش تۈيغۇسى قاتارلىقلارنى يېزىقتا ئىپادىلەش ناھايىتى تەس.

## 2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

1) جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن ھېچقانداق قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە بولماستىن، ھامان مۇستەقىل بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا جۈملە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*a. تىرت، چۇ! (جۈملە)*

*b. ئاھ، مېنىڭ كۆز ياشلىرىم! (مۇستەقىل بۆلەك)*





*c. — پەرھاتقۇ بۇ، ھوي! (مۇستەقىل بۆلەك)*

*d. ئەستاغپۇرۇللا! — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ. (جۈملە)*

*e. — بۈگۈن دەرسكە قاتنىشامسىز؟*

*— ھەئە. (جۈملە)*

2) بەزى ئىملىق سۆزلەر ئىسىملىشىپ، ئىسىم رولىدا قوللىنىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ئۇلارنىڭ ئاھلىرى پەلەككە يەتتى.*

*b. ئۇنىڭ ئاھى مېنىڭ يۈرەك باغرىمنى تىلىۋەتتى.*

بۇ جۈملىلەردىكى «قايغۇ - ھەسرەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئاھ» دېگەن ئىملىق سۆز ئىسىملىشىپ كەلگەن.

بەزى ئىملىق سۆزلەر پېئىل ياساشقا ئاساس بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. تولا قاملاشتۇرۇپ ۋاي ۋايلىمىساڭچۇ.*

*b. ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،*
*ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،*
*كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ،*
*بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.*

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ۋاي ۋايلا-»، «ئاھ ئۇر-»، دېگەن پېئىللار «ۋاي»، «ئاھ» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەر ئاساسىدا ياسالغان.

## 3. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە ئەسلىي ئىملىق سۆزلەر ۋە ياسالما ئىملىق سۆزلەر ياكى كۆچمە ئىملىق سۆزلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئەسلىي ئىملىق سۆزلەر مەخسۇس تاۋۇشلار ئارقىلىق گەۋدىلىنىدىغان ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر گۇرۇپپا تاۋۇشتىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق گۈللەر بۇ ـ ھە!*
*b. ۋاي ! مېنىڭ قىلغۇم يوق بۇ ئىشنى.*
*c. پىش !*
*d. پا ! قولۇمنى كۆيدۈرۈۋالدىم.*
*e. ئۇھ ! ئەجەب ھېرىپ كەتتىما.*
*f. — بازارلار ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇمۇ؟*
*— ھەئە!*

بۇ مىساللاردىكى «پاھ»، «ۋاي»، «پىش»، «پا»، «ئۇھ»، «ھەئە» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەر بىر گۇرۇپپا تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىنلا تۈزۈلگەن. بەزىلىرى ئوخشاش بىر گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ۋاي ـ ۋاي ! ئەمدى سەن كىردىڭمۇ.*
*b. پىش ـ پىش ـ پىش !*
*c. تۇ ـ تۇ ـ تۇ ـ تۇ !*

يۇقىرىدىكى «ۋاي ـ ۋاي»، «پىش ـ پىش ـ پىش»، «تۇ ـ تۇ ـ تۇ ـ تۇ» دېگەن ئىملىق سۆزلەر ئوخشاش بىر گۇرۇپپا تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن. يەنە بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى گۇرۇپپا تاۋۇشلاردىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

*a. ۋاي ـ ۋۇي ! نېمىدېگەن كۆپ كىشىلەر بۇ.*
*b. ۋايىيەي ! نېمەڭگە نېمە يەتمىدى.*
*c. ئاھ ـ ئۇھ ! ۋاي، قانداق قىلاي.*

ياسالما ياكى كۆچمە ئىملىق سۆزلەر ئىملىق سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشى ياكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئىملىق سۆزگە كۆچۈشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

*a. ۋايجان ! سەندىن ئەجەبمۇ تويدۇم.*
*b. ۋاي ئاللا، نېمىدېگەن شور پېشانىلىك بۇ !*
*c. ۋاي ئىسىت ! كەلمىسەم بوپتىكەن.*





*d. ۋاي تاڭەي!*

## §2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرى ۋە ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى مەنىسىگە قاراپ ھېس ـ تۇيغۇ ئىملىقلىرى، جاۋاب ئىملىقلىرى، بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1. ھېس ـ تۇيغۇ ئىملىقلىرى**

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ.

1) ھەببەللى

ئىنتايىن رازىمەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ھەببەللى، بۇ ئىشنى بەك ياخشى پۈتكۈزۈپسەن.*
*b. ھەببەللى، ئاپاڭغا شۇنداق دەپ قوي.*

2) بەللى

ماختاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. بەللى، ئوغۇل بالىدە سەن.*
*b. بەللى، كارامەت ئىش قىپسەن.*
*c. بەزىدە ئەيىبلەش، نارازىلىق مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.*
*d. بەللى، مەن سېنى نېمە دەپ تۇغقان ـ ھە!*
*e. بەللى، ماۋۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ قويايلى.*

3) بەللى ـ بەللى

ماختاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، «ھەببەللى» بىلەن مەنىسى ئوخشاش. مەسىلەن:

*بەللى ـ بەللى، يارايسەن ئوغلۇم، بەك ياخشى قىپسەن.*

4) ۋاھ

بەكمۇ ياقتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*a. ۋاھ، ئاپاڭ بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇغۇ.*
*b. ۋاھ، سومكىڭىز ئېسىلغۇ!*

c. *ۋاھ، بۇ رەڭ چىرايىڭىزنى شۇنداق ئاچتى.*

5) ئوھۇ (ئوھۇي)

(1) كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئوھۇ، مۇنداقمۇ ھۈنەرلىرىم باردەڭ.*

b. *ئوھۇ، يۇرتۇمنىڭ ئۆزگىرىشلىرى نېمىدېگەن تېز.*

(2) ھەيران قېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئوھۇ، نېمىدېگەن ئوخشىغان توقاچلار بۇ!*

b. *ئوھۇي، بارىكاللا ئوغلۇم، داداڭنى دورىپسەن.*

(3) نارازى بولۇش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئوھۇي، كۆزۈڭگە قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ.*

b. *ئوھۇ، بالاڭىزا نېمە دەيسەن. (ئېغىنزچە)*

6) بارىكاللا

كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ماختاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*بارىكاللا، بالىلىرىم ئاتاڭلار سىلەرنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەپتۇ.*

7) ئايھاي

(1) ياقتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ئايھاي! بۇ ئۆيلەر نېمىدېگەن رەتلىك سېلىنغان.*

(2) نارازى بولۇش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئايھاي!، نېمە قىلىۋاتىسەن.*

b. *ئايھاي، بالام ماياقتا تۇرىڭا.*

8) ئېخ

ئەدەبىي ئەسەرلەردە سۆيۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئېخ، شاۋقۇنلۇق تارىم دەرياسى!*

b. *ئېخ، مېنىڭ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل خەلقىم.*





9) پاھ

(1) ھەيرانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*پاھ، بۇ يەرگە بىر كۆل پەيدا بولۇپ قاپتۇغۇ.*

(2) رازى بولغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*پاھ، ئېسىل مېھمان، تاماق ئۈستىگە دېگەن بەك توغرا كەپ جۇما، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز.*

(3) يېگىلىق ھېس قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*پاھ، ئويۇننىڭ قىزىقى ئەمدى باشلىنىدىغان بولدى.*

10) ئاھ

قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *ئاھ، قانداق چىداپ تۇرالايمەن.*

b. *ئاھ، قانداق قىلسام سېنى كۆرەلەيمەن.*

c. *ئاھ، نېمە كەلگۈلۈكتۇ ـ بۇ.*

d. *ئاھ! دىدار ۋەسلى ئۈچۈن سەدپارە دىل ئاھ! ئۇشبۇكۈن، توغۇنۇپ كەلدىم كۆيۈپ، (گوياكى قىل ئاھ! ئۇشبۇكۈن.)*

11) ھەي

(1) ئازابلىنىش، ئېچىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ھەي، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.*

b. *ھەي... مەن نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغاندىمەن.*

(2) جىددىيلىشىش، تەقەززا بولۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ھەي... تېز بولۇڭلارچۇ، ئۈلگۈرەلمەيدىغان بولدۇق.*

b. *ھەي ... نېمە قىلىۋاتقاندۇ ـ ھە!*

(3) يىرگىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ھەي... قوللىرىڭ نېمىدېگەن پاسكىنا.*

12) ئېھ، ئېھ

بۇ سۆز قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىش ئارقىلىق بىمارنىڭ زارىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن:

*ئىھ... ئىھ...ئىھ ۋايجان، نىمە بولغاندىمەن.*

12) ۋايجان (ۋايجانەي)

(1) بەدەن ئەزالىرىنىڭ مەلۇم بىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋايجان، چىشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.*

(2) چارچاش، ئۇسساش، ئىچىرقاش قاتارلىق ھالسىزلىنىش ھالەتلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. *ۋايجان، نىمە بولغاندىمەن، بېشىم قېيىۋاتىدۇغۇ.*

b. *ۋايجان، بىر نەرسە ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ.*

c. *ۋايجان، قورساقلىرىم تارتىشىپ كەتتى.*

(3) قورقۇش، چۆچۈش ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *ۋايجان، ئاۋۇ يەردە بىرنەرسە تۇرىدۇغۇ.*

b. *ۋايجانەي، تىنۇش چىقىرىپ كەلسەڭ بولماسمىدى.*

(4) پىسەنت قىلماسلىق ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *ۋايجانەي، مۇنچىۋالا ئوقۇپ ئامېرىكىغا چىقامتىڭيا.*

b. *ۋايجان، بولدى قىلە، شۇلا يېتەرلىك.*

13) ۋىيەي

بۇ ئىملىق سۆزنى ئاساسەن خانىم ـ قىزلار ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىملىق سۆزنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىزا تارتىش، ئوڭايسىزلىنىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ۋىيەي، مەن بىر قىز بالا تۇرسام، مۇنداق ئىبغىر نەرسىنى قانداق كۆتۈرىمەن.*

b. *ۋىيەي، قەيەرنىڭ ناپناق خېنىمتىڭىز.*

(2) ئىتىراز بىلدۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — *تۈنۈگۈنكى تاپشۇرۇقنى تاپشۇرماپسىزغۇ؟*

b. — *ۋىيەي، مۇئەللىم. رەشىدەگە بەرگەنغۇ مەن.*

(3) چۆچۈش، قورقۇش ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:





a. *ۋىيەي، ئەجەب قورقتۇم.*

b. *ۋىيەي، سىزمىدىڭىز.*

14) ۋايىيەي

(1) ئاغرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋايىيەي، بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى.*

(2) پىسەنت قىلماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — *سانىيە سەنمۇ ئازراق ئۆگىنىش قىلساڭ بولمامدۇ.*

b. — *ۋايىيەي، ئۆزۈڭنى ئۇپراتما ئاداش، ئىمتىھاندىن ئۆتسەملا بولدى.*

c. — *ۋايىيەي، بىزگە خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ.*

(3) ئىتىراز بىلدۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. — *ماۋۇ ئۇننى ئاپىرىپ يەڭلار.*

b. — *ۋايىيەي، سەندىنمۇ بىرنەرسە ئالامدۇ كىشى.*

15) ۋاي

(1) قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھەسرەتلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. (سوزۇپ ئېيتىلىدۇ.) مەسىلەن:

a. *ۋا...ي قېرىنداشىم، بالا تاپتىم دەپ، بالا تېپىپتىمەن ئەمەسمۇ.*

b. *ۋا...ي بالام، باشتىلا مۇشۇنداق بولارىنى ئويلىساڭ بولماسمىدى.*

(2) قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، تەنقىدلەش ھېسسىياتىدا ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي پاتەمخان، چوپچوڭ بولۇپ قالغاندا، نىمە سەت قىلىق بۇ.*

(3) ئوڭايسىزلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي، بۇ نىمە ئۇ، ئۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتى.*

(4) جىددىيلىشىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ۋاي بالام، ھەدىڭىزنىڭ كىيىمىنى مەينەت قىلىۋەتتىڭىز.*

b. *ۋاي تېز بولۇڭلار، ئۇلار كېتىمىز دەۋاتىدۇ.*

(5) ھۆرمەت، ياخشى كۆرۈش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *ۋاي، ئۆزلىرى ئاۋارە بولۇپ كەپلا.*

b. *ۋاي، قېنى كېلىڭ، سىزنى ساقلاپ تۇراتتۇق.*

(6) ئاغرىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي پۇتۇم، پۇتۇمنى دەسسىۋەتتىڭ.*

(7) تەكرارلىنىپ كەلسە بەك ئاغرىغانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي، ۋاي، ۋاي قانداق قىلاي، ۋاي يۈرىكىم.*

(8) ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ھازىسىنى ئېچىپ يىغلىغاندا، شۇ كىشىنىڭ ئاتالمىسىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، ئۆكۈنۈش، چىدىماسلىق ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي ئاكام، ۋاي جېنىم قېرىندىشىم، بىزنى بالدۇرلا تاشلاپ كەتتىڭمۇ قېرىندىشىم.*

16) ئاپلاھۇئەكبەر (ئاپلا)

(1) غەزەپلىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئاپلاھۇئەكبەر، سەن شۇمتەكنىڭ پۇتىنى چېقىۋەتمىسەم.*

b. *ئاپلاھۇئەكبەر، بۇ ئىش خاتا بوپتۇ ئەمەسمۇ.*

(2) ئۈمىدسىزلىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ئاپلا، كېچىكىپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ.*

b. *ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق.*

(3) پۇشايمان مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *ئاپلا، چاتاق بولدى، ئۇ بۇ گەپنى باشقىلارغا دەۋېتىدىغان بولدى.*

b. *ئاپلا، كىتابىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.*

17) ئەستاغپۇرۇللا (ئەستا)

جىلە بولۇش، تىت ـ تىت بولۇش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.





مەسىلەن:

a. *— دادىسى، بالا يوق تۇرىدۇ، بۇ يېرىم كېچىدە نەگىمۇ كەتكەندۇ؟*

*— ئەستاغپۇرۇللا!*

b. *ئەستا، پېشانەم نېمانداق تەتۈردۇ مېنىڭ.*

18) توۋا

(1) چۈشەنمەي ھەيران بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *توۋا، ئاۋۇ ئايشىگۈلنى بىر ئوبدان چوكانمىكىن دېسەم، بىرى بىلەن كېتىۋاتىدا.*

b. *توۋا، بۈگۈنكى ئادەملەرگە نېمە بوپ كەتتى زادى.*

(2) مەلۇم كېلىشمەسلىكنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *— ئايگۈل بىر كېچىدىلا ئېلىشىپ قاپتۇدەك.*

b. *— توۋا، ئۆزەڭ ساقلىغايسەن.*

19) ۋاي ـ ۋۇي

(1) بىزار بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي ـ ۋۇي، ئۆتەپ بارە، قەلەندەر، مەن سېنىڭ بىلەن گەپ تالىشىدىغانغا چولام يوق.*

(2) مەلۇم بىر نەرسىنىڭ مىقدار ـ ئۆلچىمىگە ھەيران بولۇش ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي ـ ۋۇي، نېمە قىلىسەن بۇنچىۋالا جىق خالتىنى.*

(3) مەسخىرە قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي ـ ۋۇي، خىيالىڭدا مېنى بوزەك كۆرۈۋاتامسەن.*

(4) رازى بولۇش، قانائەتلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن:

a. *ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ!؟*

b. *ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن چوڭ ئۆي بۇ!؟*

20) ھىم

(1) چۈشەنگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. ھىم، ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەمدى چۈشەندىم.

b. ھىم، ئۇنىڭ جىم بولۇۋالغىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىكەن - دە.

(2) نەپرەتلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (ئۇرغۇلۇق، قىسقا ئېيتىلىدۇ.) مەسىلەن:

a. — مېنى كۈتۈڭ !

b. — ھىم !

c. ھىم ! توختاپتۇر.

21) ۋوي

تۇيۇقسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ۋوي، نىجاتمۇسەن بالام !

b. ۋوي، تېشىلىپ كېتەتتىغۇ بۇ قەغەز.

22) ئوي (ئو)

ياقتۇرماسلىق مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

a. ئو...ي، ئۆتەپ بارە، سەن بىلەن بىللە بارمايمەن.

b. ئو چاقچاق قىلمىغىنا.

23) ۋاي تېخى

ئانچە ئىشەنمەسلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ۋاي تېخى، بايىلا كەتكەن ئىدىغۇ؟

b. — ئايشەمخاننىڭ بالىسىنى ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ.

c. — ۋاي تېخى، بايىلا مۇشۇ يەردە ئوينىۋاتاتتىغۇ؟

(24) ھە

(1) يېڭىدىن چۈشەنگەنلىك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. ھە... ئەسلىي مۇنداق ئىكەندە، شۇ ئىشقىمۇ خاپا بولۇش كېتەمدۇ.

b. ھە ... خەپ، سېنىڭ بۇنداق ئاچ كۆزلۈكۈڭنى بىلمەپتىكەنمەن.

(2) ئەسلەۋاتقانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. (تۈز سوزۇپ ئېيتىلىدۇ) مەسىلەن:

a. مۇئەللىم : تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆت ئېلېمېنت قايسىلار؟

ئوقۇغۇچى : سۇ، تۇپراق، ھاۋا....

ئوقۇتقۇچى : سۇ بار يەردە نېمە بولۇش كېرەك؟

ئوقۇغۇچى: ھە...(سەل تۇرۇۋېلىپ) سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھە تاپتىم، سوپۇن.

(3) يېڭى ئەسكە ئالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھە، قانداق قىلدىڭ؟

25) پا

كۆيگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. پا، سايلىق قىزىپ كېتىپتۇ.

b. — پا!

— ئاستىراق ئىچسەڭ بولماسمىدى.

26) ئۇف (ئۇھ)

(1) چارچاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. ئۇف، ئازراق يېتىۋالايچۇ.

b. ئۇف، ئەجەب ھېرىپ كەتتىما.

(2) ھالسىزلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇھ...ئۇھ...

(3) راھەت ھېس قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇھ، بۇ ئۆي ئەجەب سالقىنىكىنە.

27) ئىسىت

ئېچىنىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ئىسسىت، شۇنداق چىرايلىق خىرۇستال چېقىلىپ كەتتى.*

بۇ سۆز بەزىدە «ۋاي ئىسسىت»، «ۋاي ئىسسىتەي»، «ئىسسىتقىنا» شەكىللىرىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

a. *ۋاي ئىسسىتەي، مۇشۇ چىرايلىق ئۆينى سېتىۋېتىمىزمۇ.*

b. *ئىسسىتقىنا ئاغزىم، سەندەك نېمىگە گەپ قىلغۇچە ئۆيۈمدە جىمغىنا ئولتۇرسامچۇ.*

28) يائاللا

(1) چۆچۈنگەندە ھەيران قېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *يائاللا، سەن ئۇنىڭغا نېمە قىلغانىدىڭ؟*

b. *يائاللا نېمە گەپ بۇ.*

(2) ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورققانلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *يائاللا، بۇ ئىش پاش بولۇپ قالسا قانداقمۇ قىلارسەن.*

b. *يائاللا، ئەمدى نەگىمۇ قاچاي.*

(3) زارلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*يائاللا، مېنى نېمە قىل دەيسەن.*

29) ھەتتەڭەي

تەقەززالىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ھەتتەڭەي، كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ بولدى.*

30) خەپ

ئاداۋەت تۇتۇش، تەن بەرمەسلىك مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. *خەپ توختاخۇن، تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي!*

b. *خەپ، بۇ قېتىم يېڭىلىپ قالدىم.*

31) خەير





خۇشلىنىش، كەچۈرۈش، زورىغا ماقۇل بولۇش، ھازىرچە تەن بېرىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *خەير دوستلار، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭلار!*

b. *خەير بوپتۇلا، بۇ قېتىم بولدى قىلاي.*

c. *خەير بوپتۇ، مەنمۇ جاھىللىق قىلماي!*

32) ۋاي خۇدايىمەي

(1) ئەنسىرەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي خۇدايىمەي، ماۋۇ پالاكەتچىلىكنى كۆرۈڭ.*

(2) ھەيران بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي خۇدايىمەي، سەن تېخى ئون ياشقا تولمىغانسەن؟*

(3) پىسەنت قىلماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي خۇدايىمەي، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن.*

33) ۋاي ئاتام

(1) باش قېتىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي ئاتام، ئۇ يەرگە نېمىمۇ ئېلىپ بارارمەن.*

(2) ئەجەبلىنىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي ئاتام، نېمانچىۋالا كۆپ ئادەملەر بۇ.*

34) ۋاي قوۋۇرغام

مازاق قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

*ۋاي قوۋۇرغام، نېمە دەۋېتەي، ئۆزۈڭچە مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتامسەن تېخى!*

35) خۇدا (ھەي خۇدا)

باش قېتىش، ئەنسىرەش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

a. *ھەي خۇدا، بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق يىغىشتۇرارمىز.*

b. *خۇدا، بۇ پېشكەلچىلىكنى كۆرۈڭ!*

36) ئاپا

خانىم ـ قىزلار ئىشلىتىدۇ. چۆچۈش مەنىسىدە كېلىدۇ.

— *ئاپا! بالا سەكرەپ كەتتى.*

**2. جاۋاب ئىملىقلىرى**

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ.

1) ھەئە

بولۇشلۇق جاۋابنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. — *كېتىمسەن؟*

— *ھەئە.*

b. — *پاتىگۈلنى كۆردۈڭمۇ؟*

— *ھەئە، كۆردۈم.*

2) ياق

بولۇشسىز جاۋابنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

a. — *كېتىمسەن؟*

— *ياق.*

b. — *پاتىگۈلنى كۆردۈڭمۇ؟*

— *ياق، كۆرمىدىم.*

3) ھە

(1) ئىلىك ئېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— *رۇستەم!*

— *ھە...*

(2) «ھەئە»نىڭ ئورنىدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

a. — *كېتىمسەن؟*

— *ھە.*

b. — *پاتىگۈلنى كۆردۈڭمۇ؟*

— *ھە، كۆردۈم.*

4) لەببەي

ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— *ھەي، مۇلازىم، لەببەي.*





5) خوش

(1) ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— *ھەي، ئاخۇن قارىي!*

— *خوش.*

(2) ھۆرمەت بىلەن ماقۇل بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— *چىلىمنى ئېلىپ چىق.*

— *خوش...*

(3) ھۆرمەت بىلەن رەت قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— *ئۆيگە كىرەيلى.*

— *خوش.*

(4) خەيرلىشىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— *ماقۇل ئەمسە.*

— *خوش.*

6) خوپ

ھۆرمەت بىلەن ماقۇل بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— *بۇرادەرلەر يىغىلسۇن!*

— *خوپ!*

**3. بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى**

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

مە — *ئېلىشقا ئۈندەش.*

بەس — *سۆزدىن توختاشقا ئۈندەش.*

تىش — *جىم بولۇشقا ئۈندەش.*

چۇھ — *ئات - ئېشەكلەرنى مېڭىشقا ئۈندەش.*

تاق — *توخۇنى قوغلاش.*

*چاق — ئىتنى قوغلاش.*

*كۇش — ئۇچار قۇشلارنى قوغداش.*

*پەش — مۇشۇكنى قوغلاش.*

*قىخ — ئېشەكنى مېڭىشقا ئۈندەش.*

ھەي (ھوي ) — ئادەمنى چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، چاقىرىقنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

*a. ئەركىن، ھەي ئەركىن !*

*b. تۇ - تۇ — توخۇلانى قىچقىرىش.*

*c. مە - مە — ئىتنى قىچقىرىش.*

*d. پىش، پىش — مۇشۇكنى قىچقىرىش.*

*e. تىر - تىر — ئېشەكنى قىچقىرىش.*





# سىنتاكسىس

## بىرىنچى باب

## سۆز بىرىكمىسى

### §1 . سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە چۈشەنچە

سۆز بىلەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ، سۆزدىن چوڭ ، جۈملىدىن كىچىك گىراماتىكىلىق بىرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئايال دوختۇر ، سېمىز ئادەم ، ئۈچ قوي ،
شۇ يەر ، لۆم - لۆم يەر ، چىرايلىق يازماق ،
ھېلى كەلگەن ، ئىس قاپلىماق ، ئۆيدىن كەلمەك ،
يازغان خەت ، تۇرار جاي ، كۆچۈرۈپ يېزىش ،
ئوقۇغىلى كەلمەك ، تاماق يېمەك ، ئېگىز ھەم سېمىز ،
ئويغانغۇچە ساقلىماق ، يانچۇقتىكى پۇل ،
ئالىقانچىلىك يەر ، خەلق ئۈچۈن ، سىزنى دەپ ،
ئۈچ كىلو ، ئىككى قېتىم ، بىر نۆۋەت ...

ئەنە شۇنداق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبلىرى ( ئاساسەن بىۋاستە تەركىبلىرى ) ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەت سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ . سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ئومۇمەن ئالغاندا ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ : بىرى ، مۇستەقىل - مۇستەقىللىق مۇناسىۋەت ، يەنى مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن مۇستەقىل سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت . يەنە بىرى ، مۇستەقىل ئەگەشمىلىك مۇناسىۋەت ، يەنى مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت . شۇڭا ، سۆز

بىرىكمىلىرى ئادەتتە شۇ سۆز بىرىكمىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرگە ئاساسەن ئاۋۋال مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ۋە ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**1 . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى**

1 ) مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئېنىقلىمىسى : ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ، سۆزدىن چوڭ ، جۈملىدىن كىچىك گىراماتىكىلىق بىرلىك مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

*يامغۇر ياغماق ، خوتەن بىلەن قەشقەر ، توپا تام ،*
*سۈزۈك ئاسمان ، ئىتتىك ماڭماق ، غۇر - غۇر شامال ،*
*قانداق ئىش ، توغرا ئىشلىمەك ، ئۆمىلەپ ماڭماق ،*
*خوتەن قاشتېشى ، ئۆيگە بارماق ، ماڭغان يول ، تۇرار جاي ...*

2 ) مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى : مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 . قۇرۇلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن :

**a** . *تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولىدۇ :*
*ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر ؛ شەھەر ۋە يېزا ؛ يا سەن ،*
*يا مەن ؛ چىرايلىق ئەمما پاكار ؛ ئازادە ھەم يورۇق ؛*
*ئوقۇش ، يېزىش ...*





**b** . *ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولىدۇ :*
*قار توختىماق ، باھا ئۆسمەك ، باھار ئىللىق ، پۇت توكۇر ،*
*سانى ئوتتۇز ، بىلىمى كۆپ ، سېپى بار ، سىز كۆرگەن ...*

**c** . تولدۇرغۇچى - تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولىدۇ :
*ۋەتەننى سۆيمەك ، ئاتا - ئانىنى سېغىنماق ، ئادىلنى كۆرمەك ،*
*تاماق يېمەك ، رادىيو ئاڭلىماق ، گېزىت ئوقۇماق ...*

**d** . ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولىدۇ :
*تۇرسۇننىڭ ئۆيى ، مېنىڭ سۆزۈم ، مەكتەپ دەرۋازىسى ،*
*ئېگىز بىنا ، ياغاچ ئورۇندۇق ، ئون ئوقۇغۇچى ، ئوندەك*
*ئادەم ، ھېلىقى جاي ، غۇر - غۇر شامال ، ئالماقنىڭ بەرمىكى ...*

**e** . ھالەت - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولىدۇ :
*يۈرتتا قالماق ، ئاممىدىن ئايرىلماق ، ئۆيگە بارماق ،*
*چىرايلىق يازماق ، ئەتەي بۇزماق ، قېرىنداشتا ئىشلىمەك ،*
*شار - شار قۇيۇۋەتمەك ، كۆچۈرۈپ يازماق ، بەك ئېگىز ...*

2 . رولىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى سىنتاكسىسلىق بىرلىك سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ . مەسىلەن :

① *مەن كۆرگەن كىتاب ياخشى ئىكەن .*
② *ئات قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى .*

مىسال ① دە « مەن كۆرگەن » دېگەن سۈپەتداش سۆز بىرىكمىسى « كىتاب » دېگەن ئىگىنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن . مىسال ② دە « قۇلىقىنى يوپۇرۇپ » دېگەن رەۋىشداش سۆز بىرىكمىسى « يۈگۈردى » دېگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ ھالەت بولۇپ كەلگەن .

3 . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى نۇتۇقتا مەلۇم ئالاقىلىشىش مەقسىتىدە ۋاقىتلىق بىرىكتۈرۈلىدۇ ، ئالاقىلىشىش ئاخىرلاشقاندا بىرىكىش يوقايدۇ .

4 . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكە ، تارايتىشقا ، تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا ، ھەتتا باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

*بايىقى ئادەم ← بايىقى ئېگىز ئادەم*

*ئېگىز بويلۇق ئادەم ← بايىقى ئېگىز بويلۇق خۇشخۇي ئادەم*

*ئەخمەتنىڭ چاقناپ تۇرغان ، نۇرلۇق ، يوغان كۆزلىرى ←*

*ئەخمەتنىڭ نۇرلۇق ، يوغان كۆزلىرى ← ئەخمەتنىڭ يوغان*

*كۆزلىرى ← ئەخمەتنىڭ كۆزلىرى*

*ياخشى ئادەم ، ياخشى كىتاب ، ياخشى يەر ، ياخشى ئىش ...*

*ئەسكى ئادەم ، پاكار ئادەم ، ئۇن ئادەم ، ئۇ ئادەم ...*

مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىنىڭ 3 - ۋە 4 - ئالاھىدىلىكلىرى « تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى » دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىدىيوملارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان . ئەمەلىيەتتە ، ئىدىيوملارنى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ .

3 ) مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىككەن سۆزنىڭ پەرقى : مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ( بولۇپمۇ سۆز تەرتىپىنى گىراماتىكىلىق ۋاستە قىلغان مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى ) بىلەن بىرىككەن سۆز بىر - بىرىدىن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ :

1 . ماتېرىيالىدىن كۆزەتكەندە ، مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى سۆزلەردىن ھاسىل بولىدۇ ، بىرىككەن سۆز بولسا مۇستەقىل مورفېمىلاردىن ھاسىل بولىدۇ .

2 . قۇرۇلمىسىدىن كۆزەتكەندە ، ئۇلارنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرىكىش دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش دەرىجىسى بوشراق بولىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكە ، تارايتىشقا ياكى قۇرۇلما تەركىبلىرىنىڭ ئورنىنى





ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . بىرىككەن سۆزدىكى تەركىبلەرنىڭ بىرىكىشى بولسا ئىنتايىن چىڭ بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىغا باشقا تىل تەركىبلىرىنى ( قوشۇمچە ياكى سۆزلەرنى ) قوشۇشقا ، تەركىبلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :

| ***مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى*** | ***بىرىككەن سۆز*** |
|---|---|
| *ئاشنىڭ قازىنى / ئاش قازىنى / ئاش ۋە قازان* | *ئاشقازان* |
| *كۆزنىڭ ئەينىكى / كۆز ۋە ئەينەك* | *كۆزەينەك* |
| *تۆگىنىڭ تاپىنى / تۆگە ۋە تاپان* | *تۆگىتاپان* |
| *ئاچچىقراق سۇ / ئاچچىق كۆل سۈيى* | *ئاچچىقسۇ* |
| *تارىمنىڭ دەرياسى* | *تارىم دەرياسى* |

3 . مەنىسىدىن كۆزەتكەندە ، مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىككەن سۆزنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئاددىي بىرىكمىسى بولۇپ ، ئۇ مۇرەككەپ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ ھەم تۇراقلىق بولمايدۇ ، شۇڭا ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۇقۇملارغا پارچىلاشقا بولىدۇ . بىرىككەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى بولسا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېمىلارنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئاددىي قوشۇلمىسى بولماستىن ، ئۇ بىر ئېنىق ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ . دېمەك ، بىرىككەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى تۇراقلىق بولىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۇقۇملارغا پارچىلىغىلى بولمايدۇ .

4 . جۈملىدىكى رولىدىن كۆزەتكەندە ، گەرچە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى سىنتاكسىسلىق بىرلىك سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلەلىسىمۇ ، لېكىن زۆرۈر تېپىلسا ، مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكە پارچىلىغىلى بولىدۇ . مەسىلەن :

*سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە .*

بۇ جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمىنى تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ :

*سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە .*

بۇ جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن هالدا تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ :

*سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە .*

بىرىككەن سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۇنداق پارچىلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ . ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ھامان جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىۋېتىپتۇ .*

*② ئۆزۈڭلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار .*

5 . گىراماتىكىلىق بىرلىكلەردىكى ئورنىدىن كۆزەتكەندە ، ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق بىرلىكلەردە تۇتقان ئورنى ئوخشىمايدۇ. سۆز بىرىكمىسى سۆزدىن بىر بالداق يۇقىرى گىراماتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ . بىرىككەن سۆزلەر سۆز بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆز بىرىكمىسىدىن بىر بالداق تۆۋەن تۇرىدىغان گىراماتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ .

## §2 . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈرى

**1 . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى**

مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن تەڭداش سۆز





بىرىكمىسى ، بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى، تولدۇرغۇچى - تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىگە - خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1) تەڭداش سۆز بىرىكمىسى : ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تەركىبنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى تەڭداش سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . تەڭداش سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەر مۇئەييەن بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ ، شۇنداقلا جۈملىدە ئوخشاش بىر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بىز ئۇنىڭ دوكلاتىدىن ھاياجانلاندۇق ، تەسىرلەندۇق ۋە ئىلھاملاندۇق .*

*② بىلەمسەن ، ئۇنىڭ بايلىقىمۇ ، خۇشاللىقىمۇ ناخشا بىلەن ئۇسسۇل .*

*③ قار بۇلۇتتەك ئۇچۇپ كېلىپ ، ئازگاللارنى ، قاپتاللارنى تولدۇرۇۋەتتى .*

*④ سۇ تەمسىز ، پۇراقسىز ، رەڭسىز سۇيۇق جىسىم .*

*⑤ شىۋىرغان گاھ ئوڭدىن ، گاھ سولدىن سوقاتتى .*

تەڭداش سۆز بىرىكمىسىدە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت تەڭداشلىق — باراۋەرلىك مۇناسىۋەت بولغاچقا ، سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ ، ئومۇمەن مەنىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ . مەسىلەن ،« داۋۇت بىلەن ساۋۇت ؛ بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ؛ ئازادە ھەم يورۇق ؛ تەجرىبە ياكى ساۋاق » دېگەندەك تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ مەنىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ . لېكىن ، بەزى تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن تۇراقلىق بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ

ئورنى ئالماشتۇرۇلغاندا گەرچە مەنىسىگە تەسىر يەتمىسىمۇ ، لېكىن تىل ئادىتىگە ياكى لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولغاچقا ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ . مەسىلەن ، « ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەر » ، « مەدەنىيەت ، مائارىپ ۋە سەھىيە » ، « ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچى ، ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەر » دېگەندەك تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا ، تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . « مۇزاكىرە قىلماق ۋە ماقۇللىماق » ، « ئوبلاست ، ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەر » دېگەندەك تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا ، لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ .

تەڭداش سۆز بىرىكمىسى ئۈستىدە توختالغاندا ، ئىككىلا سۆزدىن تۈزۈلگەن تەڭداش سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈپ سۆزنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك : جانلىق تىلدا ئەگەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا فونېتىكا جەھەتتە تىنىش ( توختاش ) ئەھۋالى كۆرۈلمىسە ياكى يېزىق تىلىدا ئۇ ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلغان بولسا ، ئۇ ھالدا بۇ جۈپ سۆز ھېسابلىنىدۇ . جانلىق تىلدا ئەگەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا فونېتىكا جەھەتتە تىنىش ( توختاش ) ئەھۋالى كۆرۈلسە ياكى ئىككى تەركىب باغلىغۇچىلار بىلەن باغلانغان بولسا ۋە ياكى ئىككى تەركىبكە ئوخشاش بىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئايرىم - ئايرىم ئۇلانغان بولسا ۋە ياكى يېزىق تىلىدا ئىككى تەركىب تىنىش بەلگىلىرى ياكى باغلىغۇچىلار بىلەن باغلانغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئۇلار تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

| جۈپ سۆزلەر | تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى |
|---|---|
| *ياش - ئۆسمۈر* | *ياشلار، ئۆسمۈرلەر / ياش ۋە ئۆسمۈر* |
| *بۈگۈن - ئەتە* | *بۈگۈن، ئەتە / بۈگۈن ۋە ئەتە* |
| *دەپتەر - قەلەم* | *دەپتەر، قەلەم / دەپتىرىم ۋە قەلىمىم* |
| *ئاتا - ئانا* | *ئاتا، ئانا / ئاتا ۋە ئانا / ئاتام ، ئانام* |
| *ئاق - قارا* | *ئاق، قارا / ئاق ۋە قارا / ئاق ياكى قارا* |
| *ئوي - پىكىر* | *ئوي ، پىكىر / ئوي ۋە پىكىر / ئوي ياكى پىكىر* |





ئىككىلا سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تەڭداش سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ .

2) بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى : بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى بېقىندى تەركىب بىلەن بېقىندۇرغۇچى تەركىبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ . ئالدىنقى تەركىب بېقىندى تەركىب ، كېيىنكى تەركىب بېقىندۇرغۇچى تەركىب ( مەركىزىي سۆز ) ھېسابلىنىدۇ . بېقىندى تەركىب بېقىندۇرغۇچى تەركىبنى ئېنىقلاپ ، تولۇقلاپ ياكى چەكلەپ كېلىدۇ . بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ، ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

(1) ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى : ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە :

**a** . ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسىدە ئېنىقلىغۇچى تەركىب ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، ئالماش ، تەقلىد سۆز ، ئىسىمداش ۋە سۈپەتداشلاردىن ؛ ئېنىقلانغۇچى تەركىب ئومۇمەن ئىسىملاردىن ، ئايرىم ئەھۋاللاردا سان ياكى ئىسىمداشلاردىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

*ئەر مۇئەللىم ؛ ياغاچ ئورۇندۇق ؛ ئۇكامنىڭ پۇلى*
*چوڭ زال ؛ ئىككى قەلەم ؛ قانچە قوي ؛ شۇنچە مەسىلە*
*مىش - مىش گەپ ؛ مىس - مىس ئادەم*

*ئوقۇش قورالى ، ئوقۇغان ئادەم ؛ تۇرار جاي*
*ئوننىڭ بىرى ؛ ئالماقنىڭ بەرمىكى ؛ چىقماقنىڭ چۈشمىكى ...*

**b** . ئىنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى ئىككى سۆز ئادەتتە ياكى سۆز تەرتىپى ، ياكى تۇرلىگۈچى قوشۇمچە ئارقىلىق بىرىكىپ كېلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم بىلەن ئىسىم ( ئايال كادىر ) ، ئىسىم بىلەن سۈپەت ( سېمىز قوي ) ، سان بىلەن ئىسىم ( ئۈچ شەھەر ) ، ئالماش بىلەن ئىسىم ( مۇنۇ يەر ) ، تەقلىد سۆز بىلەن ئىسىم ( غۇر - غۇر شامال ) سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ئىنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .

تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى گىراماتىكىلىق ۋاستە قىلغان ئىنىقلىغۇ-چىلىق سۆز بىرىكمىلىرى دېگەندە ، ئىككى سۆزنىڭ ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرى ( مېنىڭ كىتابىم ؛ ئادىلىنىڭ ئۆيى ؛ مەكتەپ دەرۋازىسى ) ، ئورۇن - بەلگە كېلىش قوشۇمچىسى ( باغدىكى گۈل ؛ ياتاقتىكى نەرسە ) ، ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى ( پو-لاتتەك ئىرادە ؛ تاغدەك قىيىنچىلىق ) ، تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى ( ئالىقانچە يەر ؛ مۇشتچىلىك ناۋات ) ، سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى ( ئوقۇغان كىتاب ؛ ئۆتەر يول ؛ تۈگىمەس ھېكايە ) ، ئىسىمداش قوشۇمچىسى ( ئوخشاش ئادەم ؛ تونۇش يول ) ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

(2) ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى : ھالەت - خەۋەرلىك مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 . بۇ تۈردىكى سۆز بىرىكمىسىدە بېقىندى سۆز ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، ئالماش ، رەۋىش ، تەقلىد سۆز ، رەۋىشداشلاردىن تەركىب تاپىدۇ ، بېقىندۇرغۇچى سۆز ( مەركىزىي سۆز ) بولسا پېئىل ياكى سۈپەتتىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :





ياتاقتىن كەلمەك ؛ ئۆيگە بارماق ؛ ياخشى ئىشلىمەك
ئاستا ماڭماق ؛ شىلدىر - شىلدىر ئاقماق
تىرىشىپ ئۆگەنمەك ؛ سەندىن چوڭ ؛ ئاتتىن ئېگىز
ئوندىن جىق ؛ قاردەك ئاق ...

2 . ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى ئىككى سۆز ئادەتتە سۆز تەرتىپى ياكى تۇرلىگۈچى قوشۇمچە ئارقىلىق بىرىكىپ كېلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت بىلەن پېئىل ، رەۋىش بىلەن پېئىل ، تەقلىد سۆز بىلەن پېئىل ، رەۋىش بىلەن سۈپەت سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ھالەتلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ . مەسىلەن :

*پاكىز تازىلىماق ؛ توغرا ئىشلىمەك ( سۈپەت بىلەن پېئىل )*
*ئاران تۈگەتمەك ؛ ئەتەي بۇزماق ( رەۋىش بىلەن پېئىل )*
*ۋىلىق - ۋىلىق كۈلمەك ؛ ۋاراق - ۋاراق قاينىماق*
*( تەقلىد سۆز بىلەن پېئىل )*
*بەك چىرايلىق ؛ خېلى سالقىن ( رەۋىش بىلەن سۈپەت )*

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم بىلەن پېئىل چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ، بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ، چەك كېلىش قوشۇمچىسى ، ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى ، تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى ئارقىلىق ، پېئىل بىلەن پېئىل رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ھالەتلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلسا ، ئىسىم ، سان ۋە ئالماشلار بىلەن سۈپەتلەر چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ، بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ، ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ھالەتلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ . مەسىلەن :

*تاغدىن چۈشمەك ؛ سۇدىن سۈزمەك ( چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى )*
*ئۆيگە بارماق ؛ دەرسكە چىقماق( بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى )*

*ئۇرۇمچىدە ئوقۇماق؛ ئىبتىدا ئىشلىمەك ( ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى )*
*چۈشكىچە ئۇخلىماق؛ تۇرپانغىچە بارماق ( چەك كېلىش قوشۇمچىسى )*
*ئوتتەك قىزىماق؛ سۇدەك ئاقماق ( ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى )*
*تۇرسۇنچىلىك ئوقۇماق ، ئادىلچىلىك سۆزلىمەك*
*( تەڭلەشتۇرمە كېلىش قوشۇمچىسى )*
*كۈلۈمسىرەپ سۆزلىمەك ؛ كەلگۈچە ئىشلىتىپ تۇرماق ؛ ئويىنىغىلى بارماق ؛ ماڭغاچ پاراڭلاشماق ؛ ئوقۇغانسېرى زېرىكمەك ؛ ئويلىماي سۆزلىمەك ( پېئىل بىلەن پېئىل رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى )*
*تاشتىن قاتتىق ؛ ئوندىن ئارتۇق ؛ مەندىن ئېگىز*
*( چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى )*
*مەكتەپكە يېقىن ؛ ساڭا ئامراق ؛ ئوتتۇزدىن كۆپ*
*( بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى )*
*پولاتتەك مۇستەھكەم؛ مەندەك ئاق ( ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى )*

3) تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى : تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ . ئۇلاردىن كېيىنكى قىسىم ھەرىكەتنى ، ئالدىنقى قىسىم ھەرىكەت ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ . ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان قىسىم ئۆتۈملۈك پېئىلدىن ، ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان قىسىم تۈرغۇن سۆزلەردىن ( ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن ) تەركىب تاپىدۇ . ئالدىنقى قىسىم بىلەن كېيىنكى قىسىم ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

*ۋەتەننى سۆيمەك ؛ يۇرتنى سېغىنماق ؛ كىنو كۆرمەك*
*تاماق يېمەك ؛ كىتاب ئوقۇماق ؛ سۇ ئىچمەك ؛ ...*

4) ئىگە ـ خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى : ئىگە ـ خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ . ئالدىنقى قىسىم ( ئىگە بۆلەك ) بايان قىلىنغۇچىنى ، كېيىنكى قىسىم ( خەۋەر بۆلەك ) بايان قىلغۇچىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە خەۋەر بۆلىكى پېئىلنىڭ ئىسىمداش ، سۈپەتداش ، رەۋىشداش شەكلىدىن ياكى





سۈپەتتىن تۈزۈلۈپ ئىگە بۆلەك بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *باھا ئۆسۈشىنىڭ زىيىنى كۆپ .*

② *بىز يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن كېلىپ بولدۇق .*

③ *ئۇنىڭ كەتكۈسى كەلگەنلىكىنى بىلمەن .*

④ *ئادىل تۇرغان ئۆي مۇشۇ .*

⑤ *ئۇ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى .*

⑥ *يېنىمدىن بىر ماشىنا گۈر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى .*

⑦ *چىراغ ئۆچكۈچە يېتىۋالايلى .*

⑧ *تاڭ ئاتقۇچە ئىشلەپ بولىمەن .*

⑨ *ئۆيگە بويى ئېگىز بىر يىگىت كىرىپ كەلدى .*

⑩ *بالا بار ئۆي بازار ، بالا يوق ئۆي مازار .*

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئەگەر خەۋەر بۆلەك پېئىلدىن تۈزۈلۈپ ئىگە بۆلەك بىلەن شەخس ۋە سان جەھەتتە ماسلاشتۇرۇلسا ياكى ئىگە بۆلەك بىلەن خەۋەر بۆلەك بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كەلمەستىن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۈملىنىڭ ئىگىسى ۋە خەۋىرى بولۇپ كەلسە ، ئىگە ـ خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى ئەمەس ، بەلكى ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

**2 . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قاتلام سانىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى**

مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى قاتلام سانىغا قاراپ ( نەچچە سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن ) ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ۋە مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ .

1) ئاددىي سۆز بىرىكمىسى : ئىككىلا مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . ئاددىي سۆز بىرىكمىسى بىرلا قاتلاملىق بولىدۇ . مەسىلەن :

*شەھەر ئەتراپى ؛ گەپ ئاڭلىماق ؛ تۇرمۇش بۇيۇملىرى*
*كىچە ـ كۈندۈز ئىشلىمەك ؛ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماق*
*ماقالىنى يېزىپ بولماق ؛ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش*
*كۆزقارىشىنى بايان قىلماق*

2) مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى : ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق قۇرۇلما قاتلىمىغا ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن :

*يېقىملىق نەي ئاۋازى ؛ شەھەر ئەتراپى رايونى ؛ سۈيى قۇرۇغان*
*يالغۇز تۈگمەن ؛ ۋەتەن ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيمەك ؛ بايىقى*
*ئېگىز بويلۇق ، ئۇرۇشقاق ئادەم ؛ بىر ئايلىق تاماق بېلىتى ...*

بۇ سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمىنى كىچىكتىن چوڭغا پارچىلاپ كۆرسەتسەك تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

شەھەر ئەتراپى رايونى      يېقىملىق نەي ئاۋازى



سۈيى قۇرۇغان يالغۇز تۈگمەن







ۋەتەن ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيمەك



بايىقى ئېگىز بويلۇق ، ئۇرۇشقاق ئادەم



بىر ئايلىق تاماق بېلىتى



مەيلى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى بولسۇن ياكى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جۈملىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ ، يەنى جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ . ئۇلار پەقەت قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ سانى جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ ، يەنى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى پەقەت بىرلا قۇرۇلما قاتلىمىغا ئىگە بولسا ( بىرلا سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولسا ) ، مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق قۇرۇلما قاتلىمىغا ( ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتكە ) ئىگە بولىدۇ . مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ ، ئۇ ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىۋاسىتە تەركىبلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىلىق مۇرەككەپلىشىدۇ ، يەنى ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىۋاسىتە تەركىبى ئۆزىنى يادرو قىلغان ئاساستا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىدۇ . ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بۇ يېڭى سۆز بىرىكمىسى يەنە ئۆزىنى يادرو قىلىپ باشقا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىدۇ . ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ھەرقانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ ، ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ نۇسخىسىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ .

**3 . مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى**

مۇستەقىل سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى ئادەتتە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

1) ئىسىملىك سۆز بىرىكمىسى : ئىسىمنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، جۈملىدىكى رولى ئىسىمغا ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى ئىسىملىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① *خەلقىنىڭ مېلى — ئۇنىڭ جېنى .*

② *بىلەمسەن ، ئۇنىڭ بايلىقىمۇ ، خۇشاللىقىمۇ ناخشا بىلەن ئۇسسۇل .*

③ *سەمەت كۆڭلى يۇمشاق ئادەم .*

④ *ئۇ قۇمۇلدىن كەلگەن ئەخمەتنى ، تۇرپاندىن كەلگەن ئابلىمىتنى تاللىۋالدى .*

⑤ *تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا بارامسىز ؟*

⑥ *باھارنىڭ ئاكىسىنىڭ بالىسى قايتىپ كەتتى .*

2) سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى : سۈپەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، جۈملىدىكى رولى سۈپەتكە ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① *بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز گۈزەل ھەم پارلاق .*

② *بالا بار ئۆي بازار ، بالا يوق ئۆي مازار .*





③ *ئۇ خەتنى بەك چىرايلىق يازىدۇ .*

④ *بۇ يەر بەك مەنزىرىلىك ئىكەن .*

3) رەۋىشلىك سۆز بىرىكمىسى : رەۋىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق رولى رەۋىشكە ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى رەۋىشلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① *مەن چاغاندىن بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن .*

② *ئەتە سائەت سەككىزدە يىغىن بار ، سەل بالدۇر كېلەرسىز .*

③ *ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتۇمغا قايتىمەن .*

4) ئىسىمداشلىق سۆز بىرىكمىسى : ئىسىمداشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق رولى ئىسىمغا ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى ئىسىمداشلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① *تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — بىزنىڭ نىشانىمىز .*

② *كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى كۆپ .*

③ *پۇتبول ئويناشنى ، سۇ ئۈزۈشنى مەنمۇ بىلىمەن .*

④ مەن لەغمەننى سوغۇق يېيىشكە ئادەتلەنگەن .

⑤ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى — بەدەن چېنىقتۇرۇش .

5) سۈپەتداشلىق سۆز بىرىكمىسى : سۈپەتداشنى ئاساسىي

گەۋدە قىلغان ، جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق رولى سۈپەتكە باراۋەر بولغان سۆز بىرىكمىسى سۈپەتداشلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① دەرسنى ئاڭلايدىغان كىشىلەر بارمۇ ؟

② ئۇ يەرگە بارغان كىم ؟

③ سىز ئالغان بۇ كىتاب بەك ياخشى ئىكەن .

④ باتۇر بىر ئۆلەر ، قورقىاق مىڭ ئۆلەر .

⑤ ئۇ ئاڭلىغاننى بىزمۇ ئاڭلىغان .

⑥ قادىر كۆزى كۆرمەيدىغان، قولى تۇتمايدىغان بىرسى بىلەن

توي قىپتۇ .

6) رەۋىشداشلىق سۆز بىرىكمىسى : رەۋىشداشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، جۈملىدىكى رولى رەۋىشلەرگە ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى رەۋىشداشلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ قالدى .

② ئۇ ساراڭلارچە ، ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ، چەكسىز قۇملۇق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى .

③ ئۇ قىز مۇشۇ باغدا ئۆسۈپ ، تەمتىلەپ ، يۈگۈرۈپ ، كۈلۈپ ، ياغاچلارغا يامىشىپ يۈرۈپ ھايات بىلەن تونۇشقان .





④ كىتابنى مەكتەپكە كەلگۈچە ئالغاچ كېلەي .

⑤ بىز تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى .

### 4 . بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى

سۆز بىرىكمىسى جۈملىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلىنىدىغان بىرلىك بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىسى جۈملە تەركىبىگە كىرگەندىلا كونكرېتلىشىدۇ . سۆز بىرىكمىلىرى كونكرېت جۈملىدىن ئايرىۋېلىنىپ ، جۈملىدىكى كونكرېت مەنىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنسا ، مۇتلەق كۆپ قىسىم قۇرۇلمىلاردىكى سۆز بىرىكمىلىرى بىرلا مەنە ئىپادىلىسە ، ئايرىم قۇرۇلمىلاردىكى بەزى سۆز بىرىكمىلىرى ئىككى خىل مەنە ئىپادىلەيدۇ . شۇڭا بەزى تىلشۇناسلار ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى يەنە ئۆزلىرىنىڭ سېمانتىكا ( مەنە ) جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە كۆپ مەنىلىك ( ئىككى بىسلىق ) سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ .

بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، يەككە تۇرغاندا ئىككى خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆز بىرىكمىلىرىنى كۆپ مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتاش تازا ئىلمىي ئەمەس . چۈنكى ، كۆپ مەنىلىك بولۇش ئۈچۈن ئىككى خىل مەنىنىڭ بىرى يەنە بىر خىل مەنە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى ، يەنى ئىككى خىل مەنە ئارىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولۇشى كېرەك . لېكىن ، بۇ خىل بىرىكمىلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىككى خىل مەنە ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ئىچكى باغلىنىش يوق . شۇڭا ، ئۇ تۈردىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتاشنى ئەڭ مۇۋاپىق كۆردۇق .

1) بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى : يەككە تۇرغاندا بىرلا مەنە بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىسى بىر مەنىلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

كىتاب ۋە دەپتەر ؛ ئەمگەكچان ئادەم ؛ ئاستا ماڭماق ؛

پاكىز تازىلىماق ؛ ئۈچ ئادەم ؛ بەك ئېگىز

2) ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى : يەككە تۇرغاندا ئىككى خىل مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىككى بىسلىق بولۇشى ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ : بىرى ، قۇرۇلما قاتلىمىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى پەيدا بولىدۇ . بۇ خىل ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسىنى قاتلاملىق ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى دېيىشكە بولىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ باشقا ـ باشقا مەنە ئىپادىلەش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى بولۇپ ، بۇ خىل سۆز بىرىكمىسىنى « ـ نىڭ » بەلگىلىك ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ .

(1) قاتلاملىق ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى . مەسىلەن : « يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى » دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى ئالساق ، بۇ سۆز بىرىكمىسى ھەم « يېڭى پارتىيەنىڭ نىزامنامىسى » دېگەن مەنىنى ، ھەم « پارتىيەنىڭ يېڭى نىزامنامىسى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . يەنە « ئىككى بالكونلۇق ئۆي » دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى مىسالغا ئالساق ، بۇ سۆز بىرىكمىسىمۇ ھەم « ئىككى بالكونى بار بىر ئۆي » دېگەن مەنىنى ، ھەم « بالكونى بار ئىككى ئۆي » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . « ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋا » دېگەن سۆز بىرىكمىسىمۇ ئوخشاش ، ئۇمۇ ھەم « ئىككى ئات قوشۇلغان بىر هارۋا » دېگەن مەنىنى ، ھەم « ئات قوشۇلغان ئىككى هارۋا » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

بۇلارنىڭ قۇرۇلما قاتلىمىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە





بولىدۇ :

*يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى*

*يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى*

*ئىككى بالكونلۇق ئۆي*

*ئىككى بالكونلۇق ئۆي*

*ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋا*

*ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋا*

(2) « ـ نىڭ » بەلگىلىك ئىككى بىسلىق سۆز بىرىكمىسى . مەسىلەن : « دادامنىڭ رەسمى » دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى مىسالغا ئالساق ، بۇ سۆز بىرىكمىسى ئىككى خىل مەنىگە ئىگە : بىرى ، دادىسى ساقلىغان رەسىمنى كۆرسەتسە ، يەنە بىرى ، دادىسى چۈشۈرۈلگەن رەسىمنى كۆرسىتىدۇ . « سەمەتنىڭ هېكايىسى » دېگەن سۆز بىرىكمىسىمۇ ئىككى خىل مەنىگە ئىگە : بىرى ، سەمەت ئېيتقان هېكايىنى ؛ يەنە بىرى ، سەمەت توغرىسىدا ئېيتىلغان هېكايىنى كۆرسىتىدۇ . « ئاپامنىڭ تامىقى » دېگەن سۆز بىرىكمىسىمۇ بىرىنچىدىن ، ئاپىسى ئەتكەن تاماقنى كۆرسەتسە ، ئىككىنچىدىن ، ئاپىسى يەيدىغان تاماقنى كۆرسىتىدۇ .

**5 . ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى**

مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىلىرى ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسىدە مۇئەييەن بىر ياردەمچى سۆز ياكى ياردەمچى سۆز رولىدا كەلگەن سۆزلەر شۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ شۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى ئورنى مۇقىم بولىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ :

1) ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى : ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى تۈرلۈك كىتابلاردا يەنە « ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسى » ، « ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىسى » ، « ئىسىم تىركەلمە بىرىكمىسى » دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ .

مۇستەقىل سۆز بىلەن تىركەلمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| *قەلەم بىلەن* | *خەلق ئۈچۈن* |
| *دەرس توغرۇلۇق* | *ئەخمەت ئارقىلىق* |
| *پىكىرگە قارىتا* | *ئۇلارغا نىسبەتەن* |

ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدىكى رولى تۆۋەندىكىچە :

1 . ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە پەقەت ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەر بىلەن بىۋاسىتە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولغاندىلا ، يەنى ھالەت ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە بولغاندىلا، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىغا پۈتۈن سىنىپ بويىچە قاتناشتۇق .*





*② ئەپەندى ئۇنى چۆچۈرە بىلەن مېھمان قىپتۇ .*

*③ تاغلىق رايوندىكى چارۋىچىلار دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى رادىيو ئارقىلىق ئاڭلاپ تۇرىدۇ .*

2 . ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە پەقەت ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى بىلەن بىۋاسىتە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولغاندىلا ، يەنى ئېنىقلىغۇچى ـ ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغاندىلا ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بىز پىراكتىكىغا ئائىت مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدۇق .*

*② مەھسۇلات سۈپىتىگە دائىر پىكىرلەرنى رەتلەپ چىقتىم .*

*③ دەرسلىككە ئائىت مەسىلىلەر ھەل بولدى .*

*④ بۈگۈنكى يىغىندا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا دائىر بەزى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى .*

*⑤ بۇ يىغىنغا ئالىم ، ئادىل قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى .*

3 . جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ، ئىگە بىلەن بىۋاسىتە ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلسا ، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مېنىڭ بۇنداق كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىشىم پەقەت مۇشۇ ئۆي ئۈچۈنغۇ !*

*② مېنىڭ بۈگۈن سىلەرگە بەرمەكچى بولغان دوكلاتىم ۋەزىيەت توغرىسىدا .*

2) « دەپ » لىك سۆز بىرىكمىسى : سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنىڭ « دەپ » رەۋىشدىشى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە « دەپ » لىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . « دەپ » لىك سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەر بىلەن بىۋاستە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلسا ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ چاينى قىينىقكەن دەپ ئىچمىدى .*

*② ئۇ مىنى ھۇرۇن دەپ تىلىلىدى .*

*③ مەن ئۇ يەرگە ياشىنىپ قالغان دادامنى دەپ بارغان .*

*④ شاھزادە بۇ نىمە ۋەقە دەپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ .*

*⑤ ئۇ مەن قىيىنئاتام بىلەن قىيىنئانامغا نىمىدەپ بارىمەن دەپ ئويلىدى .*

*⑥ شاھزادە مەلىكىنى ئەنە كېلەر ، مانا كېلەر دەپ بىر كۈن ساقلاپتۇ .*

3) سان ـ مىقدارلىق سۆز بىرىكمىسى : سانلارنىڭ ( ساناق سان ۋە مۆلچەر سانلارنىڭ ) مىقدار سۆزلەر بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە سان ـ مىقدارلىق سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

*ئىككى تال ( ئارغامچا ) ، يىگىرمە مو ( يەر ) ،*
*بىر ماشىنا ( كۆمۈر ) ، بىر پىيالە ( چاي ) ،*
*ئىككى قېتىم ( بارماق ) ، بىر سائەت ( ئوقۇماق ) ،*
*بىر يىل ( تۇرماق ) ، ئون مىنۇت ( دەم ئالماق )*

بىزگە مەلۇم ، سۆزلەرنى گىراماتىكىدا مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئايرىشتا مۇنداق ئىككى ئۆلچەم ئاساس





قىلىنىدۇ : بىرى ، شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە قارىلىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا مىقدار سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە ، شۇڭا مۇستەقىل سۆزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ . يەنە بىرى ، جۈملىدىكى رولىغا ، يەنى شۇ سۆزلەرنىڭ مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولالايدىغان ياكى بولالمايدىغانلىقىغا قارىلىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، مىقدار سۆزلەر مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدۇ . بىز مىقدار سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەسلىكتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، ئۇلارنىڭ سانلار بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان « سان ـ مىقدارلىق سۆز بىرىكمىسى » نى « ياردەمچى سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى » قاتارىغا قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق .

سان ـ مىقدارلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدىكى رولى تۆۋەندىكىچە :

1 . سان ـ مىقدارلىق سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى بىلەن بىۋاستە ئېنىقلىغۇچى ـ ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلسا ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بۇ يىل قىشتا بىز يەتتە توننا كۆمۈر قالاپ بولدۇق .*

*② ئۇ بىر ئولتۇرۇشىدا ئون تال ئانارنى يەپ بولدى .*

*③ بۈگۈن ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمگەك قىلدى .*

*④ ھازىر بىر كىلو گۆش 28 كوي .*

2 . سان ـ مىقدارلىق سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە پېئىلدىن

تۈزۈلگەن خەۋەر بىلەن بىۋاستە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولسا ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مەن 2007 ـ يىلى خوتەننىڭ لوپ ناھىيەسىدە تۆت ئاي تۇردۇم .*

*② قىزىم شاڭخەيدە سەككىز يىل ئوقۇدى .*

*③ مەن بۇ كىتابنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم .*

3 . سان ـ مىقدارلىق سۆز بىرىكمىسى يەنە بەزىدە جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بىر كىلومېتىر مىڭ مېتىرغا تەڭ .*

*② ئون توننا كىچىك سان ئەمەس .*

*③ بىزنىڭ ئائىلىق ئاشلىق نورمىمىز 35 جىڭ .*

*④ بىر خالتا ئۇننىڭ باھاسى 65 كوي .*





# ئىككىنچى باب

# جۈملە

## §1 . جۈملە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1 . جۈملە ھەققىدە چۈشەنچە

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن، نىسپىي تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرىدىغان ۋە بەلگىلىك ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولغان ئەڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ ، جۈملە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 . قۇرۇلما نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۈملە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۆتكەن يىلى مەكتىپىمىزگە 2000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى .*

*② ۋەتەننى قوغداش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز .*

*③ ياتىقىمىز ئازادە ، يورۇق .*

*④ ئېتىمنى قەيەرگە باغلايمەن ؟*

*⑤ جېنىم دوستۇم، ئانامغا ئېيت، مېنى ئۇنىڭغا بەرمىسۇن .*

*⑥ ئاپلا ، مەن كىرمىسەم بوپتىكەن ـ ھە !*

*⑦ بۇ لۇغەت نىجاتنىڭ .*

2 . رولىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۈملە ئالاقىلىشىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق بىرلىك ، چۈنكى جۈملە توپى ، بىر مەيدان دوكلات ، بىر پارچە ماقالە قاتارلىقلارمۇ ئادەتتە ئالاقە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، ئۇلار ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشتە يەككە ( مۇستەقىل ) ھالدا

قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكىدىن ، يەنى جۈملىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ . شۇڭا ، جۈملە ئەڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ .

3 . فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ھەرقانداق بىر جۈملە مۇئەييەن ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولىدۇ . كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەمىشە باشقىلارنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى ئىنتوناتسىيەسىدىن قارشى تەرەپنىڭ بىر جۈملە گەپنى قىلىپ بولغانلىقى ياكى گەپنىڭ يېرىمىدا توختاپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلالايدۇ . شۇڭا ، مەلۇم ئۇزۇندىنىڭ جۈملە ياكى جۈملە ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىشتە ، ئىنتوناتسىيە مۇھىم ئاساس بولىدۇ . ئىنتوناتسىيە جۈملىنى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . مۇئەييەن شارائىتتا ، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىنتوناتسىيەگە ئىگە قىلىنسا ، جۈملىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن :

① *كېچە . ئەتراپ دىمىق ۋە بۇرۇقتۇم .*
② *ئەتىياز . قارلار ئېرىشكە باشلىدى .*

مانا بۇ جۈملىلەردىكى « كېچە »، « ئەتىياز » دېگەن سۆزلەر يۇقىرىقىدەك تىل شارائىتىدا ئىنتوناتسىيەگە ئىگە قىلىنىپ ۋە مۇئەييەن كونتېكستقا كىرىپ جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان . دېمەك ، ئۇلار جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

① — *ئىسمىڭىز نېمە ؟*
② — *غالىب .*
③ — *قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز ؟*
④ — *شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا .*
⑤ — *قايسى فاكۇلتېتتا ؟*
⑥ — *تىل فاكۇلتېتىدا .*
⑦ — *قايسى كەسىپتە ؟*
⑧ — *خەنزۇ تىلىدا .*





⑨ — *نەچچىنچى يىللىقتا ؟*
⑩ — *ئىككىنچى يىللىقتا .*

بۇ دىيالوگنىڭ ② ، ④ ، ⑤ ، ⑥ ، ⑦ ، ⑧ ، ⑨ ، ⑩ لاردىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارمۇ يۇقىرىقىدەك تىل شارائىتىدا ئىنتوناتسىيەگە ئىگە قىلىنغان . دېمەك ، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سانى جۈملىنىڭ شەرتى ھېسابلانمايدۇ .

جۈملىنىڭ يەنە بىر فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە تىنىق ياكى پائۇزا بولىدۇ . بۇ خىل تىنىق ياكى پائۇزا جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنىقتىن ياكى پائۇزىدىن چوڭراق ياكى ئۇزۇنراق بولىدۇ .

جۈملە ئىنتوناتسىيەسى يەنە جۈملە تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ . چۈنكى ، جۈملىلەر ئىنتوناتسىيەسىگە قاراپ بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

4 . مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا ، جۈملە نىسپىي تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ . چۈنكى ، بىر جۈملە ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلىرى شۇ بىر جۈملىدە بىردىنلا تولۇق ئىپادىلىنىپ كېتەلىشى ناتايىن . ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى باشقا جۈملىلەر بىلەن بىرلەشكەندىلا ، ئاندىن تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىر چوقۇم مۇئەييەن تىل شارائىتىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ ، جۈملە مەنىسى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا روشەنلىشىدۇ . شۇڭا ، ئادەتتە جۈملە تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ دېگەن سۆز ئۇنىڭ مۇئەييەن تىل شارائىتىدىكى فۇنكسىيەسىگە قارىتا ئېيتىلغان .

5 . جۈملىدە مۇئەييەن بىر ئوي ـ پىكىر ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇلارمۇ ئىپادىلىنىدۇ . چۈنكى ، جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم بىر شەيئى ياكى ھادىسىگە قارىتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ، ئىنكار قىلىش ، سوئال قويۇش ، بۇيرۇق قىلىش قاتارلىق ئوي ـ پىكىرلىرى ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە شۇ شەيئى ياكى ھادىسىگە قارىتا خۇشاللىنىش ، ھاياجانلىنىش ، ھەيران قېلىش ، بىزار بولۇش ، ياقتۇرماسلىق قاتارلىق تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ .

6 . جۈملە بايانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ . جۈملىنىڭ بايانىي خۇسۇسىيىتى دېگىنىمىز سۆزلىگۈچىنىڭ گەپ مەزمۇنىغا بولغان سۇبيېكتىپ پوزىتسىيەسىنى ( نېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ، نېمىنى ئىنكار قىلغان ، قانداق ئارزۇنى ئىپادىلىگەن ، قانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ) كۆرسىتىدۇ .

7 . جۈملە ئۆزىدىن چوڭ قۇرۇلمىنىڭ ئىچىگە ئېلىنماسلىقى كېرەك . ئەگەر جۈملە ئۆزىدىن چوڭ قۇرۇلمىنىڭ ئىچىگە ئېلىنسىلا ، ئۆزىنىڭ جۈملىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ ، جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . مەسىلەن :

*① ئاش بار .*

*② ئاش بار يەردە جان بار .*

*③ ئاش بار يەردە جان بار دەپ توغرا ئېيتقان .*

*④ ئاش بار يەردە جان بار دەپ توغرا ئېيتقانلىقىنى بىلىمىز .*

*⑤ قان چىقتى .*

*⑥ جان چىقتى .*

*⑦ قان چىقتى — جان چىقتى .*

**2 . جۈملىنىڭ سۆز بىرىكمىسىدىن پەرقى**

جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ :





1 . سۆز بىرىكمىسىدە ئىنتوناتسىيە بولمايدۇ . جۈملىدە بولسا مۇئەييەن ئىنتوناتسىيە بولىدۇ .

2 . سۆز بىرىكمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىق نىسبەتەن قىسقا ، جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنىق نىسبەتەن ئۇزۇن بولىدۇ .

3 . سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ قۇرۇلما بىرلىكى بولۇپ ، ئۇنىڭدا بايان خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ ، جۈملىدە بولسا بايان خۇسۇسىيىتى بولىدۇ .

4 . سۆز بىرىكمىسى ئۇقۇملار توپىنى ئىپادىلەيدۇ ، جۈملە بولسا ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ .

5 . سۆز بىرىكمىسىدە قاراتما بۆلەك ، قىستۇرما بۆلەك ، ئۈندەش بۆلەك ۋە تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇ تەركىبلىرىگە ئوخشاش قوشۇمچە تەركىبلەر بولمايدۇ . جۈملىدە بولسا بۇنداق قوشۇمچە تەركىبلەر بولىدۇ .

6 . سۆز بىرىكمىسى جۈملىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان گىراماتىكىلىق بىرلىك ، جۈملە بولسا سۆز بىرىكمىسىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغان گىراماتىكىلىق بىرلىك .

## §2 . جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىپى

جۈملىدە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ . شۇڭا ، جۈملىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۆزئارا سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە ئۆتىگەن ۋەزىپىسى ياكى ئوينىغان رولىغا ئاساسەن ئۇنى بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئاجرىتىشقا بولىدۇ .

جۈملىدە ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ . باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشىدىن ھاسىل بولغان بۆلەك جۈملە بۆلىكى دېيىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كېلىشىنى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق ئۆز گىرىشلىرى بەلگىلەيدۇ . تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئىسىملارنىڭ كېلىش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى ؛ پېئىللارنىڭ شەخس ، سان ، زامان ، راي ( بۇيرۇق رايى ) قوشۇمچىلىرى ؛ پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى بولغان ئىسىمداش ، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ۋە تىركەلمىلەر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنىدۇ .

جۈملە بۆلەكلىرى سىنتاكسىسلىق رولىغا ئاساسەن جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ۋە جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . جۈملە بۆلەكلىرى يەنە بىر سۆزدىن تەركىب تاپقانلىقى ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقانلىقىغا ئاساسەن ئاددىي بۆلەك ( بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن جۈملە بۆلىكى ئاددىي بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ ) ۋە مۇرەككەپ بۆلەك ( سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بۆلەك مۇرەككەپ بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ ) دەپ ئىككى خىل بولىدۇ .

جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئاساس بولىدىغان ، جۈملىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بۆلەك جۈملىنىڭ باش بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ . جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ مەركىزى ، يادرولۇق قىسمى ھېسابلىنىدۇ . جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىگە ۋە خەۋەردىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلىدۇ .

جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىگە ياندىشىپ كېلىپ ، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى تولۇقلاش ، كېڭەيتىش ، كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بۆلەكلەر جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ . جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى گىراماتىكا جەھەتتە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىگە بېقىنىپ كېلىدۇ . جۈملىنىڭ





ئەگەشمە بۆلەكلىرى ئۆز ئىچىدىن تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**ئەسكەرتىش :** جۈملىنى تەھلىل قىلىشتا ، جۈملە بۆلەكلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ كۆرسىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، ھەربىر جۈملە بۆلىكى تۆۋەندىكى شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەندى :

ئىگە: ＿＿＿ ؛ خەۋەر : ═════ ؛ تولدۇرغۇچى : ≂≂≂≂≂ ؛ ئېنىقلىغۇچى : ∼∼∼∼∼ ، ھالەت : ≋≋≋≋ .

### 1 . ئىگە

جۈملىدە خەۋەر تەرىپىدىن بايان قىلىنىدىغان ، ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋە تەسۋىرلىنىدىغان باش بۆلەك ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە باش كېلىش شەكلىدىكى تۈرغۇن سۆزلەر ياكى تۈرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ل . مۇتەللىپنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا غۇلجىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى .*

*② ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ .*

*③ ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ .*

*④ يىگىرمە — جۈپ سان .*

*⑤ بىر كىلومېتىر مىڭ مېتىرغا تەڭ .*

*⑥ ئەتە چارشەنبە .*

⑦ *بىز ھازىر پەن تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز .*

⑧ *ھەركىم ئۆز ئىشىغا پۇختا بولسۇن .*

⑨ *ئۇسسۇلغا قاتنىشىدىغانلار سائەت بىردە سىنىپقا يىغىلسۇن .*

⑩ *شائىرنىڭ ئۆز قولىدا قالغان بارلىق ئەسەرلىرىنى رەتلەپ ، ئۆز پېتىچە نەشرگە تەييارلاش خېلى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان قىيىن ئىش .*

⑪ *تاماقنىڭ ئالدى مېھمانلارغا تارتىلدى .*

⑫ *قان چىقتى — جان چىقتى .*

⑬ *دەرد ـ ھەسرەت ، پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ئەمگەك ـ تىنىمۇ بەتتەر ئازابلايتتى .*

ئىگە جۈملىدە ئومۇمەن خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . لېكىن ، شېئىرلاردا ياكى جانلىق تىلدا خەۋەردىن كېيىن كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . مەسىلەن :

① *يېرتىلسا كالپىندارنىڭ بىر ۋارىقى .*

*تۆكۈلىدۇ ئۆمۈرنىڭ بىر تال ياپرىقى .*

② *كاللا دېسە ، پاچاق دېيىشىدۇغۇ ، بۇ ئوغرىلار !*

③ *قىنىڭغا پاتمايدىغان چوكان ـ دە ، سەن !*





④ *ھاكىملىقنى ئارزۇ قىلىپ ئورۇقلاپمۇ كەتتى ، بۇ بىچارە .*

⑤ *تۈركىي يېزىق تىللىرىنىڭ ، تۈركىي دىيالېكتلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزلىرىنى ۋە تەرەققىيات جەريانلىرىنى كۆرسىتىپ* بەرگەن مەنبەدۇر ، « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » .

### 2 . خەۋەر

جۈملىدە ئىگىنى بايان قىلىدىغان ، ھۆكۈملەيدىغان ۋە تەسۋىرلەيدىغان باش بۆلەك خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ . خەۋەر جۈملىدە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار ، تۇرغۇن سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىمۇ خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ . شۇڭا ، خەۋەرلەر ئادەتتە پېئىلدىن تۈزۈلگەن پېئىللىق خەۋەر ۋە تۇرغۇن سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تۇرغۇن سۆزلۈك خەۋەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

پېئىللار ياكى پېئىللىق بىرىكمىلەر خەۋەر بولۇپ كەلسە ، مۇنداق خەۋەرلەر شەخس ۋە سان جەھەتتە ئىگە بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ ۋە ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بايان قىلىپ ، بايان خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن :

① *مەن ئەتىسى بىر كۈن تاماق يېمىدىم .*

② *قىپقىزىل قان خەمىتىنىڭ كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى .*

③ *ئۇ ئۇنچىقماستىن يىراق ـ يىراقلارغا كۆز سالدى .*

④ *ھەقىقەت ئىجازەتسىز ساياھەت قىلىدۇ .*

⑤ *مەن بۇ تەشەببۇسنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمەن .*

⑥ سادىق بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى .

⑦ مەن سىزنى ساقلىغىلى ئىككى سائەت بولدى .

⑧ مەن تۇرپانغا بېرىشنى بارىمەن ، لېكىن ھازىر بارمايمەن .

⑨ مەن ئۇ ئۆيگە كىرسەم كىردىم .

⑩ ئوقۇشقا بارغىنىم بارغان .

تۇرغۇن سۆزلەر ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى خەۋەر بولۇپ كەلسە ، ئىگىنى ھۆكۈملەپ ياكى تەسۋىرلەپ ، ھۆكۈملەش ياكى تەسۋىرلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن :

① سائادەت مېنىڭ دوستۇم .

② تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بەك ئىسسىق .

③ سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ سانى يىگىرمە ئۈچ .

④ يۇرتداشلار چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ ھاڭ - تاڭ قېلىشىۋاتقان ئىش مانا شۇ !

⑤ بۇ بېلىقنىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلو .

⑥ ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك .

⑦ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم پەقەت خىزمەت ئۈچۈنلا .

⑧ يىغىنىنىڭ ۋاقتى ئەسلىي ئەتە .





⑨ بۇ چاچلار قۇندۇز تۈكىدەك تۇم قارا ۋە يالتىراق .

⑩ ئەقىل — سېنى غايە يولىدا ئۇچۇرىدىغان قانات .

⑪ زامان زورنىڭ ، تاماشا كورنىڭ .

⑫ ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى .

⑬ كۆزدىن نېرى — كۆڭۈلدىن نېرى .

خەۋەر ئومۇمەن جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . لېكىن ، شېئىرلاردا ياكى دىيالوگلاردا ۋە ياكى شوئار مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەردە ئىگىنىڭ ياكى خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . مەسىلەن :

① ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ باھار پەسلىنى ،
بىز سۆيۈشكەن ئاشۇ گۈل تۈۋىدە .

مۇھەببەتنىڭ ئىككى مىسرا بېيىتى ،
جەم بولغانتى ئىككىمىزنىڭ لېۋىدە .

② توختىمەت جۇربېنى نېمە دېمىدى ، بۇ خەق .

③ ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ئادەملەر - دە ، ئۇ .

④ ياشىسۇن مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى !

### 3 . تولدۇرغۇچى

جۈملىدە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئوبيېكت تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق ،

چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاسىتە باغلىنىپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ . ئادەتتە ، تۈرغۈن سۆزلەر ياكى تۈرغۈن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *مەن يۇرتۇمنى قىزغىن سۆيىمەن .*

② *ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىنى تاللىۋالدى .*

③ *ئىدارىمىز بۇ يىل قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىنى ئالىدۇ .*

④ *بۇ ئانارنىڭ ئىككى كىلوسىنى سەن ئال ، ئۈچ كىلوسىنى مەن ئالاي .*

⑤ *ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى .*

⑥ *ئۇكام ئوقۇشنى بۇ يىل پۈتكۈزىدۇ .*

⑦ *ئاڭلىغىنىمنى دەيمۇ ؟ كۆرگىنىمنىمۇ ؟*

⑧ *بۇ تاراق - تۇرۇقنى توختاتساڭلارچۇ !*

⑨ *شەمشىنۇرنىڭ ھەمراھلىرى خەتەرسىز يول بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىپتۇ .*

⑩ *مەن كۆسەي بىلەن تونۇردىكى نۇرسىزلانغان ئوتنى چۇخچىلىدىم .*

⑪ *سېپىل تۈۋىدە لەگلەك تالىشىپ مۇشتلاشقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قاپسەن - دە .*





⑫ *مەكتەپ رەھبەرلىكى بۈگۈن چوڭ تازىلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى .*

*تولدۇرغۇچى ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە* مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەك بولغاچقا ، ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . لېكىن ، دىيالوگلاردا خەۋەردىن كېيىن كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن :

① *بولدى ، بولدى ! يەنە شۇ كونا خامانىنى سورىغىلى تۇردۇڭغۇ ، ئالمىسام ئالمىدىم ، ئۇنداق گادايىنىڭ قىزىنى .*

② *مېنى كۆرسە ، بىر قىسمىلا قىلىقلارنى قىلىپ كېتىدۇ قارا ، يۈرگىنە كېتەيلى ، كۆزۈم كۆرمىسۇن شۇ تېتىقسىزنى .*

③ *بىرنى قويۇپ قولۇمغا بىلەزۈك قىلىۋالىمەن ، جۇمۇ ، سېنى ھازىر .*

④ ئەمىسە نېمانچە كۆپ ئالىسىلەر گۆش ، توخۇنى ؟

## 4 . ئىنقىلىغۇچى

جۈملىدە شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ . ئېنىقلىغۇچى جۈملىدىكى ئىگە ، تولدۇرغۇچى ياكى ئىسىمدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىغا (ئىگە ، تولدۇرغۇچى ياكى ئىسىمدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە ) ئىككى خىل سىنتاكسىسلىق ۋاسىتە ئارقىلىق بىرىكىپ كېلىدۇ . بىرىنچى ، ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى سۆز تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ خىل باغلىنىش ئىنتايىن چىڭ بولۇپ ، ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئارىسىغا باشقا بۆلەكلەرنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ . ئىككىنچى ، ئېنىقلىغۇچى

بىلەن ئىنىقلانغۇچى تولۇقلىغۇچى قوشۇمچىلار ( ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىسى ، ئوخشاتما كېلىش ، ئورۇن ـ بەلگە كېلىش ، تەۋەلىك - شتۇرمە كېلىش قوشۇمچىلىرى ، پېئىللارنىڭ سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى ) ئارقىلىق باغلىنىدۇ . تولۇقلىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان بۇ خىل باغلىنىش بىرقەدەر ئەركىن بولىدۇ . شۇڭا ، بۇنىڭدا ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى ياندىش كەلمىسىمۇ بولىدۇ ياكى ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەر قىستۇرۇلۇپ كەلسىمۇ بولىدۇ . ئىنىقلىغۇچى ئادەتتە تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

*① تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن پاختىسى خېلى داڭلىق .*

*② مەكتەپ كىنوخانىسى يېڭىدىن ياسالدى .*

*③ سىنىپىمىزدا تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار كۆپ .*

*④ ئۇ بىردەمدىلا تۆت ـ بەش يىگىتنى باشلاپ كەلدى .*

*⑤ بۇ ئىشنى ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ .*

*⑥ غۇر ـ غۇر شامال چىقىپ تۇراتتى .*

*⑦ سەن سىزغان رەسىمنى مەنمۇ سىزالايمەن .*

*⑧ ئۇلار ئاددىي ياسالغان ، ئەمما ناھايىتى پاكىز بىر ئۆينى بىزگە بەردى .*

*⑨ ئۇ بەك تىرىشچان ھەم مۇلايىم ئوقۇغۇچى .*





ئىنىقلىغۇچىلار مەيلى سۆز تەرتىپىنى سىنتاكسىسلىق ۋاستە قىلغان ئىنىقلىغۇچى بولسۇن ياكى تولۇقلىغۇچى قوشۇمچىسىنى ۋاستە قىلغان ئىنىقلىغۇچى بولسۇن ، ئادەتتە ئىنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . لېكىن ، دىيالوگلاردا ئىنىقلىغۇچى ئىنىقلانغۇچىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن :

*① مەن ئەخمەق ئەمەس ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان .*

*② قانداق ئادەم بۇ ، ئۆزىنى بىلمەيدىغان .*

*③ قارا ، زىغىر ـ قىچا ، تىكەنلىرىمۇ گۈل بۇ يەرنىڭ .*

*④ سىز بىلەن سوقۇشقىلى چولۇم يوق مېنىڭ .*

**5 . ھالەت**

جۈملىدە پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە ۋە ياكى سۈپەتلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بېقىنىپ كېلىپ ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى ، ئورنى ، سەۋەبى ، مەقسىتى ، يۆنىلىشى ، ۋاسىتىسى ، دەرىجىسى ، سان ـ مىقدارى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچىدىن ، سۈپەت ، سان ـ مىقدار ، رەۋىش ، رەۋىشداش ۋە تەقلىد سۆزلەر پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، تۇرغۇن سۆزلەر چىقىش كېلىش ، يۆنىلىش كېلىش ، ئورۇن كېلىش ، چەك كېلىش ، ئوخشاتما كېلىش ، تەۋەلىك - شتۇرمە كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئىسىم ـ ئىرىكەلمىلىك بىرىكمە

پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاسىتە بېقىنىپ كەلسە ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ؛ تۆتىنچىدىن ، رەۋىشلەر سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاسىتە بېقىنىپ كەلسە ، جۈملىدە ھالەت بولىدۇ .

ھالەتلەر مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

1) سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى : ئادەتتە سۈپەت ، سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ، ھالەت رەۋىشى ، رەۋىشلىك سۆز بىرىكمىسى ، چەك كېلىش ، ئوخشاتما كېلىش ، تەڭلەشتۈرمە كېلىش ، تەقلىد سۆز ، رەۋىشداش ۋە رەۋىشداش سۆز بىرىكمىسى قاتارلىقلار سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇ بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننى بەك ياخشى بېرىپتۇ .*

② *ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى .*

③ *ئۇ قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كەتتى .*

④ *زەرىپىخان يۈزىنى بىلىكىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .*

2) سەۋەب ھالىتى : چىقىش كېلىش شەكلىدىكى تۈرغۇن سۆزلەر ، « سەۋەبلىك » ، « ئۈچۈن » قاتارلىق تىركەلمىلەر ۋە بەزى « پ » لىق رەۋىشداشلار جۈملىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇنداق ئادەملەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ ياۋاشلىقىدىن زىيان تارتىدۇ .*

② *رۇخسەت سورىماي ئۆيگە كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا چارە كۆرۈلدى .*

③ *ئەخمەت ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغىنغا كېلەلمىدى .*





④ *ئىشىم چىقىپ قېلىپ كېچىكىپ قالدىم .*

3) مەقسەت ھالىتى : مەقسەت رەۋىشلىرى ، « ئۈچۈن » تىركەلمىسى ، « غىلى » لىق رەۋىشداشلار ، يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمداشلار جۈملىدە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇ بۈگۈنكى ئەمگەككە قەستەن قاتناشمىدى .*

② *ئۇ قىزىنى بەزلەش ئۈچۈن لايىقراق سۆز تېپىشنى ئويلايتتى .*

③ *بىز بۇ يەرگە ئوقۇغىلى كەلدۇق .*

④ *ئۇ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەتتى .*

4) ۋاقىت ھالىتى : ۋاقىت ئىسىملىرى ، ۋاقىت رەۋىشلىرى ، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن « ـ غان » لىق سۈپەتداشلار ، « ـ ش » ئىسىمداشلارنىڭ « بىلەن » ياكى « بىلەن تەڭ » قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىككەن شەكلى ، « ـ ش » لىق ئىسىمداشلارنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرى ، « پ » لىق رەۋىشداشلارنىڭ « لا » يۈكلىمىسى بىلەن بىرىككەن شەكىللىرى ۋە ئورۇن كېلىش شەكلىدە تۇراقلاشقان ئىدىيوملار جۈملىدە ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇ تۈنۈگۈن قايتىپ كەلدى .*

② *ئادىل ھېلى كەلدى .*

③ *ئۇ كەلگەندە مەن ئۆيدە يوق بولۇپ قاپتىمەن .*

④ *مەن كېلىشىم بىلەن ( تەڭ ) يىغىن باشلاندى .*

*⑤ ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە مېھمانلار ئۇزايدۇ .*

*⑥ ئەسقەر ئۆيگە كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى .*

*⑦ مەن ئۇنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر كۆرگەن .*

*⑧ راستىنىلا مەن تېخى قۇم چېچەكلىگەندە ، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە پۇتەمدىكى بۇ توپلەي دەپ يۈرەتتىم .*

5) ئورۇن ھالىتى : ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى ۋە ئورۇن كېلىش ، چىقىش كېلىش ، چەك كېلىش شەكلىدىكى تۇرغۇن سۆزلەر ۋە « قەدەر » تىركەلمىسى بىلەن بىرىككەن ئىسىم - تىركەلمىلىك بىرىكمىلەر جۈملىدە ئورۇن ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① سىز ھازىرقى ئورنىڭىزدىن سەل كېيىن تۇرسىڭىز .*

*② پەرىدە بېيجىڭدا ئوقۇۋاتىدۇ .*

*③ مەن بۇ كىتابنى كۇتۇپخانىدىن ئالدىم .*

*④ سىز بىرىنچى بەتتىن ئونىنچى بەتكىچە ئوقۇڭ .*

*⑤ مەن بۇ قېتىم خوتەنگىچە بارىمەن .*

*⑥ بىز مەكتەپتىن پويىز ئىستانسىسىغا قەدەر پىيادە ماڭدۇق .*

6) دەرىجە - مىقدار ھالىتى : دەرىجە رەۋىشلىرى ، چىقىش كېلىش شەكلىدىكى سانلار ۋە ھەرىكەت سان - مىقدارلىرى جۈملىدە دەرىجە - مىقدار ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :





*① سەن بەك سەمرىپ كېتىپسەن .*

*② ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا بىردىن - ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى .*

*③ قېنى ، ئۈچتىن - ئۈچتىن كىرىڭلار ئەمىسە .*

*④ مەن بۇ كىنونى ئىككى قېتىم كۆرگەن .*

*⑤ ئۇنىڭ بويى بەك ئېگىز ئىكەن .*

ھالەتنىڭ مەنە تۈرى كۆپ بولۇپ ، يۇقىرىدىكى ئالتە تۈردىن باشقا يەنە بەزى تۈرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن :

*① مەن بۇ تاماقنى چوكىدا يېدىم .*

*② ئۇ قومۇلغا پويىز بىلەن باردۇ .*

*③ بىز بۇ ئېپىلاسنى چالما - كېسەك قىلىش ئارقىلىق قارىغا ئېلىش ماھارىتىمىزنى مەشىق قىلالايمىز .*

بۇلاردا ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ۋاسىتىسى ئىپادىلەنگەن .

« دەپ » لىك سۆز بىرىكمىسى ( سۆز ، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنىڭ « دەپ » رەۋىشدىشى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە « دەپ » لىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ ) پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بېقىنىپ كېلىپ ، جۈملىدە سەۋەب ۋە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مەن بۇ يەرگە مۇشۇ ئىشنى دەپ كەلدىم . ( مەقسەت )*

*② مەن ئۇ يەرگە سىېنى باردۇ دەپ بېرىپتىمەن . ( سەۋەب )*

*③ مەن سىزنى كۆرەي دەپ كەلدىم . ( مەقسەت )*

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، هالەت ئۆتۈمسىز پېئىل ياكى سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەك بولۇپلا قالماستىن ، يەنە پۈتۈن بىر جۈملىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . مەسىلەن :

① نۆۋەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلماقتا .

② بۇ يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە قارشى تۇرۇپ ، ئاشلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك مەھسۇلات ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەكتە .

هالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا ، سۆز تەرتىپى ئارقىلىق خەۋەرگە باغلانغان هالەت خەۋەرگە يانداش كېلىدۇ ، ئورنى مۇقىم بولىدۇ ، يەنى خەۋەرگە يانمۇيان كېلىدۇ . شۇڭا ، بۇ تۈردىكى هالەتلەرنىڭ ئورنىنى يۆتكەشكە ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەرنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ ، ئۇنداق بولمىغاندا جۈملە مەزمۇنىغا تەسىر يېتىدۇ . مەسىلەن :

ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ھەقسىز رېمونت قىلىمىز .
ھەقسىز ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىمىز .

ئوقۇغۇچىلار مۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن .
كۆپ ئوقۇغۇچىلار مۇنداق ئىشلارنى كۆرگەن .

ۋاقىت رەۋىشلىرىدىن تۈزۈلگەن هالەتلەرنىڭ ، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ياكى تىركەلمىلەر ئارقىلىق خەۋەرگە باغلانغان هالەتلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن ئەركىن بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ تۈردىكى هالەتلەر بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەرنى ( باشقا بۆلەكلەرنى ) قىستۇرۇشقا بولىدۇ . هالەت مەيلى خەۋەرگە يانداش كەلسۇن ياكى خەۋەردىن يىراق كەلسۇن ، ئۇ هامان خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . لېكىن ، دىيالوگلاردا هالەت خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ . مەسىلەن :





① 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى دېگەن ئىككى قەۋەتلىك بىنا بار ئىكەن ، نەنلياڭ دېگەن يەردە .

② ئۇنداق ئون قوتۇر ئاتمۇ پاي بېرەلمەيدۇ ئېگىرىمگە .

③ زەپ چىرايلىق بالىكەنە ، بىر قوشۇق سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۇدەك .

④ مانا ئەمدى گۈش پارچىلاپ ، ياغىيۇ ئاقلاشقا تۇتۇندى ، خۇددى ئاپىسى رەيھانگۇلدەك ، يېقىنى ئاسىيە ئاپپايدەك .

⑤ قاڭتۇرۇپ قويۇپسىزغۇ ئۇ بىچارىنى ، بەيگىگە سالىدىغاندەك .

⑥ بۇ خېنىمنىڭ ماڭا تېخى مەسلىھەت قىلغۇسى بار ئوخشايدۇ ، قوۋۇرغامنى ئېگىپ .

⑦ غوجامنىياز تاسلا قالىدۇ ، جېنىدىن ئايرىلغىلى .

⑧ ئالايتال بېگىمگە دەڭ ، قىچىشقان يەرنى تاتىلىسۇن ، قىچىشمىغان يەرنى تاتىلىماي .

⑨ چۈشتىن كېيىن تېلېفون بېرىپتىكەن ، ئاپاڭغا داۋاملىق خىزمەت ئىشلە دەپ .

⑩ خويمۇ تويۇپ كەتتىم شۇ ئۆمەر شاڭيۇنىڭ شۇملىرىدىن .

⑪ كاۋا ئېشى ئېتىپ بېرىمەن بىر دەمدىلا .

## §3 . جۈملىنىڭ ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكلىرى

**1 . جۈملىنىڭ ئىزاھلىق تەڭداش بۆلىكى ھەققىدە چۈشەنچە**

مۇئەييەن بىر ئوبيېكت ياكى بىر ئوبيېكتنىڭ مۇئەييەن بىر بەلگىسى ، ئورنى ، سانى ، ۋاقتى ، يۆنىلىشى ، ۋاستىسى ، ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئىپادىلەپ ، جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ ( ل . مۇتەللىپ ) غۇلجىنىڭ نىلقا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان .*

*② ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچەكتىكى خوجايىنلىرى — ئەدىبلىرى ، ئالىملىرى ، قەھرىمانلىرى .*

*③ يەنە بىر قولىدا كىچىلىك كىيىمى — ئۇزۇن كۆڭلىكىنى كۆتۈ-رۈۋالغانىدى .*

*④ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى — ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرى قاتارىدىكى بىر ئۆيىنى ئالدىم .*

*⑤ نۇرى ئەتىسى شەھەرگە — گىمنازىيەگە قايتىپ كەلدى .*

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك ئىزاھلىغۇچى بۆلەك ۋە ئىزاھلانغۇچى بۆلەكتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ . ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئالدىدا ، ئىزاھلىغۇچى بۆلەك كەينىدە كېلىدۇ . مەسىلەن : يۇقىرىدىكى مىساللاردا «———» بەلگىسى قويۇلغانلار ئىزاھلان-غۇچى بۆلەك ، «------» بەلگىسى قويۇلغانلار ئىزاھلىغۇچى بۆلەك ھېسابلىنىدۇ .





**2 . ئىزاھلىغۇچى تەڭداش بۆلەك بىلەن تەڭداش بۆلەكنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى**

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك بىلەن تەڭداش بۆلەك ھەم ئورتاقلىقلارغا ، ھەم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە .

1) ئورتاقلىقى :

1 . ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەر مۇئەييەن بىر گىراماتىكىلىق شەكىلدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ساھىبخانىنىڭ ھەمراھلىقىدا زىيارىتىمىزنىڭ تۈنجى بېكىتىگە — پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەد ئەلى جىناھنىڭ قەبرىسىگە باردۇق .*

*② بىز ۋەتەننى ، خەلقنى ، ئەمگەكنى ، پەننى قىزغىن سۆيىمىز .*

بەزىدە ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنىڭ ھەر ئىككى تەركىبىگە ئايرىم - ئايرىم ئۇلىنىشقا تېگىشلىك بولغان گىراماتىكىلىق تەركىبلەر ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ئۇلانماي ، پەقەت كەينىدىكى بۆلەككە ، يەنى ئىزاھلىغۇچى بۆلەككىلا ئۇلىنىدۇ . تەڭداش بۆلەكتىمۇ شۇنداق بولىدۇ . مەسىلەن :

*① يىپەك يولى داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ھەم ئۇزۇن ، ھەم خەتەرلىك بولغان دۇنيانىڭ ئۆگزىسى — پامىر ئېگىزلىكىگە يامىشىشقا باشلىدى .*

*② بۇ بوران باغدىكى ئۆرۈك ، ئالما ، شاپتۇللارنى يەرگە تۆكۈۋەتتى .*

2 . ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەر بىر - بىرىگە بېقىنماي ، ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ ، ئورتاق ھالدا جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە ( ئىگە - خەۋەرلىك ، تولدۇرغۇچى - تولدۇرۇلغۇچىلىق ، ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق ، ھالەت - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە ) بولىدۇ .

3 . ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەر جۈملىدە مۇئەييەن بىر

جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ ۋە بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *قارىغۇجىلار — باھارنىڭ ئەلچىلىرى ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەلدى .*

② ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى .

4 . ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى تەڭداشلىق مۇناسىۋەت بولغاچقا ، تىل ئادىتى يول قويغان شارائىت ئاستىدا ئۇلارنىڭ بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

*ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچى گۈزەل شەھەر .*

*ئۈرۈمچى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى گۈزەل شەھەر .*

*ئۇلار خەلق ئۈچۈن ، مىللەت ئۈچۈن ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان .*

*ئۇلار مىللەت ئۈچۈن ، ئەۋلادلار ئۈچۈن ، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان .*

5 . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جۈملىنىڭ باش ۋە ئەگەشمە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ .

2) پەرقى :

1 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك مۇئەييەن بىر شەيئىنى ياكى ئۇ شەيئىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىسە ، تەڭداش بۆلەكتىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر باشقا - باشقا شەيئىنى ياكى باشقا - باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ .

2 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك پەقەت ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەكتىن ئىبارەت ئىككىلا بۆلەكتىن





تەركىب تاپىدۇ . تەڭداش بۆلەك تەركىبىدىكى بۆلەكلەرنىڭ سانى بولسا ئىككى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ .

3 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەكنىڭ ھەجمى كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمايدۇ ، يەنى بەزىدە ئىزاھلانغۇچى بۆلەك بىر سۆزدىن تەركىب تاپسا ، ئۇنىڭ ئىزاھلىغۇچى بۆلىكى سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ ؛ بەزىدە ئىزاھلانغۇچى بۆلەك سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپسا ، ئۇنىڭ ئىزاھلىغۇچى بۆلىكى بىر سۆزدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

① *غوجام — ئۇچىسىغا سۆسەر جۇۋا ، بېشىغا قاما تۆپە ، ئىچىگە كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالىستۇك تاقىغان ، يوغان بۇرۇن ، قارا بۇرۇت ، ئاق يۈزلۈك ئادەم غەمكىن ۋە خىيالچان ھالدا كالاسكىدىن چۈشتى .*

② *ھازىر پەرىخەنىڭ قەلبىدىكى ھەدە — سەبىخە مەۋجۇت ئەمەس ، ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سەبىخە ئىسىملىك جادۇگەرلا مەۋجۇت .*

ئەمما ، تەڭداش بۆلەك تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر بىر - بىرىگە نىسبەتەن ھەجىم جەھەتتىن ئومۇمەن باراۋەر بولىدۇ ، يەنى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر ئومۇمەن ياكى پۈتۈنلەي سۆزدىن ، ياكى پۈتۈنلەي سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ .

4 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتە پەقەت ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئوتتۇرىسىغىلا « يەنى » باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلىدۇ . باشقا باغلىغۇچىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . تەڭداش بۆلەكتە بولسا ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىغا ياكى ئاخىرقى بىر بۆلىكىنىڭ ئالدىغا « ۋە ، ھەم ،

ھەمدە ، بىلەن ، شۇنىڭدەك ، شۇنداقلا ، يا ، ياكى » دېگەندەك تۆرلۈك باغلىغۇچىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

## 3 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك بىلەن ئېنىقلىغۇچىنىڭ پەرقى

بەزىلەر ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنى «ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى» دەپ ئاتايدۇ ، مۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس ، چۈنكى مۇنداق دېيىلسە ، كىشىلەردە « ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى » جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بىرى بولغان ئېنىقلىغۇچىنىڭ بىر تۈرى بولسا كېرەك دەيدىغان بىر خىل خاتا قاراشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ . يەنە بەزىلەر بۇ خىل بۆلەكلەرنى ئېنىقلىغۇچىنىڭ بىر تۈرى دەپ قارايدۇ ( بۇ خىل بۆلەكلەرنىڭ دەرسلىكلەردە ئەگەشمە بۆلەكلەر قاتارىدا ئېنىقلىغۇچىنىڭ كەينىگە قويۇلۇشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ ) . ئەمەلىيەتتە ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بىرى بولغان ئېنىقلىغۇچىلاردىن ماھىيەت جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سىنتاكسىسلىق ھادىسىدۇر .

بىرىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك ئىزاھلانغۇچى بۆلەكنىڭ كەينىدە كېلىدۇ . ئېنىقلىغۇچى بولسا ئېنىقلانغۇچى بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، يەنى مېنىڭ قىزىم بىلەن كۈيۈ ئوغلۇم ئۇنى چەت ئەلگە ئاچىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ .*

*② تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن .*

مىسال ① دە « مېنىڭ قىزىم بىلەن كۈيۈ ئوغلۇم » دېگەن ئىزاھلىغۇچى بۆلەك « ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى » دېگەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەكنىڭ كەينىدە كەلگەن بولسا ، مىسال ② دە « تۇرپان





ئويمانلىقىدىكى » دېگەن ئېنىقلىغۇچى بۆلەك « ئايدىڭكۆل » دېگەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەكنىڭ ئالدىدا كەلگەن .

ئىككىنچىدىن ، كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتلىرى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك مۇئەييەن بىر شەيئىنى ياكى بۇ شەيئىنىڭ مۇئەييەن بىر بەلگىسى ، ئورنى ، ۋاقتى ، يۆنىلىشى ، ۋاستىسى ياكى ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ھەر خىل نۇقتىلاردىن ئىپادىلەپ كېلىدۇ . ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك بولسا ئۇنداق ئەمەس ، ئۇلار ئورتاق بىر شەيئىنى ئېنىقلاپ كەلمەيدۇ ، بەلكى ئېنىقلانغۇچى بۆلەك بىر ئوبيېكتنى ، ئېنىقلىغۇچى بۆلەك بولسا ئېنىقلانغۇچى بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىرىنى ياكى تەۋەلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئىشىك ئېچىلدى ، ئەخمەت ـــ قىرغىز يىگىت تاپانچىسىنى غىلىپىغا سالدى .*

*② ئۇلار شەھەرنىڭ جەنۇبىي قاپقىسى ـــ خوتەن دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى .*

*③ بىز يېڭى دەۋردە ـــ ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز .*

*④ تاغنىڭ ھاۋاسى بىردىنلا ئۆزگەردى .*

مىسال ① دە « قىرغىز يىگىت » دېگەن ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن « ئەخمەت » دېگەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك مۇئەييەن بىر ئادەمنى ، مىسال ② دە « خوتەن دەرۋازىسى » دېگەن ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن « شەھەرنىڭ جەنۇبىي قاپقىسى » دېگەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «ـ غا» ئارقىلىق مۇئەييەن بىر يۆنىلىشنى ، مىسال ③ تە « ئىسلاھات

دەۋرى » دېگەن ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن « يېڭى دەۋر » دېگەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى « ـ دە » ئارقىلىق ئەينى بىر ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ، مىسال ④ تە بولسا « ھاۋا » دېگەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك باشقا بىر شەيئىنى ، « تاغنىڭ » دېگەن ئېنىقلىغۇچى ئۇ شەيئىنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن .

ئۈچىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى كۆرۈلۈش شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جۈملىدە مۇئەييەن بىر خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە كېلىدۇ . ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك بولسا جۈملىدە مۇئەييەن بىر گىراماتىكىلىق شەكىلدە ئەمەس ، بەلكى باشقا ـ باشقا گىراماتىكىلىق شەكىللەردە كېلىدۇ . مەسىلەن ، ئالدىنقى مىسال ① دە ھەر ئىككى تەركىب باش كېلىش شەكلىدە ، مىسال ② دە ھەر ئىككى تەركىب « ئالدى » سۆزىگە ئورتاق باغلىنىپ ، يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە ، مىسال ③ تە ھەر ئىككى تەركىب ئورۇن كېلىش شەكلىدە كەلگەن . مىسال ④ تە بولسا ئېنىقلىغۇچى بۆلەك ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ، ئېنىقلانغۇچى بۆلەك باش كېلىش شەكلىدە كەلگەن .

تۆتىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك تەركىبىدىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جۈملىدە مۇئەييەن بىر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ ، يەنى مۇئەييەن بىر جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ . لېكىن ، ئېنىقلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك جۈملىدە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلەلمەيدۇ ، يەنى مۇئەييەن بىر جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدۇ . مەسىلەن :

*① شۇنداق بولسىمۇ ئەنۋەر ئەپەندى ماشىنىسىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە —*





*ۋاڭ قادىر بېغى تەرەپكە ھەيدەتتى .* [illegible]

*② پەرىخە — ئون ئالتە ياشلىق ، گۈزەل ، ھېسسىيات كونترولى ـ*
*قىدىن ئايرىلغان قىز بىرلا چىرقىرىدى ـ دە ، ھوشىدىن كەتتى .*

③ ئۇ ئۆز قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئالغان سوۋغا — سولياۋدىن ياسالغان بىر قونچاقنى جوزىغا قويدى .

*④ مەكتىپىمىزنىڭ دەرۋازىسى قايتا ياسالدى .*

مىسال ① دە ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جۈملىنىڭ ھالىتى ، مىسال ② دە جۈملىنىڭ ئىگىسى ، مىسال ③ تە جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كەلگەن . مىسال ④ تە « مەكتىپىمىزنىڭ » دېگەن بۆلەك جۈملىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى ، « دەرۋازىسى » دېگەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن . شۇ سەۋەبلىك ، جۈملىنىڭ ئىزاھلانغۇچى بۆلىكى قىسقارتىۋېتىلسىمۇ ، ئىزاھلىغۇچى بۆلەك ئىزاھلانغۇچى بۆلەكنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ . ئەمما ، ئېنىقلانغۇچى بۆلەك قىسقارتىۋېتىلسە ، ئېنىقلىغۇچى بۆلەك ئېنىقلانغۇچى بۆلەكنىڭ رولىدا كېلەلمەيدۇ .

بەشىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىش ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جۈملىدە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىدىغان بولغاچقا ، ئوخشاش بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلەلەيدۇ . ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك بولسا جۈملىدە ئوخشاش بىر سوئالغا ئەمەس ، بەلكى باشقا ـ باشقا سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .

ئالتىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ جانلىق تىلدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى

ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جانلىق تىلدا ئىنتوناتسىيە ياكى ئىزاھ باغلىغۇچىسى « يەنى » ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئېيتىلىدۇ ، بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولمايدۇ . ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك بولسا جانلىق تىلدا بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىدۇ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توختاش ياكى تىنىشقا ۋە ياكى « يەنى » سۆزىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .

يەتتىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ يېزىق تىلىدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئوتتۇرىسىغا يېزىقتا سىزىق ياكى تىرناق ۋە ياكى ئىزاھ باغلىغۇچىسى « يەنى » سۆزى ئىشلىتىلىدۇ . ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى بۆلەك ئوتتۇرىسىغا ھېچقانداق تىنىش بەلگىسى ياكى « يەنى » سۆزى ئىشلىتىلمەيدۇ .

سەككىزىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ئورۇنلىرى ئوخشىمايدۇ . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدىمۇ ( ئىگە ، خەۋەردىمۇ ) ، ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىمۇ ( تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ، ھالەتلەردىمۇ ) ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ ، ئېنىقلىغۇچى بولسا جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىنىڭ بىر تۈرىلا ، خالاس .

### 4 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنىڭ تۈرى

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكلەر جۈملە تەركىبىدىكى ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ ئىزاھلاش - ئىزاھلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1) ئىزاھلىق تەڭداش ئىگە : جۈملىدە ئىزاھلىق تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىپ مۇئەييەن بىر شەيئىنى باشقا - باشقا نۇقتىدىن ئىپادىلەيدىغان ، خەۋەر بىلەن ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلىق تەڭداش ئىگە دېيىلىدۇ . مەسىلەن :





① *پەقەت يارانقۇچى كۈچ — ئىنسانلا دۇنياغا خوجىلىق قىلىدىغان بولىدۇ .*

② *بەرا — تىبرىككەك ، تىرىشچان ئىنىسى ئۇلارغا دۇمبىسىنى قىلىپ ، شاتاۋار يوتقاننى يېپىنىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى .*

2) ئىزاھلىق تەڭداش خەۋەر : جۈملىدە ئىزاھلىق تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىدىغان ، مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ھەرىكىتىنى باشقا - باشقا نۇقتىدىن ئىپادىلەپ ، ئىگە بىلەن ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلىق تەڭداش خەۋەر دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

① *سۇلتان بىلەن ماھىرەنىڭ ئون يىللىق ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببىتى ۋەيران بولدى ( ئاجرىشىپ كەتتى ) .*

② *يېزىق قول ئارقىلىق يېزىلىدۇ ( تىزىلىدۇ ) ، كۆز ئارقىلىق ئوقۇلىدۇ ( كۆرۈلىدۇ ) .*

3) ئىزاھلىق تەڭداش تولدۇرغۇچى : جۈملىدە ئىزاھلىق تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىدىغان ، مەلۇم بىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئوبيېكتنى باشقا - باشقا نۇقتىدىن ئىپادىلەپ ، تولدۇرۇلغۇچىغا ( ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە ) ئورتاق باغلىنىپ كېلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلىق تەڭداش تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ قەلبىدە بىر شېرىن سېزىم پەيدا قىلغان شۇ قىزنى — بىر ئوتنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى .*

② *ئاقىلبېك ئىككى زاپاس ئات ( قىبرى بايتال بىلەن قۇلانتاي ) نى كۆرسەتتى .*

③ *لېكىن بىر شەرتىم بار : دەرسلىكىڭنى ئېلىۋالغىن ، مۇھىم*

*ئىشىكنى ، يەنى كېلەر يىللىق ئىمتىھاننى يادىڭدىن چىقىرىپ قويما .*

4) ئىزاھلىق تەڭداش ئېنىقلىغۇچى : جۈملىدە ئىزاھلىق تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىدىغان ، بىر شەيئىنىڭ مۇئەييەن بىر تەۋەلىكى ياكى مۇئەييەن بىر بەلگىسىنى باشقا ـ باشقا نۇقتىدىن ئىپادىلەپ ، بىر ئېنىقلانغۇچىغا ئورتاق باغلىنىپ كېلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلىق تەڭداش ئېنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

① *بۇ قاتتىق ــ پالتا ئۆتمەيدىغان ئوتۇن ئىكەن .*

② *رادىكو ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ قول ئېلىشىپ چىقىپ ، ئاقساقال دىمچونىڭ ، يەنى دەل يېرىم ئەسىر تاغدىن چۈشمىگەن قىرى قاتىلنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ قويدى .*

5) ئىزاھلىق تەڭداش ھالەت : جۈملىدە ئىزاھلىق تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىپ مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ئورنى ، ۋاقتى ، يۆنىلىشى ، ۋاسىتىسى قاتارلىقلارنى باشقا ـ باشقا نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل ياكى سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە ئورتاق باغلىنىپ كېلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلىق تەڭداش ھالەت دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

① *بىز بۇ يەردە ــ ئورمانلىقتا دەرس تەكرار قىلىۋاتىمىز .*

② *ئۇلار شۇ تەرىقىدە كەچ كىرگۈچە ــ كۈن يامالىق تېغى ئۈستىگە يەسلەپ ، ئوت شارىدەك قىزارغان چاغقىچە كۆتتى .*

③ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ــ مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى .





④ *مەن رىكشا ( ئادەم سۆرەيدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋا ) بىلەن كەلدىم .*

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىدۇ :

1 . ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق بىرىكىپ ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ خىل شەكىلدىكى ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكلەر ئومۇمەن كىشىلىك ئالماشلار بىلەن ئالماش سانلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن :

① *بىز ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز .*

② *ئۇلار ئۈچى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيەسىدىن كەلگەن .*

2 . ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك « يەنى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىرىكىپ ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنى ھاسىل قىلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، يەنى مېنىڭ قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇم ئۇنى چەت ئەلگە ئاچىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ .*

② ئۇلار شەھەرنىڭ جەنۇبىي قاپقىسى ، يەنى خوتەن دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى .

3 . ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جانلىق تىلدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ، يېزىقتا سىزىق ياكى تىرناق ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ .

## §4 . جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلەكلىرى

جۈملە تەركىبىدىكى باشقا بۆلەكلەر بىلەن ھېچقانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى بولمايدىغان ، يەنى جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلمەيدىغان سۆز ياكى سۆز

بىرىكمىلىرى جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ .
جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلىكى جۈملە تەركىبىدىكى باشقا بۆلەكلەردىن نۇتۇقتا ئىنتوناتسىيە ( پائۇزا ) ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ . يېزىقتا بولسا پەش ئارقىلىق باشقا بۆلەكلەردىن ئايرىلىپ يېزىلىدۇ . جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلەكلىرى ئۆز ئىچىدىن يەنە قاراتما بۆلەك ، قىستۇرما بۆلەك ۋە ئۈندەش بۆلەكتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**1 . قاراتما بۆلەك**

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ھەمدە سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدە دېيىلىۋاتقان شەخس ياكى شەيئىنى كۆرسىتىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى قاراتما بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ .
قاراتما بۆلەك قارىماققا ئىگىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . لېكىن ئۇ جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيەسى بىلەن ئىگىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . قاراتما بۆلەكلەر ئومۇمەن ياكى جۈملىنىڭ بېشىدا ، ياكى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

① ھوي ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مونچاق ، ماۋۇ سۇتلەرنى ئەكىرىپ پىشۇرۇپ قوي .

② ئوبدان دادا ، سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ قەغەزگە ئىمزا قويالامسەن ؟

③ بۇركۇت تاغا ، ماڭا ھەممە قۇشلاردىن ئېگىز ئۇچۇشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز .

④ كۆكلەم ، بارلىق تەبىئەتكە تېزدىن جان كىرگۈز !





⑤ بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ ، ئايشەم .

**2 . قىستۇرما بۆلەك**

سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ئەھۋالىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى قىستۇرما بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ . قىستۇرما بۆلەك ئومۇمەن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ ، بەزىدە جۈملە ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① تەلىيىمىزگە يارىشا ، سىلەرمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار .

② ئەلۋەتتە ، مەن ئۇنىڭ ئۇكىسى بولىمەن .

③ بەختىمىزگە يارىشا ، بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولدى .

④ بەختكە قارشى ، ئۇ ئوتتۇز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

⑤ ئاداش ، مېنىڭچە ، ھاياتىمىزنى قەدىرلەيدىغان پەيت كەلدى .

⑥ قىسقىسى ، مېنىڭ بۇ « گۈزەل » نى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ئىدى .

⑦ سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقى ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ياخشى .

⑧ بەلكىم ، ئۇ كېتىپ قالغاندۇ ؟

**3 . ئۈندەش بۆلەك**

سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرلەر ھەققىدىكى تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۆلەك

ئۇندەش بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ . ئىملىق سۆزلەر جۈملىدە ئۇندەش بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ ۋە جۈملىگە ئەجەبلىنىش ، زېرىكىش ، سۆيۈنۈش ، نارازى بولۇش ، قورقۇش ، ئىزا تارتىش ، غەزەپلىنىش ، پۇشايمان قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلارنى قوشىدۇ . مەسىلەن :

① *بەللى ، بەللى ، ھارۋىكەشلىكتىن كوڭكا ھەيدەشكە ئۆتۈپسەن - دە .*

② *ۋاي - ۋۇي ، ئەجەبمۇ تۈگىمىدى ئۇنىڭ گېپى .*

③ *پاھ ، بۈگۈن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈپ راسا گەپلىشىۋاپسىلەر - دە ؟*

④ *ۋىيەي ، بۇ ئۈن نېمە بولىدۇ ، ھېچبولمىغاندا خالتىنى توشقۇزۇپ ئالسىڭىزچۇ ؟*

⑤ *ۋايجان ، نېمىدېگەن سەت ھايۋان بۇ !*

⑥ *ۋىيەي ، سىز بىر بويتاق ، مەن بىر تۇل ئايال ، قانداق مېھمان بولىمەن ، ئەمىسە ؟*

⑦ *ئەستاغپۇرۇللا ، مۇشۇ بالىنى قانداق قىلسام بولار !*

⑧ *پاھ ، تازا ۋاقتىدا مېھمان بولۇپ كەپتىمەن - دە !*

## §5 . جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

جۈملە تەھلىل قىلىش دېگىنىمىز ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق رولىنى ئايرىپ كۆرسىتىش ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ





بىرىكىش شەكلى ۋە بىرىكىش مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش دېگەنلىكتۇر .

ئاددىي جۈملىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق رولىنى ئايرىپ كۆرسىتىشتە ھازىر تۆۋەندىكىدەك جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىۋاتىدۇ :

### 1. بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلدا جۈملە بىر تەكشىلىكتە دەپ قارىلىپ ، مۇستەقىل سۆزلەر بىرلىك قىلىنغان ھالدا بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ . بۇ ئاساستا ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ؛ تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتلەر جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ . مەسىلەن :

① *گۈلخان خۇش پېئىللىقى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى .*

② *ئۇكام ئەركىن بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇدى .*

بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى ، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق جۈملىنىڭ غولىنى ئاسان تاپقىلى ، جۈملە تىپلىرىنى ئاسان ئېنىقلىغىلى بولىدۇ . جەريانى ئاددىي ۋە ئېنىق . يەنە بىر جەھەتتىن ، بۇ ئۇسۇلدا جۈملە تىپلىرى جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدىغان بولغاچقا ، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ .

بۇ ئۇسۇلنىڭ كەمچىلىكى شۇ يەردىكى ، بۇ ئۇسۇلدا جۈملە بىر تەكشىلىكتە تەھلىل قىلىنغاچقا ، جۈملىنىڭ تۈز سىزىقلىق ئالاھىدىلىكىگىلا ئېتىبار بېرىلىپ ، قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىگە سەل قارىلىدۇ . نەتىجىدە ، سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رولى تولۇق ئىپادىلەنمەي ، جۈملىنىڭ

ئىچكى قۇرۇلمىسى تولۇق ئېچىلالمايدۇ . مەسىلەن :

*① شامال باھار پەيزىگە چۆمگەن يېزىنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماغقا ئۇرماقتا .*

*② بۇ ئەھۋالنى زۇمرەتخان شۇ كۈنلەردە ھەجەرخان ۋە خەيرىنىساخانلارغا سۆزلەپ بەردى .*

*③ تۇرپاندىن كەلگەن ئادەم كەتتى .*

بۇنىڭدا مىسال ① دىكى « پەيزىگە چۆمگەن » ، مىسال ② دىكى « شۇ كۈنلەردە » ، مىسال ③ تىكى « تۇرپاندىن كەلگەن » دېگەن بىرىكمىلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىدىغان بولساق ، ئۇلاردىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قائىدىلىرىگە خىلاپ بىر ئەھۋالنى بايقايمىز . ئۇ بولسىمۇ ، « ھالەت - ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت » ياكى « ئېنىقلىغۇچى - ھالەتلىك مۇناسىۋەت » مەسىلىسى . بىزگە مەلۇم ، ئۇيغۇر تىلىدا ھالەت پەقەت خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەك . ئۇ ھېچقاچان ئېنىقلىغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەك بولۇپ باققان ئەمەس . يۇقىرىدىكى مىساللاردا بولسا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭمۇ جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنماي ، پەقەت ھەر بىر سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلىگىلا ئېتىبار بېرىلگەنلىكتىن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قائىدىلىرىگە خىلاپ ھالدا « ھالەت - ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت » ياكى « ئېنىقلىغۇچى - ھالەتلىك مۇناسىۋەت » دەيدىغان بىر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈلگەن . ئەمەلىيەتتە بولسا مىسال ① دىكى « باھار »





سۆزى « پەيز » سۆزىگە ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغان ، « باھار پەيزى » دېگەن بۇ ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى گەرچە « -گە » نىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق « چۆم- » دېگەن ئۆتۈمسىز پېئىلغا بىرىكىپ ھالەت - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن « باھار پەيزىگە چۆم- » دېگەن بۇ بىرىكمە سۈپەتداش قوشۇمچىسى « - غان » نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن سۈپەتداش سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان ۋە « يېزا » نى ئېنىقلاپ كەلگەن ، ئاخىرىدا « باھار پەيزىگە چۆمگەن يېزا » دېگەن ئىسىملىك سۆز بىرىكمىسى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى « - نىڭ » ئارقىلىق بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە « ھىدىنى » دېگەن تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ كەلگەن . مىسال ② دىكى « شۇ » دېگەن ئالماش « كۈنلەر » دېگەن سۆز بىلەن بىرىكىپ ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىرىكمە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئورۇن كېلىش ئارقىلىق « سۆزلەپ بەردى » دېگەن خەۋەرگە ئورتاق باغلىنىپ ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن . مىسال ③ تە « تۇرپان » دېگەن سۆز چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئارقىلىق « كەل - » دېگەن ئۆتۈمسىز پېئىلغا بىرىكىپ ھالەت - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىرىكمە سۈپەتداش قوشۇمچىسى « - غان »نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن سۈپەتداش سۆز بىرىكمىسى خاراكتېرىنى ئالغان ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە « ئادەم » دېگەن ئىگىنى ئېنىقلاپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن . دېمەك ، جۈملىنى بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا ، مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى نوقۇل ھالدا جۈملىنى بۆلەكلەرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنسا ، ئۇ ھالدا ، جۈملىلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنى ھەقىقىي ۋە ئېنىق يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ .

### 2 . قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە جۈملىنى تەھلىل قىلغاندا ، ئالدى بىلەن جۈملە ئىگە بۆلەك ۋە خەۋەر بۆلەك دېگەن ئىككى بىۋاستە تەركىبكە ئايرىلىپ ، ئاندىن بۇ بىۋاستە تەركىبلەر يەنە قۇرۇلما قاتلاملىرى بويىچە داۋاملىق تەھلىل قىلىنىدۇ . بىرىنچى قاتلامدا ئايرىلغان بىۋاستە تەركىبلەر جۈملە بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ . ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ··· قاتلاملاردا ئايرىلغان تەركىبلەر جۈملە بۆلەكلىرى ھېسابلانمايدۇ ، بەلكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بۆلەكلىرى ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بۆلەكلىرى دەپ قارىلىدۇ . جۈملىنى قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا ، مەيلى قايسى قاتلام بولسۇن پەقەت ئىككىلا بىۋاستە تەركىبكە ئايرىلىدۇ ( تەڭداش تەركىبلەر بۇنىڭ سىرتىدا ) . مەسىلەن :

① زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس .



② تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن پاختىسى خېلى داڭلىق .



③ ساۋاقداشلار تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە .



④ شامال باھار پەيزىگە چۆمگەن يېزىنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماغقا ئۇرماقتا .







⑤ بىز ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى توغرىسىدا پاراڭلىشايلى دەپ كەلدۇق .



قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى، بۇ ئۇسۇلدا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل ھالدا جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكى تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇسۇل بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا جۈملىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ بېرەلەيدۇ. يەنە بىرى، ئىككى بىسلىق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى پەرقىنى ئېنىق ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ ئوقۇغۇچى ئالىمنىڭ تونۇشىدۇر .



بۇ ئوقۇغۇچى ئالىمنىڭ تونۇشىدۇر .



② ئىككى بالكونلۇق ئۆي بار .



ئىككى بالكونلۇق ئۆي بار .



③ تۈنۈگۈن يوقالغان كىتاب تېپىلدى .



قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇ يەردىكى ، بۇ ئۇسۇلدا جۈملە تەركىبىدىكى ھەرقايسى تەركىبلەر ( بۆلەكلەر ) ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ . شۇڭا ، جۈملە تەھلىل قىلىغاندا ، پەقەت قاتلاملارلا ئايرىلىپ ، ھەرقايسى بىۋاستە تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر كۆرسىتىلمەيدۇ . نەتىجىدە ، قاتلاملىرى ئوخشاش ، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلىرى ئوخشىمايدىغان قۇرۇلمىلار پەرقلەنمەيدۇ . مەسىلەن :

① تىل — ئالاقىلىشىش ۋاستىسى .



② مەن كەچ كېلىمەن .



بۇ ئىككى جۈملىنى كۆزىتىدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ قاتلاملىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئەمەلىيەتتە مىسال ① ئىسىملىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە بولۇپ ، ئۇنىڭ خەۋىرى ئېنىقلىغۇچى ـ ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىسىملىك سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان بولسا ، مىسال ② پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە بولۇپ ، ئۇنىڭ خەۋەر بۆلىكى ھالەت ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى پېئىللىق سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان .

يەنە بىر جەھەتتىن ، بۇ خىل تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى جۈملە بۆلەكلىرى نورمال تەرتىپتە ئورۇنلاشقان ئەھۋالدىلا ، يەنى ئىگىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنىڭ ئالدىدا ، خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنىڭ كەينىدە ، خەۋەرنىڭ





ئالدىدا كەلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئەسقاتىدۇ . ئەگەر خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىپ قالسا ، ئۇنداق جۈملىلەرگە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ چاغلاردا يېزىمىزدا قارا چىراغلار يېقىلاتتى .*

*② بۇ ئەھۋالنى ئالىم تۈنۈگۈن ماڭا سۆزلەپ بەردى .*

*③ چېچەكلىگەن ئۆرۈك شاخلىرىدا قارىغۇجىلار نېمىلەرنىدۇر دورايتتى .*

مىسال ① دە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان « ئۇ چاغلاردا » ، « يېزىمىزدا » دېگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن ھالىتى ئىگىنىڭ ئالدىدا ، مىسال ② دە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان « بۇ ئەھۋالنى » دېگەن تولدۇرغۇچى ئىگىنىڭ ئالدىدا ، مىسال ③ تە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان « چېچەكلىگەن ئۆرۈك شاخلىرىدا » دېگەن ئورۇن ھالىتى ئىگىنىڭ ئالدىدا كەلگەن . مانا مۇشۇنداق جۈملىلەردە قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ .

**3 . قۇرۇلما ـ تەركىبلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى**

قۇرۇلما ـ تەركىبلەر ( بۆلەكلەر ) بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى تۆۋەندىكىچە :

1 . بۇ ئۇسۇلدىمۇ ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت دېگەندەك ئاتالغۇلار بار . لېكىن ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدىكىگە ئوخشىمايدۇ . بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا بۇ بەش تەركىبنىڭ ھەممىسى جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى دەپ قارىلىدۇ . قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا بىرىنچى قاتلامدا بۆلۈنگەن تەركىبلەرلا جۈملىنىڭ بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ . تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ۋە

ھالەتلەر سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بۆلەكلىرى ( جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بۆلەكلىرى ) دەپ قارىلىدۇ . قۇرۇلما ــ تەركىبلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا بولسا جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسى بىر دەك سىنتاكسىسلىق بىرلىك دەپ قارىلىپ ھەم جۈملىگە ، ھەم سۆز بىرىكمىسىگە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

*مەن ئۇنى يېزىغا ماڭدۇردۇم .*

قۇرۇلما ــ تەركىبلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا ، بۇ جۈملە پەقەت « مەن » دېگەن ئىگە بىلەن « ئۇنى يېزىغا ماڭدۇردۇم » دېگەن خەۋەر جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى دەپ قارىلىدۇ . « ئۇنى » سۆزى پەقەت « يېزىغا ماڭدۇردۇم » دېگەن سۆزنىڭلا تولدۇرغۇچىسى ، « ئۇنى يېزىغا ماڭدۇردۇم » دېگەن سۆزنىڭ بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك ، « يېزىغا » سۆزى بولسا ھالەت ــ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى سۆز بىرىكمىسى « يېزىغا ماڭدۇر » نىڭ ھالىتى دەپ قارىلىدۇ . بىرىنچى قاتلامدىكى بىۋاسىتە تەركىبلەر جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى بىۋاسىتە تەركىبلەر بولسا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بۆلەكلىرى ، يەنى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بۆلەكلىرى بولىدۇ . مەسىلەن :

*مەن ئۇنى يېزىغا ماڭدۇردۇم .*




( ئەسكەرتىش : بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا قوللىنىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر ۋە بەزى ھەرپلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق : **i** ــ ئىگە ــ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت ؛ **t** ــ تولدۇرغۇچى ــ تولدۇرۇلغۇچىلىق مۇناسىۋەت ؛ **e** ــ ئېنىقلىغۇچى ــ ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت ؛ **h** ــ ھالەت ــ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت ؛





tɛŋ ــ تەڭداشلىق مۇناسىۋەت .

بۇنىڭدا سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدىكى رولىغا ۋە جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلگەن . بۇ جەھەتتە قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى قوبۇل قىلىنغان .

2 . بۇ خىل ئۇسۇلدا بىر يۈرۈش شەرتلىك بەلگىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ھەرقايسى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . بۇ جەھەتتە بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى قوبۇل قىلىنغان .

3 . بۇ خىل ئۇسۇلدا جۈملە ئادەتتە سۆزگىچىلا تەھلىل قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

① ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسىنى بەلگىلەيدۇ .




② گۈلخان خۇش پېئىللىقى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى .




③ ناخشىسىز ، ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازابلىق .




لېكىن ، بۇ ئۇسۇلنىڭمۇ ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكى بار . ئۇ بولسىمۇ ، يەنىلا خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە بۇ خىل جۈملە تەھلىل قىلىش

ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ . شۇڭا ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىشتا ، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرنى سىنتاكسىسلىق بىرلىك ھېسابلاپ تەھلىل يۈرگۈزۈش بىرقەدەر مۇۋاپىق . بۇ دېگەنلىك جۈملە تەركىبىدە ھەربىر مۇستەقىل سۆز ئۆز ئالدىغا بىر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن بولسا ، سۆزمۇ سۆز تەھلىل يۈرگۈزۈش ، ئەگەر سۆز بىرىكمىلىرى بىر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن بولسا ، سۆز بىرىكمىلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش كېرەك دېگەنلىك . پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ، جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېنىق بولىدۇ ، جۈملە قۇرۇلمىسىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ .

## §6 . جۈملە تۈرى

جۈملە تۈرى جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى بويىچە ئايرىلىدىغان تۈردۇر . جۈملىلەر ئادەتتە ئىنتوناتسىيەسىگە قاراپ بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

### 1 . بايان جۈملە

مۇئەييەن بىر ئوي - پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

بايان جۈملىنىڭ مۇئەييەن ئوي - پىكىرنى تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش خاراكتېرى بولىدۇ . بايان جۈملىدە بايان ئىنتوناتسىيەسى بولىدۇ . يېزىقتا بايان جۈملىلەردىن كېيىن پەش ياكى چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :





*① ھەر قېتىملىق زىيارەتتە ، باشلىق بىلەن ئىككىمىزنىڭ شەرىپىگە قەدەھلەر كۆتۈرۈلەتتى .*

*② خوتەنگە بارغۇچە يولدا جىق جاپا تارتتۇق .*

*③ ئۇ ئىككىنچى قېتىم تۇرۇشقا ئۇرۇندى ، لېكىن بىلىنى مىدىرلىتالمىدى .*

*④ تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالىدۇر .*

*⑤ قادىر — يېزا باشلىقى .*

*⑥ بىزنىڭ يۇرتىمىز ئاجايىپ گۈزەل .*

*⑦ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ ، بايلىقى مول ، ئاھالىسى كۆپ .*

بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى پېئىلدىن تۈزۈلسە ، پېئىللار خەۋەر رايىدا كېلىپ ، جۈملە بايان خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . ئەگەر تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلسە ، جۈملە ھۆكۈملۈك ياكى تەسۋىرلىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدىكى مىساللاردىن مىسال ① ، ② ، ③ لەر بايان خاراكتېرىگە ، مىسال ④ ، ⑤ ، ⑥ لەر ھۆكۈملۈك خاراكتېرگە ، مىسال ⑦ ، ⑧ لەر تەسۋىرلىك خاراكتېرگە ئىگە .

### 2 . سوئال جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر خىل گۇمانىنى ، سوئالىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملىلەر سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

سوئال جۈملىدە جاۋاب تەلەپ قىلىنىدىغان سوئال تۈگۈنى بولىدۇ . سوئال جۈملە سوئال ئىنتوناتسىيەسىگە ئىگە بولىدۇ . سوئال جۈملىنىڭ سوئال تۈگۈنى سوئال ئالماشلىرى ، سوئالنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر ياكى سوئال ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . سوئال جۈملىنىڭ سوئال ئىنتوناتسىيەسى كۈچلۈك ئېيتىلىدۇ ھەم سوئال تۈگۈنىگە چۈشىدۇ . يېزىقتا سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئەگەر بۇ ئادەم راستىنلا سىنى ئىتتىرىۋەتكەن بولسا ، نېمىشقا بېشىڭ تامغا تېگىپ يېرىلمىدى ؟*

*② ئۇلار بىز بىلەن خوشلاشماي كېتىپ قالارمۇ ؟*

*③ ئادەم ياش ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىسە ، ياشلىقنىڭ ئەستە قالغۇدەك نېمە لەززىتى بولسۇن ؟*

سوئال جۈملىلەر ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

1) ئوچۇق سوئال جۈملە : بىرەر ئىشنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئەينەن ( ئېنىق ) بىلىش مەقسىتىدە ئېيتىلىدىغان سوئال جۈملىلەر ئوچۇق سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . ئوچۇق سوئال جۈملىلەر سوئال ئالماشلىرى ياكى « مۇ ، چۇ » يۈكلىمىلىرى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ ياكى بولمىسا سوئال ئىنتوناتسىيەسىدىن تەركىب تاپىدۇ . ئوچۇق سوئال جۈملە ئاڭلىغۇچىدىن ئېنىق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئېتىمنى قەيەرگە باغلايمەن ؟*

*② بۈگۈنكى گېزىت كەلدىمۇ ؟*

*③ سىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلامسىز ؟*

*④ ئۇ تەتىلدە ئۆيگە بارمايدىكەن ، سىزچۇ ؟*

*⑤ بىز بارامدۇق ياكى سىلەر كېلەمسىلەر ؟*

*⑥ قەيسەر دەرسكە كەلمىدى ؟*

*⑦ بۇ يەر ياخشى ئەمەسكەن ؟*

*⑧ — ئۇ كىم بولىدۇ ؟*

*— تۇرسۇن .*

*— تۇرسۇن ؟*

2) گۇمانىي سوئال جۈملە : سۆزلىگۈچىنىڭ گۇمانىي كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان سوئال جۈملىلەر گۇمانىي سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . گۇمانىي سوئال جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ :





a . جۈملىنىڭ خەۋىرىگە « دۇ // تۇ » يۈكلىمىسىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ ئەتە كېلىدىغاندۇ ؟*

*② ئۇلارنىڭ سىنىپىدىكى باللارنىڭ سانى ئوتتۇزدۇ ؟*

*③ سىز بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىسمى سەمەتتۇ ؟*

b . جۈملە خەۋىرىنىڭ تەركىبىدە « مۇ » يۈكلىمىسى كەلگەن ئوچۇق سوئال جۈملىلەرگە « يا ، دۇ » يۈكلىمىلىرىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ تۈنۈگۈن كەتتىمۇيا ؟*

*② ئۇ بۈگۈن كەلمەمدۇيا ؟*

*③ ئۇ قايتىپ كەلگەنمىدۇ ؟*

c . سوئال ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇ تۈردىكى سوئال جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئومۇمەن ئىككىنچى شەخس شەكلىدە كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن :

*① سىزمۇ قەشقەرگە بارغانسىز ؟*

*② غۇلجىدا ئادىلنى ئۇچراتمىغانسىز ؟*

*③ ئۇ يىغىنغا سىزمۇ قاتناشقانسىز ؟*

d . « ـار //ـەر //ـر » ، « ـس » لىق بولۇشسىز سۈپەتداشلاردىن بولغان خەۋەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇلار بىزگە نېمە ھەققىدە سۆزلەپ بېرەر ؟*

*② ئەمدىغۇ شەھەرگە تېگەرمىز ؟*

*③ ئاۋۋال ئۇ سۆزلەر ؟*

*④ ئۇ بىز بىلەن خوشلاشماي كېتىپ قالماس ؟*

e . ئوچۇق سوئال جۈملىنىڭ خەۋىرىگە « قانداق ، نېمە » ئالماشلىرى ( ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئالماشلار مۇشۇ تۈردىكى سوئال جۈملىلەردە يۈكلىمە رولىدا كەلگەن ) نى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① ئاغرىپ قالدىڭمۇ قانداق ؟*

*② ئۇ كەتتىمۇ نىمە ؟*

3) قايتۇرما سوئال جۈملە : سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن بېرىلگەن سوئالغا سوئال شەكلىدە بېرىلىدىغان جاۋابنى ئىپادىلەيدىغان سوئال جۈملىلەر قايتۇرما سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① — دەريادىن قانداق ئۆتىمىز ؟ (ئوچۇق سوئال جۈملە)*
*— كېمە ئارقىلىق ئۆتمەيمىزمۇ ؟ ( قايتۇرما سوئال جۈملە )*
*② — ئويۇنغا سەنمۇ بارامسەن ؟ ( ئوچۇق سوئال جۈملە )*
*— نېمىدەپ بارمايدىكەنمەن ؟ ( قايتۇرما سوئال جۈمله )*
*③ — تەتىلدە ئۆيگە بارامسىز؟ ( ئوچۇق سوئال جۈملە )*
*— ئۆيگە بارماي نەگە باراتتىم ؟ ( قايتۇرما سوئال جۈملە )*

4) ئۇندەش سوئال جۈملە : باشقىلاردىن جاۋاب تەلەپ قىلمايدىغان ، جاۋابى ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان سوئال جۈملىلەر ئۇندەش سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . يېزىقتا بۇ تۈردىكى جۈملىلەردىن كېيىن ئادەتتە ئاۋۋال سوئال بەلگىسى ، ئاندىن ئۇندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

*① نەدىمۇ قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان بار ؟!*
*② مىلىدىن كېچەلەيدىغان بېخىلمۇ بولامدۇ ؟!*
*③ مەن قەدىناس ئاغىنەڭ تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىشنى قىلالمايـ - مەنمۇ ؟ !*

## 3 . بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق ، چاقىرىق ، شوئار ، ئۆتۈنۈش ، ئۈمىد - تىلەك ، مەسلىھەت مەزمۇنىدىكى ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئومۇمەن بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن بولىدۇ . بۇيرۇق جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ قايسى شەخستە كېلىشى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ ، يەنى خەۋىرى بۇيرۇق رايىنىڭ بىرىنچى شەخس





بىرلىكىدە كەلگەن بولسا خالاش مەنىسىنى ، بىرىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن بولسا چاقىرىق مەنىسىنى ، ئىككىنچى شەخس بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن بولسا بۇيرۇق ، ئۆتۈنۈش ، مەسلىھەت مەنىلىرىنى ، ئۈچىنچى شەخس شەكلىدە كەلگەن بولسا بۇيرۇق ، ئۈمىد - تىلەك مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

*① ئەتە ئەتىگەندە كەلسىلە ، تاغا ، مەن مۇشۇ يەردىلا ماشىنىغا سېلىپ قوياي . ( خالاش )*
*② غەم دېگەن شۇنداق بولسا ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى بىلەي . ( ئۆتۈنۈش )*
*③ ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى قوغدايلى ! ( چاقىرىق )*
*④ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسايلى ! ( چاقىرىق )*
*⑤ مۇشۇ تاشلىقتا بىر تانسا قىلايلى ، مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئوينىغان تانسام مۇشۇ بولۇپ قالسۇن . ( تىلەك )*
*⑥ بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالما . ( بۇيرۇق )*
*⑦ ماڭ ، كۆزۈمدىن يوقال ! ( بۇيرۇق )*
*⑧ سىز ۋاقتىدا بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ . ( مەسلىھەت )*
*⑨ يۇقىرى ئۆتسىلە . ( ئۆتۈنۈش )*
*⑩ خالايىق ! ئاڭلىمىدىم ، ئىشىتمىدىم دېمەڭلار ! ھەربىر تۇتۇندىن بىر ئەر ئۆستەڭ چېپىشقا ماڭسۇن ! ( بۇيرۇق )*
*⑪ خۇدايىم مۇشۇ قىزدەك بىر گۈزەلنى ئاتا قىلسۇن ! ( تىلەك )*
*⑫ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن ! ( چاقىرىق )*

بۇيرۇق ، چاقىرىق ، سوئال مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر ئادەتتە كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ . يېزىقتا بولسا بۇ خىلدىكى جۈملىلەردىن كېيىن ئۇندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ ؛ ئۆتۈنۈش ، تىلەك ، ئۈمىد ، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ . يېزىقتا بولسا بۇ خىل جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت ياكى پەش قويۇلىدۇ .

### 4 . ئۈندەش جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتلىق ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدە ئومۇمەن ئىملىق سۆزلەر ياكى « ھە ، دە ، غۇ ( قۇ ) » قاتارلىق ھېس ـ تۇيغۇ يۈكلىمىلىرى بولىدۇ . ئۈندەش جۈملە تەركىبىدىكى ئىملىق سۆزلەر ياكى ھېس ـ تۇيغۇ يۈكلىمىلىرى كونكرېت لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ . ئەمما ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك كۈچلۈك ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ، شۇڭا ئۈندەش جۈملىلەر كۈچلۈك ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ . شۇ سەۋەبلىك ، ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيەسىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ . يېزىقتا ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ .

ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئىملىق سۆزلەر ياكى ھېس ـ تۇيغۇ يۈكلىمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . مەسىلەن :

*① ۋاي ئىسىت ، ئەجەب بىلمەپتىمىز ! ( ئۆكۈنۈش )*

*② يا تەخسىر ، بىزنىڭ گېپىمىزنى سودەك بىلىدىكەنغۇ ! ( ھەيرانلىق )*

*③ ئاپلا ، مەن كىرمىسەم بوپتىكەن ـ ھە ! ( پۇشايمان )*

*④ سەندەك ئىپلاسنى يانچىۋەتسەكمۇ دەردىمىز چىقمايدۇ . ( غەزەپلىنىش )*

*⑤ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ( ئارزۇ ـ ئارمان )*

*⑥ ۋاي ـ ۋۇي ، ئەجەبمۇ تۇگىمىدى ئۇنىڭ سۆزى ! ( بىزار بولۇش )*

بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىدىن ئىبارەت بۇ تۆت تۈرلۈك جۈملە ئاددىي جۈملە تىپىدىمۇ ، قوشما جۈملە تىپىدىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ ، يەنى ئاددىي جۈملە تىپى ئىچىدىمۇ بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ،





بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىلەر بولىدۇ . قوشما جۈملە تىپى ئىچىدىمۇ بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىلەر بولىدۇ .

بەزىلەر يەنە جۈملىنى ۋەقەلىككە بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىن بولۇشلۇق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ ۋە ۋەقەلىك تەستىقلىنىدىغان جۈملىنى بولۇشلۇق جۈملە دەپ ، ۋەقەلىك ئىنكار قىلىنىدىغان جۈملىنى بولۇشسىز جۈملە دەپ ئاتايدۇ .

| ***بولۇشلۇق جۈملە*** | ***بولۇشسىز جۈملە*** |
|---|---|
| *بىز ئەتە ئوقۇۋىمىز .* | *بىز ئەتە ئوقۇمايمىز .* |
| *ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى بار .* | *ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى يوق .* |
| *ماھىنۇر ـــ ئوقۇتقۇچى .* | *ماھىنۇر ئوقۇتقۇچى ئەمەس .* |

بولۇشلۇق جۈملە بىلەن بولۇشسىز جۈملە ئاددىي جۈملە تىپىدىمۇ ، قوشما جۈملە تىپىدىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ ، يەنى ئاددىي جۈملە تىپى ئىچىدىمۇ بولۇشلۇق جۈملە بىلەن بولۇشسىز جۈملە بولىدۇ ، قوشما جۈملە تىپى ئىچىدىمۇ بولۇشلۇق جۈملە بىلەن بولۇشسىز جۈملە بولىدۇ .

# ئۈچىنچى باب

# جۈملە تىپى ــ ئاددىي جۈملە

## §1 . ئاددىي جۈملە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1 . ئاددىي جۈملىنىڭ ئېنىقلىمىسى

سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ ، تولۇق ئاياغلاشقان يەككە ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ .*

*② ھورۇن ئادەم يەرگىمۇ ئېغىر يۈك .*

*③ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق .*

*④ ئۇ ھازىر ئۇرۇمچىدە .*

*⑤ گۈلسۈم تىرىشچان ئوقۇغۇچى .*

*⑥ ئۇلارنىڭ سانى ئوتتۇز .*

*⑦ ھالال بىلەن ھارامنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار .*

*⑧ بۇنداق ئاقىۋەتنى كۆرگۈم يوق .*

### 2 . ئاددىي جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئاددىي جۈملە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 . ئاددىي جۈملىدە بىرلا قۇرۇلما مەركىزى بولىدۇ . ئۇ سۆز بىلەن سۆز ، سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسى ، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسى ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق ( سىنتاكسىسلىق ) مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مەسىلەن :





*① بۇ قىز مەتۇمۇ ياكى تەتۇرمۇ ؟*

*② پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ، ئىختىساسلىقلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزگىرىپ ۋە ئىستېمال جەھەتتىكى ئېھتىياجى ئېشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ھەممىلا قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلەش بىز ياشلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى .*

2 . ئاددىي جۈملىدە بىرلا بايانىي مۇناسىۋەت بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇ بىرلا ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

*① ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلمەسلىك قوش بىلىمسىزلىكتۇر .*

*② ئادىل كۆزى كۆرمەيدىغان ، قولى تۇتمايدىغان بىرسى بىلەن توي قىپتۇ .*

*③ ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى .*

3 . ئاددىي جۈملە تارماق جۈملىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ياكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنمايدۇ . ئەگەر ئۇ تارماق جۈملىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا ياكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنسا ، ئاددىي جۈملە ئەمەس ، بەلكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

*① بىز باردۇق ، ئۇلار بارمىدى .*

*② كېرىم بوينىتاق گويا توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ يۇ ، شۇ ھامان يەنە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك ئورۇندۇققا لاسسىدە چاپلىشىپ قالدى .*

4 . ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلەنمەيدۇ . ئۇ بىر سۆزدىنمۇ ، بىر سۆز بىرىكمىسىدىنمۇ ، ھەتتا نۇرغۇن سۆز ياكى نۇرغۇن سۆز بىرىكمىلىرىدىنمۇ تۈزۈلۈشى مۇمكىن . مەسىلەن :

① — ماشىنا !

② — قانداق ئوقۇۋاتىسەن ؟

— خېلى ياخشى .

③ مانا مۇشۇ چاغدا بالىلىقىمدا تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ مەھەللىمىزدىكى بىرقانچە « قۇلاق كەستىلەر » گە « سۇ بويىدا » رومانىدىكى ۋەقەلەرنى نەزمىلىرى بىلەن قوشۇپ يادلاپ بەرگەنلىرىمنىڭ ، تولۇقسىزنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپلا ئاڭلىغانلىكى ناخشا - قوشاقلارنى يېزىپ ، توپلاپ ساقلىغانلىرىمنىڭ ، ياتاقچىلىقتا باشقىلارغا دەخلى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىم ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، شام يورۇقىدا شېئىر يازغانلىرىمنىڭ ، كۈن بويى شېئىر يازغىنىمغا تۇشلۇق بىرەر پارچە ئەسىرىمنىڭ ئېلان قىلىنمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشقان بىر ساۋاقدىشىمنىڭ « مەن تەھرىر بولمىغۇچە سېنىڭ شېئىرلىرىڭ ئېلان قىلىنمايدۇ » دەيدىغان سەممىي چاقچاقلىرىنىڭ ، خىزمەتكە يېڭى چىققان مەزگىللەردە مەكتىپىمىزدىكى بىرقانچە ھەۋەسكارلارنى ئەگەشتۈرۈپ ، « ئابرال ئۈمىدلىرى » ئىجادىيەت كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىت بىلەن چۇلۇقايدىن غۇلجا شەھىرىگە بىرقانچە قېتىم كىرىپ - چىققانلىرىمنىڭ ، يەنە قانداقتۇر مۇشۇ يولدىكى تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ھەممە ، ھەممىسىنىڭ ··· ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك بولدى .

ئاددىي جۈملە ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ ئاساسلىق ئالاقە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ . ئاددىي جۈملە قوللىنىلغاندا ، ئوي - پىكىر چۈشىنىشلىك بولىدۇ . ئاددىي جۈملە دىيالوگلاردا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپ قوللىنىلىدۇ .





## §2 . جۈملە تىپى ھەققىدە چۈشەنچە

### 1 . جۈملە تىپىنىڭ ئېنىقلىمىسى

جۈملىلەرنى ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل قىلىشتىن ھاسىل قىلىنغان سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما قېلىپى ياكى قۇرۇلما نۇسخىسى جۈملە تىپى دەپ ئاتىلىدۇ ، مەسىلەن :

① باللار تاماق يەۋاتىدۇ .

② مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن .

③ باشقىلار مۇسابىقە كۆرۈۋاتىدۇ .

..........................................

مانا بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلساق ۋە ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلارنى يىغىنچاقلىساق ، بۇلارنىڭ « ئىگە - تولدۇرغۇچى - خەۋەر » لىك جۈملە تىپىغا كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

① ئۈرۈمچى — شىنجاڭنىڭ مەركىزى .

② پاشا ئىشان — داڭلىق ناخشىچى .

③ ل . مۇتەللىپ — شائىر .

..........................................

مانا بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلساق ۋە ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلارنى يىغىنچاقلىساق ، بۇلارنىڭ « ئىگە - خەۋەر » لىك جۈملە تىپىغا كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

① سېنى تۇتۇپ بەرمىسەم ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ .

② ئۆزۈڭ كەلسەڭ ، بېرىمەن .

③ ئۇلار كەلمىگەن بولسا ، ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىيالمىغان بولاتتۇق .

..........................................

مانا بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلساق

ۋە ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلارنى يىغىنچاقلىساق ، ئۇلارنىڭ « شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە » تىپىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

① مېنىڭ جېنىم تېنىمدە ئەمەس ، شۇڭلاشقا ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرمەن .
② بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ، شۇڭا بىر پۇختا تەييارلىق قىلدۇق .
③ قۇلىقىمنىڭ قۇرۇق گەپ بىلەن خۇشى يوق ، شۇڭا پاختا تىقىۋالدىم .
……………………………

مانا بۇ جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلساق ۋە ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلارنى يىغىنچاقلىساق ، بۇ جۈملىلەرنىڭ « سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە » تىپىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

## 2 . جۈملە تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1 . جۈملە تىپى ئابستراكتلىقتا ئىگە بولىدۇ . ھەر قانداق بىر تىلدا كونكرېت جۈملىلەرنىڭ سانى چەكسىز بولىدۇ . ھەرقانداق بىر تىلدىكى ئەنە شۇنداق سانسىزلىغان كونكرېت جۈملىلەرنى سانى تولىمۇ چەكلىك بولغان تىپلارغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، جۈملە تىپى سانسىزلىغان كونكرېت جۈملىلەرگە نىسبەتەن ئابستراكت بولىدۇ . دېمەك ، جۈملىنىڭ سانى چەكسىز ، جۈملە تىپىنىڭ سانى چەكلىك بولىدۇ .

2 . جۈملە تىپى ھاسىلچانلىقتا ئىگە بولىدۇ . چۈنكى ، كىشىلەر شۇ چەكلىك جۈملە تىپىنى ئىگىلىۋالغان ھامان ، شۇ جۈملە تىپىنىڭ ھەربىر ئورنىغا ئوخشاش گىراماتىكىلىق رولغا ئىگە سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ئۇ جۈملە تىپىدىن سانسىزلىغان جۈملىلەرنى ھاسىل قىلالايدۇ .

3 . جۈملە تىپى سىستېمىلىقلىقتا ، قاتلاملىقلىقتا ئىگە بولىدۇ . چۈنكى ، جۈملە تىپى بىلەن جۈملە تىپى ئورگانىك





بىرىكىدۇ . يۇقىرى قاتلامدىكى جۈملە تىپى ئىچىدە ئوتتۇرا قاتلامدىكى جۈملە تىپى بولىدۇ ، ئوتتۇرا قاتلامدىكى جۈملە تىپى ئىچىدە تۆۋەن قاتلامدىكى جۈملە تىپى بولىدۇ . ئەنە شۇنداق يۇقىرى ، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى جۈملە تىپلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان جۈملە تىپى سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ . شۇڭا ، ھەربىر جۈملە تىپى شۇ تىلدىكى جۈملە تىپى سىستېمىسىدا ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، ئۇ قايسى قاتلامدا بولسا ، شۇ جۈملە تىپى تۈرىگە مەنسۇپ بولىدۇ .

## 3 . جۈملە تىپى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئامىللار

كونكرېت جۈملىلەر دائىم نۇرغۇن ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى جۈملە تىپىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتسە ، يەنە بەزىلىرى جۈملە تىپىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . شۇڭا ، جۈملە تىپى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە جۈملە تىپىغا مۇناسىۋەتسىز ياكى جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئامىللار نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى كېرەك . جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 . جۈملە ئىنتوناتسىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئامىللار . مەسىلەن : بايان ، سوئال ، بۇيرۇق ، ئۈندەش ، تەكىتلەش قاتارلىق ئامىللار ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەر جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . مەسىلەن :

① قادىر كەلدى . ( بايان )
② قادىرمۇ كەلدى . ( تەكىت ھەم بايان )
③ قادىر كەلدىمۇ ؟ ( سوئال )
④ قادىر كەلدى ؟ ( سوئال )
⑤ قادىرمۇ كەلدىمۇ ؟ ( تەكىت ھەم سوئال )

*⑥ قادىر كەلسۇن . ( بۇيرۇق )*

*⑦ قادىر كەلدى ! ( ئۈندەش )*

بۇ يەتتە جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى ۋە تەكىتلەش نۇقتىسى گەرچە بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملە تىپى ئوخشاش بولۇپ ، ئۇلار ئوخشاشلا « ئىگە - خەۋەرلىك » جۈملە تىپىغا كىرىدۇ .

2 . جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلەكلىرى ، مەسىلەن ، قاراتما بۆلەك ، قىستۇرما بۆلەك ۋە ئۈندەش بۆلەكلەر جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . مەسىلەن :

*① ھەي كۆپچىلىك ، ئەڭ ياخشىسى ، سىلەر ئادىلنى ئەكېتىڭلار .*

*② ئەپسۇسكى ، سىلەر ئادىلنى ئەكېتىپسىلەر .*

*③ ھەي ئىسىت ، سىلەر ئادىلنى ئەكېتىپسىلەر ئەمەسمۇ ؟*

مانا بۇ جۈملىلەر تەركىبىدىكى « ھەي كۆپچىلىك » دېگەن قاراتما بۆلەك ، « ئەڭ ياخشىسى » ، « ئەپسۇسكى » دېگەن قىستۇرما بۆلەك ۋە « ھەي ئىسىت » ، « ئەمەسمۇ » دېگەن ئۈندەش بۆلەكلەر جۈملە تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىلسىمۇ ، ئۇ جۈملىلەر ئوخشاشلا « ئىگە - تولدۇرغۇچى - خەۋەر » تىپلىق جۈملە بولىۋېرىدۇ .

3 . رولى ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئورۇنلىرى ئالماشتۇرۇلسا ، جۈملە تىپىغا تەسىر يەتمەيدۇ . مەسىلەن :

*① پەرىدە شېرىنگۈلنى تونۇيدۇ .*

*شېرىنگۈل پەرىدەنى تونۇيدۇ .*

*② ئۈرۈمچى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى .*

*شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچى .*

4 . جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ نورمال تەرتىپى تەكىتلىمەكچى بولغان نۇقتىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلسىمۇ جۈملە تىپىغا تەسىر يەتمەيدۇ . مەسىلەن :





*① قىنىڭغا پاتمايدىغان چوكان - دە ، سەن .*

*سەن قىنىڭغا پاتمايدىغان چوكان - دە .*

*② كۆرەرمىز ئۇنىڭ بىكاردىن - بىكارغا قوش - كالا بېرىپ تۇرغىنىنى .*

*ئۇنىڭ بىكاردىن - بىكارغا قوش - كالا بېرىپ تۇرغىنىنى كۆرەرمىز .*

5 . جۈملە بۆلەكلىرى كېڭەيتىلسە جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . بەش تۈرلۈك جۈملە بۆلىكى ئىچىدە ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى جۈملە تىپىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر ھېسابلىنىدۇ . ئېنىقلىغۇچى بىلەن ھالەت بولسا ئادەتتىكى ئەھۋالدا جۈملە تىپىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىر سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىگە ياكى خەۋەر ياكى تولدۇرغۇچى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن ، بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ گىراماتىكىلىق رولى ئەسلىدىكى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق رولى بىلەن يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ . شۇڭا ، جۈملە تىپى ئۆزگەرمەيدۇ . مەسىلەن:

*① ئەركىن كىتاب ئوقۇيدۇ .*

*② ئۇكام ئەركىن بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ .*

بۇ جۈملىلەردىكى « ئەركىن » بىلەن « ئۇكام ئەركىن » نىڭ ، « كىتاب » بىلەن « بۇ كىتاب » نىڭ، « ئوقۇيدۇ » بىلەن « قىزىقىپ ئوقۇيدۇ » نىڭ گىراماتىكىلىق رولى ئوخشاش . شۇڭا ، ئۇ ئىككى جۈملە ئوخشاشلا « ئىگە - تولدۇرغۇچى - خەۋەر » تىپلىق جۈملىلەر ھېسابلىنىدۇ .

6 . جانلىق تىلدا بەزى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى جۈملە تىپىنىڭ ئايرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ، يەنى تولۇقسىز جۈملە بىلەن تولۇق جۈملە ئوخشاش بىر جۈملە تىپى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

— *مەن ئۇنى بايا كۆردۈم .*

— *كىمنى ؟*

— *نۇرمانىنى .*

بۇلاردىكى « كىمنى » ، « نۇرمانىنى » دېگەن تولۇقسىز جۈملىلەر « سەن كىمنى كۆردۈڭ » ، « مەن نۇرمانىنى كۆردۈم » دېگەن جۈملە بىلەن بىردەك جۈملە بولىدۇ ، يەنى « ئىگە – تولدۇرغۇچى – خەۋەر » تىپلىق جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

### 4 . جۈملە تىپىنىڭ قاتلاملىقلىقى

جۈملە تىپى قاتلاملىقتا ئىگە بولىدۇ . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنى تۆۋەندىكىدەك بەش قاتلام بويىچە تىپلارغا ئايرىشقا بولىدۇ :

بىرىنچى قاتلامدا ، جۈملىلەر ئاۋۋال ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دېگەن ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىلىدۇ .

ئىككىنچى قاتلامدا ، ئاددىي جۈملە ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە دېگەن ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ ، قوشما جۈملە بولسا تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ .

ئۈچىنچى قاتلامدا ، ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ئىسىملىق ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ، سۈپەتلىك ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ، سانلىق ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ، تەقلىد سۆزلۈك ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ۋە پېئىللىق ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە دېگەن بەش تىپقا بۆلۈنىدۇ . ئىگىسىز جۈملە ئىسىملىق ئىگىسىز جۈملە ، سۈپەتلىك ئىگىسىز جۈملە ، پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە ، ئالاھىدە ئىگىسىز جۈملە دېگەن تۆت تىپقا بۆلۈنىدۇ . تەڭداش قوشما جۈملە باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ۋە باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تىپقا





بۆلۈنىدۇ . بېقىندىلىق قوشما جۈملە شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، تاللانما مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن ئالتە تىپقا بۆلۈنىدۇ .

تۆتىنچى قاتلامدا ، ئىسىملىق ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ئۆز ئىچىدىن بەش كىچىك تىپقا ، پېئىللىق ئىگە – خەۋەرلىك جۈملە ئۆز ئىچىدىن تۆت كىچىك تىپقا ، پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە ئۆز ئىچىدىن بەش تىپقا بۆلۈنىدۇ . باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە بىرىكتۈرگۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، كۈچەيتكۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، تاللانما مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، ئۇلانمىلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ۋە يەكۈن مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن سەككىز كىچىك تىپقا ؛ باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ئۆز ئىچىدىن بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ، قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ، سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ، تاللانما مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ۋە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن بەش كىچىك تىپقا بۆلۈنىدۇ . بېقىندىلىق قوشما

جۈملىنىڭ شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، تاللانما مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن ئالتە تىپى يەنە ئۆز ئىچىدىن سانى ئوخشاش بولمىغان كىچىك تىپلارغا بۆلۈنىدۇ .

بەشىنچى قاتلامدا ، پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپى ئىچىدىكى « ئىگە ـ ھالەت ـ خەۋەر » قۇرۇلمىلىق جۈملە تىپى يەنە ئۆز ئىچىدىن بەش تىپقا بۆلۈنىدۇ . باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ بىرىكتۈرگۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، كۈچەيتكۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، تاللانما مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ، ئۇلانمىلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ۋە يەكۈن مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن سەككىز تىپى يەنە ئۆز ئىچىدىن سانى ئوخشاش بولمىغان كىچىك تىپلارغا بۆلۈنىدۇ . باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ، قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ، تاللانما مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ۋە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن بەش تىپى يەنە ئۆز ئىچىدىن سانى ئوخشاش بولمىغان كىچىك تىپلارغا بۆلۈنىدۇ .





## §3 . ئاددىي جۈملىنىڭ تىپلىرى

ئاددىي جۈملىلەر ئادەتتە ئىگە ـ خەۋەرلىك قۇرۇلمىغا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە ، ياكى شۇ ئىگە ـ خەۋەرلىك قۇرۇلمىسىنىڭ مۇستەقىل ھالدا جۈملە ھاسىل قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىغا ئاساسەن ئاۋۋال ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە دېگەن ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ .

### 1 . ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە

ئىگە بىلەن خەۋەردىن ئىبارەت ئىككى بىۋاستە تەركىبكە پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولىدىغان جۈملە ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، تەركىبىدە ئىگە بۆلەك بىلەن خەۋەر بۆلەكنىڭ ھەر ئىككىسى بار بولغان جۈملىلەر ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ھېسابلىنىدۇ . بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ يادرو قىسمى ھېسابلىنىدۇ . ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەرنى يەنە جۈملە خەۋىرىنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بەش تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ .

1) ئىسىملىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە : خەۋىرى ئىسىم ياكى ئىسىملىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۈملىلەر ئىسىملىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە تۈرلۈك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلەلەيدۇ . شۇڭا ، ئىسىملىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەرنى خەۋىرىنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلىگە قاراپ يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ :

(1) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( باش كېلىشتە كەلگەن

ئىسىم ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم باش كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئادىل — ئىشچى .*

② *ئاكام — ئوقۇتقۇچى .*

③ *سۇ ئانىسى — بۇلاق ، سۆز ئانىسى — قۇلاق .*

④ *تەنقىد دېگەن تەنقىد .*

(2) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم ئورۇن كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىكتە .*

② *قاسىم ھازىر ئۈرۈمچىدە .*

③ *ئۇنىڭ دادىسى قەشقەردە .*

(3) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم چىقىش كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *مەن غۇلجىدىن ، بۇ ئىككىيلەن ئاقسۇدىن .*

② *ئۇنىڭ مۇكچىيىپ كېتىشى پۈتۈنلەي قايغۇدىن .*

③ *ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئەخمەقتىن .*





(4) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *بۇ كىتاب نىجاتنىڭ .*

② *بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ .*

(5) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە ئىسىم ـ تىركەلمىلىك سۆز بىرىكمىسى خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن .*

② *ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى پەقەت خىزمەت توغرۇلۇقلا ئىدى .*

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، خەۋىرى ئىسىملىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىملىك سۆز بىرىكمىسى قايسى خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە كەلسە ، ئۇ جۈملە خەۋىرى شۇ خىل گىراماتىكىلىق شەكىلدە كەلگەن جۈملە تىپىغا كىرىدۇ ، يەنى ئىسىملىك سۆز بىرىكمىسى باش كېلىش شەكلىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە ( 1) تىپقا ، ئورۇن كېلىش شەكلىدە كەلسە ( 2) تىپقا ، چىقىش كېلىش شەكلىدە كەلسە ( 3) تىپقا ، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە كەلسە ( 4) تىپقا ، ئىسىم ـ تىركەلمە شەكلىدە كەلسە ( 5) تىپقا مەنسۇپ بولىدۇ . لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملىك سۆز بىرىكمىلىرى كۆپ ھاللاردا باش كېلىش شەكلىدە جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئادەتتە ئىسىملىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىنىڭ

(1) تىپىغا كىرىدۇ . مەسىلەن :

① بىزنىڭ يېزا ھاۋاسى ساپ ، مەنزىرىسى گۈزەل جاي .

② بۇ يىل ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالىدىغان يىل .

③ بېلىق ـــ سۇدا ياشايدىغان ھايۋان .

④ كۆزدىن نېرى ـــ كۆڭۈلدىن نېرى .

⑤ ئاتىلار سۆزى ـــ ئەقىلنىڭ كۆزى .

⑥ قۇم يەر ـــ شۇم يەر .

⑦ ئارقامدىن دېگەنلەر ـــ تېزىكىمنى يېگەنلەر .

تۆۋەندىكىدەك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەرمۇ ئىسىملىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملەر تىپىغا كىرىدۇ .

① ۋاقىتنىڭ كەتتى ـــ بەختىنىڭ كەتتى .

② قان چىقتى ـــ جان چىقتى .

2) سۈپەتلىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە : سۈپەت ياكى سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىلىرى خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەر سۈپەتلىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① يىگىت شوخ ، كۆڭۈلچەك ، مىجەزى يېنىك ئىكەن .

② ئەنۋەرنىڭ دېگىنى توغرا .





③ مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار .

④ ئالىمجان تاماققا بەك ئۇستا .

⑤ ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىن .

⑥ ئۇ مەندىن ئېگىز .

⑦ ئالىم ئادىلدىن چوڭ .

⑧ مەن پولۇغا ئۆچ .

⑨ قادىر خەنزۇچىدا ناچار .

يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۈپەتلەرنىڭ بەزىلىرى باش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن بولسا ، بەزىلىرى بېرىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسمىنى ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئورۇن كېلىش شەكلىدىكى ئىسمىنى ، يەنە بەزىلىرى بولسا چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسمىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن . شۇڭا ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ قانداق گىراماتىكىلىق شەكىلدە كەلگەن ئىسىملارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدىغانلىقى ۋە سۈپەتلەرنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ئىنچىكە تەتقىق قىلىنسا ، سۈپەتلىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە تىپلارغا بۆلۈش مۇمكىن .

يەنە بەزىدە سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۆزدە يوق — ئالەمدە يوق .*

② *كۆزدىن يىراق — كۆڭۈلدىن يىراق .*

3) سانلىق ( سان - مىقدارلىق ) ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە : سان ياكى سان - مىقدار بىرىكمىلىرى خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملە سانلىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇنىڭ ھەقىقىي يېشى ئاتمىش .*

② *بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئوتتۇز .*

③ *بۇ كىتابنىڭ باھاسى 15 يۈەن .*

④ *ئۇ ماڭا بەرگەن گېزىت تۆت نۇسخا .*

4) تەقلىد سۆزلۈك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە : خەۋىرى تەقلىد سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر تەقلىد سۆزلۈك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك .*

② *بۇ يەر بەك لۆم - لۆم ئىكەن .*

③ *خېمىرنىڭ نېمىشقا مىچ - مىچ ؟*

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، خەۋىرى ئالماشلاردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئالماش قايسى سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن بولسا ، ئۇ جۈملە خەۋىرى شۇ سۆز تۈركۈمىدىن تەركىب تاپقان جۈملە تىپىغا مەنسۇپ بولىدۇ ، يەنى ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن





ئالماشلار خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىسىملىك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا ، سۈپەتنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلار خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر سۈپەتلىك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا ، سان ياكى سان - مىقدارلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلار خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر سانلىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا مەنسۇپ بولىدۇ . خەۋىرى ئىسىمداشلاردىن تەركىب تاپقان جۈملىلەردە ئىسىمداشلار ئىسىم خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغان بولغاچقا ، ئۇلار ئىسىملىك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا كىرىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇنى قۇتقۇزغان سەن ئەمەس .*

② *بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ .*

③ *مەن ئىزدەۋاتقان ئادەم مۇشۇ شۇ .*

④ *ئۇلارنىڭ سانى قانچە ؟*

⑤ *بۇ ئىشنى تېرىغان ئۆزۈڭ .*

⑥ *ئۇنىڭ مىجەزى قانداق ؟*

5) پېئىللىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە : خەۋىرى پېئىلدىن تۈزۈلگەن جۈملە پېئىللىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تىپتىكى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىك بولىدۇ : بىرى ، جۈملىنىڭ ئىگىسى چۈشۈپ قالسىمۇ جۈملىنىڭ ئىگە - خەۋەرلىك تىپى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ . چۈنكى، جۈملىنىڭ ئىگىسى خەۋەر سۈپىتىدە كەلگەن پېئىلنىڭ شەخس قوشۇمچىسىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ . يەنە بىرى ، تولدۇرغۇچى

بىلەن چىقىش كېلىش ، ئۇرۇن كېلىش ۋە بېرىش كېلىش شەكلىدە كېلىپ ، ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاسىتە باغلانغان ھالەت جۈملە تىپىنىڭ زۆرۈر بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ . پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەرنى يەنە ئۆز ئىچىدىن تۆۋەندىكىدەك كىچىك تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ .

(1) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ تولدۇرغۇچى ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( ئۆتۈملۈك پېئىل ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تەركىب تاپىدۇ ھەم تەركىبىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ . مەسىلەن :

① *باللار بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ تاماقنى چاينىماي يۇتۇشاتتى .*

② *پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرى بىرنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ .*

③ *بىز كېچە ـ كۈندۈز بىللە ئىشلەپ ، راھەتنىمۇ ، جاپانىمۇ بىللە كۆرەتتۇق .*

④ *جۇمەنىڭ نام ـ ئەملىنى ھېچكىم سەندەك بىلمەس .*

⑤ *ئەمىسە ( سىلەر ) نېمانچە كۆپ ئالىسىلەر گۆش ، توخۇنى .*

⑥ *ئۇكام تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ .*

(2) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ ھالەت ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( ئۆتۈمسىز پېئىل ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ ھەم تەركىبىدە بېرىش ـ كېلىش ، چىقىش كېلىش ، ئۇرۇن كېلىش ، چەك كېلىش ۋە « ئىسىم ـ تىركەلمە » شەكلىدە كەلگەن ھالەت بولىدۇ . شۇڭا بۇ جۈملە تىپىنى يەنە





ئۆز ئىچىدىن تۆۋەندىكىدەك كىچىك تىپلارغا ئايرىشقا بولىدۇ :

a . ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ ھالەت ( تۇرغۇن سۆز + غا ) ـ خەۋەر ( ئۆتۈمسىز پېئىل ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تەركىب تاپىدۇ . ھالەت بولسا بېرىش كېلىش شەكلىدىكى تۇرغۇن سۆزدىن ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

① *كېلەر ئايدا مەن خوتەنگە بارىمەن .*

② *ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۇشۇۋاتقان ئۇششۇك يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى .*

③ *ئۇ ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىغا كەتكەن .*

b . ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ ھالەت ( تۇرغۇن سۆز + دىن ) ـ خەۋەر ( ئۆتۈمسىز پېئىل ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تەركىب تاپىدۇ ، ھالەت بولسا چىقىش كېلىش شەكلىدىكى تۇرغۇن سۆزدىن ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

① *بۇ ئوقۇغۇچىلار قەشقەردىن كەلگەن .*

② *( مەن ) ئاتىنىمۇ ، ئاتىدىنىمۇ ئايرىلدىم .*

③ *مەن ئاچچىق ، زەردە گەپلەر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيگە كىرىشتىن ۋاز كەچتىم .*

④ *ئاتۇشتىن تىجارەتچىلەر كۆپ چىقىدۇ .*

c . ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ ھالەت ( تۇرغۇن سۆز + دا ) ـ خەۋەر ( ئۆتۈمسىز پېئىل ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ . ھالەت بولسا ئورۇن كېلىش شەكلىدىكى تۇرغۇن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

① *ماھىنۇر ھازىر ئۆرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ .*

② *بىر مەيدان جىددىي جەڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا باشلاندى .*

③ *دادام كۆمۈر كانىدا ئىشلەيدۇ .*

d . ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ ھالەت ( تۇرغۇن سۆز + غىچە ) ـ خەۋەر ( ئۆتۈمسىز پېئىل ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ . ھالەت بولسا چەك كېلىش شەكلىدىكى تۇرغۇن سۆزدىن ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

① *ئۇنىڭ يۈزى قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى .*

② *سىز بىرىنچى بەتتىن ئۇچىنچى بەتكىچە ئوقۇڭ .*

③ *مەن بۇ قېتىم خوتەنگىچە باردىم .*

e . ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ ھالەت ( ئىسىم ـ ئىركەلمە قۇرۇلمىسى ) ـ خەۋەر ( ئۆتۈمسىز پېئىل ) تىپلىق جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ ، ھالەت بولسا « ئىسىم ـ ئىركەلمە » قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

① *بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز .*





② *بۈگۈن خىزمەت پىلانى توغرۇلۇق مۇزاكىرىلەشتۇق .*

③ *ئۇلار تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشتى .*

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئۇيغۇر تىلىدا بەزى پېئىللار ھەم ئۆتۈملۈك ، ھەم ئۆتۈمسىز بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ تۈردىكى پېئىللار جۈملىدە ئۆتۈملۈك مەنىسىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە ، پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپى ئىچىدىكى (1) تىپقا تەۋە بولىدۇ . ئەگەر جۈملىدە ئۆتۈمسىز مەنىسىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە ، پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپى ئىچىدىكى (2) تىپقا تەۋە بولىدۇ . مەسىلەن :

a . *ئۇكام كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ .*

b . *ئۇكام ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ .*

a . *ئۇ تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ .*

b. *ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ .*

بۇلاردىن a مىسالدىكى جۈملىلەر پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىنىڭ (1) تىپىغا ، b مىسالدىكى جۈملىلەر (2) تىپىغا كىرىدۇ .

(3) ئىگە ( تۇرغۇن سۆز ) ـ خەۋەر ( پېئىل ) تىپلىق جۈملىلەر : بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە پېئىللارنىڭ مەنىسى ھەرىكەت سۇبيېكتىنىڭ ئۆزىدىلا چەكلىنىدۇ ، يەنى بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان پېئىل ئومۇمەن باش كېلىشتە كېلىدىغان سۆزنى تەلەپ قىلىدۇ . مەسىلەن :

① *توختىئاخۇن قېرىدى .*

② *قويلار قوزىلىدى .*

③ *ئالمىلار قىزاردى .*

(4) ئىگە (تۇرغۇن سۆز) ـ خەۋەر (تۇرغۇن سۆز + باغلامچى پېئىل) تىپلىق جۈملە: بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى تۇرغۇن سۆزلەرگە باغلامچى پېئىللارنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. باغلامچى پېئىللار ئەسلىدىكى ئىسىملىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىگە راي، شەخس، سان مەنىلىرىنى قوشۇپ، ئەسلىدىكى ئىسىملىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىنى پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىگە ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن:

① *ئۇ چاغدا بىز تېخى كىچىك ئىدۇق .*

② *مەن بۇرۇن ئىشچى ئىدىم .*

③ *ئۇ ئېگىزگە سەكرەشتە بىرىنچى بولدى .*

④ *سەن خېلى ساغلام ئوخشايسەن .*

⑤ *بىر چاغلاردا سىلەر مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدىڭلار .*

⑥ *يازغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خاتا ئىكەن .*

⑦ *ئەخمەت تۇرپانلىق ئوخشايدۇ .*

⑧ *بۇ قوغۇن بەش كىلو كېلىدۇ .*

⑨ *بۇ ئات ياخشى چىقتى .*

بۇ تىپتىكى جۈملىلەر يەنە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنسا، ئۇلار تېخىمۇ كىچىك تىپلارغا بۆلۈنۈشى مۇمكىن.

### 2 . ئىگىسىز جۈملە

ئىگە بىلەن خەۋەردىن ئىبارەت ئىككى بىۋاستە تەركىبكە پارچىلاپ تەھلىل قىلغىلى بولمايدىغان، يەنى بىرلا خەۋەر





بۆلەكتىن تەركىب تاپقان ياكى ئىگىسى بولمىغان جۈملە ئىگىسىز جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تىپتىكى جۈملىلەر بىرلا سۆزدىن ياكى بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى، تولدۇرغۇچلۇق سۆز بىرىكمىسى، تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەيلى بىر سۆزدىن تەركىب تاپسۇن ياكى بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى، تولدۇرغۇچلۇق سۆز بىرىكمىسى ۋە تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەۋەر بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. ئىگىسىز جۈملىنى ئۆز ئىچىدىن يەنە تۆۋەندىكىدەك كىچىك تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) ئىسىملىك ئىگىسىز جۈملە: بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك بىرلا ئىسىمدىن ياكى ئىسىملىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

● *ئايروپىلان !* ● *ماشىنا !*

● *باھار .* ● *كۆكۈم ۋاقتى .*

● *شاھ ئوردىسى .* ● *1981 ـ يىلى . باھار پەسلى .*

● *يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قارلىق تاغ . ھويلا . سۇ چۇشۇ ـ ۋاتقان نور .*

2) سۈپەتلىك ئىگىسىز جۈملە: بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك بىرلا سۈپەتتىن ياكى سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

● *توغرا .* ● *ياخشى !*

3) پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە: بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك بىرلا پېئىلدىن ياكى پېئىللىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن

تەركىب تاپىدۇ . پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە ئۆز ئىچىدىن يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە كىچىك تىپلارغا بۆلۈنىدۇ :

(1) بىرلا پېئىلدىن تۈزۈلىدىغان جۈملە تىپى . مەسىلەن :

① بولدى . ② بولىدۇ . ③ بولمايدۇ .

(2) بۇيرۇش كېلىش شەكلىدىكى « ـ ش » لىق ئىسىمداشتىن ياكى سۆز بىرىكمىسى + « بول ـ » دىن تۈزۈلىدىغان جۈملە تىپى . مەسىلەن :

① لاي سۇنى ئىچىشكە بولمايدۇ .

② بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكۈشكە ، تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ .

③ بۇ ئىمتىھاندا 2B تىپلىق قېرىنداشنىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

(3) بۇيرۇش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىمداش ياكى سۆز بىرىكمىسى + « توغرا كەل ـ » دىن تۈزۈلىدىغان جۈملە تىپى . مەسىلەن :

① ئەتىگەن تۇرۇپ ئوقۇشقا توغرا كەلدى .

② بۇ مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

③ بۇ ئىشتا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ .

④ كىتابنى بېرىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى .

(4) « ـ ش » لىق ئىسىمداش ياكى سۆز بىرىكمىسى + « كېرەك // لازىم // مۇمكىن » دىن تۈزۈلىدىغان جۈملە تىپى : پېئىللىق ئىگىسىز جۈملىگە كىرىدىغان بۇ تىپتىكى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى « ـش » لىق ئىسىمداشلارغا زۆرۈرىيەت ياكى ئېھتىماللىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « كېرەك ، شەرت ، زۆرۈر ، لازىم ، مۇمكىن » دېگەندەك سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى





بىلەن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

① ھەرقانداق مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك .

② مۇھىت تازىلىقىنى ئاسراش لازىم .

③ بۇ جايدا دەم ئېلىش مۇمكىن ئەمەس .

④ قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىق كېرەك .

⑤ قانۇن ھەققىدىكى ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش زۆرۈر .

(5) مەقسەت رەۋىشدىشى + « بول ـ » دىن تۈزۈلىدىغان جۈملە تىپى . مەسىلەن :

① بۇنداق يېڭىلىقلارنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ .

② ئىمتىھان قەغىزىنى ھازىر كۆرگىلى بولمايدۇ .

③ ئاينى ئېتەك بىلەن توسقىلى بولماس .

④ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكىلى بولىدۇ .

پېئىللىق ئىگىسىز جۈملىدە پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ھالەت ، تولدۇرغۇچى ياكى تولدۇرغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىقلىغۇچىلار كېلىشى مۇمكىن . ئەمما ، ئىگە ھەرگىز كەلمەيدۇ .

4) ئالاھىدە ئىگىسىز جۈملە : بۇ تىپتىكى جۈملىلەر ئومۇمەن ئىملىقلاردىن ياكى تەقلىد سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

● ياق . ● ماقۇل . ● خوپ ! ● ئىسىت !

● ئوف . ● مە . ● پەش ! ● پىش ـ پىش .

● تۇ ـ تۇ ـ تۇ ! ● پاڭ ! ● گۈلدۈر ـ غاراس .

● تاڭ ـ تۇڭ ! پاڭ ! كاپ ـ كاپ .

# تۆتىنچى باب

# جۈملە تىپى — قوشما جۈملە

## §1 . قوشما جۈملە ھەققىدە چۈشەنچە

### 1 . قوشما جۈملىنىڭ ئېنىقلىمىسى

مەنىلىرى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ، قۇرۇلما جەھەتتىن بىر - بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ، ئاھاڭ جەھەتتىن بىر پۈتۈن ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان تىل بىرلىكى قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① تەپەككۇر تىلنىڭ مەزمۇنى ، تىل تەپەككۇرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر .*

② كېرىم بويتاق گويا توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - يۇ ، شۇ ھامان يەنە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك ئورۇندۇققا لاسىدە چاپلىشىپ قالدى .

*③ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، يېزىق تىلغا ئوخشاش ھەممە ئادەم كىچىكىدىنلا ئۆگىنىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس .*

*④ موزدۇز ھاكىمنىڭ ئايغىنى تاشلاپ بەردى - دە ، سۆزگە ئارىلىشىپ چاقچاق قىلدى .*

*⑤ ئەگەر سىز مېنىڭ ئۆز دادام بولغان بولسىڭىز ، بۇنداق گەپنى ھەرگىز دېمىگەن بولاتتىڭىز .*

### 2 . قوشما جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1 . قوشما جۈملە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي





جۈملىلەر تارماق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ ، قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئالغاندا تارماق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش بولىدۇ . مەسىلەن :

*① كۆڭلىكى كالتە كېلىپ قاپتۇ ، كەشتە تىكىلگەن كوپتىسىمۇ كىچىك كېلىپ قاپتۇ ، ئەمدى يېڭى كىيىم توغرىسىدا ئويلاش كېرەك .*

*② ھازىر جياڭ جيېشى قىلىچىنى بىلەۋاتىدۇ ، شۇڭا بىزمۇ قىلىچىمىزنى بىلەيمىز .*

*③ يامغۇر ياغسا ، يەر ھۆل بولىدۇ .*

*④ دوستۇم ، كۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى ، مەن بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم .*

2 . قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ ، بىرى يەنە بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ، يەنى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم بىر تارماق جۈملە يەنە بىر تارماق جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق تەركىبى ( مەلۇم بىر بۆلىكى ) بولالمايدۇ . مەسىلەن :

*① تونۇگۈن ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە چىقالمىدىم . ( ئاددىي جۈملە )*

*② تونۇگۈن ئاغرىپ قالدىم ، شۇڭا دەرسكە چىقالمىدىم . ( قوشما جۈملە )*

*③ ئۇ بىلىپ تۇرۇپ ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ . ( ئاددىي جۈملە )*

*④ ئۇ بىلىپ تۇرىدۇ ، لېكىن ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ . ( قوشما جۈملە )*

3 . قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ . ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق جۈملە قۇرۇلما جەھەتتىن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىنى شەرت قىلمىسا ، ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولمىسا ، قوشما جۈملە دېگىلى بولمايدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇلار تىلنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ، يەنى ئۇلار تىلنىڭ ئىچكى مەزمۇن قاتلىمىغا مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىرلارنى ئېچىپ تاشلىدى .*

*② مەن — ئوقۇتقۇچى ، كالىلار مۆرەۋاتىدۇ ، گۈلسۇم خوتەنگە كەتتى .*

مىسال ① دىكى جۈملە قوشما جۈملە ، چۈنكى بۇ جۈملىنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىسىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىر كېيىنكى تارماق جۈملىسىدە باشقا بىر نۇقتىدىن ئىزاھلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن . مىسال ② دىكى جۈملە قوشما جۈملە بولماستىن ، بەلكى ئايرىم - ئايرىم ئۈچ ئاددىي جۈملە . چۈنكى ئۇ ئۈچ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مەنە مۇناسىۋىتى يوق .

4 . قوشما جۈملە ھەرقانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ ( تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ياكى تارماق جۈملە تەركىبىدىكى جۈملە بۆلەكلىرى ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ) ، جۈملە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ئۇ ھامان بىر جۈملە . شۇڭا ، قوشما جۈملە بىر پۈتۈن جۈملە بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر پۈتۈن ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولىدۇ ، يەنى جۈملىنىڭ تىنىشى بىر پۈتۈن قوشما جۈملىنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ . يېزىقتا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئاشۇ گېزىت - ژۇرنال سەھىپىلىرى ۋە رادىيو - تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى ئاجايىپ قىزىقارلىق ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ ، بىز ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەن قەلەم ئىگىلىرىگە ھەم ئاشۇ ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش يولىدا ئۇن - تىنسىز تەر ئاققۇزغان جاپاكەش مۇھەررىرلەرگىمۇ چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرمەي ئۆتەلمەيمەن ، بىراق مېنىڭ بۇ گەپلىرىمدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ، ماڭا ئۆزمەي مەنىۋى ھايات ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتابلارغا ھەم رادىيو - تېلېۋىزىيە سەھىپىلىرىگە نىسبەتەن ،*





*شۇنداقلا ئاشۇ سەھىپىلەر ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ قەلەم تەۋرەتكەن ھەم قەلەم تەۋرىتىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرى ۋە مۇھەررىرلەرگە نىسبەتەن ، مەندە بىر ئوقۇرمەندە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان تەنقىدىي پىكىرلەر ۋە سەمىمىي تەلەپلەر زادىلا يوق دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ ، ئەلۋەتتە .*

*② تاش ئاقىلىنىڭ قولىغا ئۆتسە ، گۆھەرگە ئايلىنىدۇ ؛ گۆھەر نادانىنىڭ قولىغا ئۆتسە ، تاشقا ئايلىنىدۇ .*

*③ بىر - بىرىنى ماختاپ ئۇچۇرىدىغانلار — ئەملدارلار ، بىر - بىرىنى ياراتمايدىغانلار — سەنئەتكارلار ، ئۇچراشقاندا راست گەپ قىلمايدىغانلار — تىجارەتچىلەر .*

مىسال ① دىكى جۈملە ئىككىلا تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان ، بىر پۈتۈن ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولغان قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ . مىسال ② دىكى جۈملە تۆت تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان ، بىر پۈتۈن ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولغان ئارىلاش قوشما جۈملە ھېسابلانسا ، مىسال ③ دىكى جۈملە ئۈچ تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان ، بىر پۈتۈن ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولغان بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

5 . بىر قىسىم قوشما جۈملىلەردىكى ھەر قايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قالالايدۇ ، يەنە بىر قىسىم قوشما جۈملىلەردە بولسا بەزى تارماق جۈملىلەر ساقلاپ قالالىسا ، يەنە بەزى تارماق جۈملىلەر ساقلاپ قالالمايدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدۇ .*

*② بۇ يۇرتتا يا سەن تۇر ، يا مەن تۇراي .*

*③ سەن بارساڭ ، مەن بارىمەن .*

*④ بۇ سۇ شۇنداق سۈزۈك ئىدىكى ، تېگىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى .*

بۇلاردىن مىسال ① ۋە مىسال ② تەركىبىدىكى ھەرقايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قالغان بولسا ، يەنى تەركىبىدىكى ھەرقايسى تارماق

جۈملىلەر تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولغان بولسا ، مىسال ③ ۋە مىسال ④ تەركىبىدىكى كېيىنكى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ ، يەنى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئالدىنقى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە ئەمەس ، يەنى خەۋىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالمىغان .

**3 . قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر**

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك سىنتاكسىسلىق ئامىللار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ :

1) باغلىغۇچىلار : باغلىغۇچىلار قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدىغان مۇھىم سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . بەزى باغلىغۇچىلار قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كەلسە ، يەنە بەزى باغلىغۇچىلار قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ ؛ بەزى باغلىغۇچىلار بەزىدە قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كەلسە ، يەنە بەزىدە قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مېھمانلارنىڭ كەتكۈسى كەلدى ، ئەمما ساھىبخانا ئۇلارنى قويۇپ بەرمىدى .*

*② ئۇ شۇنداق ۋارقىرىدىكى ، ھەتتا ئەتراپتىكى قويلارمۇ ئۈركۈپ قېچىپ كەتتى .*

*③ تۇنجى ئەسىرىمنىڭ « چېيى » سۈپىتىدە ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان بىرقانچە ئۇستاز ، خىزمەتداشلىرىمنى بىر تاۋۇز بىلەن « مېھمان » قىلدىم ـ دە ، ژۇرنالنى ئېلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم .*





*④ جۇڭگودىكى قەدىمكى شەھەرلەر ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنىڭ مەنبەسى ئەمەس ، بەلكى مۇستەبىتلىكنىڭ قورغىنى ئىدى .*

*⑤ گۈلسۈملا ئەمەس ، بەلكى پەرىدەمۇ كەلمەپتۇ .*

*⑥ ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا قان ئەمەس ، ( بەلكى ) ئوت ئاقتى .*

مىسال ① دە « ئەمما » باغلىغۇچىسى ئىككى تارماق جۈملىنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلاپ ، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىنى ؛ مىسال ② دە « كى » باغلىغۇچىسى ئىككى تارماق جۈملىنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ ، ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىنى ؛ مىسال ③ تە « دە » باغلىغۇچىسى ئىككى تارماق جۈملىنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلاپ، بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىنى ؛ مىسال ④ تە « بەلكى » باغلىغۇچىسى ئىككى تارماق جۈملىنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلاپ ، قارىمۇ قارشىلىق مۇنا سىۋە-تىدىكى قوشما جۈملىنى ؛ مىسال ⑤ تە « بەلكى » باغلىغۇچىسى ئىككى تارماق جۈملىنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ ، كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىنى ؛ مىسال ⑥ دە « بەلكى » باغلىغۇ-چىسى ئىككى تارماق جۈملىنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ ، قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىنى شەكىللەندۈرگەن .

2) بىر قىسىم مورفولوگىيەلىك شەكىللەر : بىر قىسىم مورفولوگىيەلىك شەكىللەر دېگەندە ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك شەكىللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ :

● پېئىللارنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى « ـ سا//ـ سە » ؛

● پېئىللارنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى « ـ سا//ـسە » گە « مۇ » يۈكلىمىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن شەكىللەنگەن « ـ سىمۇ » ؛

● سۈپەتداش قوشۇمچىسى « ـ غان » غا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى « ـ دا//ـ دە » ۋە « لا » يۈكلىمىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن شەكىللەنگەن « ـ غاندىلا » ؛

● رەۋىشداش قوشۇمچىسى « ـ پ » غا « لا » يۈكلىمىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان « ـپلا » بىلەن ياردەمچى پېئىل « قال ـ » نىڭ « قالماي » دېگەن بولۇشسىزلىق رەۋىشداش شەكلى ياكى

« قالماس » دېگەن بولۇشسىزلىق سۇپەتداش شەكلىگە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن هاسىل بولغان « قالماستىن » نىڭ ئۇلىنىشىدىن شەكىللەنگەن « ـ پلا قالماي // قالماستىن » ؛

● سۇپەتداش قوشۇمچىسى « ـغان » بىلەن ياردەمچى سۆز « بىلەن » نىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان « ـ غان بىلەن » .

بۇ خىل مورفولوگىيەلىك شەكىللەر تارماق جۈملىلەرنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① يامغۇر ياغسا ، يەر هۆل بولىدۇ .*

*② ئۇ ئەپۇ سوراپ ئۆيۈمگە كىرسىمۇ ، مەن ئۇنى كەچۈرمەيمەن .*

*③ ئۇ قانداق بولسا ، مەنمۇ شۇنداق .*

*④ يېتەرلىك سۇ بولغاندىلا ، شالدىن هوسۇل ئالغىلى بولىدۇ .*

*⑤ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي ، يەنە بەدەن چېنىقتۇرۇشقىمۇ ئەهمىيەت بېرىشى كېرەك .*

*⑥ بىز ئالتە ئوغۇل مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بىلەن ، كاتتىلارنىڭ گەپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان .*

*⑦ هاۋانىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش هەرىكىتى سۇ پارىنىڭ قېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنى يەر يۈزىگە يېقىن بولغان جايدا لەيلىتىپ تۇمان هاسىل قىلىدۇ .*

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيەلىك تۈرلىنىشكە باي تىل بولغاچقا ، بىر قىسىم باغلىغۇچىلار تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيەلىك شەكىللەر بىلەن ماسلىشىپ كېلىپ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى هاسىل قىلىدۇ . ئەگەر مورفولوگىيەلىك شەكىللەر باغلىغۇچىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلىسە ، ئۇ هالدا باغلىغۇچىنى ئىخچاملاشقا بولىدۇ ، مورفولوگىيەلىك شەكىللەر باغلىغۇچىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسە ياكى باغلىغۇچى تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيەلىك شەكىل بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسا ، باغلىغۇچىنى ئىخچاملاشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :





*① ناۋادا ئىش ئوڭدىن كەلمىسە ، كۆل بولۇپ كېتىمىز .*

*② ئۇ ئەكەلگەن ئوتۇنلار شۇنچە نۇرغۇن ئىكەنكى ، ئۇنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ .*

*③ يا ئادەملەرنىڭ كۆزى قارىغۇ ، ياكى ئەمەلنىڭ كۆزى قارىغۇ .*

مىسال ① دە ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرىدىكى شەرت رايى قوشۇمچىسى « ناۋادا » باغلىغۇچىسى بىلەن ئوخشاش مەنە ئىپادىلىگەچكە ، « ناۋادا » باغلىغۇچىسىنى ئىخچاملاشقا بولىدۇ . مىسال ② ۋە مىسال ③ تىكى « كى » ، « يا ؛ ياكى » باغلىغۇچىلىرىنى ئىخچاملاشقا بولمايدۇ . چۈنكى ئۇ باغلىغۇچىلار تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيەلىك شەكىللەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز .

3) ئورۇن تەرتىپى : ئورۇن تەرتىپىمۇ قوشما جۈملىنىڭ هاسىل بولۇشىدا مۇهىم رول ئوينايدىغان سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى . ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلانغان قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ۋە ئۆزىگە خاس ئاددىي جۈملە ئىنتوناتسىيەسىگە ئىگە بولىدۇ . يېزىقتا تارماق جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قاناتلىرىنى سىلكىدى ، ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن چوقۇلىدى .*

*② خەلق ئادىل سوتچى ، خەلق هۆكۈم چىقارسۇن .*

*③ بۇقا بويىنىغا يىغار ، ئابدال قويىنىغا ( يىغار ) .*

**4 . قوشما جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملىنىڭ پەرقى**

1 . جۈملە قۇرۇلمىسىدىن پەرقلىنىدۇ . ئاددىي جۈملە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ . شۇڭا ، ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى يەشكەندە بىۋاسىتە ئىبر شكىلى بولىدىغان بىرلىك جۈملە بۆلەكلىرى بولىدۇ . قوشما جۈملە بولسا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تارماق جۈملىدىن تەشكىل تاپىدۇ . شۇڭا ،

قوشما جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسىنى يەشكەندە بىۋاسىتە ئېرىشكىلى بولىدىغان بىرلىك تارماق جۈملە بولىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ ئۆز باغرىدا سانسىز ئاقىل - دانىشمەنلەرنى ، باتۇر - پالۋانلارنى ، ئادالەتپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر ، ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلارنى ئۆستۈردى .

② بۇ كۆرەشتە غەلىبە قىلغان شائىر ۋە باشقا مېھمانلار شۇنداق كۈلۈپ كەتتىكى ، ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاقىچە ئۆزىنى باسالماي قېلىشتى .

2 . خەۋىرىدىن پەرقلىنىدۇ . ئاددىي جۈملە ھەرقانچە ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ بولسىمۇ ، ئۇنىڭ خەۋەر قىسمى بىرلا بولىدۇ . قوشما جۈملە ھەرقانچە ئاددىي بولسىمۇ ، يەنى تارماق جۈملىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ ، ئۇنىڭ خەۋەر قىسمى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق بولىدۇ ، شۇنداقلا تارماق جۈملىلىرى ئاددىي جۈملە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ . قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر مەيلى تولۇق جۈملە بولسۇن ياكى تولۇقسىز جۈملە بولسۇن ، يۇقىرىقى شەرتنى ھازىرلىغان بولسىلا ، ئۇ ھامان قوشما جۈملە بولىدۇ . مەسىلەن :

① زور شىر ماكانىمىدىن ئادىشىپ قالماي دەپ بىرىنچى قېتىم كومپاسنى ، ۋەتىنىگە يالماۋۇز - ئەجدىھالارنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن مىلتىق دورىسىنى ، ۋەتەن ئەۋلادلىرىمنى كۆيۈمچانلىق ، ۋاپادارلىقتا باقاي دەپ يىپەك كىيىم - كېچەكلەرنى ، ماكانىمنىڭ شان - شەرىپىنى تائەبەدكىچە ئۇنتۇلدۇرماي ، ئەۋلادلىرىمغا ئەڭ بۈيۈك تارىخىي تۆھپە قالدۇراي دەپ مىخ مەتبەئەنى ، قەغەزنى كەشىپ قىلغان . ( ئاددىي جۈملە )

② ئىشلىسەڭ ، چىشلەيسەن . ( قوشما جۈملە )

3 . ئىنتوناتسىيەسىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ . ئاددىي جۈملە بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولىدۇ ، جۈملە ئاخىرىدا ئاخىرلىشىش خاراكتېرىدىكى توختاش بولىدۇ . قوشما جۈملىمۇ بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيەگە ئىگە بولىدۇ ، جۈملە ئاخىرىدا ئاخىرلىشىش خاراكتېرىدىكى توختاش بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، قوشما جۈملىنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىش ئاددىي جۈملىنىڭ جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىشقا قارىغاندا ئۇزۇنراق بولىدۇ .





4 . باغلىغۇچىلىرىنىڭ رولىدىن پەرقلىنىدۇ . ئاددىي جۈملە تەركىبىدىمۇ باغلىغۇچىلار بولىدۇ . ئەمما ، ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى باغلىغۇچىلار پەقەت تەڭداش بۆلەكلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدۇ ؛ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باغلىغۇچىلار بولسا تارماق جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ . قوشما جۈملىدە باغلىغۇچىلار ياكى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە ، ياكى بېقىندى تارماق جۈملىدە ، ياكى تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىدە ۋە ياكى ھەممىسىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن . ناۋادا باغلىغۇچىلار ئىخچاملانغان بولسا ، تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيەلىك شەكىللەردىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ دائىم ئۆز سۆزىنى تەمسىل بىلەن ياكى دېمەكچى بولغىنىغا ماس كېلىدىغان بىرەر ھېكايە بىلەن باشلايتتى .

② يا بىز دۇشمەننىڭ بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ يانجىيمىز ، ياكى ئۇلار بىزنى شەھەر سېپىلىغا ئاسىدۇ .

③ ئۆي بىساتلىرى كۆپ ئەمەس ، لېكىن تازا رەتلىك .

④ ئۇ كېچىسى سۇدىن قورقاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇچىلا قېتىم كۈندۈزى سۇ تۇتتى .

مىسال ① دە « تەمسىل » ، « دېمەكچى بولغىنىغا ماس كېلىدىغان بىرەر ھېكايە » دېگەن ئىككى بۆلەك « ياكى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق تەڭداش مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ ، « بىلەن » تىركەلمىسىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن . مىسال ② دە ئىككى تارماق جۈملە « يا ، ياكى » باغلىغۇچىسىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق تەڭداش مۇناسىۋەتتە

ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن . مىسال ③ تە ئىككىنچى تارماق جۈملە « لېكىن » باغلىغۇچىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالدىنقى تارماق جۈملىگە تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلانغان . مىسال ④ تە ئىككى تارماق جۈملە « شۇنىڭ ئۈچۈن » باغلىغۇچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلانغان .

قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ قانداق سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا كەلگەنلىكىگە ئاساسەن ( ئەمەلىيەتتە قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ھەرقايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى لوگىكىلىق مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ ) ئاۋۋال تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن ئىككى چوڭ تىپقا بۆلۈنىدۇ .

بىز بۇ ئىككى تىپتىكى قوشما جۈملىنىڭ كونكرېت تۈرلىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال ئۇ ئىككى تىپتىكى قوشما جۈملىلەرنىڭ چەك ـ چېگراسىغا ( ئۇلارنى ئىككىگە ئايرىش ئۆلچىمىگە ) مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئالاھىدە چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتىمىز :

بىرىنچى ، بىز قوشما جۈملىنى تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىشتا ، جۈملىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدىغان خەۋەرنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكلىنىڭ مۇكەممەل ياكى مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلدۇق . ئەگەر قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ھەرقايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مۇكەممەل بولسا ، يەنى بارلىق تارماق جۈملىلەر مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئاددىي جۈملە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا ( چۈنكى ھەربىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇكەممەل بولغاندىلا ، ئۇلار مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئاددىي جۈملە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ) ، ئۇ تۈردىكى قوشما جۈملىلەرنى تەڭداش قوشما جۈملە تىپىگە كىرىدۇ دەپ قارىدۇق .





ئەگەر قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇكەممەل بولسىمۇ ، يەنە بەزىلىرى مۇكەممەل بولمىسا ، ئۇ تۈردىكى قوشما جۈملىلەرنى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تىپىگە كىرىدۇ دەپ قارىدۇق . چۈنكى ، خەۋىرى گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مۇكەممەل بولمىغان تارماق جۈملىدە مۇستەقىل ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەت بولمايدۇ ، ئۇ پەقەت خەۋىرى مۇكەممەل بولغان ھەمدە مۇستەقىل ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە تارماق جۈملىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ ھەمدە شۇ ئاساستىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئەنئەنىدە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ قارىلىپ كەلگەن سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىلەردىن ھەرقايسى تارماق جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى مۇكەممەل بولغانلىرىنى ھەمدە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگىلىرىنى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە تىپىگە كىرىدۇ دەپ قارىدۇق . ئەگەر بەزى تارماق جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى مۇكەممەل بولسىمۇ ھەمدە ئۇ تارماق جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن يەنە بەزى تارماق جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى مۇكەممەل بولمىسا ھەمدە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىسا ، مۇنداق جۈملىلەرنى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تىپىگە كىرىدۇ دەپ قارىدۇق .

ئىككىنچى ، بەزى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى پەقەت گىرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىنلا مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇلار ئوي ـ پىكىر بىلەن ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولمىسا ، مۇنداق جۈملىلەرنى بېقىندى تارماق جۈملە بولىدۇ دەپ قاراپ ، ئۇنداق بېقىندى تارماق جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان قوشما جۈملىلەرنى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تىپىگە كىرگۈزدۇق . مەسىلەن :

*① ئۇنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈشنىغۇ كۆردۈم ، لېكىن ئۇنىڭدا نېمە نەرسە دېيىلگەنلىكىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم .*

*② سىز بۇ ئىشنى قىلىشقا ئىرادە باغلىغانىكەنسىز ، چوقۇم بىر باشقا ئاچىقىشىڭىز كېرەك .*

بۇ ئىككى قوشما جۈملىدىكى ئالدىنقى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى گەرچە گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئوي - پىكىرنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن ئىنتوناتسىيە جەھەتتە مۇكەممەللىككە ئىگە ئەمەس . چۈنكى ئوي - پىكىرنىڭ ئىپادىلىنىشى جەھەتتىن قارىغاندا ، ئۇلاردا ئوي - پىكىر تولۇق ئاياغلاشمىغان بولۇپ ، مىسال ① دىكى تارماق جۈملە ئۆزىگە قارىمۇ قارشى قويۇلغان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر جۈملىگە موھتاج بولسا ، مىسال ② دىكى تارماق جۈملە نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر تارماق جۈملىگە موھتاج . ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن قارىغاندا ، ئالدىنقى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيەسى قوشما جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەمەس ، ئۇلارنىڭ خەۋىرى ئۇرغۇ ۋە خەۋەردىن كېيىنكى قىسقا تىنىشنىڭ ياردىمىدە كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ .

ئۈچىنچى، كۈچەيتىش مۇناسىۋەتىدىكى ، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى ، تاللاش مۇناسىۋەتىدىكى ، ئىزاھلاش مۇناسىۋەتىدىكى قوشما جۈملىلەر ئەنئەنىدە بىر تۇتاش ھالدا تەڭداش قوشما جۈملە دەپ قارىلىپ كەلگەن ، لېكىن بىز ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلدۇق ، يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت تۈرلۈك قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خەۋىرى مۇكەممەل بولۇپ ، تارماق جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا ، بۇنداق جۈملىلەرنى تەڭداش قوشما





جۈملە تىپىغا كىرگۈزدۇق ، ئەگەر ئۇ تۆت تۈردىكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ خەۋىرى مۇكەممەل بولسىمۇ ياكى ئۇ تارماق جۈملە مۇستەقىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن يەنە بەزى تارماق جۈملىلىرى ئۇنداق بولمىسا ، بۇنداق جۈملىلەرنى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تىپىغا كىرگۈزدۇق .

تۆتىنچى ، بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەردىن خەۋىرى مۇكەممەل بولغان ۋە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە تارماق جۈملىلەرنى بېقىندۇرغۇچى جۈملە دەپ ئاتىدۇق ( بۇ خىل جۈملىلەر ئەنئەنىدە باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ ) ؛ خەۋىرى مۇكەممەل بولمىغان ۋە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان تارماق جۈملىلەرنى بېقىنغۇچى جۈملە دەپ ئاتىدۇق ( بۇ خىل جۈملىلەر ئەنئەنىدە ياكى بەزى كىتابلاردا ئەگەشمە جۈملە ياكى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ ) .

بەشىنچى ، بەزىلەر يۈكلىمە ياكى رەۋىش دەپ قارىغان ھەم قاراۋاتقان بەزى سۆزلەرگە بىز پەرقلىق مۇئامىلىدە بولدۇق ، يەنى ئۇلارنىڭ باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن شەكلىنى يۈكلىمە ياكى رەۋىش دەپ ئولتۇرماي بىراقلا باغلىغۇچى دەپ ئاتىدۇق . چۈنكى ، بەزى سۆزلەر كونكرېت تىل شارائىتىغا قاراپ بەزىدە سۈپەت ، بەزىدە رەۋىش ، يەنە بەزىدە ياردەمچى سۆز تۈركۈمىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنىدەك ، بەزى يۈكلىمىلەر ياكى رەۋىشلەرمۇ بەزى تىل شارائىتىدا باغلىغۇچى سۆز رولىدا كېلىدۇ . بىز ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ باغلاش رولىدا كەلگەن شەكلىنى باغلىغۇچى دەپ ئاتىدۇق . چۈنكى ئۇلار شۇ جۈملىگە ئۆزىنىڭ يۈكلىمىلىك ياكى رەۋىشلىك سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس ، بەلكى باغلىغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن كىرگەن . مەسىلەن ، « دە » سۆزى ئەنئەنىدە يۈكلىمە دەپ قارىلىدۇ . توغرا ، ئۇ سۆز يۈكلىمە ، لېكىن ئۇ سۆز پەقەت جۈملە ئاخىرىدا كەلگەندىلا ،

تۇرلۇك ھېس ـ تۇيغۇ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ ۋە يۈكلىمە ھېسابلىنىدۇ . ئالايلۇق ، « سەن ئەمدىلا قوپۇپسەن ـ دە » دېگەن جۈملىدىكى « دە » يۈكلىمىدۇر . ئەمدى « مەن ئۇ يەردىن چىقىپ ئۆيگە كەلدىم ـ دە ، ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى يىشۇرۇپ قويدۇم » دېگەن جۈملىدىكى « دە » بولسا يۈكلىمە بولماستىن ، بەلكى باغلىغۇچىدۇر . چۈنكى ئۇ شۇ جۈملىدە ئىككى تارماق جۈملىنى ئۆزئارا باغلاپ كەلگەن ، ئۇنىڭ شۇ جۈملىدىكى رولى « ۋە » باغلىغۇچىسىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش .

## §2 . تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بارلىق تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇكەممەل بولىدۇ .

تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ، ئورۇن تەرتىپى ( ئىنتوناتسىيە ) ، كۆرسىتىش ئالماشلىرى ، قارشى مەنىلىك سۆزلەر ، پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز شەكىللىرى ۋە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تەستىق ـ ئىنكار شەكىللىرى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ . شۇڭا ، تەڭداش قوشما جۈملىلەر ئادەتتە تارماق جۈملىلىرىنى ئۆزئارا باغلايدىغان ۋاستىلەرگە ئاساسەن باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ( باغلانما تەڭداش جۈملە ) ۋە باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ( يانداشما تەڭداش قوشما جۈملە ) دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .





### 1 . باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش قوشما جۈملە باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە باغلىغۇچىلار مۇھىم سىنتاكسىسلىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ .

باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى باغلايدىغان باغلىغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تىپقا بۆلۈنىدۇ :

1) بىرىكتۈرگۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : بىرىكتۈرگۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەردە ھەرقايسى تارماق جۈملىلەر بىرەر ئىش ياكى بىرەر ۋەقەنىڭ بىرقانچە تەرىپىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ :

1 . « ۋە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئىككى تارماق جۈملىلىك تەڭداش قوشما جۈملىلەردە ئىككى تارماق جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، كۆپ تارماق جۈملىلىك تەڭداش قوشما جۈملىلەردە ئاخىرقى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

① *دەل ـ دەرەخلەر سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى تاشلىماقتا ۋە ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە سوۋۇماقتا .*

② *ئۇنى ھېچكىم ئارتۇق يامانمۇ كۆرمەيدۇ ۋە كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىشلىرىنى كۆرگەندە زاڭلىق قىلىپ كۈلمەيمۇ تۇرالمايدۇ .*

2 . « ھەم » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئىككى تارماق جۈملىلىك تەڭداش قوشما جۈملىلەردە ئىككى تارماق جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ ، كۆپ تارماق

جۈملىلىك تەڭداش قوشما جۈملىلەردە ئاخىرقى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① يېقىندا ئىلىك خانلار قۇرۇلتىيىنى ئاچماقچىمىز ھەم يەنە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ مەرىكىسىنى ئۆتكۈزمەكچىمىز .*

*② سىرتتا بوران چىقىۋاتىدۇ ھەم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ .*

« ھەم » باغلىغۇچىسى تەكرار ئىشلىتىلسە ، ھەربىر تارماق جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنى تەكىتلەش ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن :

*سىمۋولىزىم بىر خىل بەدىئىي شەكىل ، ئۇ ھەم بىزنىڭ رېئاللىقنى تەسۋىرلەش ئىستىكىمىزنى قاندۇرىدۇ ، ھەم رېئال چەكلەردىن ھالقىغان ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرىدۇ .*

3 . « ھەمدە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئاخىرقى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەخلاقىمۇ قانۇنغا ئوخشايدۇ . ئۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۇتىدۇ .*

*② بۇ يولدا ئۇ ۋاقىتنى تىزگىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆگىنىش ئۇنۇمىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى ھەمدە قانداق ئۆگىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىزدەندى .*

4 . « شۇنداقلا » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئاخىرقى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① تەپەككۇر تىلسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ ، شۇنداقلا تەپەككۇرسىز تىلمۇ بولمايدۇ .*

*② ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان زېمىن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ، ھىندى مەدەنىيىتى ، پارس - ئەرەب مەدەنىيىتى ، گىرېك - رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىشىدىغان ئورنى ، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان جاي .*

5 . « شۇنىڭدەك » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ





باغلىغۇچى ئاخىرقى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مىقدار سۆزلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنە ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، بىز ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى دەپ ئېيتالايمىز ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىدا يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىرقىسىم مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالايمىز .*

*② ئاڭ — ماددىي دۇنيانىڭ ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ، ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت يۇكسەك دەرىجىدە ئۇيۇشقان ماددىي ئەزانىڭ خىزمىتى ، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدۇر .*

6 . « شۇنىڭ بىلەن بىللە // بىرگە // بىر ۋاقىتتا » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بۇنىڭدىن 65 مىليون يىللار بۇرۇن يەر شارىدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن كەسلەنچۈك تىپىدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋان — دىنازاۋر تۇساتتىن ئۈن - تىنسىز يوقالغان ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەر شارىدىكى 70 پىرسەنت ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن .*

*② ئىنقىلابىي غەيرەت ۋە ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بولۇشى لازىم ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ( بىللە ) جىددىي ئىلمىي پوزىتسىيەمۇ بولۇشى لازىم .*

7 . « دە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ يۈك - تاقىنى دۈمبىسىگە ئارتتى - دە ، تاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .*

*② ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن يالقۇنلۇق كۆزلىرى ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان لەۋلىرىگە چەكسىز لەززەت ، ۋەھىمە ۋە تەشنالىق بىلەن قارىدى - دە ، قىزىرىپ - ھودۇقۇپ قولىدىكى ئۈجمىنى قىزغا سۇندى .*

8 . « بىر تەرەپتىن ··· ، ( يەنە ) بىر تەرەپتىن ··· » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ھەر ئىككى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئانامنىڭ ئالدىدا بىر تەرەپتىن خىجىل بولىمەن ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمگە ئەندىشە چۈشۈپ ، تۈرلۈك گۇمانىي خىياللارغا بېرىلىمەن .*

*② بىر تەرەپتىن قار يېغىۋاتاتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن بوران چىقىۋاتاتتى .*

*③ دېھقانلار بىر تەرەپتىن يەر ھەيدىمەكتە ، بىر تەرەپتىن يەرگە ئۇرۇق چاچماقتا .*

بۇ باغلىغۇچىنىڭ « بىر ياقتىن ··· ( يەنە ) بىر ياقتىن··· » دېگەن ۋارىيانتى بار ، بۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

9 . « جۈملىدىن » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*گۈزەردىكى دۇكانلاردىن ئۈچ ـ تۆتىلا ئوچۇق ، جۈملىدىن ھەسەن ئەلىمۇ يېرىم ئوچۇق دۇكىنى ئالدىدا تۇراتتى .*

بەزىلەر بۇ باغلىغۇچىنى كۆچەيتكۈچىلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ . بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇ باغلىغۇچى بىرىكتۈرگۈچىلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ . چۈنكى ئۇ باغلىغۇچىنى « شۇنىڭدەك ، شۇنداقلا ، ھەمدە » دېگەندەك باغلىغۇچىلار بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

10 . « مۇ » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① مال ياخشى ، باھاسىمۇ ئەرزان .*

*② ئۇ ياش ، سالامەتلىكىمۇ ياخشى .*

*③ ئۇ رۇسچىدا ناھايىتى ياخشى ، ئىنگلىزچىنىمۇ بىلىدۇ .*

11 .« ئاڭغىچە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :





*① مەن ئۆلگەندە ساندۇق سىلەرگە قالىدۇ ، ئاڭغىچە بۇ ساندۇقنى ياخشى ساقلاڭلار .*

*② سىز تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئىشلەپ تۇرۇڭ ، ئاڭغىچە بىز سىرتقا چىقىپ كىرەيلى .*

*③ ئۇلار ئۆيدە تاماق يەپ قېلىشتى ، ئاڭغىچە بىز باغقا چىقىپ ئايلىنىپ كىردۇق .*

2) كۆچەيتكۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىر قاتلاممۇ قاتلام چوڭقۇرلىشىپ بارىدىغان تەڭداش قوشما جۈملە كۆچەيتكۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىش جەريانى باغلىغۇچىلارنىڭ رولى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملىلەردە باغلىغۇچى مۇھىم رول ئوينايدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ :

1 . « ھەتتا » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ ، مەنە جەھەتتىن كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىدىن بىر قاتلام چوڭقۇرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

*① بۇنداق چاغلاردا زەرىپىخان قاقاقلاپ كۈلەتتى ، ھەتتا ناخشىمۇ ئېيتىشىپ قوياتتى .*

*② ئۇ ئۆيدىكى ھايۋانلىرى ، مەھەللىسىدىكى ھېلىقىدەك ئادەملىرى بىلەن ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردە ماختىنىدۇ ، ھەتتا بىر قېتىم تاھىر يۈزىنىڭ شاگىيوسى بىلەن كىمنىڭ مەھەللىسىدە قاغا جىقلىقى ھەققىدە سوقۇشۇپمۇ قالغان .*

2 .« بولۇپمۇ » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىـ

ـغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بالىلار خۇشال ، بولۇپمۇ نۇرى تولىمۇ خۇشال ئىدى .*

*② پادىشاھلارنىڭ ئۆزئارا مېھمان بولۇشۇپ ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشى تەخدىشى يوق ئىشلاردىن بولىدۇ ، بولۇپمۇ ئەلنى باشقۇرۇپ ، پۇقراغا ئادىل چىلىق قىلىشقان بىزلەر ئۈچۈن بۇ پەرز ھەم قەرز .*

3 . « يەنە كېلىپ » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ھازىر ئايلىنىپ كېلىشكە بەك كېچىكتۇق ، يەنە كېلىپ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ .*

*② قىزىق ئىش ، بۇنىڭ بالىسى راستىنلا يىتۇپ كەتكەنمىدۇ ؟ يەنە كېلىپ بۇ كىچىككىنە يېزىدا - ھە ؟*

4 . « ئۇنىڭ ئۈستىگە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① سەن تېخى كىچىك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجرىبەڭمۇ يوق .*

*② خەلقىمىز يىلان بىلەن ئەجدىھانى ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ بايان قىلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلان بىلەن ئەجدىھانىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ .*

*③ ھازىر بىر نېمە دېيىش قىيىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ۋەدە بېرىپ بولدۇق .*

5 . « ئۇنى ( بۇنى ) ئاز دەپ » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ باغلىغۇچى ئاخىرقى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان جاپانى يەتكۈچە تارتقان ، ئۇنى ئاز دەپ سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلساڭ بولامدۇ ؟*

*② بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ بىرمۇنچە ئۆيلەردىن تامچە ئۆتۈپ كەتكەنىدى ، ئۇنى ئاز دەپ بوران چىققىلى تۇردى .*





3) تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەردە بىرنەچچە خىل ئىش ئايرىم - ئايرىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، شۇ ئىشلاردىن كەم دېگەندە بىرنى تاللىۋېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىدۇ .

1 . « يا ( يە ) ، ياكى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ھەربىر تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ ، بەزىدە ئالدىنقى تارماق جۈملىدە ئىخچاملىنىدۇ . مەسىلەن :

*① بىرنەچچە كۈندىن بېرى يا گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ ، يا ئۇيقۇم يوق .*

*② يا بۇ قىزىم مەڭلىك بالىدىن كۆڭلىنى ئۈزمىدى ، يا دادا بولغان كىشى قىزىنىڭ كۆڭلىنى دېمىدى .*

*③ ياكى مادىدا بىرلەمچى ، ياكى ئاڭ بىرلەمچى .*

*④ بۇ ئات يۇرت كاتتىلىرىنىڭ يا بېشىنى تىك قىلىدۇ ، يا بېشىنى ساڭگىلىتىدۇ .*

*⑤ بەلكىم ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى چۆللەردە قاغجىراپ ياتقاندۇ ... ياكى ئۇ بوتىلاقلىرىم غېرىب ئانىسىنى ئىزدەپ بوزلاپ يۈرىدىغاندۇ ...*

2 . « نە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى تەكرار ئىشلىتىلىدۇ ، يەككە ئىشلىتىلمەيدۇ ھەمدە ئومۇمەن ئىنكار شەكىلدىكى جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن :

*① بۇ شەھەردە ئۇنىڭ نە ئائىلىسى يوق ، نە ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق .*

*② سىز دېگەن بۇ نەرسىنى نە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ ، نە قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ .*

*③ ھەسەنئاخۇن خوتۇنىغا نە ئالىيالمايدۇ ، نە قاپاق كۆتۈرۈپ قارىيالمايدۇ .*

3 . « مەيلى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ ، بۇ باغلىغۇچى تەكرار ئىشلىتىلىدۇ ، يەككە ئىشلىتىلمەيدۇ ، بۇ باغلىغۇچى ئىشلىتىلگەن تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئومۇمەن بۇيرۇق رايىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① سىز مەيلى ئوقۇڭ ، مەيلى ئويناڭ ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق .*

*② بۇرادەر ، مەيلى بالدۇر ئۆلەيلى ، مەيلى كېيىن ئۆلەيلى . مەيلى دۈشمەن قولىدا ئۆلەيلى ، مەيلى ئۆز ئەجىلىمىز بىلەن ئۆلەيلى ، بەرىبىر ئۆلىمىز ئەمەسمۇ ؟*

تەكرار ئىشلىتىلىدىغان بۇ باغلىغۇچىنىڭ بىرى بەزىدە « ياكى » باغلىغۇچىسى بىلەن ئالمىشىپ كېلىدۇ . لېكىن ئۇ چوقۇم « مەيلى ... ياكى ... » شەكلىدە كېلىدۇ ، ھەرگىزمۇ « ... ياكى ... مەيلى » شەكلىدە كەلمەيدۇ . بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر خىل ئىپادىلەش ئادىتى بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن :

*① كىچىك چاغلىرىمدا ئانام مەيلى ئۆي ئىشلىرىنى قىلسۇن ياكى باشقا ئىشلارنى قىلسۇن ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگۈم كېلەتتى .*

*② ئۇ يىغىنغا مەيلى سەن بار ياكى مەن باراي ، بەرىبىر ئوخشاش .*

4 . « بىر بولسا ... ( يەنە ) بىر بولسا ... » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچىمۇ تەكرار ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① بىزگە ئەمدى ئالدىغا مېڭىش خەتەرلىك ، بىر بولسا يۇقىرىدا قوغۇنچىغا ئۆتىدىغان يول بار ، بىز مۇز ئۈستىدىن ئەپلەپ مېڭىپ دەريادىن ئۆتۈپ قوغۇنچىغا كېتەيلى ، يەنە بىر بولسا ئارقىمىزغا يېنىپ خەلپەم مەھەللىسى بىلەن ئارا ئۆستەڭگە بېرىپ قاسىم مىرابنىڭ ئۆيىگە بارايلى .*

*② ئۇ بىر بولسا سىنىپتا ، بىر بولسا ياتاقتا كەتتى .*

*③ ئۇ بىر بولسا ئامباردا بار ، بىر بولسا خامانغا كەتتى .*





5 . « گاھ ( گاھى ) » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ھەرقايسى تارماق جۈملىلەردە تەكرار ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇرۇمچىنىڭ جۇدۇنلۇق پەسلى بولۇپ ، ھاۋا پات - پات ئۆزگىرىپ ، گاھ بوران چىقاتتى ، گاھ يامغۇر ياغاتتى ، گاھ قار ئۇچقۇندايتتى .*

*② ئەلانۇر گاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ لېۋىنى چىشلەيتتى ، گاھ ئاغزىنى ئۈمەللەپ نېمىنىدۇر دېيىشكە تەمشىلەتتى .*

*③ بۇلار گاھى دەريا بويىغا چىقىپ قالاتتى ، گاھ قۇرۇق جاڭگال ئىچىدە يۈرەتتى .*

*④ گاھى خۇدا بىلەن رۇسۇل ، گاھ دۇتار بىلەن ئۇسسۇل .*

« گاھ » باغلىغۇچىسى « گاھىدا » شەكلىدە تەكرار ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*گاھىدا مېھمان كېلىدۇ مانتا - پولۇ ئەتكۈدەك ، گاھىدا مېھمان كېلىدۇ يۈگۈرۈپ قوپۇپ تەپكۈدەك .*

6 . « ھېلى ؛ بەزىدە ؛ بىر ؛ بىردە ؛ بىردەم ؛ بىر تۇرۇپ ؛ تۇرۇپ » دېگەندەك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچىلار ھەرقايسى تارماق جۈملىلەردە « ھېلى ... ، ھېلى ... ؛ بەزىدە ... ، بەزىدە ... ؛ بىر ... ، بىر ... ؛ بىردە ... ، بىردە ؛ بىردەم ... ، بىردەم ... ؛ بىر تۇرۇپ ... ، ( يەنە ) بىر تۇرۇپ ... ؛ تۇرۇپ ... ، تۇرۇپ ... » شەكلىدە تەكرار ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① ھېلى ئۇنداق دەيسەن ، ھېلى مۇنداق دەيسەن ، قايسى گېپىڭ راست سېنىڭ ؟*

*② ئۇ ئادەم خۇددى ئېسىنى يوقاتقاندەك ھېلى ئۇنى دەيتتى ، ھېلى بۇنى دەيتتى .*

*③ ئۇلار مېنى بىردەم قىينايتتى ، بىردەم ئاپتاپتا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قوياتتى .*

④ تۇرۇپ پولۇ يەيمەن دەيسەن ، تۇرۇپ لەڭمەن يەيمەن دەيسەن ، سەن زادى نېمە يېمەكچى ؟

⑤ بەزىدە ئۇ كېلىدۇ ، بەزىدە مەن بارىمەن .

⑥ بىر تۇرۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن دەيسەن ، بىر تۇرۇپ تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىمەن دەيسەن ، زادى قانداق قىلماقچى ؟

⑦ تاغدا ھاۋا بىردەم ئوچۇق بولىدۇ ، بىردەم تۇتۇق بولىدۇ .

⑧ سىرتتا ھۇۋلىغان بوران بىردە تۆپە پەنجىرىنى تاراقلىتىدۇ ، بىردە نېمىلەرنىدۇر تاملارغا ئۇرىدۇ .

بۇ باغلىغۇچىلار مەنداش باغلىغۇچىلار بولۇپ ، ئۇلارنى ئومۇمەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

4) قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : ئالدىنقى تارماق جۈملىدە مەلۇم بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئۇنىڭغا زىت ياكى قارىمۇقارشى پىكىر بايان قىلىنىدىغان باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ :

1 . « لېكىن ، ئەمما ، بىراق » باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ باغلىغۇچىلار كېيىنكى تارماق جۈملىدە كېلىدۇ ، بۇ ئۈچ باغلىغۇچىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ . مەسىلەن :

① كۈز پەسلىنىڭ بۇنداق كۈنلىرى دېھقانلار ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ، لېكىن مۇختەر باي ئۈچۈن بۇ كۈز كۆڭۈلسىز باشلاندى .

② ئۆزىنىڭ ھەممە سىرىنى كىر داستىخانغا ياڭاقتەك بىرمۇ - بىر تۆككەن بوۋايغا نەپرىتى بىلەن تىڭشلۇق قىلدى ، لېكىن ئۇ ئۆيىگە چىقىپ رەمچىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىقرار بولدى .





③ مەن سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزنى قوللايمەن ، ئەمما شەخسىي ئىشلىرىمغا ئارىلىشىشىڭىزنى خالىمايمەن .

④ كىشىلەر بىر ناتونۇش ئادەمنى كۆككە كۆتۈرۈشىدۇ ، ئەمما يېنىدىكى ئادەمنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە يول قويمايدۇ .

⑤ شۇ پەيتتە ئىسھاق پىلىموتنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى ، بىراق تۇتەكلەر ئارىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار ئۇنى بىردىنلا توختىتىپ قويدى .

⑥ سۇ ئىچىش كېرەك ئىدى ، بىراق مۇشۇ تۇرقىدا ھېلىقى توختام سۇلارمۇ ئىسسىپ كەتتى .

2 . «ئەپسۇسكى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

① مېنىڭ سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى ، ئەپسۇسكى ئۇنى ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن .

② ئەجەب ياخشى نەغمە قىلدى بۇلار ، ئەپسۇسكى ناخشىسىنى ئاڭلىيالمىدۇق .

3 . « ھالبۇكى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئادەتتە كىتابىي تىلدا كۆپ قوللىنىلىدۇ ھەم كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ قىزغىن كەيپىياتتا سۆزلىمەكتە ، ھالبۇكى ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى كۆڭلۈمنى غەش قىلدى .

② ئەتىياز كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشتى ، ھالبۇكى ھاۋا تېخىچە ئىللىمىدىغاندەك ئەمەس .

4 . « ۋاھالەنكى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئادەتتە كىتابىي تىلدا كۆپ قوللىنىلىدۇ ھەم كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

① ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەردە يېڭى يىل كېلىش بىلەنلا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىدۇ ، ۋاھالەنكى شىنجاڭدا بۇ چاغدا تېخى قاتتىق سوغۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ .

*② ئاۋغۇستىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېزىك كېسىلى دەھشەتلىك پەللىگە يەتتى ، ۋاھالەنكى ۋىراچ ئابدۇرېشىتمۇ قۇتقۇزۇش جەريانىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى .*

5 . « شۇغىنىسى ( شۇنىسى ) » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① دەيدىغاننىمۇ تازا دەۋالدىم ، شۇغىنىسى ئاقىۋىتى قانداق بولاركىنتاڭ .*

*② ئۇ يىگىتقۇ ياخشى بالا ئىكەن ، شۇغىنىسى بەك ياۋاشتەك قىلىدۇ .*

6 . « شۇنداقتىمۇ ( شۇنداق بولسىمۇ ) » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ ئۇخلىيالماي چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانىدى ، شۇنداقتىمۇ ئاربلاپ بېشىنى قىيسايتىپ ھاجىپقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى .*

*② ئۇ بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ئايالى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ ، ئاپەتكە ئۇچرىغان يۇرتداشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى .*

7 . « ئەكسىچە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە توغرا مەسلىھەتلەرنى بەردىم . ئۇ ئەكسىچە مېنى ھاقارەتلەپ ، ماڭا قارا چاپلىدى .*

*② ئۇ بۇ ئىشتىن قورقۇپ كەتمىدى ، ئەكسىچە بۇنى شۇي دوتەيگە ياخشىچاق بولۇشنىڭ ئوبدان پەيتى دەپ ئويلىدى .*

8 . « بەلكى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى





باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەردە ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ ( مۇكەممەل ئاددىي جۈملە شەكلىدە بولىدۇ ) ھەم ئىنكار شەكلىدە كېلىدۇ . كېيىنكى تارماق جۈملە تەستىق شەكلىدە ( بولۇشلۇق شەكلىدە ) بولىدۇ . « بەلكى » باغلىغۇچىسى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① جۇڭگودىكى قەدىمكى شەھەرلەر ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنىڭ مەنبەسى ئەمەس ، بەلكى مۇستەبىتلىكنىڭ قورغىنى ئىدى .*

*② مۇنۇ بىر پارچە ئالتۇن دادامنىڭ ماڭا قالدۇرغان مىراسى ئەمەس ، بەلكى تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى .*

مۇشۇ تۈردىكى تەڭداش قوشما جۈملىلەردە « بەلكى » باغلىغۇچىسى قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ دېيىشتىكى ئاساسىمىز شۇكى ، ئۇ جۈملىلەردە « بەلكى » باغلىغۇچىسىنى « ئەكسىچە » باغلىغۇچىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىسى بولۇشسىز ( ئىنكار ) شەكلىدە ، كېيىنكى تارماق جۈملىسى بولۇشلۇق ( تەستىق ) شەكلىدە كېلىدۇ .

9 . « دېگەنبىلەن » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى « لېكىن ؛ ئەمما ؛ بىراق » باغلىغۇچىلىرى بىلەن مەنداش بولۇپ ، كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۆيىمىز يىراق ، دېگەنبىلەن قاتناش قولاي .*

*② بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولدى ، دېگەنبىلەن مەھسۇلات كېمەيمىدى .*

5) سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : بىر تارماق جۈملىسى سەۋەبنى ، يەنە بىر تارماق جۈملىسى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان تەڭداش قوشما جۈملە سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ :

1 . « شۇڭا ، شۇڭلاشقا ، شۇنىڭ ئۈچۈن » باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ ئۈچ باغلىغۇچى مەنداش باغلىغۇچىلار بولۇپ ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ . بۇ باغلىغۇچىلار نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① سابىرنىڭ ئەل - جامائەت ئارىسىدا يۈز - ئابرۇيى چوڭ ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى خۇدادەك بىلىدۇ .*

*② بىز ھوقۇق ، ھاكىمىيەت ئېگىسى ئىگە بولالمىدۇق ، شۇڭا باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىنى ھاقارەت بىلمەيمىز .*

*③ ھازىر بىزدە ئوشۇق پۇل يوق ، بالام ، شۇڭلاشقا سىنىڭ قوزاڭنى سويۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز .*

*④ ئوغۇتنى كۆپلەپ قويۇپ ، ئۇرۇقنى تاللاپ سايتۇ ، شۇڭلاشقا بىر مو يەردىن مىڭ جىڭ ھوسۇل ئاپتۇ .*

*⑤ سىزنى بەك سېغىندىم ، شۇڭلاشقا كەلدىم .*

*⑥ ھۈنەرسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي .*

*⑦ قار قاتتىق ياغدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمىدى .*

2 . « نەتىجىدە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① سېلىم بىلەن تۇركەنجى ئوغۇل ھىلاجىقا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ، نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت پارچىلىنىپ ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئۇرۇشلار باشلىنىدۇ .*

*② ئۇلار ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەپ مېڭىشنى ئۇنتۇغان ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ شانۇ شاۋكەتلىك ئۆتمۈشى ئىنسانلارنىڭ يادىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن .*

3 . « بۇنىڭ ( شۇنىڭ ) نەتىجىسىدە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*15 - ئەسىرلەردىن كېيىن دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن تەدرىجىي ھالدا دېڭىز قىرغاقلىرىغا ۋە قاتنىشى قولاي بولغان رايونلارغا يۆتكەلدى ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا بارا - بارا ئۇنتۇلغان رايونغا ئايلىنىپ قالدى .*

4 . « بۇنىڭ ( شۇنىڭ ) بىلەن » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① كۈندۈزى ئۆزىمىزنى يوشۇردۇق ، تۈندە يول يۈردۇق ، شۇنىڭ بىلەن سالامەت ھالدا يۇرتىمىزغا يېتىۋالدۇق .*

*② بۇنى كۆرگەن چوڭ ئاچىسى ھەسەت قىلىپ سىڭلىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن سىڭلىسىنىڭ روھى قۇشقا ئايلىنىدۇ .*

5 . « چۈنكى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى سەۋەبنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ مېنى ياقتۇرمايدۇ ، چۈنكى ئۇ مېنى ھېلىقى ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشتۇرمىدى .*

*② رەيھان قارىياغاچلىقتا بارسىلا ھېچ ئىش بولمىغاندىمۇ يامان گەپ تارقىلىشىنى بىلەتتى ، چۈنكى بۇ مەھەللىدە بۇ خىل گەپلەر مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقىدەك تېز تارقىلىدۇ ئەمەسمۇ !*

6 . « سەۋەب ( سەۋەبى ) » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى سەۋەبنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مەن پەشۋا بەرمىدىم ، قاتتىق تىللىدىم ، سەۋەب ئۇ چاغدا « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ، بىزنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشىمىز بىلەن كارىڭىز بولمايدىغان بولۇپ قالغان .*

*② تۈنۈگۈن دەرسكە چىقالمىدىم ، سەۋەبى ئاغرىپ قالغانىدىم .*

7 . « شۇ سەۋەبلىك ( شۇ سەۋەبتىن ) » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① يىغىن ۋاقتى بېكىتىلمىگەنىدى ، شۇ سەۋەبلىك سىزگە ۋاقتىدا خەۋەر قىلالمىدۇق .*

*② ئۇنىڭ دادىسى ئىلگىرى قارىلانغان ، شۇ سەۋەبلىك ئۇ ھازىرغىچە خىزمەت تاپالمايۋاتىدۇ .*

8 . « نېمىشقا دېگەندە » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى بەزىدە « نېمىشقا دېسە » ، « نېمىشقا دېسەڭ » ، « نېمىشقا دېسىڭىز » ، « نېمىشقا دېسەڭلار » ، « نېمىشقا دېسىلە » ، « نېمىشقا دېسەك » شەكىللىرىدىمۇ كېلىدۇ . بۇ باغلىغۇچى سەۋەبنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمايمەن ، نېمىشقا دېگەندە ، بۇ چارە بىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ .*

*② ئەزالاردىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق ، نېمىشقا دېسەڭ ، كوللېكتىپتىن ئۈمىد بولمىغاندىن كېيىن جان ساقلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ ـ دە !*

6) ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : كېيىنكى تارماق جۈملە ئالدىنقى تارماق جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرنى باشقا بىر نۇقتىدىن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ ، تولۇقلاپ بايان قىلىدىغان باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچىلىق تەڭداش





قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ .

1 . « يەنى » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① بۇ پىكىر ـ ئىستەكلەر كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە تىل شەكلىسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ ، يەنى كىشىلەر مېڭىسىدە تىل شەكلىسىز ئىپادىلىنىدىغان تەييار پىكىر بولمايدۇ .*

*② ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش خەلق ئىگىلىكى پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ، يەنى خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ .*

*③ خەلق ئىگىلىكى ئىلمىنى ئۆگەنگەندە ، باشقۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ ، پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ، يەنى خەلق ئىگىلىكى بىلەن تارماق ئىگىلىك ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .*

2 . « باشقىچە ( قىلىپ ) ئېيتقاندا // ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئادەمنىڭ زىننىتى ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلىتى يوق ئادەمنى ھەقىقىي ئادەم دېگىلى بولمايدۇ .*

*② بىز دۈشمەننى چوقۇم يېڭىمىز ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، دۈشمەن بىزنىڭ قولىمىزدا گۇم بولىدۇ .*

7) ئۇلانمىلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : ھەرقايسى تارماق جۈملىلەر مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە

كېلىپ ، ئارقىمۇ ئارقا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنى ياكى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ئۇلانمىلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى جۈملىلەردىكى تارماق جۈملىلەر مۇئەييەن رەت تەرتىپى بويىچە كېلىدىغان بولغاچقا ، تارماق جۈملىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ :

1 . « ئاۋۋال ... ئاندىن ... » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا « ئاۋۋال » باغلىغۇچىسى ، كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا « ئاندىن » باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① بالام ، تامىقىڭنى يەۋالغىن ، ئاندىن مەن گەپ قىلىپ بېرىمەن .*

*② ئاۋۋال سەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا ، ئاندىن سېنىڭ گېپىڭنى مەن ئاڭلايمەن .*

بۇ باغلىغۇچى بەزىدە « ئاۋۋال ... ئاندىن كېيىن ... » شەكلىدىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① يۈرۈڭ ، ئۇجمە يەيلى ، ئاندىن كېيىن سورايدىغانلىرىم بار تېخى .*

*② ئاۋۋال كېسەلنى يوقلاپ چىقايلى ، ئاندىن كېيىن تاماق يەيلى .*

2 . « ئالدى بىلەن ... ئاندىن كېيىن » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا « ئالدى بىلەن » باغلىغۇچىسى ، كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا « ئاندىن كېيىن » باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلايلى ، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويايلى .*

*② ئالدى بىلەن بۇ يەردە سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك ،*





*ئاندىن كېيىن بېيىش توغرىسىدا سۆز ئاچساق بولىدۇ .*

بۇ ئىككى باغلىغۇچى ئۆزئارا مەنىداش باغلىغۇچىلار بولۇپ ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

بۇ باغلىغۇچىلاردىن ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان « ئاۋۋال » ، « ئالدى بىلەن » دېگەن باغلىغۇچىلار ئالدىنقى ۋە كېيىنكى تارماق جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىر تەكىتلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىخچاملىنىدۇ . مەسىلەن :

*① سەن دە ، ئاندىن مەن دەي .*

*② خەتنە تويىنى ئۆتكۈزۈۋالايلى ، ئاندىن كېيىن بىر گەپ بولار !*

*③ مەن گىمنازىيەنى تۈگىتىۋالاي ، ئاندىن كېيىن كۆرۈشەيلى .*

3 . « دەسلەپ ... كېيىن ... » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . « دەسلەپ » باغلىغۇچىسى ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا ، « كېيىن » باغلىغۇچىسى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① دەسلەپ تاغلار قارا پەردە بىلەن ئورالدى ، كېيىن ئېگىز دۆڭلەر غايىب بولدى .*

*② دەسلەپ تولىمۇ يات تۇيۇلغانىدى ، كېيىن ئاستا - ئاستا ماسلىشىپ قالدىم .*

4 . « باشتا ... ئەمدى ... » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . « باشتا » باغلىغۇچىسى ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا ، « ئەمدى » باغلىغۇچىسى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ ۋە بەزىدە ئۇ « ئاندىن » ياكى « كېيىن » باغلىغۇچىسى بىلەن ئالمىشالايدۇ . مەسىلەن :

*① باشتا گۈلنىسانى ئاغزىڭغا ئالمايسەن ، ئەمدى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن .*

*② باشتا مەن كىرەي ، ئاندىن سەن كىر .*

5 . « ئاۋۋال ... ، ئارقىدىن ... » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . « ئاۋۋال » باغلىغۇچىسى ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ

بېشىدا ، « ئارقىدىن » باغلىغۇچىسى كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ .

*① ئاۋۋال شۇجى يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزدى ، ئارقىدىن مۇدىر مۇھىم سۆز قىلدى .*

*② ئاۋۋال گۈلسۈم كىرىپ كەلدى ، ئارقىدىن كامىلە كىردى .*

ئالدىنقى تارماق جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىر تەكىتلەنمىسە ، « ئاۋۋال » باغلىغۇچىسى ئىخچاملىنىدۇ .

ئەگەر كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ئىش - ھەرىكەت ئالدىنقى تارماق جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ئىش - ھەرىكەتكە ئۇلاپلا ئېلىپ بېرىلسا ، « - ئارقىدىن » باغلىغۇچىسىغا « لا » يۈكلىمىسى ئۇلىنىپ ، « ئارقىدىنلا » شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① شەرق يورۇدى ، ئارقىدىنلا ئاسماننىڭ يېرىمى چوغدەك قىزىل شەپەققە پۈركەندى .*

*② چاقماق چېقىلدى ، ئارقىدىنلا يامغۇر چېلەكتە قۇيغاندەك يېغىشقا باشلىدى .*

8) يەكۈن مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە : ئالدىنقى تارماق جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىر كېيىنكى تارماق جۈملىدە يىغىنچاقلىنىدىغان ، خۇلاسىلىنىدىغان باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە يەكۈن مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر « دېمەك » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① لۇشۈن « مەن ئۆزۈممۇ ئەزەلدىن تەرجىمىدىن مىننەتدارمەن » دەپ تەرجىمان بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ، دېمەك ، تەرجىمە ئاشۇنداق پەخىرلىنەرلىك خىزمەت .*

*② ئۇنىڭدىن تېخىچە خەۋەر يوق ، دېمەك ، تېلېگراممۇ ۋاقتىدا يېتىپ بارمىغان .*





*③ تەپەككۇر جەمئىيەت ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۇقۇم ، ھۆكۈم ۋە خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، تىل ئەنە شۇ تەپەككۇر شەكىللىرىنى سۆز ۋە جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ ، دېمەك ، تەپەككۇر بىلەن تىل زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ .*

## 2 . باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئورۇن تەرتىپى ۋە ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدىغان تەڭداش قوشما جۈملە باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەردە باغلىغۇچىلار بولمايدۇ ، تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر يا ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق ، يا ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق ، يا قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ، يا زىت سۆزلەر ( بۇ پېئىلنىڭ بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق شەكىللىرى بىلەن نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تەستىق - ئىنكار شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ ) ئارقىلىق ۋە ياكى ئوخشاش بىر خەۋەرنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① قوڭغۇراق چېلىندى ، ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىردى ، دەرس باشلاندى .*

*② پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، پاكىت — ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى ، قېنى پاكىتقا قاراپ باقايلى .*

*③ مېنىڭ تېنىم ھايات ، روھىم ئۆلگەن .*

*④ ياخشى ئايال ياتنى ئۆز قىلىدۇ ، يامان ئايال ئۆزنى يات قىلىدۇ .*

*⑤ مەن چاشقاندىن قورقمايمەن ، پەقەت ئۇنى دەسسىۋېتىشتىن قورقىمەن .*

*⑥ بىز باردۇق ، ئۇلار بارمىدى .*

*⑦ ئالتۇن يەردىن چىقىدۇ ، باتۇر ئەلدىن ( چىقىدۇ ) .*

*⑧ بۇ خىيال ئەمەس ، ھەقىقەت .*

*⑨ سازەندىلەر ناخشا ئېيتىۋاتاتتى ، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى ، شائىرلار شېئىرلىرىنى ئوقۇۋاتاتتى .*

يۇقىرىقى مىساللار ئىچىدە مىسال ① دىكى تارماق جۈملىلەر ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق ، مىسال ② دىكى تارماق جۈملىلەر ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق ، مىسال ③ ۋە مىسال ④ لەردىكى تارماق جۈملىلەر قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ، مىسال ⑤ ۋە مىسال ⑥ لەردىكى تارماق جۈملىلەر پېئىلنىڭ بولۇشلۇق - بولۇشسىز شەكىللىرى ئارقىلىق ، مىسال ⑦ دىكى تارماق جۈملىلەر بىر خەۋەرنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ، مىسال ⑧ دىكى تارماق جۈملىلەر تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تەستىق - ئىنكار شەكىللىرى ئارقىلىق ، مىسال ⑨ دىكى تارماق جۈملىلەر ئوخشاش گىراماتىكىلىق شەكىللەردىن تەركىب تاپقان خەۋەرلەر ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن .

بىر قارىماققا باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەر تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسى جەھەتتىن باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ . چۈنكى ، بەزى باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ باغلىغۇچىلىرى ئېلىۋېتىلسە ، باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن . ئوخشاشلا بەزى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئارىسىغا باغلىغۇچىلار قويۇلسا ، باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن :

*① قوڭغۇراق چېلىندى ۋە دەرس باشلاندى .*

*② قوڭغۇراق چېلىندى ، دەرس باشلاندى .*

*① سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭىز مەن ئەمەس ، ئۇچقۇن .*

*② سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭىز مەن ئەمەس ، بەلكى ئۇچقۇن .*





ئەمما ھەر قانداق بىر تەڭداش قوشما جۈملىنى مۇشۇ خىل شەكىلدە ئۆزگەرتىشكە بولىۋەرمەيدۇ . ئەگەر ئۆزگەرتىلسە ، ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە تەسىر يېتىدۇ ياكى جۈملىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . مەسىلەن :

*① تىغ يارىسى ساقىيار ، تىل يارىسى ساقايماس .*

*② تىغ يارىسى ساقىيار ، ئەمما ( بىراق ) تىل يارىسى ساقايماس . (X)*

*① بار سۆزلەيدۇ ، يوق كۆزلەيدۇ .*

*② بار سۆزلەيدۇ ، لېكىن يوق كۆزلەيدۇ . (X)*

بۇ مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل بولسا ، باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ . شۇڭا ، باغلىغۇچىلىق تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش دېگىلى بولمايدۇ . باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەرنى تۈۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

1) بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە : بۇ تۈردىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەر بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ياكى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە پەيدىنپەي يۈز بەرگەن ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوي - پىكىرلەرنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

*① دەريا سۈيى جۇش ئۇرۇپ ئاقماقتا ، قۇشلار سايرىماقتا .*

*② ئەقىل — تەربىيەگە موھتاج ، ئىلىم — ئەخلاقىي پەزىلەتكە موھتاج ، شادلىق — تىنچلىققا موھتاج ، يېقىنلىق — مۇھەببەتكە موھتاج .*

*③ ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار ، قىزى بارنىڭ ئىزى بار .*

*④ ئىنتىزام — تەربىيە نەتىجىسى، رىجىم — تەربىيە ۋاستىسى .*

*⑤ تاڭ ئاتتى ، يەر - جاھان يورۇشقا باشلىدى .*

*⑥ ئىشىك ئېچىلدى ، ئۆيگە ئاق چاچلىق بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى .*

*⑦ ئىككىنچى قېتىم ئاتقانىدىم ، بېشىغا قاتتىق تەگدى ، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگەن بويى ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى .*

*⑧ سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرى ، يەكشەنبە .*

2) قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە : بۇ تۈردىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرىدىكى ئوي - پىكىرلەر بىر - بىرىگە قارشى قويۇلىدۇ .

بۇنداق باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەر ئىككىلا تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ ۋە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ :

1 . قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇنىڭدا قارشى مەنىلىك سۆزنىڭ بىرى ئالدىنقى تارماق جۈملىدە ، يەنە بىرى كېيىنكى تارماق جۈملىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇلارنىڭ ئۆيى چوڭ ، بىزنىڭ ئۆيىمىز كىچىك .*

*② ئەقىللىق ئاياللار ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەرگە ياتلىق بولىدۇ ، ئەخمەق ئاياللار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەرگە ياتلىق بولىدۇ .*

*③ مېنىڭ تېنىم ھايات ، روھىم ئۆلگەن .*

*④ تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال .*

*⑤ ئوقۇغۇچىلار پۈتكۈزۈپ كېتىدۇ ، بىز قالىمىز .*

*⑥ پادا باققاندا دوست ئىدۇق ، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق .*

2 . پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ، بولۇشسىز شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇنىڭدا ئىككى تارماق جۈملىدىكى پېئىلدىن





تۈزۈلگەن خەۋەرنىڭ بىرى بولۇشلۇق شەكىلدە ، يەنە بىرى بولۇشسىز شەكىلدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئۇ باي قىز بىلەن نامرات ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا ئورتاق خۇشاللىق بولمايدۇ ، پەقەت پاجىئەلا بولىدۇ .*

*② سەن مېنى ئالمىغان ، مەن سېنى ئالغانمەن .*

*③ مەن بولىدۇ دېدىم ، ئۇ بولمايدۇ دېدى .*

*④ مەن كونا يېزىقنى ئوقۇيالايمەن ، يازالمايمەن .*

*⑤ بىز باردۇق ، ئۇلار بارمىدى .*

3 . تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ تەستىق - ئىنكار شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇنىڭدا ئىككى تارماق جۈملىدىكى تۈرغۇن سۆزدىن تۈزۈلگەن خەۋەرنىڭ بىرى تەستىق شەكىلدە ، يەنە بىرى ئىنكار شەكىلدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① زۆرۈرى پەرەز ئەمەس ، پاكىت .*

*② ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان مەن ئەمەس ، ئەلشىر .*

*③ ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا .*

بۇ تۈردىكى تەڭداش قوشما جۈملە كۆچەيتكۈچىلىك مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ئەمەس ، بەلكى قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، بۇنىڭدا « زۆرۈرى پەرەز ئەمەس ، پاكىت » دېگەن قوشما جۈملىنى « زۆرۈرى پەرەز ئەمەس ، بەلكى پاكىت » دېگەن شەكىلگە كەلتۈرۈشكە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ جۈملىدىكى « بەلكى » باغلىغۇچىسىنىڭ كۈچەيتىش مەنىسى يوق ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن « ھەتتا » ، « بولۇپمۇ » دېگەندەك باغلىغۇچىلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئۇ تۈردىكى جۈملىلەردىكى « بەلكى » باغلىغۇچىسى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن « ئەكسىچە » باغلىغۇچىسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

ئىككىنچىدىن ، ئۇ خىل قوشما جۈملىلەردىكى ئىككى تارماق جۈملىنىڭ بىرى تەستىق ، يەنە بىرى ئىنكار شەكلىدە بولىدۇ .

4 . ئىستىلىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن ، ئۇنچە ـ مارجان تاش ئىكەن .*

*② بازاردا مىلىڭ كىشى ، كۆڭۈلدە بىر كىشى .*

*③ چىراي دېگەن تويدا كېرەك ، مۇھەببەت بولسا كۈندە .*

*④ زامان زورنىڭ ، تاماشا كورنىڭ .*

5 . قارشىلىق مۇناسىۋىتىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*ياقىلار ئېتەك بولدى ،*
*ئېتەكلەر ياقا .*
*خانىملار دېدەك بولدى ،*
*دېدەكلەر خانىم .*

بۇ مىسالدا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىقلا ئەمەس ، يەنە ئىستىلىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ( ياقا — ئېتەك ؛ خانىم — دېدەك ) قوللىنىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن .

6 . سوئال ئالماشلىرى ياكى كىشىلىك ( شەخس ) ئالماشلار ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن . مەسىلەن :

*① بىز كىم ؟ ئۇلار كىم ؟*

*② مەندە ئات ـ ئۇلاغ بار ، ئۇلاردا بولسا كۆچ بار .*

*③ مەن دېگەن مەن ، سەن دېگەن سەن .*

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى قوشما جۈملىلەرمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ :

*① باشقىلار كەتكۈسى كەلگەندە كېتەتتى ، ئۇ بولسا بۇ يەردىن*





*كېتىشتىن بۇرۇن ھەممىنى پاكپاكىز يىغىشتۇراتتى .*

*② مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق ، بەزگە ئامراق .*

*③ بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق ، قاغىنىڭ دەرەخ ئۇچىدا .*

*④ پايدا ـ زىياننى قوغلىشىۋاتقىنىم يوق ، كۆزلەۋاتقىنىم ئادەم .*

بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەردە ئوي ـ پىكىرلەر بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى قويۇلۇپ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلىدۇ . ئىككىنچى تارماق جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرنىڭ ئارتۇقچىلىقى كۆرسىتىلىدۇ . مەسىلەن :

*① گۈزەل چىرايغا قىرىق كۈندە تويىدۇ ، گۈزەل ئەخلاققا قىرىق يىلدىمۇ تويمايدۇ .*

*② چىراي دېگەن تويدا كېرەك ، مۇھەببەت بولسا كۈندە كېرەك .*

3) سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە : بۇنداق باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى بىر تارماق جۈملە سەۋەبنى بىلدۈرسە ، ئىككىنچى تارماق جۈملە نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ . سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملە بىلەن نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملىنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن :

1 . « سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملە — نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملە » شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① يېقىندىن بېرى يامغۇر ـ يېشىن بولمىدى ، ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىشقا باشلىدى .*

*② ئەتىگەندىن باشلاپ توختىماستىن يامغۇر ياغدى ، ئېرىقتىكى سۇلار تېشىپ كەتتى .*

*③ ئائىلەمدە بالا ـ چاقام كۆپ ، يوكۇم ئېغىر ، پۇلغا موھتاج بولۇپ قالدىم .*

2 . « نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملە — سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملە » شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ھەممە ئەيىب ئۆزىمىزدە ، ۋاقتىدا چارە كۆرمىدۇق .*

*② يىغىنغا قاتنىشالمايمەن ، تەييارلايدىغان دەرسلىرىم كۆپ .*

*③ سىلەردىن ئەنسىرىدۇق ، كەچ قالدىڭلار .*

*④ سىز ئۇنداق دېمەيسىز ، مەن سىزنى ياخشى بىلىمەن .*

4) تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە : بۇ خىل باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى سوئال يۈكلىمىسى « مۇ » نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئادەتتە ئىككىنچى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى ئومۇمەن ئىخچاملىنىدۇ ، لېكىن خەۋەر قىسمىدىكى « مۇ » يۈكلىمىسى ئىككىنچى تارماق جۈملىنىڭ ئىگىسىگە كۆچىدۇ . مەسىلەن :

*① سىلەرنى بىز خەق ئوقۇتقانمۇ ، رۇسلارمۇ ؟*

*② ئۇ بىچارىمۇ ، مەنمۇ ؟*

*③ ئۇ يىغىنغا ئابلىز بارامدۇ ، ئەلىشىرمۇ ؟*

*④ بۇ كېسەل ياخشى خاراكتېرلىكمۇ ، يامان خاراكتېرلىكمۇ ؟*

5) ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملە : بۇ خىل باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى تارماق جۈملىسى بىرىنچى تارماق جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنى ياكى بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئىزاھلاپ ، تولۇقلاپ كېلىدۇ . شۇڭا بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ :

1 . ئىككىنچى تارماق جۈملىسى بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئىزاھلاپ كېلىدۇ .

a . ئىگىنى ئىزاھلاپ كېلىدۇ . بۇنىڭدا بىرىنچى تارماق جۈملە تەركىبىدە ئالماش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىگە ئىككىنچى تارماق جۈملە ئارقىلىق ئىزاھلىنىدۇ . ئادەتتە بۇ خىل ئىگە « بىر نەرسە » ، « شۇ نەرسە » ، « ھەممە نەرسە » سۆزلىرى ئارقىلىق كېلىدۇ . بەزىدە ئىزاھلانغۇچى سۆز ( ئىگە ) چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :





*① بىر نەرسە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ : ئېرىنمەي ئەمگەك قىلىش .*

*② بىزگە ( شۇ نەرسە ) مەلۇم ، چېلىشىسىز كۈن تۈرمۇش ئەمەس .*

يەنە بەزىدە بىرىنچى تارماق جۈملىدىكى ئىزاھلىنىدىغان سۆز ( ئىگە ) ئىككىنچى تارماق جۈملىدە ( ئىزاھلىغۇچى تارماق جۈملىدە ) « ئۇ بولسىمۇ » سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم بار ، ئۇ بولسىمۇ ئىككىڭلارنى بىر - بىرىڭلارغا چېتىپ قويۇش .*

*② مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۈستىخان - سۆڭەك ، قورال - جابدۇق ۋە قەبرە - كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق دەلىل - پاكىت بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تىلىدۇر .*

b . خەۋەرنى ئىزاھلاپ كېلىدۇ . بۇنىڭدا بىرىنچى تارماق جۈملىدىكى ئىزاھلىنىدىغان خەۋەر ھەرخىل پېئىللار (ئېيت- ؛ ياز- ؛ بەر- ؛ كۆر- ؛ ئاڭلا- ؛ ئەسلە- ؛ ئويلا- ؛ بىل- ؛ ھەيران بول- ... ) ياكى « شۇنداق » ، « شۇ » ، « مۇنداق » ئالماشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① ئەركىن توغرا ئېيتىدۇ : مەقسەتلىك ئىشلەشنى ئۆگىنەيلى .*

*② ئەمدى بىلدىم ، ئۇلار بىزگە تەڭ بولالمايدىكەن .*

*③ ساڭا مەسلىھەتىم شۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن دەرس تاشلىما .*

*④ بىزنىڭ ئىشىمىز شۇنداق ، ئەتىگەن كېلىپ ، كەچ كېتىمىز .*

c . تولدۇرغۇچىنى ئىزاھلايدۇ . بۇنىڭدا بىرىنچى تارماق جۈملىدىكى ئىزاھلىنىدىغان تولدۇرغۇچى « شۇنى » ، « بۇنى » ، « شۇ نەرسىنى » ، « بۇ نەرسىنى » ، « بىر نەرسىنى » قاتارلىق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ ، كېيىنكى تارماق جۈملە ئارقىلىق ئىزاھلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① شۇنى ئېنىق بىلىۋال ، بىلىم ئېلىش — يىڭنە بىلەن قۇدۇق قېزىش .*

*② ئۇ بىر نەرسىنى ياخشى بايقىدى : ھەممە ئادەم مۇئەللىمگە ھۆرمەت قىلاتتى .*

d . ئېنىقلىغۇچىنى ئىزاھلايدۇ ، بۇنىڭدا بىرىنچى تارماق جۈملىدىكى ئىزاھلىنىدىغان ئېنىقلىغۇچى « شۇنداق » ، « شۇ » ئالماشلىرى ياكى « بىر » سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① بۇ شۇنداق گۈل ، قىشتىمۇ ، يازدىمۇ ئېچىلىۋېرىدۇ .*

*② بىر ئادەمنى كۆردۈم ، بويى قارىغايدەك .*

e . ھالەتنى ئىزاھلايدۇ . بۇنىڭدا بىرىنچى تارماق جۈملىدىكى ئىزاھلانغۇچى ھالەت « شۇنداق » ، « ئۇنداق » ، « ئاشۇنداق » ئالماشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① بىز شۇنداق ئىشلەيمىز : ھەممىمىز بىرىمىز ئۈچۈن ، بىرىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن .*

*② ئۇ شۇنداق سېمىز ، ئىككى كىشىلىك ئورۇنغا ئاران سىغىدۇ .*

2 . ئىككىنچى تارماق جۈملە بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئىزاھلاپ كېلىدۇ ، تولۇقلاپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئەركىن سۆزىدە تۇردى : كېرەك نەرسىلەرنى شۇ كۈنىلا يەتكۈزۈپ بەردى .*

*② كۇرسداشلار خوشلاشماقتا : بەزىلىرى شەھەردە قالماقچى ، بەزىلىرى يېزىغا كەتمەكچى .*

*③ تىل تىغدىن ئۆتكۈر ، ئەجدادلارنىڭ بۇ گېپىگە ئىشەن .*

بۇ خىل ئىزاھلىق تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككىنچى تارماق جۈملىسىدە بەزىدە « بۇ » ، « شۇ » ، « ئۇ » ئالماشلىرى بولىدۇ . مەزكۇر ئالماشلار مەنە جەھەتتىن بىرىنچى تارماق جۈملىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① ئەركىن مەھەللىگە كېتىپتۇ، بۇ راستمۇ؟*

*② مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشسۇن ، گەپ شۇنىڭدا .*

*③ ئاچىنىڭ ئاچچىقى يامان ، بۇنى بىلىپ قوي .*





## §3 . بېقىندىلىق قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما جۈملە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بېقىندىلىق قوشما جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن بېقىنغۇچى جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ .

بېقىنغۇچى جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدىغان ، خەۋىرى گىراماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان ، يەنى گىراماتىكا جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن ( ئايرىم ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ) تارماق جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئاددىي جۈملىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ .

بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە بېقىنىپ كېلىدىغان ، خەۋىرى گىراماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولمىغان ، يەنى گىراماتىكا جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنمىگەن ياكى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولمىغان تارماق جۈملە بېقىنغۇچى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بېقىنغۇچى جۈملىدە ئاددىي جۈملىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بولمايدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا بېقىندۇرغۇچى جۈملە بېقىنغۇچى جۈملىنىڭ كەي-ىنىدە ، بېقىنغۇچى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ .

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن بېقىنغۇچى جۈملىنىڭ باغلىنىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

1) شەرتلىك مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە : بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىنغۇچى جۈملىسىدە بىر خىل شەرت ياكى بىر خىل پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسىدە شۇ خىل شەرت ياكى شۇ خىل پەرەز ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان نەتىجە بايان قىلىنىدۇ . شەرتلىك

مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ :

1 . ... سا // سە ( لا ) ، ... . مەسىلەن :

① *سەن چىقىپ كەتسەڭ ، مەن ئۇخلايمەن .*

② *يامغۇر ياغسا ، يەر ھۆل بولىدۇ .*

③ *سىنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا بولسىلا ، بىز تۈزىتىمىز .*

2 . ... غاندىلا ، ... . مەسىلەن :

① *مۇشۇ دەريادىن كېسىپ ئۆتكەندىلا ، ئاندىن تاشكۆۋرۈك يېزىسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ .*

② *تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .*

3 . مەيلى ... مەيلى ( ياكى ) ... ، مەيلى ... سىمۇ ( سۇن ) ... ، مەيلى ... سوئال ئالماش ... سۇن ، ... . مەسىلەن :

① *مەيلى كادىر ياكى ئامما بولسۇن ، ھەممىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى كېرەك .*

② *مەيلى قىيىنچىلىق قانچە چوڭ بولسۇن ، بىز ئۇنى چوقۇم يېڭىمىز .*

4 . ئەگەر ( ناۋادا ؛ مۇبادا ) ... ـ سا//سە ، ... . مەسىلەن :

① *ئەگەر ئۇ يەردە بولمىسا ، سىز ئېيتقان ئاشۇ يەرگە بېرىپ باقايلى .*

② *ئەگەر قوشۇلساڭلار ، ئەتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يولغا چىقىمىز .*

5 . ئەگەر ... غاندا ، ... . مەسىلەن :

① *( ئەگەر ) بۇ خىزمەتنى ئورۇنلىمىغاندا ، باشقا خىزمەتلەرگە تەسىر يېتىدۇ .*

② *سۇ مىقدارى مۇۋاپىق بولغاندا ، شالىدىن ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ .*

6 . ئەگەر ( مۇبادا ) ... ـدىكەن ( يىكەن) ، ... . مەسىلەن :

① *ئەگەر ئۇ بالامغا چېقىلىدىكەن ، مەن ئۇنى ھەرگىز بوش*





*قويۇۋەتمەيمەن .*

② *يامان ئادەتلەرگە رەددىيە بەرمەيدىكەنمىز ، ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز .*

7 . ئەگەر ... سىدى ( ـسا//سە + ئىدى ) ، ... . مەسىلەن :

① *ئەگەر ئۇ ئۆزى بىر ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولسىدى ، ئۇ چاغدا تېخىمۇ قىزغىن كەيپىيات شەكىللەنگەن بولاتتى .*

② *ئۇ مېنىڭ ئۇ تەلىپىمگە قوشۇلسىدى ، مەن ئۇنىڭ ئۇچۈن ئۆمۈربويى خىزمەت قىلغان بولاتتىم .*

8 . ... مىغۇچە ، ... ئىنكار شەكىللىك خەۋەر . مەسىلەن :

① *جاھانگىرلىك يوقالمىغۇچە ، ئۇرۇش خەۋپى تۈگىمەيدۇ .*

② *جاپا تارتمىغۇچە ، ھالاۋەت يوق .*

9 . ... ـماي//ـمەي ( تۇرۇپ ) ، ئىنكار شەكىللىك خەۋەر . مەسىلەن :

① *قوڭغۇراق چېلىنماي ( تۇرۇپ ) ، دەرس باشلانمايدۇ .*

② *ئادەتتە شۇجىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ، مۇدىر پوزىتسىيە بىلدۈرەلمەيتتى .*

10 . كىم ... ـسا//ـسە ، شۇ ... . مەسىلەن :

① *كىم ئەلاچى بولسا ، شۇ مۇكاپات ئالىدۇ .*

② *كىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ، شۇ قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ .*

11 . نېمە ... ـسا//ـسە ، شۇ ... . مەسىلەن :

① *سىزگە نېمە كېرەك بولسا ، شۇ نەرسە بار .*

② *ئۇ نېمىنى يەيمەن دېسە ، شۇنى ئېتىپ بېرەتتىم .*

12 . قايسى ... ـسا//ـسە ، شۇ ... . مەسىلەن :

① *قايسى يارىسا ، شۇنى ئالىمىز .*

② *كىنوخانىدا قايسى كىنو بولسا ، شۇنى كۆرىمىز .*

13 . قانچە ... ـسا//سە ، شۇنچە ... . مەسىلەن :

① *قانچىلىك بىلسەڭ ، شۇنچىلىك دە .*

② *بۇ قوينى قانچە پۇل دېسە ، سىز شۇنچە پۇلغا ئالامسىز ؟*

14 . قانداق ... ـسا//ـسە ، شۇنداق ... . مەسىلەن :

*① قانداق ئىشلىگىن دېگەن بولسا ، شۇنداق ئىشلىدىم .*

*② قانداق يازغۇڭ بولسا ، شۇنداق ياز .*

15 . قاچان ... ـسا//سە ، شۇ چاغدا ... . مەسىلەن :

*① ئۇ مېنى قاچان كەل دېسە ، مەن شۇ چاغدا بارىمەن .*

*② سەن قاچان ئىشلەپ بولساڭ ، مەنمۇ شۇ چاغدا ئىشلەپ بولىمەن .*

16 . نە ... ـسا//ـسە ، شۇ يەر ... ؛ قەيەر ... سا//ـسە ، شۇ يەر ... . مەسىلەن :

*① نەدىن كەلگەن بولساڭ ، شۇ يەرگە كەت .*

*② قەيەردە ھەل قىلىنمىغان زىددىيەت بولسا ، شۇ يەردە مەسىلە بار .*

2 ) قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە : بېقىنغۇچى جۈملىسىدە بېقىندۇرغۇچى جۈملىسىدىكى ئوي - پىكىرگە قارشى ئوي - پىكىر قويۇلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ :

1 . ... سىمۇ ، ... . مەسىلەن :

*① بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ ، نامى ئۆلمەيدۇ .*

*② ئۇلار قانچە ئىتتەرسىمۇ ، هارۋا قوزغالمىدى .*

2 . گەرچە ... سىمۇ ، ( لېكىن ) ... . مەسىلەن :

*① ئۇ گەرچە كۆرۈمسىزرەك بولسىمۇ ، ئادەمنى ئۆزىگە بەك جەلپ قىلىۋالاتتى .*

*② گەرچە ئۆزىڭىزنى كۆرمىگەن بولساقمۇ ، لېكىن باشقىلاردىن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان .*

*③ مەن ئۇچۇن ئۇ ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدۇ ، گەرچە مەن پاكىستانلىق ، ئۇ ھىندىستانلىق بولسىمۇ .*





3 . ... ـسا//ـسە ، ئەكسىچە ... . مەسىلەن :

*① مەن ياخشى نىيەت بىلەن ئىشنىڭ جەريانىنى سىزگە چۈشەندۈرسەم ، ئەكسىچە سىز قاراپ تۇرۇپلا ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسىزغۇ ؟*

*② مەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە توغرا مەسلىھەتلەرنى بەرسەم ، ئەكسىچە ئۇ مېنى ھاقارەتلەپ ، ماڭا قارا چاپلىدى .*

4 . ... غاندىمۇ ، ... . مەسىلەن :

*① ئۇ كۆڭۈل بۆلگەندىمۇ ، ئۆزۈڭ كۈچىمىسەڭ بولمايدۇ .*

*② قىيىنچىلىق بولغاندىمۇ ، ئانچە چوڭ بولمايدۇ .*

5 . ... غان تەقدىردىمۇ ، ... . مەسىلەن :

*① ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ ، كۈچى يەتمەيدۇ .*

*② سەن ئۇنى ئىزدەپ بارغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ھەرگىز قوشۇلمايدۇ .*

6 . ... غان بىلەن ، ... . مەسىلەن :

*① بەزى ئىشلارنى سىز قىلالىغان بىلەن ، مەن قىلالمايمەن .*

*② ئۇ بارىمەن دېگەن بىلەن ، تەشكىل ئۇنىڭ بېرىشىغا قوشۇلمايدۇ .*

7 . ... غان بىلەنمۇ ، ... . مەسىلەن :

*① سەن ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قارىغىنىڭ بىلەنمۇ ، خەقنىڭ ھويلىسىدىكى نەرسە سېنىڭ ھويلاڭغا ئۈچۈپ چۈشمەيدۇ .*

*② ئۇ كەلگەن بىلەنمۇ ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ .*

8 . ... غۇ ... ، لېكىن ... . مەسىلەن :

*① ئۇغۇ باردى ، لېكىن سەن بارمىدىڭ .*

*② ئابلىز ماتېماتىكىدىغۇ ياخشى ، لېكىن ئەدەبىياتتا بەك ناچار .*

9 . ... نى ( غۇ ) سۆپەت ياكى پېئىللىق خەۋەر ، لېكىن ( ئەمما ، بىراق ) ... . مەسىلەن :

*① ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىغۇ ياخشى ، لېكىن مىجەزى بەك چۇس .*

② ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنىغۇ ئېگىز ، ئەمما ھەرىكىتى بەك ئاستا .

③ ئۇنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈشنى ( غۇ ) كۆردۈم ، لېكىن ئۇنىڭدا نېمە نەرسە دېيىلگەنلىكىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم .

④ ئۇ يەرگە بېرىشنى ( غۇ ) باردىم ، لېكىن ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرمىدىم .

10 . ... سىمۇ مەيلى ، لېكىن ... . مەسىلەن :

① دەرياغا سەكرەپ ئۆلسەڭمۇ مەيلى ، ( لېكىن ) ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۇنداق ئىپلاس ئەسكەرلەردىن بولما .

② ئەپەندىم ، باھاسى قىممەت بولسىمۇ مەيلى ، ئازراق گۆرۈچ سېتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ .

11 . ... سىغۇ مەيلى ( بولىدۇ ) ، لېكىن ... . مەسىلەن :

① بۇ كۈنلەردە يامغۇر ياغسىغۇ مەيلى ، لېكىن مۆلدۈر چۈشمىسە بولاتتى .

② سىز بۇ ماشىنىغا چىقسىڭىزغۇ بولىدۇ ، لېكىن ئۆزىڭىزلا چىقىشىڭىز كېرەك .

12 . ... يۇ ( ئۇ ) ، خەۋىرى ئىنكار شەكىللىك سوئال جۈملە . مەسىلەن :

① ئالىم بۇ يەردە ئولتۇرسا بولىدىكەنۇ ، مەن ئولتۇرسام بولمامدىكەن ؟

② ناھىيەدىكى يىغىنغا قىسمەت چوروۇق بارىدۇ ـ يۇ ، مەن نېمىشقا بارمايمەن ؟

13 . ... يۇ ( ئۇ ) ، ( لېكىن ) ... . مەسىلەن :

① تۇۋا ، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرىمىز دەيدىكەنۇ ، ( لېكىن ) ئۆزى خىيانەتنىڭ چوڭىنى قىلىدىكەن .

② ئەپيۇنكەشلەرنى ئاتىدىكەنۇ ، ئۆزى پۇرقىرىتىپ چېكىدىكەن .

③ مۇسۇلمانمىز ، شەخسكە چوقۇنمايمىز دېيىشىدۇ ـ يۇ ، ( لېكىن ) شۇنداق قىلغانلارنى سىغدۇرالمايدۇ .





④ ئاتلار تېپىرلايتتى ـ يۇ ، ( لېكىن ) لايغا بولۇشىغا پاتقان ھارۋا ئورنىدىن مىدىرلىمايتتى .

⑤ ئېشىكىڭىز ياخشىكەنۇ ، بىراق قۇيرۇقى يوق ئىكەن .

14 . ... ئەمەس ، بەلكى ... . مەسىلەن :

① مەن سىزنى خىزمەتچى نامىدىن ئەمەس ، بەلكى بىر دوست سۈپىتىدە تاماققا تەكلىپ قىلسام بولامدۇ ؟

② ئات پۇرقۇپ ـ پۇرقۇپ ئېرىقلارنى ئاتلىغان پېتى مەھەللىگە ئەمەس ، ( بەلكى ) مەھەللىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىققا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى .

15 . ... ئۇ ( بۇ ) ياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ... . مەسىلەن :

① ئۇ ئۈچ دۈي پايدا ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئون مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان تارتقانىدى .

② ئۇ ئاچچىقلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە كۈلۈپ كەتتى .

16 . ... يوق ، ( بەلكى ) ... . مەسىلەن :

① بۇ ئىشتا ئۇ بىزنى تەقدىرلىمەكتە يوق ، بەلكى تەنقىدلەپ كەتتى .

② سىز ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقتا يوق ، ئۇ سىزدىن ئەپۇ سورامدۇ تېخى ؟

17 . ... دېسە ، ... . مەسىلەن :

① بۆكىنى ئەكەل دېسە ، بېشىنى ئەكەپتۇ .

② ئادىلنى كەل دېسەم ، سەن كەپسەنغۇ ؟

قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى ، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە كېيىنكى تارماق جۈملىنىڭ ( بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ) خەۋىرى مۇكەممەل بولىدۇ ، يەنى ئۇ قوشما جۈملە تەركىبىدىن ئايرىۋېلىنسا ، ئاددىي جۈملە بولالايدۇ ، ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ ( بېقىنغۇچى جۈملىنىڭ ) خەۋىرى تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇكەممەل

بولمايدۇ ، ئۇنى شۇ قوشما جۈملە تەركىبىدىن ئايرىپ ئېلىپ ئاددىي جۈملە قاتارىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ . قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى بارلىق تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى مۇكەممەل بولىدۇ . شۇڭا ھەربىر تارماق جۈملىنى قوشما جۈملە تەركىبىدىن ئايرىپ ئېلىپ ئاددىي جۈملە قاتارىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ .

3 ) سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە : بېقىنغۇچى جۈملىسى سەۋەبنى ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىنغۇچى جۈملە ئالدىدا ، بېقىندۇرغۇچى جۈملە كەينىدە كېلىدۇ .

سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى ، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىنغۇچى جۈملىسى ( سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملىسى ) ئاددىي جۈملە بولالمايدۇ ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى ( نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملىسى ) ئاددىي جۈملە بولالايدۇ . سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىلەردە بولسا سەۋەب بىلەن نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تارماق جۈملىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئاددىي جۈملە بولالايدۇ .

سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ :

1 . ... غاچقا ، ... . مەسىلەن :

*① جەڭ توختىماي داۋام قىلغاچقا ، پۈتۈن شەھەر ئىس ـ تۈتەك بىلەن قاپلانغانىدى .*





*② سەن ئاممىغا ئىشەنمىگەچكە ، ئاممىمۇ ساڭا ئىشەنمەيدۇ .*

*③ ئۇ بارمىغاچقا ، مەنمۇ بارمىدىم .*

2 . ... يەردە ، ... ؟ مەسىلەن :

*① سىلەردەك ياخشى قېرىنداشلار بار يەردە ، نېمىدىن قورقاتتۇق ؟*

*② مەن ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلىشۋاتقان يەردە ، سىلەر جۈرئەت قىلالمامسىلەر ؟*

3 . ... تۇرسا ، ... ؟ مەسىلەن :

*① بىز شۇنچىۋالا ئادەم تۇرساق ، يەنە نېمىدىن قورقاتتىڭ ؟*

*② سامانىيلار بىزگە ياغى تۇرسا ، ئۇياقتىن بىزگە ياخشىلىق كېلەتتىمۇ ؟*

*③ بەش يىلدىن بېرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان تۇرسام ، نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن ؟*

بەزىدە نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرغۇچى جۈملە تەكىتلەنسە ، سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان بېقىنغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . ( بۇنداق جۈملە ئادەتتە تەتۈر جۈملە دېيىلىدۇ ) مەسىلەن :

*بىز ئاباسىنى بىلمەيمىزمۇ ؟ ئۆزىمىزنىڭ ئاباسى تۇرسا .*

4 . ... غانىكەن ، ... . مەسىلەن :

*① ئوغلىمىز ئۇ قىز بىلەن تېپىشقانىكەن ، ئۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قويايلى .*

*② قاتتىق چىشلىگەنىكەن ، ئىككى چىشى سۇنۇپتۇ .*

*③ ئۇ كۆچىنىڭ بارىچە جوزىغا بىرنى ئۇرغانىكەن ، ھەممەيلەن جىمجىتلا بولۇپ كېتىپتۇ .*

5 . ... ئىكەن ، ... . مەسىلەن :

*① بىز خەلقنىڭ ۋەكىلى ئىكەنمىز ، ئوبدان ۋەكىللىك قىلىشىمىز كېرەك .*

*② سىز بۇ ئۆينىڭ ئائىلە باشلىقى ئىكەنسىز ، بۇ ئائىلىگە مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك ـ دە !*

5 ـ ، 6 ـ تىپتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىنغۇچى (ئالدىنقى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى پەقەت گىراماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىلا مۇكەممەل بولۇپ، مەزمۇن ياكى ئوي ـ پىكىر بىلەن ئىنتوناتسىيە جەھەتتە مۇكەممەل ئەمەس، چۈنكى مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، ئالدىنقى جۈملىدە ئوي ـ پىكىر تولۇق ئاياغلاشمىغان، ئۇ نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر جۈملىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىنتوناتسىيەسى جەھەتتىن قارىغاندا، بېقىنغۇچى (ئالدىنقى) جۈملىنىڭ خەۋىرى ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىش ۋە خەۋەردىن كېيىنكى قىسقىغىنا توختاش ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن ئىنتوناتسىيە جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ، بېقىنغۇچى جۈملىدىن كېيىنكى تىنىش قىسقا بولىدۇ.

بەزى تىلشۇناسلار تۆۋەندىكى شەكىللەرنىمۇ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تىپىگە كىرىدۇ دەپ قارايدۇ:

1 . ... غانلىقتىن، ... . مەسىلەن:

*① يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتكەنلىكتىن، بىز ئېكسكۇرسىيەگە بارمىدۇق.*

*② ئۇ كۆزدىن يوقالغانلىقتىن، ئۆي ئىچى خېلى تىنچىپ قالدى.*

2 . ... دىكىن (دىن + كېيىن)، ... . مەسىلەن:

*① ئۇ كەلمىگەندىكىن (كەلمىگەندىن كېيىن)، مەنمۇ بارمىدىم.*

*② مۇئەللىم قوشۇلمىغاندىكىن، ئۆيگە بارالمىدىم شۇ.*

3 . ... غانلىقى ئۈچۈن (سەۋەبىدىن؛ تۈپەيلىدىن)، ... . مەسىلەن:

*① شەھەرنىڭ هاۋاسى تازا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەركىن تەتىلنى يېزىدا ئۆتكۈزدى.*

*② ئۇ ئىنتىزامنى بۇزغانلىق سەۋەبىدىن، سىنىپ بويىچە تەنقىد قىلىندى.*

4 . ... تۇرسا (تۇرۇقلۇق)، ... . مەسىلەن:





*① ۋەتىنىمىز شۇنداق ئۇلۇغ تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنى قىزغىن سۆيمەي تۇرالايمىز ۋە كۈيلىمەي تۇرالايمىز!*

*② ئالدىمىزدا ھەممە ئىمكانىيەت بار تۇرۇقلۇق، بىز نېمىشقا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا تۇتۇش قىلمايمىز؟*

4) كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە: بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە بېقىنغۇچى جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئوي ـ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىنغۇچى جۈملە ئالدىدا، بېقىندۇرغۇچى جۈملە كەينىدە كېلىدۇ.

كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە بېقىنغۇچى جۈملىنىڭ ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە بولسا ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ. كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىلەردە بارلىق تارماق جۈملىلەرنىڭ ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1 . ... پلا قالماستىن (قالماي)، ... مۇ ... . مەسىلەن:

*① ئەلىشىر نەۋايى يالغۇز ئۆز تىلىنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن، شۇ دەۋردە ئۆزئارا زىچ ئالاقە ۋە ھەمكارلىقتا ياشىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن.*

*② ئۇ ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، رۇس تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگەندى.*

*③ ئۆگىنىشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، بەدەن چېنىقتۇرۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.*

2 . ... پلا قالماستىن ( قالماي ) ، بەلكى ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماي ، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قامدايدىغان بولدى .*

*② بۇ ئەسەرلەر قارا قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تەرەققىياتى سەۋىيەسىنىڭ خېلى زور دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن ، بەلكى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ... پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ .*

*③ ئارقىغا سۈرۈشكە دۈشمەن يول قويمايلا قالماستىن ، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىمۇ يول قويمايدۇ .*

3 . ... پ قالماستىن ( قالماي ) ، ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① بەنجاڭ مۇشۇنداق قىلىپ قالماستىن ، زاۋۇت باشلىقىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك .*

*② بۇ ياشنىڭ ئىدىيەسى يۈكسەك بولۇپ قالماي ، چارىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى .*

4 . ... لا ئەمەس ، بەلكى ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① رەشىدنىڭ ئانىسىدا بۇ خىل نەرسىلەردىن بىرەرسىمۇ تېپىلمايدۇ ئەمەس ، بەلكى تۈزۈكرەك بىر تاماق شىرەسىمۇ يوق ئىدى .*

*② تۆۋەن ئېقىمدىكىلەر كەلكۈندىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇلاردا ھۆلچىلىك ئاپىتىمۇ زور دەرىجىدە يېنىكلەشتى .*

5 . ... پلا قالماستىن ( قالماي ) ، يەنە ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① يېزىق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن ، يەنە دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ .*





*② مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا تۈركىي سۆزلەرنى ئەرەبچە ئىزاھلاپلا قالماي ، يەنە ئەينى دەۋردىكى تۈركىي قەبىلىلەر ... توغرىسىدىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان .*

6 . ... ئۇ ( بۇ ) ياقتا تۇرسۇن ، ( بەلكى ) ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① ئۇ ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، مىس ئۈزۈكنىمۇ ئالالمايدۇ .*

*② ئۇ يېرىگە ئۇرۇق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى ھازىرغىچە تېخى يېرىنىمۇ ھەيدىمەپتۇ .*

7 . ... يەردە ، ... مۇ ... . مەسىلەن .

*① رودا تاشلارنىمۇ پارتلاتقىلى بولغان يەردە ، ئىستىھكام دېگەن نېمە ئىدى .*

*② چەت ئەللىكلەر قىلالىغان يەردە ، بىزمۇ قىلالايمىز .*

8 . ... توگۇل ( تۇرماق ) ، بەلكى ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① مەن غۇلجىغا بېرىش توگۇل ، سانجىغىمۇ بېرىپ باقمىغان .*

*② بۇ كىتابنى ساڭا بېرىۋېتىش تۇرماق ، كۆرۈپ تۇرۇشقىمۇ بەرمەيمەن .*

9 . ... غاندىن تاشقىرى ، ( يەنە ) ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① مېنىڭچە ، بىر ياخشى تەنھەرىكەتچىدە ساغلام بەدەن بولغاندىن تاشقىرى ، يەنە بىلىممۇ بولۇشى كېرەك .*

*② بىز ئۇلارنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت ، يەنە كۆمۈر بىلەنمۇ تەمىنلىمەكچى .*

10 . ... ئەمەس ، بەلكى ... مۇ ... . مەسىلەن :

*① تىل بىرەر شەخس ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدۇ .*

*② ئۇ ئۆگىنىش توغرىسىدىلا ئەمەس ، ( بەلكى ) تۇرمۇش توغرىسىدىمۇ سۆزلىدى .*

5 ) تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە : بېقىنغۇچى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە سېلىشتۇرۇش

مۇناسىۋىتىدە كېلىدىغان ، بېقىنغۇچى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنى ئىنكار قىلىپ ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى ، تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندۇرغۇچى جۈملىسىدە ئاددىي جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولىدۇ ، بېقىنغۇچى جۈملىسىدە ئاددىي جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ . تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ بارلىق تارماق جۈملىلىرى ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ .

تاللاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە كېلىدۇ :

1 . ... غاندىن كۆرە ، ... . مەسىلەن :

*① يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا توپا - چاڭ بېسىپ تۇرغان يېقىن يولدا ماڭغاندىن كۆرە، يىراقراق بولسىمۇ سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يالغۇز ئاياغ يولدا ماڭغان تۈزۈك .*

*② خەققە يالۋۇرغاندىن كۆرە ئۆزىڭگە تايانغان ياخشى .*

*③ بىكار ئولتۇرغاندىن كۆرە تاپشۇرۇق ئىشلەيلى .*

2 . ... غۇچە ، ... . مەسىلەن :

*① توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە ، يولۋاستەك بىر كۈن ياشىغان ئەلا .*

*② ئەزمە ئويلانغۇچە ، تەۋەككۈلچى مەقسىتىگە يېتىپتۇ .*

*③ بىكار ئولتۇرغۇچە ، بىكار ئىشلە .*

3 . ... ( بولسا بولىدۇ ) كى ، ھەرگىز ... . مەسىلەن :

*① مەن ئۆزۈم يالغۇز بارسام بارايكى ، ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارماي .*





*② مەن يېزىغا بېرىشقا رازىمەنكى ، ھەرگىز بۇ يەردە قالمايمەن .*

6 ) ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە :

بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى بېقىنغۇچى جۈملىسىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ( باش بۆلەك ياكى ئەگەشمە بۆلەكلىرىنىڭ خالىغان بىرىنى ) ئىزاھلاپ ، تولۇقلاپ ، چۈشەندۈرۈپ كېلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىسىنىڭ خەۋىرىگە « كى » نىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ .

بەزىلەر بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىسىنى باش جۈملە ( بېقىندۇرغۇچى جۈملە ) ، كېيىنكى تارماق جۈملىسىنى بېقىندى جۈملە ( بېقىنغۇچى جۈملە ) دەپ قارايدۇ . بىز بولساق ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىسىنى بېقىنغۇچى جۈملە ( بېقىندى جۈملە ) ، كېيىنكى تارماق جۈملىسىنى بېقىندۇرغۇچى جۈملە ( باش جۈملە ) دەپ قارىدۇق . چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىسىنىڭ خەۋىرى گىراماتىكىلىق شەكلى جەھەتتىن مۇكەممەل ئەمەس ، ئۇ تارماق جۈملىدە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتلەر تولۇق ھازىرلانمىغان ، شۇڭا ئۇ تارماق جۈملىنى قوشما جۈملە تەركىبىدىن ئايرىۋېلىپ ، يەككە ھالدا ئاددىي جۈملە سۈپىتىدە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ . كېيىنكى تارماق جۈملىسىنىڭ خەۋىرى بولسا گىراماتىكىلىق شەكىل جەھەتتە مۇكەممەللىككە ئىگە ، ئۇ تارماق جۈملە ئاددىي جۈملىدە بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنى تولۇق ھازىرلىغان . شۇڭا ئۇ تارماق جۈملىنى قوشما جۈملە تەركىبىدىن ئايرىپ ئېلىپ يەككە ھالدا ئاددىي جۈملە قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ .

ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ :

1 . ... غا مەلۇمكى ( ئايانكى ) ، ... . مەسىلەن :

*① ھەممىگە مەلۇمكى ، مىلتىق دورىسىنى جۇڭگو ئىجاد قىلغان .*

*② ھەممىمىزگە ( شۇ ) ئايانكى ، دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان .*

بۇ مىساللاردا بېقىندۇرغۇچى جۈملە بېقىنغۇچى جۈملىدىكى ئىگىسىنى ئىزاھلاپ ، تولۇقلاپ كەلگەن . مىسال ① دە ئىزاھلانغۇچى ئىگە چۈشۈپ قالغان .

2 . ... شۇنداقكى ( شۇكى ؛ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ؛ شۇنچىلىككى ) ... . مەسىلەن :

*① ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداقكى ، ئۇ ھېچكىم بىلەن كېلىشەلمەيدۇ .*

*② بىزنىڭ ئۈمىدىمىز شۇكى ، ۋەتەنگە سادىق بولۇڭلار .*

*③ بىزنىڭ پرىنسىپىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك .*

بۇ مىساللاردا بېقىندۇرغۇچى جۈملە بېقىنغۇچى جۈملىدىكى خەۋەرنى ئىزاھلاپ ، تولۇقلاپ كەلگەن .

3 . ... بۇ ( شۇ ؛ ئۇ ) نى ... كى ، ... . مەسىلەن :

*① ھەربىر پۇقراغا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى ، مۇھىتنى ئاسراش ئىنسانلارنىڭ بۇرچى .*

*② سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، ئۇ ئەپەندىم بەك ئالدىراش .*

بۇ مىساللاردا بېقىندۇرغۇچى جۈملە بېقىنغۇچى جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىنى ئىزاھلاپ ، چۈشەندۈرۈپ كەلگەن .

بەزىدە بېقىنغۇچى جۈملىدىكى ئىزاھلىنىدىغان تولدۇرغۇچى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

*① مەن ( شۇنى ) سەزدىمكى ، ئۇ ناھايىتى چۈس مىجەزلىك ئادەم ئىكەن.*

*② بۇنىڭدىن ( شۇنى ) كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئاپتورنىڭ سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى .*





4 . ... شۇنداق + ئىسىم + كى ، ··· . مەسىلەن :

*① ئۇ شۇنداق دەرياكى ، يازدا سۈيى ئاز ، ئەتىيازدا سۈيى كۆپ بولىدۇ .*

*② ئۇ شۇنداق چىڭ ئادەمكى ، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايتتى .*

بۇ مىساللاردا بېقىندۇرغۇچى جۈملە بېقىنغۇچى جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچىنى چۈشەندۈرۈپ ، ئىزاھلاپ كەلگەن .

5 . ... شۇنداق ( شۇنچە ؛ شۇنىڭغا ؛ ـ دىن ) + پېئىل ياكى سۈپەت + كى ، ··· . مەسىلەن :

*① ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ساقىلى شۇنداق تىترىدىكى ، مۇشۇ يېرىدا ئۆسۈپ ، مۇشۇ يېرىدا ئاقارغان بۇ داڭلىق ساقالنىڭ بۇنچىۋالا تىترىگىنىنى ھازىرغىچە ھېچكىم كۆرمىگەنىدى .*

*② بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ .*

ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى ، ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى بېقىنغۇچى جۈملىدە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەت بولمايدۇ . بېقىندۇرغۇچى جۈملىدە بولسا ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ ؛ ئىزاھلاش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى بارلىق تارماق جۈملىلەردە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ .

7 ) ئارىلاش قوشما جۈملە : تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە ، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدىغان قوشما جۈملىلەر ئارىلاش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ :

1 . ئارىلاش قوشما جۈملىدە تەڭداشلىق مۇناسىۋەت بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەت تەڭلا كۆرۈلىدۇ . ئەگەر ئۇ ئىككى خىل

مۇناسىۋەتنىڭ پەقەت بىرى كۆرۈلسە ، ئۇ ھالدا ئۇ ياكى تەڭداش قوشما جۈملە ، ياكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بولۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

*① ئادەم كۆپ بولسا ،/ پىكىر كۆپ بولىدۇ ،// قىزغىنلىق يۇقىرى بولىدۇ ، // غەيرەت زور بولىدۇ .*

*② بۇ ئالەمدىكى تەڭسىزلىك شۇ يەردىكى ،/ بەزىلەر ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى ھېسابىغا نانغا ئېرىشىدۇ ، // بەزىلەر باشقىلارنىڭ قان ـ تەرى ھېسابىغا نانغا ئېرىشىدۇ .*

*③ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرى سىزدەك مېھىر ـ شەپقەتلىك ئادەملەرنىڭ ئارزۇسىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس ،/ ( بەلكى ) دۆلەت مەنپەئەتىنى ، ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلىدۇ .*

*④ شۇ كەمگىچە ئۆتكەن ھەممە جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ كەلدى ، ھالبۇكى / بۇنداق قارىمۇ قارشىلىق تۈرلۈك دەۋرلەردە تۈرلۈكچە بولدى .*

بۇلاردىن مىسال ① ، ② نىڭ بىرىنچى قاتلىمى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ھېسابلانسا ، ئىككىنچى قاتلاملىرى تەڭداش مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ ، شۇڭا ئۇلار ئارىلاش قوشما جۈملىدۇر . مىسال ③ پەقەت بېقىندىلىق مۇناسىۋەتكىلا ئىگە . شۇڭا ئۇ بېقىندىلىق قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ . مىسال ④ پەقەت تەڭداش مۇناسىۋەتكە ئىگە . شۇڭا ئۇ تەڭداش قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

2 . ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدە ئاز دېگەندە ئۈچ تارماق جۈملە بولىدۇ ، لېكىن ئالدىنقى شەرت شۇكى ، ئۇ ئۈچ تارماق جۈملە ئوتتۇرىسىدا چوقۇم تەڭداشلىق مۇناسىۋەت بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك . بۇ شەرت ھازىرلانمىسا ، ئۇنى ئارىلاش قوشما جۈملە دېگىلى بولمايدۇ . مەسىلەن :

*① تازا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى ، / مەن خېلىدىن بېرى بۇ كىتابنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان بولساممۇ ، // لېكىن ھازىرغىچە ئارىيەت ئالالمايۋاتىمەن .*

*② باشقا نەرسىلەرگە كۆڭۈل بەرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى تۈگىشىپ كەتتى ، / بەزىلىرى ئويغاندى ، / بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى ئۆزگەرتمەكتە .*

مىسال ① ئۈچ تارماق جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرىنچى قاتلىمى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتكە ، ئىككىنچى قاتلىمى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ، شۇڭا ئۇ ئارىلاش قوشما جۈملە . مىسال ② گەرچە ئۈچ تارماق جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۈچ تارماق جۈملە پەقەت تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتىلا تۈزۈلگەن ، شۇڭا ئۇ ئارىلاش قوشما جۈملە ئەمەس ، بەلكى تەڭداش قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

3 . ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ خەۋرى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇكەممەل بولۇپ ، ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا ، يەنە بەزىلىرىنىڭ خەۋرى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قالالمىغان بولسا ، ئۇ تارماق جۈملە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمايدۇ .

4 . ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلانسا ، بەزىلىرى بەزى مورفولوگىيەلىك شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىدۇ ، يەنە بەزىلىرى بولسا تەرتىپ ۋە ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① سۇ بولسىلا ، بېلىق بولىۋەرمەيدۇ ، ئەمما بېلىق بار يەردە سۇنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر .*

*② ئەگەر بۇنى تاشلىۋەتمىسە ، سىر پاش بولۇپ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىيىمگە قىلچىلىك*

*ئاغرىنماي ، ئۇنى شۇ يەردىلا يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ ، ئۆزى يالاڭ ئاياغ ۋە ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا سارايغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ .*

مىسال ① دە « سۇ بولسىلا » دېگەن تارماق جۈملە بىلەن « بېلىق بولىۋېرمەيدۇ » دېگەن تارماق جۈملە ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان . بۇ بېقىندىلىق قوشما جۈملە « بېلىق بار يەردە سۇنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر » دېگەن تارماق جۈملە بىلەن « ئەمما » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان . مىسال ② نىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇ تۆت تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان . « ئەگەر بۇنى تاشلىۋەتمىسە » دېگەن تارماق جۈملە بىلەن « سىر پاش بولۇپ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ » دېگەن تارماق جۈملە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلانغان . بېقىندى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە « ئەگەر » باغلىغۇچىسى ۋە شەرت رايى قوشۇمچىسى ئارقىلىق باغلانغان . « ئۇ كىيىمگە قىلچىلىك ئاغرىنماي ، ئۇنى شۇ يەردىلا تاشلىۋېتىپتۇ » دېگەن تارماق جۈملە ئالدىنقى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن « شۇنىڭ ئۈچۈن » باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان . « ئۆزى يالاڭ ئاياغ ۋە ئىچ كىيىملىرى بىلەن سارايغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ » دېگەن تارماق جۈملە ئالدىنقى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان .

ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ . جۈملە قاتلىمى ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئايرىلىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى بۆلەكلەر بىرىنچى قاتلام بولىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى تارماق جۈملىلەر ئاددىي





جۈملە بولۇشىمۇ مۇمكىن ، قوشما جۈملە بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەگەر تارماق جۈملە قوشما جۈملە بولسا ، بۇ خىل قوشما جۈملىنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئىككىنچى قاتلامنى ھاسىل قىلىدۇ . بىرىنچى قاتلامنى ھاسىل قىلغۇچى تارماق جۈملىلەر چوڭ تارماق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ ، ئىككىنچى قاتلامنى ھاسىل قىلغۇچى تارماق جۈملىلەر كىچىك تارماق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ قاتلاملىرىنى تەھلىل قىلغاندا ، چوڭ تارماق جۈملىلەرنىڭ ئارىسىغا بىر يانتۇ سىزىق ( / ) ، كىچىك تارماق جۈملىلەرنىڭ ئارىسىغا ئىككى يانتۇ سىزىق ( // ) سىزىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

1 . بىر ئاددىي جۈملە بىلەن بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە ياكى بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن بىر ئاددىي جۈملە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*① جۇدۇن - چاپقۇن بولۇپ تۇرىدۇ ، // ياپراقلار ئۆلمەيدۇ ، / چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى مۇنبەت تۇپراق .*

*② گومىنداڭ قىسىملىرىمۇ بۇ ھالنى بايقاپ قالدى ، // بىراق ھۇجۇم قىلىپ چىقىشقا پېتىنالمىدى ، / چۈنكى كەچ كىرىپ قالغانىدى .*

*③ سەن بارماقچى بولساڭ ، // كەينىمىزدىن ماڭ ، / بىز كېتىۋېرەيلى .*

*④ ئۇ دەرستە شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ، // لېكىن دەرسلەرنى ئىگىلىشى ياخشى بولمىدى ، / ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ تۆۋەن بولۇپ قالدى .*

2 . بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن بىر تەڭداش قوشما جۈملە ياكى بىر تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ قانچىلىكىنى قۇتقۇزالىساق ، // شۇنچىلىكىنى قۇتقۇزۇۋالايلى ، / ئەلەمدە قالمايلى ، // ئۆمۈر بويى داغدا قالمىز .*

*② ئەھۋال ئېغىر ، يولداشلار ، // خەۋپلىك پەيتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشىمىز كېرەك ، / تاڭ ئاتسا ، // تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالىمىز .*

*③ سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىڭلار بار ، // كۆرسەتكەن ناھايىتى چوڭ خىزمىتىڭلار بار ، / لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىمكى ، // مەغدۇرلىنىشقا بولمايدۇ .*

3 . بىر تەڭداش قوشما جۈملە ، بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە بىر ئاددىي جۈملە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىدۇ ، مەسىلەن :

*قورقماڭ ، // تۇماقنى تەتۈر كىيىمىز ، / جۇل - جۇل بولۇۋالساق ، // كىمنىڭ كۆزى چۈشەتتى بىزگە ، / بىزنىڭ ھۈنەرلىرىمىزنى ئۇقمايسىز - دە .*

4 . بىر تەڭداش قوشما جۈملە بىر ئاددىي جۈملىگە بېقىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

*شۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتىكى ، / سۇدا جان ئۈزۈۋاتقان سەپدىشىڭنى ئەركىنگىنە ياتقۇزۇپ قويالمايسەن ، // سۇنى شالاقلىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى خۇددى بوغۇۋاتقاندەك مەھكەم قۇچاقلاپ تۇتۇۋالىسەن ، // ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى ، يۈرىكىڭدە ساقلىنىپ قالغۇدەك سۆزىنى ئاڭلىيالمايسەن .*

5 . بىر ئاددىي جۈملە ئىككى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

*مانتا ئەت دەيدۇ ، / مانتىنى پىشۇرۇپ ئەكەلسە ، // بىر تاللا يەپ قويۇپ ، لەغمەن ئەت دەيدۇ ، // لەغمەننى پىشۇرۇپ ئەكەلسە ، // تېخى بىر چوكا ئىلا - ئىلمايلا ، چۆچۈرەڭ تەييارمۇ دەيدۇ .*





6 . بىر تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن ئىككى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

*كېلىنى زەرىپىخاننىڭ دەردى كۆپ ، // ھال ئېيتىدىغان ئادىمى يوق ، / مۇنۇ ئاچچىقى چۇس قېيىنئاتىسىغا ئېيتاي دېسە ، // يەنە شۇ يىگىرمە يەتتە يىللىق ھەمراھىنى ئايايدۇ ، // ناۋادا بوۋاي رۇسۇلنىڭ ئايالىغا سېلىنۋاتقان زۇلۇمنىڭ ئوندىن بىرىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ، // ئوغلىغا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ .*

7 . ئىككى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

*① كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ، // ئەتراپىڭغا باق ؛ / كېچىسى گەپ قىلساڭ ، // قۇلاقنى قۇلاققا ياق .*

*② بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ ، // نامى تىرىك بولىدۇ ؛ / بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ ، // نامى ئۆلۈك بولىدۇ .*

*③ كۆزۈڭ ئاغرىسا ، // قولۇڭنى تارت ؛ / قورسىقىڭ ئاغرىسا ، // نەپسىڭنى تارت .*

# كىتابتا قوللىنىلغان بەلگىلەر

| بەلگە | مەنىسى |
|---|---|
| − | پېئىل يىلتىزى |
| + | ئىسىم يىلتىزى |
| * | پەرەز قىلىنغان |
| ※ | گىراماتىكىلىق قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس |
| > | ... ـ غا ئۆزگىرىدۇ |
| < | ... ـ دىن كەلگەن |
| ~ | تەڭداش شەكىل |
| { } | ھال ـ زامان بەلگىسى |
| [ ] | تۈس بەلگىسى / ئىش ۋاقتى |
| // | فونېما |
| A | a/ä |
| I | i/ï |
| U | u/ü |
| X | a/ä/i/u/ü |
| G | g/ğ/q/k; ğ/g |
| K | k/q |
| D | d/t |
| C | ئۈزۈك تاۋۇش Consonant |
| V | سوزۇق تاۋۇش Vowel |
| ∅ | نۆل شەكىل |
| per I | پېئىللارنىڭ 1 ـ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى |
| per II | پېئىللارنىڭ 2 ـ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى |
| p./b./s. | page/بەت/sayfa |



# پايدىلانمىلار

## ئۇيغۇرچە مەنبەلەر


1. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۈچ توم) 1980 ـ، 1983 ـ 1984 ـ يىللار نەشرى.

2. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئىككى توم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.

3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

4. مىرسۇلتان ئوسمانوف باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.

5. ئامىنە غاپپار، مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەلىم سالىخ، سابىت روزى، غاپپار جالالىدىن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

6. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى.

7. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (ئالتە توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ، 1991 ـ، 1992 ـ، 1994 ـ، 1996 ـ 1999 ـ يىللار نەشرى.

8. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

9. ئابدۇسالام ئابباس «ئۇيغۇر تىلى فىرازىيولوگىيەسىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى.

10. ھارۇت رەسۇل قادىرى «شەرھىي ئىدىيوم» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى.

11. ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.

12. غۇلام غوپۇرى «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

13. ئابلىز ئەمەت «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2005 - يىلى نەشرى.

14. ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

15. مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ئابلىمىت ئەھەت «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى.

16. ئابدۇسالام ئابباس «ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆز - ئىبارىلەر لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

17. ئابدۇسالام ئابباس «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

18. ئابدۇسالام ئابباس «ئۇيغۇر تىلىدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى» شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى،



1997 - يىلى نەشرى.

19. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش ۋېيىۋەنخۇيى تۈزگەن «ئۇيغۇرچە ئىملا سۆزلۈكى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1976 - يىلى نەشرى.

20. ما شىگرېن «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە جۈپ سۆزلەر لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

21. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى.

22. باش تۈزگۈچىلەر ئابدۇكېرىم راخمان، ئارسلان ئابدۇللا، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى.

23. ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ «چاغاتاي تىلى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى.

24. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن «تىل ۋە تەرجىمە» 1 -، 2 -، 3 -، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 -، 1982 -، 1981 - يىلى نەشرى.

24. قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (ئىككى قىسىم)، قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 1983 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

25. نەسرۇللا يولبۇلدى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى.

26. تۇردى ئەخمەت «ئۇيغۇر تىلى» (ئىككى قىسىم) شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى 1981 - يىلى باستۇرغان.

27 ئابدۇكېرىم باقى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

28. ئابدۇسالام توختى، ئەخمەتجان ئەسقەرى «ئۇيغۇر تىلى»

(ئىككى قىسىم) شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

29. ئەنسەردىن مۇسا، تۇردى ئەخمەت، نەسرۇللا يولبۇلدى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

30. ئادىل ئىزىز، ئابدۇلىتىپ تاشپولات «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

31. ئابدۇشۇكۇر ھەسەن، گاۋ لىچىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

32. ئادىل ئىزىز، غىنى ئابدۇگۇل «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن لېكسىيەلەر» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.

33. خەمىت تۆمۈر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» (مورفولوگىيە) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

34. مەمتىمىن سالى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

35. سۇلايمان سەپەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

36. سۇلايمان سەپەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (سوئال ـ جاۋابلار) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

37. ئامىنە لېتىپ، يارى ئەبەيدۇللا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

38. ئارسلان ئابدۇللا، يارى ئەبەيدۇللا، تاش راخمان مۇزات، ئابدۇرېھىم راخمان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

39. جۇ تۇڭچۈن، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپار، نىجات قاسىم «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

40. ئابدۇرەئوپ پولات «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.

41. زەينەپ نىياز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي ساۋات ـــ فونېتىكا ۋە سىنتاكسىس» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.

42. «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

43. «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.

44. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تۈزگەن «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1) (2) (3) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ، 1983 ـ، 1990 ـ يىللىرى نەشرى.

45. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» (تۈركىي تىللار تەتقىقاتى) (3) 1984 ـ يىلى ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان.

46. مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەممەد رېھىم سايىت «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

47. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

48. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

49. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
50. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈزگەن «تىل تەتقىقاتىنىڭ ئوتتۇز يىلى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.
51. ئابلىمىت ئەھەت، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.
52. قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
53. قۇمۇل شېۋىسىنى تەكشۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسى تۈزگەن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى» شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى.
54. مىرسۇلتان ئوسمانوف، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
55. مىرسۇلتان ئوسمانوف، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.
56. مىرسۇلتان ئوسمانوف، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
57. تۇراپ قاسىم يولچى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى.
58. ۋ. م. ناسلوف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)، «ئورخۇن ـ يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى»، ئۇيغۇر سايرانى، سابىت روزى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

2005 ـ يىلى نەشرى.
59. ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.
60. ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.
61. خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئوپ پولات «چاغاتاي تىلى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
62. تۇرسۇن ئايۇپ، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
63. مۇھەممەد رېھىم سايىت، ئىسرايىل يۇسۇپ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.
64. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرايىل يۇسۇپ، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.
65. راخمان خانبايېف «تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.
66. ئابدۇرەئوپ پولات «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.
67. مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپار، راخمان خانبايېف «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.
68. مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇرېشىت سابىت «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەققىدە ساۋات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.
69. ئابدۇرېشىت سابىت، ھېمىت سەمەت، تاھىر ئابدۇۋەلى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ

يىلى نەشرى.
70. مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.
71. ن. ئا. باسكاكوف (سوۋېت ئىتتىپاقى) «تۈركىي تىللار» تەرجىمە قىلغۇچى پەرھات جىلان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.
72. «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئاددىي ئىملا قائىدىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1965 ـ يىلى.
73. «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1973 ـ يىلى.
74. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى.
75. «يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا سوئال ـ جاۋابلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1962 ـ يىلى.
76. ئا. ت. ھەيدەروف: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش جەريانى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان.
77. ئابدۇرېشىت سابىت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 ـ يىللىق 3 ـ سان.
78. ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.
79. ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «تۈركىي تىللاردىكى پېئىل تۈسلىرىنى ئىپادىلىگۈچى مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىلار توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان.
80. ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە ئىزدىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە»،1997 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 ـ، 3 ـ ، 5 ـ سانلار.



81. ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1996 ـ يىلى 2 ـ سان.
82. ئابدۇرېھىم راخمان، ئۆمەرجان: «1950 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىق تەرەققىياتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (40)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.
83. ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ : «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى.
84. ئابلەھەت ئىبراھىم: «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيەسى ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.
85. تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيەسى ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى.
86. جاۋ شاڭرۇ: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى.
87. چېڭ شىلياڭ قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.
88. خەمىت تۆمۈر: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (2)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى.
89. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى توغرىسىدا»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (3)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.
90. ئەخمەت يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى.

91. خەمىت تۆمۈر، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «چاغاتاي تىلى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىل 1 ـ سان.

92. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

93. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى: «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»، 1983 ـ يىلى نەشرى.

94. غۇلام غوپۇر: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

95. لىتىپ توختى: «چېك شىلىياك ئەپەندىنىڭ ‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى›نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان، 14 ـ بەت.

96. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «‹قۇتادغۇ بىلىك›تە ‹ ـ غۇ ـ قۇ ـ گۇ ـ كۇ› قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار توغرىسىدا»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ـ قۇتادغۇ بىلىك»، ئورۇمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

97. مۇھەببەت قاسىم قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت سۆزلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.



## خەنزۇچە مەنبەلەر

1.新疆维吾尔自治区革命委员会毛泽东思想学习班编，《现代维语语法》(一，二册)1972.3

2.赵相如，朱志宁《维吾尔语简志》民族出版社1985年3月

3.高丽琴《维吾尔语语法结构分析》新疆人民出版社1987年8月

4.蒲泉，武致中《实用维吾尔语语法》新疆人民出版社1994年12月

5.易坤琇，高士杰《维吾尔语语法》中央民族大学出版社1998年2月

6.程适良 主编《现代维吾尔语语法》新疆人民出版社1996年9月

7.程适良 主编《突厥比较语言学》新疆人民出版社 1997年8月

8.杨承兴编《现代维吾尔语语法》新疆大学出版社2002年1月

9.【德国】A.冯.加班著耿世民译《古代突厥语语法》内蒙古教育出版社 2004年8月

10【苏联】H.A巴斯卡科夫著，陈伟，周建奇译《阿尔泰语系语言及其研究》内蒙古教育出版社 2004年8月

11.【芬兰】G.J.兰斯铁著，周建奇译《阿尔泰语言学导论》内蒙古教育出版社 2004年 8月

12.陈世民，热扎克编著《维吾尔语实用语法》新疆大学出版社 1991年4月

13.【苏】埃.捷尼舍夫著，陈鹏译《突厥语言研究导论》中国社会科学出版社1981年6月

14.米海力，《维吾尔语喀什话研究》中央民族大学出版社1997年12月

15.高士杰编著《维吾尔语方言与方言调查》中央民族大学出版社 1994年4月

16.李增祥编著《突厥语概论》中央民族大学出版社 1992年5月

17.赵世杰编著《维语构词法》新疆人民出版社 1983年4月

18.耿世民著《维吾尔族古代文化和文献概论》新疆人民出版社 1983年4月

19. 耿世民《古代维吾尔文献教程》民族出版社 2006年6月

20. 买提热依木. 沙依提著《突厥语言学导论》民族出版社2004年7月

21. 耿世民《维吾尔语与哈萨克语文学论集》中央民族大学出版社 2007年5月

22. 耿世民《古代突厥文碑铭研究》中央民族大学出版社 2005年8月

23. 张铁山《突厥语族文献学》中央民族大学出版社 2005年7月

24. 张铁山《回鹘文献语言的结构与特点》中央民族大学出版社 2005年12月

25. 马德元《汉维对比词汇学》新疆大学出版社 2004年12月

26. 米娜瓦尔. 艾比布拉《维吾尔语方言和语言调查》民族出版社2004年9月

27. 力提甫. 托乎提《阿尔泰语言的句法结构》中央民族大学出版社 2004年5月

28. 李祥瑞，牛汝极主编《阿尔泰学论丛》(第一辑) 新疆大学出版社 1994年8月

29. 中央民族大学突厥语言文化系，中亚学研究所，维吾尔学研究所 编《突厥语言与文化研究》(第二辑) 中央民族大学出版社 1997年9月

30. 中央民族大学突厥语言文化系，中亚学研究所编《突厥语言与文化研究》中央民族大学出版社 1996年10月

31. 中国突厥语研究所公编《中国突厥语研究论文集》民族出版社 1991年2月

32. 赵明鸣《突厥语大词典》语言研究，中央民族大学出版社 2001年5月

33. 王远新著《突厥历史语言学研究》中央民族大学出版社 1995年7月

34. 力提甫. 托乎提主编 《阿尔泰语言学导论》教育出版社 2002年8月

35. 力提甫. 托乎提主编《维吾尔语及其他阿尔泰语言的生成句法研究》民族出版社 2001年7月



36. 李增祥，买提热依木，张铁山 编著 《回鹘文文献语言简志》新疆大学出版社 1999年9月

37. 耿世民，阿不都热西提. 亚库甫 编著《鄂尔浑——叶尼塞碑铭语言研究》新疆大学出版社 1999年5月

38. 米尔苏里唐. 乌斯曼诺夫《现代维吾尔语罗布泊方言》新疆大学出版社 1999年6月

49. 杨富学 《回鹘文献与回鹘文化》民族出版社 2003年9月

40. 邓浩，杨富学《西域敦煌回鹘文献语言研究》甘肃文化出版社 2002年6月

41. 胡振华，黄润华整理《高昌馆杂字》民族出版社 1984年5月

42. 阿不力克木·亚森《吐鲁番回鹘文世俗文书语言结构研究》新疆大学出版社 2001年5月

43. 牛汝极著《维吾尔语古文字古文献导论》新疆人民出版社 1997年8月

44. 耿世民 《维吾尔古代文献研究》，中央民族大学出版社 2003年12月

45. 杨富学，牛汝极《沙洲回鹘及其文献》甘肃文化出版社 1995年6月

46. 李经伟，斯尚怡，颜秀萍著《高唱回鹘文献语言研究》新疆大学出版社 2003年12月

47. 张玉萍主编《汉维语法对比》新疆人民出版社 1999年12月

48. 刘珉著《汉维共时对比语法》新疆人民出版社 1991年9月

49. 菲达. 乌马尔别克 《维吾尔语历史演变》新疆大学出版社 2005年8月

50. 校仲彝主编《突厥语大词典》研究论文集，新疆人民出版社 2006年9月

51. 张定京，阿不都热西提. 亚库甫编《突厥语文学研究》中央民族大学出版社 2009年11月

52. 王堡主编《新疆少数民族语言文学论集》新疆大学出版社 2001年7月

چەت ئەل تىلدىكى مەنبەلەر:


1. A. Ibrahimov, ***Kelür-name, Eski özbekçe-Tacikçe-Farsçe Sözlük XVII***, Taşkent 1982.
2. A. Mahmutov, *Kak voznik drevnityurkiskiy alfavit,* Issledovaniya po Tyurkologii, 1969, Almata.
3. A. Samaylovich, *Nekotroie depolneniya k klassifikatsii turetskix yazikov,* Petrograd, 1922.
4. A. von Gabain, *Die uigurische Ubersetzung der Biographie Hen-tsang,* I , Brucgstucke des 5. kapitels, SB. 1935.
5. A. von Gabain, *Turkische Turfan Texte VII. Texte in Brahmi Schrift.* Abhandlungen der Deutschen akademie der Eissenschaften in Berlin, Jahre, 1952.
6. A.A.Semenov, ***Sobraniye vostočnih Rukopisey,*** Tashkent 1957.
7. A.Ceferoğlu, ***Türk Dili Tarihi***, Istanbul 1984, c.II.
8. A.K.Borovkov, ***Bada'I al-lugat, Slovar Tali Imani geratskogo k soçineniyam Alişir Navoi,*** Moskova 1961.
9. A.K.Borovkov, ***Leksika sredneaziatskogo Tefsira XII-XIII bb.***, Mockwa 1963.
10. A.M.Sherbak, *Oguzname, Muhabbatname, Pamyatniki drevneuygurskoy i staro uzbekskoy pisminnosti,* Moskva, 1959.
11. A.N.Kononov, *Grammatika Yazika Tjurkiskix Runichiskix Pamyatnikov VII-IX vv.* Nauka Leniŋrad 1980.
12. A.N.Samojlovič, *K istorii literaturnogo sredneaziatsko-tureckogo jazika,* Sbornik Mir Ali- Šir, Leningrad 1928.
13. A.N.Samoyloviç, *Cuci Ulusu veya Altin Ordu Edebi Dili, Türk Dili, S12 (Haziran1935)*
14. Abdullah Kök, ***Karahanlı Türkçesi Satır-Arası Kur'an Tercümesi*** (TIEM 73 v-235v/2), Ankara 2004., A.Ü. Eski Türk Dili Bilim Dali, Yayimlanmamiş dr. tezi.
15. Abduraxmanov, Shukurov, *Uzbek tilining Tarixi Grammatikasi,* Tashkent 1973.
16. Ablähät Ibrahim, *Meaning and Usage of Compound Verb in Modern Uyghur and Uzbek*, PhD Dissertation, University of Washington,1999.
17. Agah Sirri Levend, ***Ali Şir Navai,*** Türkiye Dil Kurumu Yayinlari, Ankara 1965-1968.
18. Ahmet B. Ercilasun, *Başlanğičindan 20 yüzyila Türk Dili Tarihi,*





Akčağ Yayinlari, Ankara 2004.

19. Ahmet B. Ercilasun, *Kutadgu bilig Grameri. Fiil,* Ankara 1984.
20. Ahmet Buran, Ercan Alkaya, *Çağdaş Türk Lehçeleri,* Akçağ, Ankara 2001.
21. Ahmet Cefaroglu, *Eski Uyğur Türkçesi Sözlügü*, Istanbul 1968.
22. Ahmet Ceferoglu, *Milletlerarasi Kultur Sozlugunde Bazi Turkce Unsurlar,* TDAY-Belleten, Ankara 1969.
23. Ahmet Ceferoglu, *Türk Dili Tarihi*, Istanbul, 1984.
24. Ahmet Temir, *Türkçe ile Moğulça Arasindaki Ilgiler,* DTCFD III, Ankara 1955.
25. Ahmet Temir, *Ural-AltayDilleri Teoriyisi,* Turk Dunyasi El kitabi, II, Dil-Kultur, San'at, Ankara 2002.
26. Ahmet Zeki Velidi (Togan), ***Çagataiskii poet Lutfiy i ego Divan,*** Kazan 1914.
27. Ahmet Zeki Velidi (Togan), ***Harezm'de yazilmiş eski türkçe eserler***, Türkiyat Mecmuesi II, 1926 [1928].
28. *Altä Šähär Türki 'I lm Nähv vä Särf, Kašğär ,1935.*
29. Andras J.E.Bodrogligeti, *A Grammar of Chagatay,*Lincom Europa, 2001.
30. Annemarie von Gabain, *Alttürkisče Grammatik,* Leipzig 1941. Wiesbaden 1974. Türkçe çev. Mahmat Akalin, *Eski Türkçenin Grameri*, TDK, Ankara 1988
31. Annette Susannah Beveridge, ***The Babur-nama in English***, Londra 1922.
32. Arat R.R., ***Atebetül-Hakayik***, Istanbul Ateş Basmevi 1951.
33. Arat, R. R., ***Kutadgu Bilig III İndeks***, (Haz. Kemal Eraslan, Osman F. Sertkaya, Nuri Yüce), Türk Kültürünü Araştırma Enstitüsü Yayınları, Ankara 1969.
34. Arat, R. R., ***Kutadgu Bilig. I.*** *Metin* (Istanbul, 1947, Milli Eğitim Basımevi).
35. Äsäd Sulayman, *Swedish Contributions to the Formation and Development of Modern Standard Uyghur {1892-1938}*: A research report based on materials in Swedish archives, Forum for Central Asian Studies, Institute of the Oriental Languages, Stockholm University, FoCAS Working Paper 3 , Stockholm, September, 2004.
36. Askar Ekewbayev, ***Jusup Balasagun – Kutti Bilik,*** Almati 1986.
37. Askar Kurmashuli Yegevbay, *Maxmut Kashkari—Türk Sözdigi,* Almati 1997-1998.

38. Aysu Ata, ***Harezm Altin Ordu Türkçisi***, Istanbul 2002.

***39.*** Aysu Ata, ***Turkce Ilk Kur'an Tercumesi (Rylands Nushasi): Karahanli Turkcesi*** **,Giris, Metin, Notlar, Dizin** , TDK, Ankara 2006.

40. Bartold, W.W., ***Eine Zamahşari Handschrift mit alttürkischen Glossen***, Islamica 2 Leipzig 1926.1-4.

41. Bellér-Hann, Ildikó. 1991. *Script Changes in Xinjiang.*, In Shirin Akiner, ed., CulturalChange and Continuity in Central Asia. London & New York: Kegan Paul International.

42. Benzing, J., ***Das chwatesmische Sprachmaterial der "Muqaddimat al-Adab" von Zamaxšari. I. Text,*** Wiesbaden 1968.

*43.*Bernard Comrie, *Aspect,* 北京大学出版社，2005.

44.Bernard Comrie, *Aspect: an introduction to the study of verbal aspect and related problems.* Cambridge: Cambridge University Press, 1976.

45.Berta Árpád, *Szavaimat jól halljátok... A türk és ujgur rovásírásos emlékek kritikai kiadása,* Szeged, 2004.

***46.*** Besim Atalay, ***Abuşka luğati veya Çağatay Sözlügü,*** Ankara 1870. iv+452.

47.Besim Atalay, ***Divanü Lugat-it-Türk Tercümesi,*** C. I-V, Türk Dil Kurumu Yayınları: Ankara 1939-1941; 1985-1986., ***Divanu Lugat-it-Turk*** *V (dizin)*, Ankara, 1943; 1972., ***Divanu Lugat-it-Turk Tipkibasimi*** "Faksimile", 1941.

***48.*** Besim Atalay, ***Seng-lah, Lugat-i Nevai,*** Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara 1950.

49.Brockelmann, C., ***Mitteltürkiscer wortschatz nach mahmud al-kashgaris Divan Lugat at-Turk,*** Budapest - Lepzig 1928, VI+252s.

50.Bybee, J. Perkins, R., and pagliuca, W., *The Evolution of Grammar* __ *Tense, Aspect, and Modality in the Languages of the World*, Chicago: University of Chicago, 1991.

51.Cevel Kaya, ***Uygurca Altun Yaruk***, Ankara, 1994.

52. Courteille Pavet de, ***Dictionnaire turk-oriental***, xiv+512, Paris 1870.

53. Cuiyi WEI, *An Historical Survey of Modern Uighur Writing Since the 1950s in Xinjiang, China*, Central Asiatic Journal, 37/3-4(1993).

54. Dahl Osten, *Tense and Aspect Systems*, Basil Blackwell Ltd., New York, 1985.

55.Dankoff, R. & Kelly, J. eds. & translators, 1982, 1984, 1985: ***Compendium of the Turkic Dialects,*** by Mahmūd al-Kāshgharī.



(Duxbury, Mass.: Harvard University Printing Office) 3 vols. Sources of Oriental Languages & Literatures 7, Turkish Sources VII.

56.David Dringer, *The Alphabet - A Key to the History of Mankind,* Philosophical Library, USA, 1953.

57.De Jong, Frederick, *A Grammar of Modern Uygur*, Utrecht (Houtsma), 2007.

58.De Jong, Frederick, Muhemmetrehim Sayit, Rayhangul Ahmet, *Uyghur. A Manual for Conversation*, Utrecht (Houtsma), 2005.

59.DeFrancis, John. *Language and Script Reform in China.,* In Advances in the Creating and Revision of Writing Systems, ed. Joshua A. Fishman. The Hague: Mouton: 1977. 121–48.

***60.*** Denison Ross, ***The Mabani'l lughat being a Grammar of the Turki Language in Persian by Mirza Medhi Khan,*** Biblitheca Indica, New Serles, No.1225 Calcutta 1910.

61.Dmitriyev, *O Tyurkiskix Russkogo Slovarya,* 1962.

62.Dmitriyev, *Tyurkiskie Elementi v Russkix Argo,* 1962.

63.Doerfer, G., *Temel Sözcükler ve Altay Dilleri Sorunu*, TDAY-Belleten 1980-1981, Ankara 1983.

64.Doerfer, G., *Türkische und mongolische Elemente im Neupersischen*, 4c., Wiesbaden 1963-75.

65.Doerfer, G., *Zur Verwardschaft der altaichen Sprachen,* 1966.

66.Doerfer, G.,*Zwei wichtige Probleme der Altayistik*, 1968.

67. Dogan Aksan, *Her Yönüyle Dil (Ana cizgileriyle dil)*,TDK Ankara 2007.

***68.*** E.Denison Ross, ***Kuş Isimlirinin Doğu Türkçesi, Mançuca ve çince sözlügü,*** *(Inglizceden çeviren: Prof.Dr. Emine Gürsoy Naskali)* Ankara 1994.

69. E.Denison Ross, ***Polyglot List of Birds – Turki, Manchu and Chinese,*** Memories of the Asiatic Sosiety of Bengal, II/9, Calcutta 1909.

70. E.Kurishjanov, B.Saghindikov, ***Ahmet Yükneki – Akikat Suyi,*** Almati 1985.

71.E.Nejip, *Savremenniy Uygurskiy Yazik* Moskva 1960.

72. E.P.Tenishev, *O Dialektax Uygurskogo Yazika Sinziyana,* Moskva – Leningrad, 1963.

73. E.Umarov, ***Navoyi äsärigä šeriy luğät,*** Ädäbiy Miras, 3., 1973, p.288-289.

74. Ebulgazi Bahadir Han, *Šecere-i Teräkime— Turkmenlerin Soykütüğü,* Hazirlayan, Zuhal Kargi Ölmez, Ankara, 1996.

75.Ehmet Cevat Emre, *Eski Turk Yazisinin Mensegi*, Istanbul, 1938.
76.Emir Nejip, *Uygur Tili*, Moskva, 1966.
77.Emir Nejip, *Uygurskiy Yazik*, Moskva 1960.
78.Enwer Mahmut, *Türk Lehçelerinin Bugünkü Sorunlari Hakkinda Bazi Düşünceler*, Milli Kültür, 1990, 78, pp.21-25.
79.Ersoylu Helil, *Kutadgubilik' te Arabça, Farsça Kelimiler*, Türk Dunyasi Araştirmalari, 1993 .
80.F. K. W. Mueller, *Uigurca I-III*, Berlin, 1910-1913.
81.F. Sema Barutcu Özönder, *Doğu Türk Yazi Edebi Çevresi ve Timür*, TUBA, 24/III, 2000.
82.F. W. K. Mueller, *Ein iranisches Sprachdenkmal aus der nördlichen Mongolei*, Sitzungsb. Knög. Preuss. Akad. D. Wiss., XXVII, Berlin 1909.

83. Fahir Iz, ***Yakini's Contest of the Arrow and the Bow,*** Nemeth Armagani, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara 1962.

84. Fazilov, Ergaş Ismailoviç, ***Ališir Navoyi Äsarlari Tilining Izahli Luğati, I-IV.,*** Uzbekistan Fan Näšriyati, Taškänt 1983-1985.

85.Fazilov, Ergaş Ismailoviç, *Starouzbekskij Yazik, Xarezimckie pamyatniki XIV veka*, Tashkent 1967..

86. Fazilov, Ergaş Ismailoviç, ***Starouzbekskiy Yazik, Horezmiyskiye pamyatniki XIV veka I (A-K) 1966, II (L-G)*** Taşkent **1971**.

87.Fazilov, Ergaş Ismailoviç, *Uzbek tilining Tarixi Morfologiyasi*, Tashkent 1965.
88.Fazilov, Ergaş Ismailoviç, *XIII-XIV Asirlar Turkiy Adabiy Yadgarliklar Tili, Morfologiyä,* 1966.
89.Finagen, Edward, *Language its structur and use*, Harcout Brace College Publicashers, Second Edition, 1994.
90.Frederich Michael (In Zusammanarbeit mit Abdureshid Yakub), *Uyghurisch Lehrbuch*, Wiesbaden, 2002.
91.G. J. Ramstedt, *Einführung in die altaische Sprachwissenschaft I.* Lautlehre: 1957; II., Formenlehre: 1952; III., Register: 1966.
92.G. J. Ramstedt, *Mongolische Briege aus Idiqut-Schähri*, in: Sitzungsberichte der Königlich Preussischen Akadenie der Wissenschaften 1909, pp.838-848.; G. Kara, Knigi mongolskih kochevnikov (senvekov mongolskoy pismennosti), Moskva 1972.
93.Georg Hazai/Peter Zieme: *Fragmente der uigurischen Version des "Jin'gangjing mit den Gāthās des Meisters Fun"ebst einem* , Anhang von Taijun Inokuchi. 1971.
94.Georg Kara/Peter Zieme: *Die uigurischen Übersetzungen des Guruyogas "Tiefer Weg" von Sa-skya Paṇḍita und der Mañjuśrīnāmasaṃgīti.* 1977.





95.Georg Kara/Peter Zieme: *Fragmente tantrischer Werke in uigurischer Übersetzung*. 1976.

96. Grönbech, ***Rabghuzi, Narrationes de prophetis***, Kopenhagen 1948.

97. Günay Karaağaç, ***Lutfi Divani*** *(Giriş, Metin, Dizin, Tipkibasim)*, Ankara 1997, XV.

98.Guzev, Viktor G. Klyashtorniy, S.G., *Genel Yazi Nazariyesi Isiginda Gokturk Yazisinin Mensei Meselesi*, TDAY-Belleten 1993, Ankara 1995, pp.27-33.
99.H. Boeschoten, *The Speaker of Turkic Language, The Turkic Languages*, Lars Johanson/Eva Csato, 1998, pp.1-5.
100. H. Vambery, *Chagataische Sprachstudien*, Lepzig 1867.
101. H. Wambery, ***Uigurische Sprachdenkmäler und das Kutadgu Bilik.*** Uigurischer Text mit Transscription und Übersetzung nebst einem uigurisch-deutschen Wörterbuch und lithographierten Facsimile aus dem Originaltext des Kutadgu Bilik, Innsbruck 1870, IV+260.

102. Halil Ibrahim Usta, Ebülfez Amanoğlu , *A.K.Borovkov-Orta Asta'da Bulunmuş Kur'an Tefsirinin Söz Varliği* (XII. XIII yy.) TDK Ankara 2002.

103. Hasan Eren, *1893'ten 1993'e*, TDAY-Belleten 1993, Ankara 1995.
104. Hasan Eren, *Türklük Bilimi Sözlügü*, I. Yabanci Türkologlar, TDK, Ankara 1998.
105. Hendrik Boeschoten, Marc Vandamme, *Chagatay Language*, in Lars Johanson, Eva Csato., *The Turkic Language.*
106. Herman Vambery, *Das Türkenvolk in seninen ethnologischen und etnographischne Beziehungen*, Leipzig, 1885.
107. I. V. Stebleva, *Poeziya Tyurkov VI-VIII vekov*, Nauka Moskva 1965.

*108.* Ignaz Kunos, *Şejh Suleyman Efendi's Çagatay-Osmanisches Wörterbuch*, Budapest 1902.

109. Iklil Kurban, *Yeni Uygur Turkcesi Grameri*, Turk Kulturu Arastirmalari XXVI-2, Ankara 1989, s.342-266.

110. Ilminskiy, *Kisas-I Rabguzi*, Kazan 1859.

111. Imsahan Jelilova, *Uyghur Tili Grammatikisi*, 1951.

*112.* Ishaq Hocasi Ahmed Efendi, *Aqsa'l –ereb fi tercemeti Mukaddimeti'l-edeb*, Istanbul 1895.

***113.*** Ismet Cemiloglu, *14.Yüzyila ait bir Kisas-I Enbiya nüshasi üzerinde sentaks incelemesi*, Ankara 2000.

114. J.Benzing, *Calassification of the Turkic Languages, PhTF* I,

pp.1-5.

115. Jakob Schinkewitsch, *Rabguzis Syntax,* MOSS, Westasiatische Studien, Berlin 1937. Sabit S. Peyli, *Rabguzu sentaksi*, Istanbul 1947.

116. James Russel Hamilton: *Iyi ve Kütü Prens Öyküsü* (çev.Vedat Köken), Ankara 1998.

117. Janos Eckmann, *Chagatay Manual,* Indiana University, Bloomington, 1966.

118. Janus Eckmann, *Das Chwarezmtürkische,*. Deny, J., et al. eds., 1959: Philologiae Turcicae Fundamenta, I.

119. Janus Eckmann, *Harezm Türkçesi, Harezm, Kıpçak ve Çağatay Türkçesi Üzerine Araştırmalar,* Haz. Osman Fikri Sertkaya, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara 1996.

120. Janus Eckmann, *Middle Turkic Glosses of the Interlinear Koran Translation*, Budapest 1976.

*121.* Janus Eckmann, *Mirza Medhi's Darstellung der tschagataischen Sprache,* Analecta Orientalla Memoriae Alexandri Csoma, de Körös Dicate, 1942 – 1947, pp.156-222.

*122.* Janus Eckmann, *The Divan of Gada'i,* Bloomington 1971.

123. Jarring, Gunnar. *"The New Romanized Alphabet for Uighur and Kazakh and Some Observations on the Uighur Dialect of Kashgar."*, Central Asiatic Journal, 1981.( 25), nos. 3 – 4: 230 – 45.

124. Jens Wilkens: Die drei Körper des Buddha (trikaya). Das dritte Kapitel der uigurischen Fassung des Goldglanz-Sūtras (Altun Yaruk Sudur) eingeleitet, nach den Handschriften aus Berlin und St. Petersburg herausgegeben, übersetzt und kommentiert. 2001.

125. K.Mahmudov, *Hibatu'l-Hakayik,* Tashkent 1968.

126. Kamil Meliyev, *Türki Tillarda Feil Kategoriyisi,*، Taškent, 2001.

127. Kamil Veliyev, Ramiz Asker, *Yusif Balasagunlu: Gutadgu Bilik—Xoštbextliye Aparan Älm,* Baki 1994.

128. Karl Menges, *Calassification of the Turkic Languages*, *PhTF* I, pp.5-11.

129. Karl Menges, *das cagatajusche in der persischen Darstellung von Mirza Mehdi Xan,* Wiesbaden 1956.

130. Kayom Karimov, *Yusuf Balasagun: Kutadgu Bilik,* Tashkent 1971.



*131.* Kemal Eraslan, *Çağatay Şairi Atayi'nin Gazelleri,* TDK, 1987, Ankara 1992, s.113-164.

132. Kemal Eraslan, *Ehmedi, Münazara (Telli Sazlar Atişmasi), İstanbul Üniversitesi Edebiyat Fakültesi Türk Dili ve Edebiyatı Dergisi, XXIV,* Istanbul 1986.

*133.* Kemal Eraslan, *Mevlane Sekkaki Divani*, Ankara 1999.

134. Kemal Erslan, *Eski Türkčede Isim-Fiiller,* Istanbul, 1980.

*135.* Kenan Koc, Oguz Dogan, *Kazak Turkcesi Grameri*, Istanbul 2004.

136. Kilisli Muallim Rifat Bilge, *Kitâb-i hilyet ül-insan ve hilbet il-lisan yahut İbn Mühenna lûgatı. Farisi, Türkçe Moğolca.* İstanbul 1338 (1922). 8+230+3

*137.* Kivamettin, *Nehcü'l-feradis'ten derlenen türkçe sözler* , Türkiyat mecmuasi IV, 1934, 169-250.

138. Klaus Röhrborn: Eine uigurische Totenmesse. Text, Übersetzung, Kommentar. 1971.

139. Köpürlü, Fuad, *Çağatay Edebiyati,* Islam Ansiklopedisi, 3.cilt, Ankara 1945.

140. Kutadgu Bilig Tipkibasim I , (Viyana Nushasi), Istanbul 1942.

141. L.Ligeti, Bilinmeyen iç Asya(çev. Saadettin Karatay), Milli Egitim Bakanligi, Istanbul 1970.

142. Lars Johanson & Eva A. Csato,*The Turkic Language,* Edited by London and New York, 1998.

143. Lars Johanson, *Aspect im Turkischen,* Vorstudien zu einer Beschreibung des turkeiturkischen Aspectsystems, Uppsala 1971.

144. Lars Johanson, *Structural Factors in Turkic Language Contacts*, Curzon , 2002.

145. Lars Johanson, *Türk Dili Üzerine Kasifler,* çev. Nurettin Demir, Emine Yilmaz, Ankara 2002.

146. Lazar Budagov, *Luğati Türki, Sravnitelnij Slovar Turski-Tatarckix Nariçej,* Sanktpetrburg 1869.

147. M.Fuad Köprülü, *Čagatay Edebiyati*, Islam Ansiklopedisi III. Cilt, Istanbul 1945, p.270-323.

*148.* Marcel Erdal, *A Grammar of Old Turkic,* Brill Leiden • Boston, 2004.

*149.* Marcel Erdal, *Old Turkic Word Formation*, 1-2, Wiesbaden, 1991.

*150.* Martti Rasanen, *Materialen zur Lautgeschichte Türkischen Sprachen,* Studia Orientala, XV, Helsinki, 1949.

*151.* Matias Aleksanteri Castren, *Über die Personalsuffixe in den altaischen Sprachen*, 1950.

168. N. Hacieminoglu, *Salebi'nin Kisasü'l Enbiyasi'nin Tecümesi üzerine Bir Gramer Denemesi,* Istanbul 1961, Cilt XI, S.47-66 (1a-50b varaklari üzerinde).

169. N. Ilminiskiy, *Baburname*, Kazan 1857.

170. N.A.Baskakov, B.M.Nasilov, *Uygurskiy Russkiy Slovar,* Moskva 1939.

171. N.A.Baskakov, W.M.Nasilov, *Uygursko – Russkiy Slovar,* Moskva 1939.

172. N.N. Pantasov, *Obraztsi Tarančinskoy Narodnoy Literaturi, Teksti i perevodi,* Kazan 1909.

173. N.N.Pantasuv, *Materiali k izučeniyu narečiya tarančey Iliyskogo okgura.* Vip 2: Tarančinskiya zagadki i zadači (Tarančiyskiy tekst i russkiy perevod) , Izvestiya Obšestva Arheoligii, Istorii, i Etnogrfii, pri Kazanskim Univesitete,14/6,1898 .

174. Nadeljaev, V.M. et al. *Drevnetjurkskij Slovar,* (Leningrad: Nauka) ,1969.

175. Necmettin Hacieminoglu, *Karahanli Türkçesi Grameri,* Ankara 1996.

176. *Nehcü'l-Ferādüs, Uştmahlarnıng Açuk Yolı,* Janus Eckmann, I Metin, II Tipki Basim, Ankara 1995; Aysu Ata, Dizin-Sözlük, TDK, Ankara 1998.

177. Nesrin Bayraktar, *Türkçede Fiilimsiler,* Ankara, 2004.

178. Nicholas Poppe, *Altaisch und Urtürkisch*, 1926.

179. Nicholas Poppe, *Altay Dillerinin Karşilastirmali Grameri-1-kisim: Karşilastirmali Ses Bilgisi,* (Zeki Kaymaz cev.) Istanbul 1994.

180. Nicholas Poppe, *Introduction to Altaic Linguistics*, Wiesbaden 1965.

181. Nicholas Poppe, ***Mongol'skiy Slovar' Mukaddimat al-adab I.,II.,*** Moskva-Leningrad 1938, ***III.*** Ukazateli (indeks) Moskva-Leningrad 1939.

182. Nicholas Poppe, *Studies of Turkic Loan Words in Russian*, Otto Harrassowitz Wiesbade, 1971.

183. Nicholas Poppe, *Vergleichende Grammatik der altaischen Sprachen I. Vergleichende Lautlehre*, Wiesbaden 1960.

184. Nikolas Fedorovich Katanov, *Etnograficheskiy obzor turetsko-tataskix plemen. Vstupetelnaya lektsiya v kurs obozreniya turetsko-tataskix plemen, prochetannaya v imparatorskom*



152. Mehmet Ölmez, *"Çağdaş Türk Dillerinde Kutadgu Bilig Çevirileri", Kebikeç* 1, 1995: 43-52.

153. Mehmet Ölmez, *"Kaşgarlı Mahmut'un Kabri ve Yurdu", TDA* 14, 2004: 207-239

154. Mehmet Ölmez, "Uygurca Xuanzang-Biyografisindeki Çince Alıntılar", *Türk Dilleri Araştırmaları 4*, 1994: 109-143.

155. Mehmet Ölmez, *Altun Yaruk III. Kitap (= 5. Bölüm).* TDAD 1, Ankara 1991.

156. Mehmet Ölmez, *Die alttürkische Xuanzang-Biographie III. Nach der Handschrift von Leningrad, Paris, Peking und St. Petersburg sowie nach dem Transkript von A. v. Gabain.* Hrsg., über. u. komm. von Mehmet Ölmez und Klaus Röhrborn. Otto Harrassowitz · Wiesbaden 2001.

157. Mehmet Ölmez, *Tuwinischer Wortschatz mit alttürkischen und mongolischen Parallelen - Tuvacanın Sözvarlığı Eski Türkçe ve Moğolca Denklikleriyle*: Wiesbaden 2007, XII+516. s. Harrassowitz Werlag Veröffentlichungen der Societas Uralo-Altaica - Band 72.

158. Mensur Mecdutoglu, *Das Karakhanidische,* Deny, J., et al. eds., 1959: *Philologiae Turcicae Fundamenta, I* (Aquis Matiacis: Steiner).

159. Mirzazade, *Azarbayjan Tilining Tarixi Morfolokiyasi,* Baki 1962.

160. Mueller, *Ein inranischen Dprachdenkmal aus der nördlichen Mongolei*, SBAW, 1909, XXVII.

161. Muhammadrehim Sayit, *A Phonological Anaysis of Rabghuzi's Qisasil-Anbiya,* 《耿世民先生 70 寿辰纪念文集》，民族出版社，1999 年，第 313-383 页。

162. Muhammed Kazim Imam, *Abu'l-Kasim Mahmud b. 'omar az-Zamahşari:Pişrev- Adab ya Mukaddimat al-Adab(The oldest Arabic Persian philological dictionary) , Part 1, Nouns. Part 2: Verb. Part 3: Index.* Tehran 1963,1965.

163. Muharram Ergin, *Universitetler icin Turk Dili*, Istanbul 2005.

164. N. A. Baskakkov, B. M. Nasilov, *Uygurskiy Russkiy Slovar,* Moskva 1939., p.218.

165. N. A. Baskakov, *K voprosu o klassifikatsii turkskix yazikoc,* Nauk, Literature i yazika, 1952, XI, 2, pp.121-134.

166. N. A. Baskakov, *Tyurkiskie yazike,* Moskva 1960.

167. N. A. Baskakov, *Vvedenie v izuchenie Tyurkiskix yazikov,* Moskva 1962.

*Universitete 29 yanvarya 1894 goda.* Ucheniya zapiski Imperiya, Kazanskiy Universiteta, god LXI, kniga 3, May-Iyun, Kazan, 1894, pp.183-206.

185. Nuri Yüce, ***Mukaddimetü'l-Edeb, Giriş, Dil Özellikleri, Metin, İndeks***, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara 1988.

**186.** O. Pritsak, *Kultur und Sprache der Hunnen*, in Featschrift fuer Cuzevskyj, Berlin 1954.

187. O. Pritsak, *Turkology and the comparative study of Altaic languages: the system of the Old Tutkic Runic script,* TUBA, vol.4, 1980.

**188.** Osman Fikri Sertkaya, *Kagida Yazili Göktürk Metinleri ve Alfabeleri,* TDAY-Belleten 1990, Ankara 1994.

189. Osman Fikri Sertkaya/Harcavbay Sartkocauli, *Hoyto-Tamir (Moğolśtan)'dan Yeni Yazitlar* (Ön nešr), TDAY-Belleten-2000, Ankara 2001.

*190.* Osman Nedim Tuna, *Ural-AltayDilleri Teoriyisi,* Turk Dunyasi El kitabi, II, Dil-Kultur, San'at, Ankara 2002.

191. Otto Donner, *Inscription de l' Orkhon, Helsingfors,* 1892, p.XLXXX; Sur l'origine de l'alphabet turc du nord de l'Asie, JSFO, XIV, 1896.

192. Ozonder, F. Sema Barutcu, *Abidarim kunlig koşavarti Şastirtaki cinkirtü yörüglerning kingürüsi'nden üc itigsizler,* TDK, Ankara 1998.

*193.* Özyetgin, A. M., *Altın Ordu, Kırım ve Kazan Sahasına Ait Yarlık ve Bitiklerin Dil ve Üslûp İncelemesi, (İnceleme – Metin – Tercüme – Notlar – Dizin - Tıpkıbasım)*, TDK, Ankara 1996.

194. P. Melioranskij, *Skazanie o proroke Saliche* (al-Muzaffariye, Sbornik Statej uchenikov Prof. Barona V.R.Rozena, St.Petersburg 1897.

195. P.M.Melioranskiy, *Arab Filolog o Tureskom Yazike,* Petersburg 1888.

196. Parsa Şemşiyev-Rahmet Mecidiy, *Özbek Edebiyati* c.I, Tashkent 1959.

197. Pavet de Courteille, *Memoires de Baber,* Paris 1871.

198. Pentti Aalto, *Studies in Altaic and Comparative Philology,* Studia Orientalia 59, 1987.

199. Peter Zieme, *Ein uigurischer Landverkaufsvertrag aus Murtuq*, in Altorientalische Forschungen 1, 1874.

200. Peter Zieme, *Turkic Fragments in Phgas-pa Script*, 《内陸アジア言语の研究》XIII. 大阪 1998.

201. Peter Zieme: *Altun Yaruq Sudur.* Vorworte und das erste Buch.



1996.

*202.* Peter Zieme: *Buddhistische Stabreimdichtungen der Uiguren. 1985.*

203. Peter Zieme: *Magische Texte des uigurischen Buddhismus*. 2005.

204. Peter Zieme: *Manichäisch-türkische Texte.* 1975.

205. Peter Zieme: *Vimalakīrtinirdeśasūtra. Edition alttürkischer* Übersetzungen nach Handschriftenfragmenten von Berlin und Kyoto. Mit einem Appendix von Jorinde Ebert: Ein Vimalakīrti-Bildfragment aus Turfan. 2000.

206. *Pritsak,O., New Uygur,* Deny, J., et al. eds., 1959: *Philologiae Turcicae Fundamenta, I* (Aquis Matiacis: Steiner).

207. R. Toparli, *Mu'inü'l-Mürid,* Erzurum 1988.

208. R.F.Islamov, *Altin Urda hem Memlükler Misiri: Yazma Miras, Medeni Bağlanişlar,* Kazan 1988.

209. Radloff, Malov, *Suvarnaprabhasa,* Bibliothece Buddica, St. Petersburg, 1913.

210. Radloff, W., ***Versuch eines Wörterbuches der Türk-Dialecte*** (Opıt slovarya tyurkskix nareçiy), 4 c., Sankt-peterburg 1893-1911.

211. ***Recep Toparli, Mu'inü'l-Mürid,*** Erzurum 1988.

212. Reihand Hann, *Spoken Uighur,* University of Washington, USA, Indiana 1991.

213. Renee D. Gaines, *Beginning Uyghur for English Speakers,* Xinjiang Unversity Press, 2010.

214. Reshid Rahmati Arat, *Atebetül-Hakayik,* Istanbul, Ateş Basmevi 1951.

215. Reshid Rahmati Arat, *Eski Türk Şiiri,* Ankara 1965.

216. Reshid Rahmati Arat, *Kutadgu Bilig III İndeks*, (Haz. Kemal Eraslan, Osman F. Sertkaya, Nuri Yüce), Türk Kültürünü Araştırma Enstitüsü Yayınları, Ankara 1969.

217. Reshid Rahmati Arat, *Uygur Turkcesinin Turk Dili Tarihindeki yeri, Makaleler I,* 1987.

218. Reshid Rahmati Arat, *Uygurca Yazilar Arasinda* , Istanbul Devlet basimevi, 1937.

219. Reshid Rahmati Arat,*Makaliler* , c. I, Ankara, 1987.

220. Reshit Rehmeti Arat, *Türk Şivelerinin Tasnifi,* Türkiyat Mecmuesi, 1953.

221. Resit Rahmati Arat, *Uyghurlar*, 1934.

222. Reşit Rahmeti Arat, ***Gazi Zahirüddin Babur, Vekayi, Babur'un Hatirati, I,*** Türkiye Dil Kurumu Yayinlari, Ankara 1943, ***II***, Türkiye

Dil Kurumu Yayinlari, Ankara 1946.

223. Richard Jean, *La limite occidentale de l'expansion de l'alphabet ouigour,* JA. CCXXXIX, I, 1951, p.71-75.
224. Ridwan Özturk, *Uygur ve Özbek Türkçelirinde Fiil,* Ankara 1997.
225. Ridwan Özturk, *Yeni Uygur Türkçesi Grameri,* Ankara 1994.
226. Robert Binnick, *Time and the Verb: a Guide to Tense and Aspec,* Oxford University, 1991.

227. Robert Dankoff, ***Wisdom of Royal Glory** (Kutadgu Bilig),* Chicago-London 1983.

228. Rona Tas, *An Introduction to Turkology* , Szeged 1991, TABLE II.
229. Ruslan Arziev, *Uyghur Tili,* Almuta: Mektep 2006.
230. S. E. Malov, *Materiyali po Uygurskiy Narechiya Sinziyana (Tekcti, Prevodi i Slovar),* Moskva 1961.
231. S. E. Malov, *Uygurskiy Yazik Xamichiskoe Narechie (Tekcti, Prevodi i Slovar),* Moskva-Leningrad 1954.

232. S.E.Malov, *Musul'manskie skazanija o prorokach po Rabguzi* (ZKV V, 1930 p.507-525)

233. S.G. Klyaştorniy, V .A. Livsiç, Buguttaki Sogtça kitabeye Yeni Bir Bakış, Türk Dili Araştirmaları Yıllığı Bellten 1987, Ankara 1992, p.201-241.

234. S.N. Ivanov, *Yusuf Balasagun:Kutadgu Bilik,* Moskva 1983.

235. S.Ye.Malov, *Ibn-Mukhanna o turetskom jazike,* Zapiski Kollegii Vostocovedov III, Leningrad 1928.

236. S.Ye.Malov, *Pamyatniki drevnetyurkskoy pis'mennosti,* Moskva-Leningrad, 1951.
237. Saadet Çağatay, *Türk Lehceleri Örnekleri I,* Ankara 1963.
238. Salih Mutellipov,*Turki Sozlar Divani, 1-3,* Tashkent, 1960.

239. Šamsüddin Hüseyn, *Kisas-I Rabguzi,* Kazan 1881.

240. Säydivaqqasof, *Uyğur Tili,* Almati, Mektep, 1984.
241. Scherbak, A.M., *Grammatika Starouzbekckogo Yazika,* Moskva - Leningrad., 1962.
242. Semih Tezcan: *Das uigurische Insadi-Sūtra.* 1974.
243. Shukurov, *Feil Tarixi,* Tashkent 1970.
244. Shukurov, *Istoriya Glagolnix Formi Uzbekskogo Yazika,* Tashkent 1966.
245. Shukurov, *Uzbek Tilida Feil Mayllari Taraqqiyati,* Tashkent 1980.
246. Shukurov, *Uzbek Tilida Feil Zamanlari Taraqqiyati,* Tashkent 1976.
247. Şinasi Tekin: *Maitrisimit nom bitig.* Die uigurische Übersetzung



eines Werkes der buddhistischen Vaibhāṣika-Schule. 1.Teil: Transliteration, Übersetzung, Anmerkungen. 2.Teil: Analytischer und rückläufiger Index. 1980.

248. Sir Gerard Claoson, *An Etymological Dictionary of Pre-thirteenth-Century Turkish,* Oxford 1972

249. Sir Gerard Claoson, *Persian Guide to the Turkish Language by Muhammad Mahdi Xan,* London 1960.

250. Sir Gerard Clauson, *Lexicostatistical Appraisal of the Altaic Theory,* CAJ XIII 1969.
251. Sir Gerard Clauson, *The relationship between Turkish and Mongolian,* Turkish and Mongolian Studies, London 1962.
252. Suer Eker, *Çağdaş Türk Dili* , Ankara 2002.
253. Sugawara, Jun. 2001. 中国・新疆ウイグル自治区における文字と印刷・出版文化の歴史と現状—ウイグル語の事例 を中心に—菅 原 純 www.aa.tufs.ac.jp/~tjun/data/gicas/xjcpp.pdf, on Feb. 20, 2004.
254. Tahsin Bangoglu, *Türkenin Grameri,* TDK Yayinlari, Ankara 1990.
255. Talat Tekin, *A Grammar of Orkhon Turkic,* Bloomiŋton, 1968.
256. Talat Tekin, *Makaleler I. Altayistik,* Ankara 2003.
257. Talat Tekin, Mehmet Ölmez, *Türk Dilleri* , Simurg, Istanbul 1999.
258. Talat Tekin, *OrhonYazitlari (Kultegin, Bilge kagan, Tunyuukuk),* Yildiz, Istanbul, 2003.
259. Talat Tekin, *Türk dil ve diyalektlerinin yeni bir tesnifi,* Erdem (Ocak-1989), pp.141-168.
260. Talat Tekin,*Orhon Türkcesi Grammeri,* Ankara 2000.

261. TAYMAS, A.B., *İbni Mühenna Sözlüğü,* Türk Dil Kurumu Yayınları: Ankara 1988.

262. Tölögön Kozubekov, *Cusup Balasağin – Kuttuu Bilim – Dastan,* Moskva 1993.

263. Tuncer Gülensoy, *Altay Dillerinde Akrabalik Adlari. Üzerine Notlar,* TDAY-Bellten 1973, Ankara 1974.
264. Tuncer Gulensoy, *Farsce ve Arabcadaki Türkce Kelimiler,* IU, EF, Turk Dili ve Edebiyati Dergisi, 31 Aralik, 1973, 1975.
265. U. Tursunov, B.Urinbayev, A. Aliyev, *Uzbek Ababiy Tili Tarixi,* Tashkent 1995.
266. Ungerer. F. & H. J. Schmid, *An introduction to cognitive linguistics* , Beijing: Beijing Foreign language Teacheng and Research Press, 1992.
267. V. Klein, *The Present Puzzle,* "Language", 1992, Vol.68.3,

pp.525-552.

268. V.V.Veliaminof Zernof, ***Dictionnaire Djaghatai-turc,*** 27 + 420, Petersburg 1869.

269. Vahit Türk, *Türkcede şimdiki Zaman Kavrami, Çekimleri ve Ekleri,* TDAY-Belleten,1996, Ankara 1999.

270. Vambery Armin, ***Abuska. Csagatajtörök szogyujtemeny.*** Török keziratbol forditotta, elöbeszeddel es jegyzetekkel kiserte Budenz Jozsef, 22+107, Pest 1862.

271. Volcan Coskun, *Ozbek Turkcesi Grameri,* Ankara 2000.

272. Von Le Coq, *Kurze Einfhrung in die uigrurische Schriftkunde,* MSOS., 1919.

273. W. Kotwicz, *Contribution aux etudes altaiques* Wilno 1936.; *Les pronoms dans les langues altaiques,* Krakow 1936.

274. W. W. Radloff, *Phonetik der nöordlichen Türksprachen,* Leipzig, 1882-1883, II.

275. W. W. Radloff, *Altturkischen Studies ,* IV, 1911.

276. W.W.Radloff, *Kuan-si-im Pusar,* Bibliothece Buddica, St. PetersburG, 1911, p.VII; S. E. Malov, Izuchenie Drevnix Turetskix Yazikov, Perviy Vsesoyuzniy Tyurkologicheskiy S'yead, Baku, 1926.

277. W.W.Radloff, ***Kutadku bilik.*** Facsimile des uigurischen Handschrift der K. K. Hofbibliothek in Wien, St. Petersburg 1890, Ⅷ+200; ***Das Kutadku*** *Bilik Jusup Chass Hadschib aus Bälasagun.* Theil Ⅰ. Der Text und Transcription, St. Petersburg 1891, XCIII+252; *Das Kutadku Bilik Jusup Chass Hadschib aus Bälasagun.* Theil Ⅱ. Der Text und Übersetzung nach den Handschriften aus Bälasagun von Wien un Kairo, St. Petersburg 1910, XXⅣ+560.

278. W.W.Radloff, *Opit Slovarya tyurkskix narechey,* I-IV St. Petersburg 1893-1913,

279. W.W.Radloff: *Atlas der Althertümer der Mongolei. Arbeiten der Orchon-Epedition.* 1. Lieferung, 1892, 2. Lieferung 1893, 3. Lieferung 1896, 4. Lieferung 1899, Cankt-Peterburg.

280. Wetzstei, J.G., *Samachscharii Lexicon Arabicum Persicum ex condicibus manuscriptis Lipsiensibus, Oxoniensibus, Vindobonensi et Berolonensi edidit atque Indicem Arabicum,* Lipsiae 1844 – 1850.

281. X. Fattahov, *Navayi asarlari buyiča tüzilgan luğatlar,* Uzbek Tili ve Adabiyati, 4., 1973.

282. X.Fattahov, *Muhämmäd Riza Xaksar i ogo "Muntähäb-al-luğät, Filologičeskiye issledovaniye transliteratsiya kommentariy, ukazateli,*



*fasimile),* Taškent 1974.

283. Xämit Tömür, *Modern Uyghur Grammar (Morphology),*Transl. by Anne Lee, Istanbul (Yildiz) 2003.

284. Xämit Zakir, *Problems of Turkic Morphology: Classificatuin of Suffixes, Case, Tense and Aspect,* PhD Dissertatuon, University of Washington,1999.

285. Yakup Karasoy, ***Şiban Han Divani*** *(inceleme – Metin – Dizin - Tipkibasim),* Türkiye Dil Kurumu Yayinlari, Ankara 1998.

286. Yakup Kemal, *Tyurko-tatarskaya rukupis' XIV veka "Nehdju-l'-feradis",* Simferopol 1930.

287. Yakup, Abdurishid, *The Turfan Dialect of Modern Uyghur,*Wiesbaden (Harrassowitz), 2005 (-Turcologica ,band 63).

288. Yukiyo Kasai: Die uigurischen buddhistischen Kolophone. 2008 .

289. Z.B.Muhämmädov, *Predvaritelniye zamečaniya o slovare "Hell-i luğäti čağatayi",* Tyurkskaya leksikologiya i leksikografiya, Moskva 1971.

290. Z.V.Togan, *Documents on Khorezmian Cultur. Part I. Muqaddimat al-Adab, with the Translation in Khorezmian (Hoream Kültürü Vesikalari. Kisim I. Horezmce tercümeli Muqaddimat al-Adab).* Istanbul 1951.

291. Z.V.Togan, *Horezm Kültür Vesikalari, I. Kisim. Horezmce Tercümeli Mukaddimat al-Adab,* Istanbul 1951.

292. Z.V.Togan, *Zimahşerinin Doğu Türkçesi ile "Mukaddimetü'l-edeb"i,* Türkiyat Mecmuesi, 14, Istanbul 1965.

293. Zohuriddin Babur, *Babür Divani (Gramer – Metin – Sozluk - Tipkibasim), Dr. Bilal Yücel, Ankara, 1995.*

294. Zufal Kargi Ölmez, *Çağatay Edebiyatı ve çağatay Edebiyatı Üzerine Araştırmalar,* Türkiye Araştırmaları Literatür Dergisi,Cilt 5, Sayı 9, 2007, 173-219

295. Zufal Kargi Ölmez, *Çağatayça Sözlükler,* Kebikeç, 1998, 6.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (1 — 3)


پىلانلىغۇچى: ئابدۇراخمان ئەبەي
باش تۈزگۈچى: ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
تۈزگۈچىلەر: ئابدۇرېھىم راخمان، يارى ئەبەيدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مۇھەممەتجان مەخمۇت، ئىمىن ئەھمىدى، ئابلەت ئىمىن
ئەخمەت ئىمىن، پەرھات ئىلىياس، ئابدۇقېيۇم توختىھاجى
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ۋەلى زەيدۇن، ئادالەت مەخسۇت، ئايگۈل سابىت
سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائىي، رەنا ئابلىمىت
مېھرىگۈل مەمەت، ئايگۈل ھاشىم، گۈلشەھەر نىغمەت
ئارزۇگۈل كېرەم، ياسىن زايىموف
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 73
نەشرى: 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14068 - 8
باھاسى: 180.00 يۈەن (ئۈچ كىتاب)